ئابلا ئەخمىدى ( مەدىكار )



# ئوغۇلخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئابلا ئەخمىدى ( مەدىكار )

# ئوغۇلخان

( پوۋېستلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

欧姑勒罕 ：维吾尔文 / 阿不拉·艾合迈德著. —
喀什：喀什维吾尔文出版社，1990.4（2010 . 11 重印）
ISBN 978—7—5373—0214—2

Ⅰ. ①欧… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 226764 号

编辑：**托合提·阿布汗**
责任编辑：**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**
责任校对：**阿尔祖姑丽·斯迪克**

**欧姑勒罕**
（中篇小说）

作者：阿不拉·艾合迈德

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 **毫米**　1/32 **开本**　12.625 **印张**　3 **插页**
1990 **年** 4 **月第** 1 **版**　2010 **年** 11 **月第** 2 **次印刷**
**印数**：3251 — 6250　　**定价**：28.00 **元**

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998 — 2653927



# مۇندەرىجە


ئوغۇلخان ........................................ 1

قاپاق تېرەكلىك ھويلا ........................................ 118

تۆھمەت ........................................ 241



# ئوغۇلخان

## ئەينەك ئالدىدا

ئۇ ئالتە قىزنىڭ كەنجىسى ئىدى . ئۇنىڭغا ئەزان چىللاپ ، تەكبىر ئېيتىپ «كىچىكخان» دەپ ئات قويۇشقان . ئەمما ، ئۆمرىدە ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن ئاتا - ئانا ئۇنى «ئوغۇلخان» دەپ ئەركىلىتىپ يۈرۈشتى . بار - بارا ئۇرۇق - تۇغقان ، قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇنى ئاشۇ ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن چاقىرىدىغان بولۇشتى . ئۇمۇ بۇ ئىسمىغا كۆنۈپ قالدى . ئۇ مەكتەپكە كىرگەن چاغدىمۇ ئىسمى يوقلىمىغا «ئوغۇلخان» دەپ يېزىلدى .

ئوغۇلخاننىڭ «سېرىق ئاسلان» دېگەن لەقىمىمۇ بار ئىدى . ئۇ بۇنىڭدىن تېرىكەتتى ، يىغلايتتى ، ھەتتا تەڭتۇشلىرىنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ سۆزنى ئاڭلاپلا قالسا ، ياقىسىغا ئېسىلىپ ، ئاللا - تۇۋىسىنى بېرەتتى . بارا - بارا ، قىز باللار ئۇنىڭغا ئانچە يېقىنلاشمايدىغان ، ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان ، ئىككى ئادەمنىڭ بېشى بىر يەردە بولسىلا ، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بولۇشتى .

ئوغۇلخان چوڭ بولدى ، خىيال كىردى ، ئەينەككە قاراپ «قاناتقۇيرۇقنى ياساش»نى ئۆگەندى . تۇۋا ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئەينەكتە كۆر-

گىنى چېچى، قاش - كىرپىكلىرى سۇس قوڭۇر، چىرايى ئاقۇچ،
سوقا يۈز، ئۇچلۇق ئېڭەك قىز بولدى. ھەي ئىسىت...... ئاغزىنىڭ
يوغانلىقىنى دېمەمسىز تېخى!

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىكەنلىشىپ، كۆڭلى بۇزۇلدى، كىرپىك-
لىرى نەملەندى. ئۇ بىلدى: ئۇنى دوستلىرىدىن ئايرىغان، بەزىلىرى-
نىڭ مەسخىرىسىگە قويغان نەرسە ئۇنىڭ مۇشۇ كۆرۈمسىز چىرايى
ئىكەن - دە!

شۇنداق، دۇنيادا گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدىغان ئادەم بولغان ئە-
مەس. تارىختىن بۇيان، گۈزەل قىزلار شاھەنشاھلارنىڭ ئالتۇن قە-
سىرلىرىنى بېزەشتىلا ئەمەس، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىرلارنىڭ ئا-
لەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسەرلىرىنى سۆز دۇردانىلىرى بىلەن بېزەشتىمۇ
كەم بولسا بولمايدىغان ئىلھام بۇلىقى بولۇپ كەلدى. ئۇلار ئۆز
تەپەككۇرىدا قىزلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئۆز ئەسەرلىرىگە ئەنداز ئال-
دى، ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيرانۇھەس قالغۇدەك گۈزەل سۈرەتلەرنى
سىزدى. بۇ كىشىلەرنىڭ جىسمى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكىنىگە قانچە-
قانچە ئەسىرلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلىمى ياراتقان گۈزەل
سىيما — گۈزەل سۈرەتلەر ئۇلارنىڭ نامى بىللەن ھېلىمۇ ياشى-
ماقتا......

بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ ئەمىسە جاۋاب بېرىڭچۇ: سىز
ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلاردىكى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەي ماخ-
تايدىغان قىز پېرسوناژلارنىڭ قايسىبىرى گۈزەل ئەمەس؟ ئۆيىڭىز-
نىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان، خىزمەت شىرەيىڭىز ئۈستىدىكى يېزىق
ئەينىكىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان قىزلار رەسىملىرىدىن قايسىبىرى گۈ-
زەل ئەمەس؟!

ئوغۇلخان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان
بولسىمۇ، بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. راست ئەمەسمۇ؟
ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار-
دىن نەچچىسى مەكتەپنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن «يۇرت كاتتىلىرى»
غا كېلىن بولۇپ كەتتى. يەنە نەچچىسى بۇ يىل كۈزدە توي قىلماقچى،

هازىرچە توي قىلمايدىغانلىرىمۇ ئۆزلىرىگە لايىق تېپىۋالدى . قىز بالا قانچە چىرايلىق بولسا خېرىدارى كۆپ ، تويلۇقى ئۈستۈن بولىدۇ . كۆرۈمسىز - سەت قىزلارغا ئادەتتە ھېچكىممۇ كۆز سالمايدۇ .

بۇ قانداقتۇر كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇپ چىقىلغان سۆز - چۆچەك بولماستىن ، بەلكى ئوغۇلخاننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋە ئۇ چوڭ بولغان مۇشۇ يېزىدىكى رېئاللىق ئىدى .

ئوغۇلخان مۇنداق رېئاللىققا تەن بېرىدىغان قىزلاردىن ئەمەس . راستىنى ئېيتقاندا ،كىمگىدۇر كۆڭۈل بېرىپ ، كەلگۈسى تەقدىرىنى ئۇنىڭغا باغلاش تۇيغۇسى ھازىرچە ئۇنىڭ خىيالىدا يوق . ئۇ «مۇھەب-بەت» ، «نىكاھ» ، «ئائىلە» دېگەن ئۇقۇملارنى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىلگەن ، خالاس . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈ-سى تەقدىرىنىڭ ئاشۇ كىتابلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىدەك بولۇ-شىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئەمما ، ئۇ ئۆز ئەكسىنى ئەينەكتە تۇنجى قېتىم سىنچىلاپ كۆرۈۋاتقان مۇشۇ مىنۇتتا شۇ نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدىكى ، رېئال تۇرمۇشتىلا ئەمەس ، يازغۇچىلارنىڭ قەلىمى ئاستى-دىكى تۇرمۇشتىمۇ گۈزەل قىزلارنىڭ تۇتقان ئورنى ھامان كۆرۈمسىز قىزلارنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىكەن !

ئاھ تەڭشەلمىگەن دۇنيا…… ئاھ كاج تەقدىر !……ئوغۇلخان ئاچچىقىدا ئەينەكنى يەرگە ئاتماقچى بولۇۋىدى ، تۇيۇقسىز ئېسىگە ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇغان «مايمۇن بىلەن ئەينەك» دېگەن مە-سەل كېلىپ قالدى - دە ، چىرايىدىكى قايغۇ ئورنىنى تەبەسسۇم ئىگىلىدى ، كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ مۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنىدى : ئىنساندا ئىككى گۈزەللىك بولىدۇ . بىرسى تەبىئىي گۈزەللىك ، بۇنى تەبىئەت كىشىلەرگە ئاتا قىلغان ؛ يەنە بىرسى روھىي گۈزەللىك ، بۇنى ئىنسان تەبىئەت ، جەمئىيەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرى جەريانىدا يېتىلدۈرىدۇ . ئوغۇلخانچۇ ؟

## ئايرىلىش پەيتىدىكى خۇشاللىق

ئوغۇلخان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى .

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئالدىدىكى تەييارلىق ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتى ھەم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بېرىپ بولدى . ئۇ خۇشال ئىدى . «ئوغۇلخان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ۋىلايەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئاپتۇ......» دېگەندەك مىش-مىش گەپلەر ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈردى . بۇ گەپلەر ئوغۇلخاننىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەنىدى . ئۇ كۇلۇپلا : «نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش ؟ » دەپ قويدى . كۆڭلىدە بولسا ، شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى .ئۈمىد— رېئاللىقنىڭ كۆۋرۈكى ، ئادەمگە ئۈمىد يار ئىكەن ، ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا چەككەن جەبىر - جاپالارمۇ ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ، غەيرىتىنى ، ئەقىل- ئىدراكىنى ئۇرغۇتىدۇ . ئوغۇلخان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەن يىلى مەكتەپنى چوقۇم ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ، ئالىي مەكتەپكە بېرىشقا نىيەت باغلىغانىدى . دەرۋەقە ، ئۈچ يىل ئۇدا «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى ، «ئۈچتە ياخشى» ئىتتىپاق ئەزاسى بولدى . بۇ ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى . بۇلا ئەمەس ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىدىمۇ ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولدى : ئوغۇلخان ئوغۇل باللاردىن يىراقلاشتى . قىزلار بىلەن بوغۇشمايدىغان ، ئۇلارنى بوزەك ئەتمەيدىغان بولدى . دەرستىن چۇشۇپلا ئۇدۇل ئۆيىگە چاپىدىغان ، ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆينىڭ ئىش - كۇشلىرىنى قىلىدىغان بولدى . ئۇ بارا - بارا بۇ ئىشلارغا شۇنداق كۆنۈپ كەتتىكى ، ئېتىزلىقتىن ھېرىپ-ئېچىپ قايتقان ئاتا- ئانىسىغا تەييار تاماقنى يەپ ئارام ئېلىشتىن بۆلەك ئىش ئاشمايدىغان بولدى . بۇ ئىش ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھەم خۇشال قىلاتتى ، ھەم ھەيران قالدۇراتتى .

— توۋا ، — دەيتتى ئانىسى كېچىلىرى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ ، — بالا دېگەنگە خۇدا ئۆزى ئىنساب بەرمىسە بىكاركەن ، ئىسىت ئاغزىم ، ئىسىت ئاغزىم !...... بىچارە بالىنى ھەررەڭ - سەررەڭ تىللار بىلەن تىللاپ ، ئۆزۈمنىمۇ ، ئۇنىمۇ شۇنچە خاپا قىپتىكەنمەن . ئۇرۇق - تۇغقان ، قولۇم - قوشنىلارغا ئۇ توغرۇلۇق دادلاپ يۈرگىنىمچۇ تېخى !......

— بۇرۇن ئۇ كىچىك ئىدى ،— دەيتتى دادىسى ئۆز نۆۋىتىدە ،— ئۇچۇشنىلا بىلىپ ، چۈشۈشنى بىلمەيتتى . ئەمدى چوڭ بولدى ، ئەقىل تاپتى . كىچىك بالا ئۇششاق يېشىنى ياشاپ بولسا ، بويىمۇ ، ئەقلىمۇ چوڭىيىدىغان گەپ - دە !

— تايىنلىق !— دەيتتى ئانىسى ئېتىراز بىلدۈرۈپ ، — ھەممە بالا ئۇنداق بولۇۋەرمەيدىكەن . سىلىمۇ بىلىلا ، ھېلىقى دۈمنودىكى رېقىب ئاخۇننىڭ ئوتتۇرانجى قىزى تۇتىگۈلمۇ كىچىكىدە بىزنىڭ ئوغۇلخاندەك شاتىراق ، جاھىل ، ئوغۇل بالا مىجەز ئىدى . چوڭ بولۇپمۇ بۇ خۇيى تۈزەلمىدى . تېخى ئاتا - ئانىسىغا تېپىپ بەرگەن سەتچىلىكىنى دېمەملا !...... يائاللا ، يائاللا...... چوڭ دادىسىدەك ئادەمگە بۇزۇلۇپ ......

— قويۇڭلا ئۇنداق گەپنى !......

«موللىنى موللا كۆرەلمەيدۇ »دېگەن گەپ بار . ئەخلاق بابىدىن گەپ ئېچىلسا ،بەزى ئاياللارنى «خالىس پايلاقچى» دېيىشكە بولىدۇ . ئۇلار رەسىدە بولغان قىز ياكى گەپدان شەرەندازراق ئايالنىڭ بىرەر ئەركىشى بىلەن بىردەم - يېرىمدەم سۆزلەشكىنىنى ، كۈلۈشكىنىنى كۆرۈپ قالدىمۇ ، بولدى ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكىنى چۈشكەن ، تاكى ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ . گۇمانى دېگەن يېرىدىن چىقىپ قالسا ، يەنە «خالىس تەشۋىقاتچى »لىق قىلىپ ، ھەممە يەرگە يايىدۇ . ئوغۇلخاننىڭ ئانىسى شەرىخان ئاچا ئەنە شۇنداق ئايال-لاردىن ئىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە : ئايال زاتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازا — ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش - بىل-مەسلىك ئىدى . ئۇ 50 يىللىق ئۆمرىدە ئالتە قىز تۇغۇپ ، ھەممىسى-نى قاتارغا قوشتى . بەشىنى «ئالتۇندەك ساپ ، گۆھەردەك پاك » پېتى بىردىن ئەرگە تۇتۇپ بېرىپ ، 12 نەۋرە كۆردى . بۇ قىزلار قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىقى ، ئەدەپ - ئەخلاقلىقلىقى بىلەن پۈتۈن يۇرتتى-كىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىدى . شۇڭا ، كىشىلەر : «ئانا بولىقى ياخ-شى بولسا ، قىز بالا دېگەن ئەسمىتىللائاخۇننىڭ قىزلىرىدەك ھايا-لىق ، ئىشچان بولىدۇ » دەيتتى . يۇرت ئەھلى ئۆز قىزلىرىنى ئەسمى-

تىللا ئاكىنىڭ قىزلىرىغا سېلىشتۇرسا ، .شەرىخان ئاچا ئوغۇلخاننى ئاچىلىرىغا سېلىشتۇراتتى . سېلىشتۇرغانسېرى ، ئۇنىڭدىن رايى قايتىپ ئۆچلۈكى تۇتاتتى . ئۇنىڭ ئوغۇل بالىلارنىڭكىدەك مىجەز - خۇلقى ،يۈرۈش- تۇرۇشىدىن ئەھلى يۇرت ئالدىدا غايىبانە نومۇس قىلاتتى ، بىرەر «ئىش» تېپىپ بېرەرمىكىن ، دەپ ئەنسىرەيتتى ، ھەتتا ئوغۇلخان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى ئۇنى 30 ياشتىن ھالقىغان بىرسىگە ياتلىق قىلىۋەتمەكچىمۇ بولدى . بىراق ، ئەر تەرەپ : ئوغۇلخاننى «ئاش بولمايدۇ» دەپ قورقۇپ ، كەينىگە يېنىۋالدى . «بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بار» ، «ھويلىسىدا پاختەك ئۆۋلىمىغان» يىگىتلەر بولسا ئوغۇلخاننى «سەت» دەپ يارىتىشمىدى . بۇ ھالدىن ئوغىسى قايىنىغان ئانا يىغلىدى ، قاقشىدى ، چېچىلدى ، مازار - ماشايىخلارغا تېۋىندى ، يەتتە يولنىڭ توغىمىدىن چاۋار تېرىپ ئىسرىق سالدى . داخانغا پۇل خەجلەپ ، ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلدۇردى ، ھەممىسى بىكار كەتتى . ھېچكىم ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا ئاياغ باسمىدى . ھەي ئىسىت ، ھەي ئىسىت...... قىز بالا دېگەندە قىز بالىغا خاس مىجەز - خۇلق ، چىراي بولمىسا ، ئاتا - ئانىغا نېمىدېگەن ئېغىر يۈك - ھە !؟ شەرىخان ئاچا باشقا قىزلىرىنى چىقارغۇچە بۇنى ھېس قىلمىغان . خەقلەر : «ئانا بولماق بەك تەس» دېسە ، شەرىخان ئىچىدە كۈلەتتى . راست ئەمەسمۇ ، قىزلىرىنىڭ چوڭىنى 16 ياشتا ، كىچىكىنى 14 ياشتا بەس - بەس بىلەن ياتلىق قىلغان تۇرسا ، كەنجىسىدە مۇنداق بولۇشىنى نەدىن بىلسۇن !؟ ئۇ يىغلا - قاقشا ، ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى . قىزىنىڭ رايىغا باقتى . ئوغۇلخان مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا ، ئۇنىڭغا كۆز مونچاق سېلىپ تىكىلگەن تۇمار بېكىتىلگەن چاپاننى كىيدۈرۈپ يولغا سالدى . لېكىن ، بىر كۈن ئۆتمەي ، ئوغۇلخان تۇمارنى ئانىسىنىڭ كۆزىچە ئوتقا سېلىۋېتىپ ، بولۇشىچە يىغلىدى ، ئانىسىنى «خۇراپىي» دەپ ئەيىبلىدى ، «سېكرىتارغا ئېيتىمەن» دەپ پوپوزا قىلدى .ئانا قورقىنىدىن ئۇنىڭغا يالۋۇردى . ئانا- بالا خېلى كۈنلەرگىچە بىر - بىرىگە دومسىيىشىپ ، تەتۈر قارىشىپ يۈرۈشتى ، يۈرەك چىدىمايدىكەن : ئانا ھەر ۋاق نامىزىدا تەڭرى-

دىن قىزنىڭ بەخت - تەلىيىنى تىلىدى، ئىنسابىغا دۇئا قىلدى. قىز ئانىنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى بېشەملىكىگە قاتتىق ئۆكۈندى. ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپ كۆز يېشى قىلدى.

ئوغۇلخان چوڭ بولدى. ئەقىل تاپتى. ئانا قەلبىنى چۈشەندى. ئەمدى ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئانا ئارزۇسىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى!......

ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئوغۇلخاننى خا ئالدىدا، خا كەينىدە تىللايدىغانلار قالمىدى. ھەممەيلەن ئۇنى: «ئون ئوغۇلغا بەرگۈسىز گۆھەردەك بالا» دەپ ماختايدىغان بولۇشتى تېخى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئوغۇل بالىلارنىڭكىدەك بوم ئاۋازى، بىر ئىشقا كىرىشسە، چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە ئۇنىمايدىغان، گەپ - سۆزدە «بىرنى بىر» دەيدىغان تەرسا مىجەزى زادىلا ئۆزگەرمىدى. تېخى بۇ ئۇنى ماختىغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دەلىل بولدى. ھازىر بۇنداق ماختاشلار تازا ئەۋجىگە چىقىۋىدى، ئوغۇلخان تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى. شۇڭا، ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچراشمىدى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتتى، تۆتىنچى كۈنى ئۇۋىسىغا مۆكۈنۇۋالغان چاشقاندەك، جىمجىت ئۆيدە يېتىۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدى: ئۇ بۈگۈن ساۋاقداشلىرى بىلەن ئاخشام قىلىشقان مەسلىھەتى بويىچە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ شاللىقىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە 20دەك بالا كەلگەنىدى. ئۇلار چۈشكە يېقىن بەش مولۇق بىر ياپسا ئېتىزنى ئوتاقتىن چىقىرىپ بولۇشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە خۇشاللىق، چىرايىدا تەبەسسۇم ھۆكۈمران ئىدى. ناخشا، چاقچاقنى دۆڭ كۆتۈرۈپ، كەڭ دالىنى بېشىغا كىيىشتى. ئوغۇل - قىز ئىككى تەرەپ بولۇپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ، پېيىزەك، كۆمەكلەرنى ئېتىشىپ، ئۈستىبېشىنى بۇلغاشتى. بۇنىڭلىق بىلەن ھېچكىممۇ رەنجىمىدى.

كۈتۈلمىگەندە، ئەسئەت ئىسىملىك ئوغۇل بالا ئوغۇلخانغا يانمۇيان تۇرۇپ شال ئوتاۋاتقان گۈلبەھرەمگە يوغان بىر تۇپ پېيىزەكنى

ئاتقاندى، گۈلبەھرەم ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، پېيزەك
دەل ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى. ئۇ «ۋاي......» دېدى-دە، بىر يېنىغا
سەنتۈرۈلۈپ، ئوغۇلخانغا ئۈرۈلدى. ھەر ئىككىسى تەڭلا يىقىلىپ،
ئۈستىبېشى پاتقاققا مىلەندى. باشقا چاغلاردا گەپنى پوجاڭدەك قويۇۋې-
تىپ بۇنداق قوپال چاقچاق قىلغۇچىنى ئېغىز - بۇرنىغىچە تويدۇرۇ-
ۋېتىدىغان بۇ نازۇك قىز بىر قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يەنە
بىر قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ، ئۈن - تىنسىز ئورنىدىن تۇردى.
كۆزلىرى يۇمۇقلۇق ئىدى، كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تاراملاپ ياش
قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا قالغان ئوغۇلخان ئىتتىك ئورنىدىن تۇر-
دى-دە، ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا رەڭگى ئۆڭدى. باشقا باللارنىڭ
چىرايىغىمۇ ئەنسىزلىك تەپچىگەن، ئىشىمۇ توختىغانىدى. ئوغۇلخان
ۋە يەنە نەچچە قىز گۈلبەھرەمنى چۆرىدەشتى، گۈلبەھرەمنىڭ ئىككى
مۈرىسىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىشىدىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى
بىلگىلى بولاتتى. ئوغۇلخان كۆڭلىدە: «ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت،
بۇ مىجمەرۇققا قىلغان چاقچىقىڭنى ماڭا قىلغان بولساڭچۇ» دېگەن-
لەرنى ئويلايتتى. ئارىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قالسا قانداق
تاقابىل تۇرۇشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر غەم ئىدى. لېكىن، ئۇ خاتا
ئويلىغانىدى. گۈلبەھرەم رەنجىمىدى. كۈلىدىغان ئىشقا يىغلاش،
يىغلايدىغان ئىشقا كۈلۈش — ئاياللار، بولۇپمۇ قىزلاردىكى بىر خىل
تەبىئىي ئاجىزلىق. ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭدىن ساقلىنالمايدۇ. ئەس-
لىدە گۈلبەھرەم كۈلمەكچىدى، كۆزىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي يىغ-
لاپ تاشلىدى. قىزلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ پىشكەشلىشى، ئوغۇللارنىڭ
ھېسداشلىق قىلىپ سۈكۈناتقا چۆمۈشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ،
يىغىسىنى ئەدەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئۈن سېلىپ يىغلاشتىن
ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى،
17 — 18 يىل بىر يۇرت - مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان، توپتوغرا
10 يىل بىر مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ، بىللە ئەقىل تاپقان بۇ ساۋاقداش-
لارنىڭ بىر بۆلۈكى پات ئارىدا ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا
بېرىدىن - ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىدۇ. بىر بۆلۈكى ئۆز يېزىسىغا

ماكانلاشقان «مەدەنىيەتلىك دېھقان» بولىدۇ . گۈلبەھرەم ئەنە شۇن-داقلارنىڭ بىرى . ئۇ ئىمتىھان باشلىنىش بىلەنلا بۇنىڭغا تەن بەر-گەن . ئۇ يەنە بىر يىل تىرىشىپ ئوقۇپ ، ئاخىرقى قېتىم تەلىيىنى سىناپ بېقىشنى نىيەت قىلغانىدى . شۇڭا ، ئىمتىھان مەيدانىدىن چد-قىپلا «هازا ئاچقان» ساۋاقداشلىرىغا تەسەللى بەرگەن ، ئۇلارنى ئۆزد-گە ئوخشاش ئىرادىگە كېلىشكە رىغبەتلەندۈرگەنىدى . مانا ئەمدى ، خەق كىچىككىنە چاقچاق قىلىپ قويغانىدى ، ھەممىنى ئۇنتۇپ يىغا باشلىدى ، ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ ، قايناۋاتقان قا-زانغا سوغۇق سۇ قۇيدى . ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى : «بىز يېزىدا قالغانلارغۇ داۋاملىق ئۆچرىشىپ تۇرارمىز ، ئالىي مەكتەپكە كەتكەن-لەرنىڭ كۆپى باشقا يۇرتلارغا خىزمەتكە تەقسىملىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن يەنە بىللە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئەسئەت ھەممەيلەندىن ئەقىللىق ، ئۇنى چوقۇم چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئېلىپ قالىدۇ . ئوغۇلخانمۇ شۇنداق...... مېنىڭ ئۇششۇقلۇقۇم ئەسئەت بىچارىنىڭ يۈرىكىنى قانچىلىك ئەزگەندۇ ؟ يەنە كېلىپ ئايرىلىشىمىزغا ساناقلىق كۈنلەر قالغاندا...... »

گۈلبەھرەم بىر كۆزىنى ئېچىپ ، بارماقلىرى ئارىسىدىن ئەسئەت-كە قارىدى : ئەسئەت شۇنداق بىچارە قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇراتتد-كى ، گۈلبەھرەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغىنىدىن يۈرىكى «شۇررىدە» ئېقىپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولغان ئوغۇلخانغا :

— ئۆتكىنە نېرى ، سەت سېرىق ئاسلان !— دېدى- دە ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ، ئۇنى قۇچاقلاپ يەرگە بېسىشقا ئۇرۇندى .

باياتىن چوڭ بىر جېدەل چىقىش ئېھتىمالىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن كېپىچىلىكنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ ، جاراڭلىق كۈلكە ساداسى ئەتراپنى قۇچتى . ئۇلار ئىككى تەرەپ بولۇشتى . بىر تەرەپ ئوغۇلخانغا يان باسسا ، يەنە بىر تەرەپ گۈلبەھرەمگە يان باستى :

— ئوغۇلخان ، بوش كەلمە !

— گۈلبەھرەم ، كالىسىنى پاتقاققا تىقىۋەت !

— ئوغۇلخان ، ئۇ ئۇششۇقنىڭ تازا ئەدىپىنى بەر !......
— گۇلبەھرەم ، چېچىڭدىن تۇتۇپ تارت !......
— نېرى تۇرۇش ، ھېچقايسىڭ يېقىن كەلمە !— دەپ ۋارقىرىدى ئوغۇلخان ، — بۇ داۋىخورنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن !...... سەن ئاۋاقنى ياخشىلىقچا يامانلىق قىلغىنىڭغا تويدۇرمايدىغان بولسام......
ئوغۇلخان ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ، گۇلبەھرەمنى يېقىن-تىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ۋىلىقلاپ كۆلگىنىچە گۇلبەھ-رەمنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى . ئۇ گۇلمەھرەمنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ يېنىنى يەرگە تەگكۈزۈپ ، ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ قەدىردان ساۋاقداشلىرىغا بىر مەيدان «كومېدىيە» قويۇپ بەرمەكچىدى......
ئاخىر ئۇ بىرلا كۈچەپ گۇلبەھرەمنى بىر تەرەپكە قىڭغايتتى . گۇل-بەھرەمنىڭ يانپېشى يەرگە تېگەي - تېگەي دەپ قالغاندا ، ئوغۇلخان قەستەن سەنتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا يىقىلدى . ئەمدى كۈلكىگە چاۋاك جور بولدى ، شاد كۈلكە ساداسى شاللىقنى قاپلىدى......
ئۇلار چۈشلۈك تاماق يېيىلىش ئۈچۈن ئىشنى توختىتىشتى . شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرسى ئاۋۋال دەريادا يۇيۇنۇپ ، ئاندىن قورساق تويدۇرساق دەپ قالدى . بۇ گەپ ئېغىزدىن چىقىشى بىلەنلا ، ئەسئەت-تىن باشقا ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسى : «ھۇررا !» دەپ ۋارقىرىد-شىپ دەريا تەرەپكە ئۈچۈشتى . شال ئوتىغان ئېتىز بىلەن دەريانىڭ ئارىلىقى 200 مېتىرمۇ كەلمەيتتى ، ئۇلار ئۆزىنى كىيىم - كېچەكى بىلەنلا دەرياغا ئېتىشتى ، قايناملارغا چۆمۈلۈپ ، 50 — 60 مېتىر ئاياغدىكى تارامىلاردىن چىقىشتى ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈشۈپ ، دولقۇنلار بىلەن مۇڭداشتى ، ئۆركەشلەرنى قۇچاقلاپ ، بېلىقتەك شۇڭغۇشتى .
ئاھ ياشلىق ! سەن نېمانچە شوخ ، نېمانچە ئارزۇ - ئىستەككە باي- ھە ! ؟ شۇنداق ، ئادەم ياشلىقتا جاپا - مۇشەققەتنى ، ھەتتا ئۆلۈم-نىمۇ مەنسىتمەيدۇ . كۆڭلىگە بىرەر ئارزۇ كەچتىمۇ ، بولدى ، كۆپىنچە ، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىن ، ئاشۇ ئارزۇ-ئىستەك كەينىدىن ئوقتەك ئۇچىدۇ . كېتىۋېتىپ دۈم چۈشۈپ ، ئېغىز- بۇرنى قانغا بويالسىمۇ «ۋاي» دېمەيدۇ ، ئەكسىچە كۈلۈمسىرەي-

دۇ ، قاننى سۈرتۈۋېتىپ ، يولىنى داۋام قىلىدۇ . نەگە بېرىپ ، نەدە توختايدۇ ، بۇنى بىلەن كارى يوق......

لېكىن ، ئەسئەتچۇ؟ ئۇمۇ ياشقۇ! ئۇ نېمىشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلۈشكە بارمىدى؟ ياكى مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى دې- گەن «تاج» ئۇنى ياشلىق شوخلۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلغانمۇ؟ ياق ، ياق! ئۇ پەقەت قىزلار ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئەدەپلىك ، قورقۇنچاق ئىدى ، ئۇلارغا يول قويىاتتى . قىزلارمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى . قىزلار- نىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىشىدە مەلۇم مەقسەتمۇ يوق ئەمەس ئىدى . شۇنداق ، رەسىدە بولغان قىزلار ئادەتتە بويىغا يەتكەن ئوغۇللارغا قارىغاندا ھېسسىياتلىق ، سەزگۈررەك كېلىدۇ ، ئۆزگىلەرنىڭ تېرىقچىلىك ئار- تۇقچىلىقىنىمۇ ، قۇسۇرىنىمۇ ھەرگىز نەزەرىدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ . ئەسئەت باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلى- رىدىلا قىزلار ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ، كەمتەرلىكى ، ئۆگىنىشتە تىرىشچانلىقىغا قايىل بولۇپ يۈرۈشەتتى ، ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن بى- رەر سوئالغا ئىشەنچلىك جاۋاب تاپالمىسا ، دەرھال ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشاتتى ، ئۇنىڭ جاۋابلىرىنى «پۈلسىرات» تىن ئۆتۈشنىڭ دەستى- كى قىلىشاتتى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەندىن كېيىن بولسا ، ئۇنىڭدا يەنە كەمدىن - كەم يىگىتلەرگە نېسىپ بولغان جىسمانىي ۋە روھىي گۈزەللىكنى كۆرۈشتى : ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ بويى ، قاۋۇل بەس- تى ، كېلىشكەن قاش - كۆزى ، سۈرەتتەك چىرايلىق ھۆسنىگە يوشۇ- رۇن نەزەر سالىدىغان؛ خىيالىدا ، ھەتتا چۈشىدە ئۇنىڭ سۈرىتىنى قەلب ئېكرانىغا سىزىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن يېقىن- لىق - مايىللىق بار - يوقلۇقىنى ئىزدەيدىغان بولۇشتى ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز گەپ ،ئالىقانچىلىك خەت تەمە قىلىپ ، ئەتراپىدا پەرۋانى- دەك ئايلىنىشتى .

ئېھ ، ئۇيغۇر قىزلىرى ، ئاھ ، سەھرا قىزلىرى! سىلەر كۆڭ- لۈڭلەردىكى ئىشق - مۇھەببەتنى يىگىتلەرگە بىۋاستە ئىزھار قىلىش- تا نېمىدېگەن ئاجىز ، نېمىدېگەن ياۋاش! «ئەڭ شوخ ، ئەڭ شەپشەك»

دەپ نام ئالغانلىرىڭلارمۇ بىرەر يىگىتكە كۆيۈپ ئۆلگۈدەك ھالغا كەلسەڭلارمۇ ، ھەتتا «سىزگە كۆيۈپ قالدىم» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئاغزىڭلاردىن چىقىرىۋەتسەڭلارلا كۆڭلۈڭلەردىكى يىگىتنىڭ ۋىسالىغا يېتىش مۈمكىنچىلىكى كۆزۈڭلەرگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، «قېلىن» دېگەن بەتنامغا قېلىشتىن ئەنسىرەيسىلەر ، بۇنىڭ بەدىلىگە ناتىۋان يۈرىكىڭلارنى ئۆمۈرلۈك داغلايسىلەر...... ئەسئەتكە كۆز سېلىپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشق - مۇھەببەت سودىسىدا تولىمۇ لاياقەتسىز ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار كۆڭلىدە ئەسئەتنى «تاش يۈرەك» ، «موللام مىجەز» دەپ ئەيىبلەيتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆزلىرىنىڭ «باتۇر»لۇقىنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى......

ئىككى ئايدىن بېرى ئەسئەت تۇيۇقسىز جىمغۇر بولۇپ كەتكەنىدى . قىزلارغا ئاساسەن ئارىلاشمايتتى ، تاسادىپىي ئارىلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، قىلغىلى گەپ تاپالماي دۇدۇقلايتتى ، گەپ قىلسا يۈرىكى تىترەپ ، تىلى كالۋالىشاتتى . كۆزلىرى قىزلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا ، يۈزلىرى قۇلاقلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى . شۇڭا ، قىزلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا قورۇنىدىغان ، ئۆزىنى سىپايىرەك تۇتۇشقا تىرىشىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى . بۈگۈن شال ئوتاش جەريانىدا ، ئەسئەت بىرىنچى بولۇپ ئويۇن باشلاپ بەردى . باشقا ئوغۇللار ئۇنىڭغا ئەگەشتى . قىزلارمۇ بوش كەلمىدى .لېكىن ، كىم بىلسۇن ، گۈلبەھرەمنىڭ كۆزىگە پىيىزەكنىڭ تېگىپ كېتىشى ، ئەسئەتنى «خېمىغا ياندۇرۇپ» ، ئاغزىغا قۇلۇپ سالدى .

تېخىچە شاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان گۈلبەھرەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەسئەتكە قارىدى : ئەسئەت شاللىقنىڭ قىرىدا ئېڭىشىپ تۇرۇپ ، يوتىسىغىچە تۈرۈلگەن شىمىنىڭ پۇچقىقىنى پەسكە چۈشۈرۈۋاتاتتى .

گۈلبەھرەمنىڭ يەنە شوخلۇقى تۇتتى :

— ھوي ئەسئەت ، — دېدى ئۇ شالاقشىتىپ سۇ كېچىپ ،قىزلار تەرەپكە كېتىۋېتىپ ، — سەن نېمىشقا سۇغا چۈشكىلى بارمايسەن؟

بىزگە قارانچۇق بولاي دەۋاتامسەن ، سۇغا چۆكۈپ ئۆلمەي ، دەپ قورقۇۋاتامسەن ، يا ؟

قىزلارنىڭ كۈلكىسى ئەتراپنى بىر ئالدى . ئەسئەتنىڭ يۈزلىرى «ۋىلىلىدە» قىزاردى- يۇ ، ھايال ئۆتمەي كۈلۈمسىرىدى- دە :

— سەن ھۈرۈننى قېچىپ كەتمىسۇن ، دەپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن !— دېدى .

— ھۈرۈن دېگەن ئۆزۈڭ ! ئۇنداق دېگۈچە : «دەريا بويىغا مېڭىپ بارالىغۇدەك ماغدۇرىم قالمىدى» دېگىنە ! سەنلا قېچىپ كەتمىسەڭ بارغۇ ، مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن !......

ئۇ سۆزلىگەچ شالىلىقنىڭ سۈيىنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ ، ئەسئەتكە چېچىشقا باشلىدى . ئەسئەت نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، دەريا تەرەپكە يۈگۈردى .

— يائاللا گۈلبەھرەم ، سەنزە ، تازىمۇ جاۋىلداق جۇمۇ !— ئوغۇلخان ئەسئەتنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تەنە قىلدى ، — بىچارە ئەسئەتنى ئىككى پۇلغا ئەرزان قىلىۋەتتىڭ . ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام ، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئاغزىڭنى تۇۋاقلاپ قوياتتىم .

— بەللى ئاغىچام چەمەك ، كۈنلۈكۈڭ تۇتۇۋاتامدۇ ؟ ئۇنىڭغا ھەرقانچە يان باسقىنىڭ بىلەن ، ساڭا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ قويسا كاشكى .

ئوغۇلخاننىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ ، كۆزلىرىدە غەلىتە بىر نۇر چاقنىدى . ئۇنى «تېرىكتى» دەپ چۈشەنگەن قىزلار ئۇنىڭ گۈلبەھرەم بىلەن جېدەللىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يۈرەكلىرى دۈكۈلدەشكە باشلىدى . لېكىن ، ھايال ئۆتمەي ئوغۇلخاننىڭ رەڭگى ئەسلىگە كېلىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . قىزلارنىڭ يۈرىكى قىنىغا چۈشۈپ ، چىرايىدا تەبەسسۇم ئەگىدى .

— ئۇنى كۈنلەپ نېمە كەپتىكەن ؟ قولۇڭدىن كەلسە ، ئەتىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋال !— ئوغۇلخان نەزەرىنى باشقا قىزلارغا ئاغدۇرۇپ ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى ، — يۈرۈڭلار ، بىزمۇ يۇيۇنۇۋالايلى !

قىزلار ئەتراپى قويۇق ، ئادەم بويى ئۆسكەن قەلەمچە ئورمان
بىلەن قاپلانغان بۇلاق بويىدىكى ھەممە يېرىنى قويۇق چىم باسقان
كەڭرى سەيناغا يېتىپ كېلىشتى . بەزىلەر كۆكلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى
يېشىشكە ، بەزىلىرى يېقىن ئەتراپتا ئەركىشى زاتى پەيدا بولۇپ قې-
لىشتىن ئەنسىرەپ ، بويۇنلىرىنى بىر غېرىچ سوزۇپ ،ئەتراپقا ئالاق-
جالاق قاراشقا باشلىدى . ئۇلار ئەمدىلا چۆمۈلۈشكە تەرەددۇتلانغاندا ،
گۈلبەھرەم پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرغان ئوغۇلخاننى بۇلاققا
ئىتتىرىۋەتتى ، كەينىدىن ئۆزىمۇ سەكرىدى . ئۇلارنىڭ قىيا- چىيا-
سى ، شوخ كۈلكىسى باشقىلارنىمۇ بۇلاققا سۆرىدى . ھەممىدىن بەك
گۈلبەھرەم كۈلەتتى . ئوغۇلخاننى «بوزەك» ئېتىدىغانلار ئەڭ كۆپ
ئىدى : ھېلى بىرسى چېچىغا ئېسىلىپ سۆرىسە ، ھېلى بىرسى تۈي-
دۈرماي كۆكلىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ ، ئۈزگىلى قويمايتتى
ياكى نەچچەيلەن بىر بولۇپ ئۇنىڭغا يېپىشىپ ، سۇغا چۆمدۈرەتتى .
ئوغۇلخانمۇ قەستەن چۆكۈپ كەتكەن بولۇپ ، نەچچە مىنۇتقىچە سۇ
يۈزىدە كۆرۈنمەيتتى . ساۋاقداشلىرى تازا ساراسىمىگە چۈشكەندە ،
بۇلاقنىڭ بىر چېتىدە «لوڭڭىدە» پەيدا بولاتتى- دە ، قاقاقلاپ كۈلگى-
نىچە ئالدىغا ئۈچرىغان بىرسىنى قۇچاقلاپلا سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىپ ،
ئىككىنچى بىرەيلەنگە ئېتىلاتتى . بۇنداق چاغلاردا شۇنداق قاتتىق
قىيا - چىيا كۆتۈرۈلەتتىكى ، يىراقتىن ئاڭلىغان كىشى چوقۇم
«بىرەر كېلىشمەسلىك سادىر بولغان ئوخشايدۇ» دەپ قېلىشى
تەبىئىي ئىدى .

ئۇلار يېرىم سائەت چامىسىدا يۇيۇنۇشتى . ئەگەر ئوغۇلخان :
«ئوغۇللار كېلىپ قالمىسۇن...... »دەپ ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا ،
ئۇلار يەنە قانچە ۋاقىت يۇيۇناتتىكىنتاڭ ، ئاخىر بىرسىنىڭ كەينىدىن
بىرسى قاشقا چىقىشتى . كۈلكىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئەسلىرىدىن
چىقىرىشقان قىزلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈ-
شەتتى ، پۇتلىرىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ، تېرەك
شاخلىرى ئارىسىدىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈشەتتى . يېقىن ئەتراپتا
ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى . يىراقتا— مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋات-

قان قىزىل دەرياسىدا ئوغۇللار بەخىرامان ئۈزۈشۈپ، دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى.

قىزلار بىر - بىرىگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ كىيىملىرىنىڭ سۈيىنى سىقىشقا باشلىدى. ئوغۇلخانغا يانمۇيان تۇرغان گۈلبەھرەم نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ قاردى - دە:

— ۋىيەي ئوغۇلخان، ئۈستىخىنىڭ ئەجەب چىرايلىقكىنا، سېنىڭ! — دېۋەتتى. ئوغۇلخان ئۆزىنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىگە غىل - پاللا كۆز يۈگۈرتۈپ، پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. باشقا قىزلارنىڭ نەزەرىمۇ ئوغۇلخانغا ئاغقانىدى. ئوغۇلخان گۈلبەھرەمگە جاۋابەن بىرنەرسە دېمەكچى بولدى- يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئاۋازى بوغۇزىدىن سىرتقا چىقمىدى. ئۇ كۆڭلىكىنى چالا - بۇلا سىقىپلا، ئالدىراش ئۈچىسىغا ساپتى- دە:

— قېلىن شەپشەكىنىڭ ئەسكىلىكىنى! ئادەمنىڭ يالىڭاچ ئېتىگە قاراپ…… ئاچاڭنىڭ چىرايلىقلىقىنى بۇرۇن بىلمىگەنمىدىڭ!؟ — دەپ غودۇڭشىغىنىچە گۈلبەھرەمدىن يىراقلاشتى.

— ۋاي نېپىز! — گۈلبەھرەم ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي سۆزلەيتتى، — قاراپ قويغانغا بىر يېرىڭ ئۈپراپ كەتمىگەندۇ؟

ئوغۇلخان كۈلۈپ تاشلىدى. گۈلبەھرەم قىلچە تەن بەرمەستىن، ئۇنىڭ «ساقىلىغا ياماشقىنى ياماشقان» ئىدى. ئىككىسىنىڭ چاقچىقى كۆپچىلىككە ئەمەك بولدى بولغاي، قانغۇدەك كۈلۈۋېلىشتى.

## ئۆرۈك چېچەكلىگەندە

ئەگىز ئۆتۈپ، باغبارانلاردا گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن. دالا - تۈز يېشىل مەخمەل تون كىيگەن كۈنلەردە، سەھرا قىزلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارچە گۈزەللىكنى ئۆز جىسمىدا كۆرگۈسى كېلەمدىكىنتاڭ، كۆزىگە چېلىققانلىكى گۈل - چېچەكنى ئۈزۈپ، گۈل دەستە تىزىپ كۆتۈرۈۋېلىشقا، چىرايلىق — پورەكلىرىنى

تاللاپ چېكىسگە قىسىۋېلىشقا تولىمۇ ھېرىس . لېكىن ، ئوغۇلخان ئەزەلدىن مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئەمەس . تېخى بەزى تەڭتۇشلىرى-نىڭ گۈل - چېچەك ئۈزگىنىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ، قىلچە يۈز خاتىر قىلماستىن : «ئەجەبمۇ قولۇڭ قانلىق نەرسە ئىكەنسەن ، شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان گۈلنى ئۈزۈشكە قانداقمۇ قولۇڭ بارغاندۇ ؟ !» دەپ تەنە قىلاتتى ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ گۈلگە ئۈزىتىلغان قولىغا ئۇراتتى . بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن ، ئەتىگەندىلا ھويلىسىدىكى «مايسەن» ئۈرۈكىنىڭ تۇنجى ئېچىلغان بىر ئاسماق چېچىكىنى ئاتا - ئانىسىغا تۇيدۇرماي ئۈزۈپ ، ئاۋايلاپ يوپكىسىغا يوشۇردى- دە ، ئۇدۇل مەكتەپكە ماڭدى . قەلبىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھاياجان ھۆكۈمران ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ۋە جەزبىلىك كۆرۈنەتتى .

ئۇپۇق قىزىرىپ ، شەپەق كۆتۈرۈلدى . ئوغۇلخانىنىڭ يۈرىكىدىكى ھاياجان ئوتلىرى كۆزلىرىگە تەپچىدى . ئۇ شەپەقتىن كۆز ئۈزمەستىن يولىنى داۋام قىلغاچ ، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى :

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ ،
مەن يارنى كۆرۈپ كەلدىم .
جامالىغا بىر قاراپ ،
بۇ جاندىن تويۇپ كەلدىم .

— ئوھوي ئوغۇلخان ، قالتىس چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەنغۇ ! تويغا جابدۇنغان پەرىزاتتەك ياسىنىپ .

ھودۇققان ئوغۇلخانىنىڭ ئۇنى دەرھال ئۆچتى ، پۇتلىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختىدى . ئۇنىڭدىن ئۈچ قەدەملا نېرىدا ساۋاقدىشى نورۇز تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشخۇي تەبەسسۇم ئوغۇلخانىنىڭ تىلىنىمۇ ، پۇتلىرىنىمۇ كىشەنلەپ قويغانىدى . دېمىسىمۇ ، ھەرقانچە يۈرەكلىك قىز ئادەمسىز خالىي جايدا بىرەر يىگىتكە يولۇقۇپ قالسا ، ھامان تېنى شۈركۈنۈپ كۆڭلى بىئارام بولىدۇ ، تىلى گەپكە كەلمەي

دۇدۇقلايدۇ . بۇ ھەرگىزمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، ئوغۇلخان پۈتۈن ئۆمرىدە ھېچقاچان مۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغانىدى . ھېلىغۇ نورۇز ئىكەن ، «ئاغزىدا پىچىقى بار» يىگىت- لەرنىمۇ «پوش» دېمەيتتى . بۇگۈنچۇ ؟ بۇگۈن ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزگە ئوخشىماي قالغانىدى . ئۇ نورۇزنىڭ ئالدىدا قورۇنماقتا ، خىجىللىق- تىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانماقتا ، يۈرىكى ئەنسىز دۇكۇلدەپ ، كۆزلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلمەكتە .

ئۇزاق ئۆتمەي ، ئوغۇلخان ئېسىنى يىغدى- دە ، «شارتتىدە» بېشىنى كۆتۈرۈپ ، نورۇزنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ :

— چىرايلىقلىقىمنى ئەمدى بىلىۋاتامسەن ؟ كۆزۈڭدىن ئوت چى- قىپ كەتسۇن تازا !— دەپ قاقاقلاپ كۇلدى . نورۇز يانچۇقىدىن ئاغزى يەملەنگەن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ :

— بۇنى ئاخشام بىرەيلەن بەرگەنىدى ، تازىمۇ ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭ ، — دەپ ئوغۇلخانغا ئۇزاتتى . ئوغۇلخان ئويلىنىپ تۇرماس- تىنلا كونۋېرتنى قولىغا ئالدى . نورۇز قانداقتۇر بىر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك قىزىرىپ - تاتىرىپ ئالدىراش كېتىپ قالدى .

كونۋېرتقا يا ئىسىم ، يا ئادرېس يېزىلمىغانىدى . ئوغۇلخاننىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر تۈيغاندەك ئەنسىز دۇكۇلدەپ كەتتى ، كۆزلىرى نورۇزنىڭ كەينىدىن ئۇچتى . نورۇز كۆز يېتىم يەردە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى . ئوغۇلخان كونۋېرتنى ئۇيان - بۇيان ئۆ- رۈپ ، بىرھازا خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى پوپكىسىغا سالدى ، ئۇ يىراقتا كېلىۋاتقان ئەسئەتنى كۆرگەنىدى . ئىككىسى مەكتەپكە بىللە كېتىشتى .

ئوغۇلخان مەكتەپتە خەتنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇدى . پۈتۈن زېھنىنى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپكە مەركەزلەشتۇردى . دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا نەچچە - نەچچە قېتىم خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ ، ھېسسىياتىنى كو- چەپ باستى . ئادەتتە كۇندە نەچچە ۋاق ئوغۇلخاننىڭ ئاغزىنى تاتلاپ باقمىسا قېتىقى ئۇيۇمايدىغان نورۇز ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈردى . كۆز-

لىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا ، قىزىرىپ - تاتىرىپ ، دەرھال نەزەرىنى باشقا تەرەپكە يۆتكىۋالدى .

ئوغۇلخان دەرس تاماملانغۇچە تاقەت قىلدى . مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغدا ، قەستەن ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ ، قىزىل دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى . ئەتراپتا ئادەم قارىسى يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، دەريانىڭ لېۋىدە يەككە - يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان بىر تۈپ كاداڭ سۆگەتنىڭ دەريا تەرەپكە ئۆسكەن ئادەم بېلىدەك چوڭلۇقتىكى يىلتىزى ئۈستىدە ئەپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى. دە ، پوپكىسىدىن كونىۋېرتنى ئېلىپ ئاغزىنى يىرتتى .

ئۇ خەتنى ئاچتى . بىرىنچى قۇرنى ئوقۇش بىلەنلا يۈرىكى ناغرا چېلىپ ، نەپسى قىسىلدى ، تومۇرلىرىدىكى قان شۇ دەريا سۈيىدەك رىتىمسىز ، شۇنداقلا ۋەھىمىلىك دولقۇن ھاسىل قىلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوتتەك قىزىپ ،چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ ئۆزىنى توڭۇۋاتقاندەك ، جالاقلاپ تىترەۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . كۆزلىرى ماۋۇ قۇرلار ئۈستىدە قېتىپ قالغانىدى .

«……ساۋاقدىشىم ئوغۇلخان ! نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، كىچىكىمدىنلا ساڭا ئامراق ئىدىم . چوڭ بولدۇم ، بۇ ئامراقلىقىم تېخىمۇ كۈچەيدى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن بۇيان ، ئەخلاقتا سېنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىپ تاللىۋالدىم . ھەربىر قەدىمىمنى سېنى دوراپ باستىم . دورىغىنىمنىمۇ ئوبدان بولغانىكەن ، ھەممە جەھەتتە ساڭا يېتىشەلمىسەممۇ ، نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمدىن ئېشىپ كەتتىم . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، ئوقۇتقۇچىلىرىممۇ ، ئاتا - ئاناممۇ مەندىن رازى .

يىللار ئۆتتى . نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ ، بارا - بارا سېنى كۆرسەملا يۈرىكىم ئەنسىز دۈكۈلدەيدىغان ، بىرەر كۈن كۆرمىسەم سېغىنىدىغان ، بىرنەرسەم يوقىلىپ كەتكەندەك كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان بولۇپ قالدىم . نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرماي ، كېچىسىمۇ ، كۈندۈزىمۇ ئىسمىڭ تىلىمغا ، سىماڭ دىلىمغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى . ئەمدى ئويلانسام ، بۇ ياش قەلبىمدە ساڭا نىسبەتەن بىخ سۈرگەن مۇھەببەت

ئىكەن، يېگانە، پاك مۇھەببەت ئىكەن. نېمە ئۈچۈن «يېگانە»
دەۋاتقانلىقىمنى بەلكى چۈشەنمەسسەن؟ بۇ ماڭىلا چۈشىنىشلىك،
چۈنكى مەن ساڭا چىن قەلبىمدىن كۆيدۈم! سەنچۇ؟ سېنىڭ كۆڭ-
لۈڭدە كىم بار؟ قەلبىڭ كىمنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان؟ مانا بۇلار
ماڭا قاراڭغۇ، بەلكى مەن ئەخمەقدۇرمەن، ئەخمەقلىقىمدىن سېنىڭ
كۆڭۈل سىرلىرىڭنى چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغاندىمەن...... نېمىلا
بولمىسۇن، مەن بۇ قېتىم مۇشۇ سىرنى بىلىشكە قەتئىي بەل
باغلىدىم. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ، ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇھەببەت
ھەرگىز بىر كۈندىلا يېتىلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەگەر كۆڭلۈڭدە
ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق مۇھەببەت تۇيغۇسى بولماي، كىچىككىنە
مايىللىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈمنى قالتىس بەختلىك ھېسابلاي-
مەن. چۈنكى، مايىللىق — يېقىنلىقنىڭ ئىپادىسى، يېقىنلىق -
مۇھەببەتنىڭ ئاساسى.

دىلى يېقىن ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە ھەر-
گىزمۇ چىدىمايدۇ. مەيلى سەن قانداق ئويلىساڭ ئويلاۋەر، مېنىڭ
سەندىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق. بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم. تەقدىرچۇ؟
تەقدىرمۇ ئۆز ئويۇننى ئويناۋېرىدۇ. كۆرۈپ تۇرىسەن، پات ئارىدا
بىرىمىز باغقا، بىرىمىز تاغقا كېتىپ قالىمىز. بۇنداق تەقدىرگە
بويسۇنماي كىمنىڭ ھەددى!؟ بەلكى سەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ
بىرەرسىگە كېتىپ قېلىپ، مەن «مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى» بولۇپ
يۇرتىمىزدا قالارمەن (بۇ خىل پەرەز ئەمەلىيەتكە بەكمۇ يېقىن)،
شۇنداقتىمۇ، سەن نەگە بارساڭ يۈرىكىم سەن بىلەن بىللە كېتىدۇ.
ئەسلىدە، مەن بۇ گەپلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئاغزىمدىن چىقارماقچى-
دىم، ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىر ئىشق - مۇھەببەت كويىدا يۈرۈپ،
ئوقۇشىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، بولۇپمۇ سېنىڭ خاتىرجەم
كۆڭلۈڭنى پاراكەندە قىلىپ ئوقۇشۇڭغا بەرھەم بەرمەسلىك ئۈچۈن،
كۆڭۈل سىرلىرىمنى تاكى بۈگۈنگىچە سەندىن پىنھان تۇتتۇم، ئەم-
دى پەيتى كەلدى. پات ئارىدا بىر- بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كېتىمىز.
ئايرىلىش ئالدىدا بۇ گەپلىرىمنى دېۋالمىسام، قاچان دەيمەن؟ راس-
تىمنى ئېيتسام ئالدىراپ قالدىم. بۇنى چۈشەنگىن.

ئوغۇلخان، مەن دىلىمغا پۈككەنلىرىمدىن يۈزدىن بىرىنىمۇ
قەغەزگە چۈشۈرەلمىدىم، نى چىرايلىق گەپلىرىم قورسىقىمدا قال-

دى . بۇنىڭغا نېمە ئىلاج ؟ ھەرھالدا مەقسىتىمنى چۈشەندۈرەلىشىم-
گە ئىشەنچىم كامىل ، گېپىمنى قىسقارتسام : ماڭا كۆڭلۈڭدە ئو-
رۇن بارمۇ- يوق ؟ بۇنى ئوچۇق ئېيت (بېزەڭلىك قىلغىنىم ئۈچۈن
تىللىساڭمۇ مەيلى ) ! بۇ ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنىڭ زادى قانچىلىك
ئادەم ئىكەنلىكىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋالاي . ئەگەر كاج پەلەك
سېنى مەندىن مەڭگۈ ئايرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئۆز تەقدىرىمگە تەن
بېرىپ ، سېنى قايتا پاراكەندە قىلماسلىققا بەل باغلاي ، قانداق
دېدىم؟ خاپا بولماي مۇشۇ خېتىمنى جاۋابسىز قالدۇرما !
ساڭا چىن قەلبىمدىن كۆيۈپ : (ن )
1980 - يىل 7- ئاپرېل»

ئوغۇلخاننىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش خەت
ئۈستىگە چۈشكەندىلا ، ئۇ ئېسىگە كېلىپ ، خەتتىن بېشىنى كۆتۈر-
دى . ئەتراپقا ئالاق - جالاق كۆز يۈگۈرتكەچ ، كۆڭلىكىنىڭ يېڭى
بىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتۈۋالدى . ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيت-
تى . قىزىل دەرياسىنىڭ قۇترىغان سۈيى قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك
ۋەھىمىلىك نەرە تارتىپ ، تىنىمسىز شاۋقۇن - سۈرەن سالاتتى .
ئوغۇلخاننىڭ كۆز ئالدىدا نورۇزنىڭ قاۋۇل بەستى ، قىزلارنىڭكىدەك
چىرايلىق ھۆسنى ، ئۈياتچان كۆزلىرى سۈرەتتەك قادىلىپ تۇراتتى .
ئۇ كۆزلەرگە قارىغانسېرى ، ئوغۇلخاننىڭ ۋۇجۇدىنى ئىزا- نومۇس
قاپلاپ ، ئىچ - ئىچىدىن «ئۇھ» چىقاتتى ، كىرپىكلىرى ئۈزلۈكسىز
نەملىنىپ ، چىرايىنى مۇڭ باستى . ھېچكىمگە تىنالمايدىغان بىر خىل
تۇيغۇ ئۇنى ئازابلىماقتا ، ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ، بار كۈچى
بىلەن سىقماقتا ئىدى .
ئوغۇلخان بەرداشلىق بېرەلمىدى : ئۇ قاتتىق بىر ئۈلۈغ - كى-
چىك تىنىۋېلىپ ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى . كەچكى شەپەق ئۆز جامالى-
نى پامىر تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرى كەينىگە يوشۇرۇشقا ئالدىرى-
ماقتا ئىدى . ئوغۇلخان بۇ يەردە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق تۇرغانلىقى-
نى ئېسىگە ئېلىپ قاتتىق چۆچۈدى . ئۆيدە ئۇنى بىرمۇنچە ئىش
كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇنى تاماق ئېتىپ قويىدۇ ، دەپ كۆڭلى توق ئېتىز-

دىن قايتقان ئانىسى ئوچاققا ئوتمۇ يېقىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، قولۇم-قوشنىلارنىڭ بالىلىرىدىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەندۇ ھەقاچان ؟

ئوغۇلخان ئېغىر بىر تىنىدى- دە ، قولىدىكى خەتنى پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ ، دەرياغا تاشلىۋەتتى . كۆڭلىكىنىڭ تۈرۈلۈپ قالغان پېشىنى تۈزەشتۈرۈپ ، پوپكىسىنى قولتۇقلىدى- دە ، ئالدىراش ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى .

بەختىگە ، دادىسى ئۆيدە يوق ئىكەن . ئانىسىمۇ سوراق - سوئال قىلىپ ئولتۇرمىدى . ئىككىيلەن قول - قول تاماق ئىچىشتى . تاماق-تىن كېيىن ئوغۇلخان ياتاق ئۆيىگە كىردى- دە ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ ، ئۆزىنى نىمكەش كىگىز سېلىنغان كارىۋاتقا تاشلىدى . كۆڭلى پەرىشان ئىدى . ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمىدى ، خىيال سۈرگىنى سۈرگەنىدى . 18 ياشلىق ئۆمرىدە بې-سىپ ئۆتكەن ھەربىر قەدىمى (كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى )كۆز ئالدىغا قاتار تىزىلىۋېلىپ ، ئەسەبلىرىگە قىلچە ئارام بەرمەيتتى .

تۇرمۇش ھەقىقەتەنمۇ قىزىق كومېدىيە : ئىككى يىلدەك بولدى ، ئوغۇلخاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان غەلىتە بىر خىل سېزىم ئويغاندى . بۇ سېزىم ئۇنى خىيالچان قىلىپ قويدى ، دىققەت - نەزەرى ئوغۇللارغا ئاغدى . بەزىلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ سەسكەندى ، قاچتى ، بەزىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا ھەۋەسلەندى . ئۆزىنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇردى ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ، ئۇلار-غا يەر ئاستىدىن نەزەر سالدى . كۆنلەر ، ئايلار ئۆتكەنسېرى بۇ ھالەت ئېخىمۇ كۈچىيىپ ، كىملەرگىدۇر رىشتە باغلىدى . ئۇلار كۈلسە ، ئۇمۇ غايىبانە خۇشاللىنىپ كۈلدى ، يىغلىسا غايىبانە ھېسداشلىق قىلىپ يىغلىدى ، ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ قالسا ، ئوڭايسىزلانغان-لىقىدىن پۈتۈن ئەزايى قورۇندى ، تىلى كالۋالىشىپ دۇدۇقلىدى ، ئىمكانقەدەر ئۇلاردىن نېرىراق بولۇشقا تىرىشتى . لېكىن ، كۆڭلى ھامان ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى ، ئۇلاردىن نېمىنىدۇر تەمە قىلاتتى . ئەگەر قولىدىن كەلسە ، كىنو ئېكرانلىرى ، كىتاب سەھىپىلىرى ئارقىلىق تونۇشقان پېرسوناژلارغا ئوخشاش ئۇيات - ئىزا دېگەنلەرنى

بىر ياقفا چۆرۈۋېتىپ ، ئۆزى تەمە قىلغان نەرسىگە ئېرىشىش يولىدا ، قارشى تەرەپكە ئاشكارا سۆز تاشلىغانمۇ بولاتتى ، لېكىن ئۇمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشاشلا ئىشق - مۇھەببەت سودىسىدا تولىمۇ ئىقتىدارسىز ئىدى ، ھەتتا قىزلارنىڭ يىگىتلەرنىڭ مەيلىنى تارتىشتىكى بىردىنبىر قورالى— «جىلۋە - ناز »دېگەنلەرنىمۇ بىلمەيتتى . تېخىمۇ قىزىقى شۇكى : ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا تۇمەنلىگەن سەھرا قىزلىرىغا ئوخشاش نىل رەڭ خادانىدىن كەڭ پۇچقاقلىق شىم ، ئادىي ، قوپال بۆز رەختتىن ھەم ئۇزۇن ، ھەم كەڭ كۆڭلەك كىيىشكە ئادەتلەنگەنىدى . يېقىندا تۆتىنچى ئاچىسى مەغپىرەت ئۇنىڭغا يىپەك رەختتىن شەھەر پاسونىدا قىلىپ بىر كۆڭلەك تىكتۇرۇپ بەردى . دەسلەپ ، ئوغۇلخان ئۇنى ئۇچىسىغا ساپقىلىمۇ ئۇنىمىدى . كېيىن ئاچىسىنىڭ زورى ، ئانىسىنىڭ يېلىنىشى نەتىجىسىدە نائىلاج كىيدى . ئوغۇلخان كۆڭلەكنى كىيىپ بولۇپ ئەينەككە «لەپپىدە» بىر قارىدى - يۇ ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

ئۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ كۆڭلەككە لىق كەلگەن خۇش پىچىم بەستى ، تولۇق كۆكرەكلىرىنى كۆرۈپ ھەم خۇشاللانغان ، ھەم ئۇيالغانىدى !

ئەتىسىدىن باشلاپ ئاشۇ كۆڭلەكنى كىيىۋالدى . مۇبارەكلىگۇچىلەرمۇ ئاز بولمىدى . ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىرنەچچە كۆڭلىكىنىڭ نۇسخىسىنى ئۆزگەرتتۇردى . ئەمدى ئۇ «مەدەنىي» لىشىپ قالغاندى . نورۇز ئۇنى مۇبارەكلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى . تۇنۇگۇن ئۇنى مۇبارەكلىدى ، بۈگۈن……

ئوغۇلخان جەينەكلىرىنى كارىۋاتقا تىرەپ ، بېشىنى قوللىرى ئۈستىگە قويدى ، كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز يۇمۇلدى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەددى - قامىتى كېلىشكەن ، ئېغىر - بېسىق ، تىرىشچان نورۇز پەيدا بولدى . نورۇز ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلمەكتە ، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت كۈتمەكتە ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئوغۇلخانمۇ خېلىدىن بۇيان ئۇنىڭغا كۆز سالغان ، يۈرىكىنى غايىبانە ئۇنىڭغا چاتقان ، ئۇنىڭ سىرلىق بېقىشلىرىدىن قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرۇپ ھوزۇرلانغان ، نورۇزنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئالاھىدە يېقىنلىقىدى

نى سەزگەن ، ئۇنىڭ ئاشكارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنىدى . ئەكسىچە ، نورۇز ئوغۇلخان بىلەن بىر يەردە بولسىلا ، تارتىنچاق قىزلاردەك قورۇنۇپ گېپىدىن ئازىدىغان ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاريىالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇنىڭلىق بىلەن ئوغۇلخان قىلچە نائۈمىد بولمىدى ، كۈتتى ، كۈتتى ، ئاخىر...... ھەي ، تەقدىر شۇنداقمىكىنتاڭ ، بۇنىڭدىن 15كۈن ئىلگىرى......

ئوغۇلخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا سەپسالدى : كارىۋات ئۇس-تىگە دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھېجىرنىڭ دىگىلىكىگە قوندۇرۇلغان جىنچە-راغدىن چىقىۋاتقان ئىسنىڭ سېسىق پۇرىقى دىماغىنى ئېچىشتۇراتتى . توختاۋسىز چىقىۋاتقان شامال تۈڭلۈكنىڭ قەغىزىنى ھەدەپ شىرىقلى-تاتتى ، ئېغىلدىكى ئېشەك كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم ھاڭرىدى . قەيەردىدۇر خوراز چىللىدى . بۇ تاڭنىڭ بەلگىسى ئىدى . يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن ئوغۇلخاننىڭ ئاتا - ئانىسى ئەتىگەنلىك «دولقۇن» غا چىقىدۇ . ئوغۇلخانمۇ يوغان سېۋەتنى قولتۇقلاپ ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ سامان يۇيۇپ ، ئېشەككە ھەلەپ ئېتىدۇ ، ھويلا - ئاراملارنى سىيرىپ - سۈپۈرىدۇ ، ئاندىن ئاتا - ئانىسىنىڭ «دولقۇن» دىن كىرىشىگە ئۈلگۈرتۈپ ، سېرىق قوناقنىڭ ئۇنىدا بىر قازان ئۇماچ چالىدۇ ياكى ئەتىۋارلىق ئاق كۆممە ئۇنىدا يوبدان ئېتىدۇ ، يەنە تېخى ئوچاققا بىرنەچچە زاغرا چاپلايدۇ .

ئوغۇلخان ئالدىراپ قالدى . ئۇ بارمىقىغا تۈكۈرۈپ ، چىراغنىڭ كۆيۈپ بولغان پىلىكىنى چاققانلىق بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى . بىرھازا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن دەپتىرىنىڭ بىر ۋارىقى-نى يىرتىپ ، ئالدىراش تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى :

«ساۋاقدىشىم نورۇز :

خېتىڭدىن يۈرىكىڭنى چۈشەندىم . سەنمۇ يۈرىكىمدىكى يىگىت-لەرنىڭ بىرى ئىدىڭ (بۇنى سەنمۇ سەزگەن بولغىيدىڭ ؟ ) ئۇزاق ۋاقىت كۈتتۈم ، ھەي...... نېمەدېسەم بولار ؟ سېنى ئەيىبلەيمۇ ؟ ياق ، ياق ! سەن ئەيىبلىك ئەمەس !مەن يالغان سۆزلەپ سېنى ئال-داشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن ، ئاھ......يۈزۈمنى قېلىن قېلىپ

راستىمنى ئېيتاي : بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى……
مەندىن رەنجىمە ! ئادەمنىڭ لەۋزىمۇ ، جېنىمۇ ئاغزىدىن چىقى-
دۇ (بۇنى سەن ئوبدان بىلىسەن )……مەن……مەن لەۋزىمدىن يا-
نالمايمەن ، مېنى كەچۈرگىن !
ساڭا بەخت تىلەيمەن !
ساۋاقدىشىڭ : ئوغۇلخان .
1980 - يىل 8- ئاپرېل»

ئوغۇلخان خەتنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى . قانچە
كۆپ ئوقۇغانسېرى ، كۆز چاناقلىرى شۇنچە بەكرەك نەملىنەتتى ،
نەپسى قىسىلىپ ، ئىچ - ئىچىدىن «ئۇھ» چىقاتتى . نېمە ئىلاج ؟
بولغۇلۇق بولدى ، ئەمدى ھەرنېمە قىلغان بىلەنمۇ ئەپلەشمەيدۇ .
راست ئەمەسمۇ ؟ ئىنسان بالاغەتكە يەتكەندە چوقۇم غەيرىي جىنسقا
ئىنتىلىدۇ . ئوغۇلخانمۇ شۇنداق قىلغان : يىگىتلەرگە يوشۇرۇن كۆز
سالغان ، تاللىغان ، بىر ئەمەس ، بىرقانچىسىنى تاللىغان . ئۇ چاغدا
ھېچكىممۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەيتتى . ئوخشاشلا ، ئۇمۇ ھېچ-
كىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەيتتى .ئاخىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىرسى
قەلب سىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىدى . ئوغۇلخانمۇ قىلچە ناز
قىلماستىن ، ئۇنىڭ لەۋزىنى ئىلىك ئالدى ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك جورا
بولۇشقا ئەھدە قىلدى . مانا ئەمدى…… شۇنداق ، مانا ئەمدى نورۇزمۇ
ئۇنىڭ لەۋزىنى تەلەپ قىلماقتا . بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىشمۇ ؟ ياق ،
ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ! مۇھەببەت ھەرگىزمۇ ماگىزىندىكى مال
ئەمەس ،ئۇنى خالىغان چاغدا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ ! ……

ئوغۇلخان يەڭگىل نەپەس ئالدى . خەتنى پۈكلەپ يانچۇقىغا سې-
لىۋاتقاندا ، دۈيجاڭنىڭ ئەزالارنى ئەتىگەنلىك «دولقۇن»غا چاقىرىپ
كانايدا ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى . ئۇلىشىپلا ، ئاتا - ئانىسى ياتقان
ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى . ئوغۇلخان ئۈستىبېشىنى تۈزەش-
تۈرۈپ ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

ھازىر گۈلبەھرەم ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزىچە : «ئوغۇلخان ،
ئۈستىخىنىڭ ئەجەب چىرايلىقكىنا سېنىڭ !» دېگەندە ، ئوغۇلخاننىڭ

قولىقىدا نورۇزنىڭ «ئوغۇلخان ، قالتىس چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن-غۇ !...... »دېگەن چاقچىقى ياڭرىغاندەك بولدى . كۆز ئالدىدا نورۇز-نىڭ شۇ چاغدىكى ئوتلۇق قاراشلىرى ، مەردانە تۇرقى نامايان بولدى . نورۇز تۇنجى بولۇپ ئۇنى «چىرايلىق» دەپ ئاشكارا ماختىغان يىگىت ئىدى . مانا ئەمدى نورۇز ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا يوق ، ئۇ ئاغرىپ قالدى ، بۇنىڭغا ئوغۇلخاننىڭ باغرى تاشلىقى ، كۆڭۈل ئاياشنى بىل-مەي ، ھەممىلا ئىشتا «بىرنى بىر» دەيدىغان تەرسالىقى سەۋەبچى بولدى بولغاي . لېكىن ، نېمە ئامال ؟ ئۇنىڭ تەبىئىتى ئەزەلدىن شۇن-داق تۇرسا !

## كاج تەلەي

ئوغۇلخان ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ، خۇدىنى يوقىتىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قال-دى . بۇ خەۋەرنى ئەسئەت كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى .

— نېمە ! — ئوغۇلخاننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، چەكچەيگەن كۆزلىرى ئەسئەتكە مىختەك قادالدى ، — راستمۇ ؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭ ؟

— راست ، — ئەسئەت دۇدۇقلىدى ، — ۋا......ۋاھىتجان مۇ-ئەللىم شۇنداق دەيدۇ......

ئوغۇلخان لىق ئوت توشتۇرۇلغان سېۋەتنى دەس كۆتۈرۈپ ئوڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزدى- دە ، سول قولىدا ئوتىغۇچنى كۆتۈرگىنىچە ئالدى-راش قوناقلىقتىن چىقتى . قىرغاقتا پۇتىنى ئېلىش بىلەنلا ، نېمىگى-دۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى . ئەسئەت ئۇنى يۆلى-ۋالدى . ئوغۇلخان ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بول-دى-يۇ ، بىردىنلا پۈتۈن ئەزايى لايدەك بوشىشىپ ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى . ئۇ ئەسئەتكە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى .

— كۆڭلۈڭنى بۇزما !— دېدى ئەسئەت غەزەپ ئارىلاش ھاياجان-لىق ئاۋازدا ، — ۋاھىتجان مۇئەللىم ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجى-

سىنغا قارىتىپ بىر پارچە ئەرز يېزىپ بېرىدىغان بولدى . سەن ئۇنى
ئېلىپ ئەتىلا ۋىلايەتكە بار . مەنمۇ تەييارلىق قىلىپ قويدۇم . ئەتە
سەن بىللە ۋىلايەتلىك پارتكومغا بېرىپ ، ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىش ھەيئىتىدىكى بەزى ئادەملەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن !
ئۇ يەرمۇ ئىگە بولمىسا ئۈرۈمچىگە ، ھەتتا بېيجىڭغىچە بارىمەن !

ئوغۇلخان سوزۇپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ ، ئۇنىڭ
سۆزىنى كەسكىن بۆلدى :

— قوي ، مېنىڭ ئىشىمنى دەپ ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا توپا سالما ،
ھېلىغۇ بىر بېشىڭ بار ، ئون بېشىڭ بولغان بىلەنمۇ ، بۇ ئىشتا
ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمايسەن .

ئوغۇلخان قىسمەن تەرەپلەردە ئەسئەتتىن تۆۋەن تۇرغىنى بىلەن ،
كۆپ جەھەتتە ، بولۇپمۇ رېئاللىققا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇنىڭدىن ئۈس-
تۈن ، سەگەك ئىدى . بۈگۈننى تۈنۈگۈنگە ،تۈنۈگۈننى بۈگۈنگە باغلاش-
نى بىلەتتى . ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى نامراتلىق ئۇنىڭ روھىي جەھەت-
تىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى . ئۇ تىرىشىپ ئوقۇ-
دى ، كۆپ نەرسىلەرنى بىلدى . يەنىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈسى بار
ئىدى ، بىراق كىچىككىدە قايناق سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ كۆيۈپ قېلىپ ،
پېيى تارتىشىپ قالغان پۇتى ئۇنىڭ «ئىمتىھان نومۇرىنى يەپ» ئارزۇ-
سىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا چىققىلى بولمايدىغان داۋان بولۇپ قېلىشىنى
زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . ئەمدى بىلدى ، يېڭى بىرنەر-
سىنى بىلدى . يەنى بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى كىچىككىنە
كەمتۈكلۈكى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ، ئەمەلىي ئىقتىدارىدىن زور
دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدى ! «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان يىللاردا ،ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى
«ئاممىنىڭ باھالىشى»دىن ئۆتۈپ ، «يۇمشاق ناننىڭ تۇۋىگە بارغان»
لىقى ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تارمار قىلىنىپ نەچچە يىل ئۆتكەن ،
ئىمتىھان تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەن مۇشۇ كۈنلەردىمۇ يەنە بەزى ئىمتى-
ياز ئىگىلىرىنىڭ يېڭى - يېڭى چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ تېپىپ ،
پارتىيەنىڭ ئىرادىسىنى ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىرادىسىنى ئۆز ئىرا-

دىسگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنىمۇ بىلدى . ئەگەر ئۇ بۇ مەۋجۇت رېئاللىققا كۆز يۇمۇپ ، يۇقىرى - تۆۋەن پالاقلايدىغان بولسا ، كىم بىلىدۇ تېخى ، «خان ئاغزى مايماق» ئەمەسمۇ ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يوغان ئەيىب - قۇسۇرلارنى تېپىشار ! تېخىمۇ يامىنى ، ۋاھىتجان مۇئەللىم بىلەن ئەسئەتنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشى...... ياق ، ئوغۇلخان ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس !

ئوغۇلخان ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى ، ھەتتا ئەگەر ئەسئەت ئۇنىڭ ئۇچۇن «يول» ماڭىدىغان بولسا ، ئوغۇلخان مەڭگۇ ئۇنىڭ دىدارىغا قارىماسلىققا ئەھدە قىلدى . يۈز تۇرانە ئېيتىلغان بۇ گەپ ئەسئەتنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويغانىدى .

ئۇلار سوغۇققىنا خوشلاشتى .

ئوغۇلخان ئائىلىسىدە ئۆزىنى بۇنىڭدىنمۇ يوغانراق كۆڭۈلسىز- لىكنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن ؟ ! ئۇ يۈرىكىنى ئۆرتەۋات- قان ئۈمىدسىزلىك يالقۇنىنى زورىغا بېسىپ ، مەھەللىگە كىرگەندە ، ھويلىسىغا بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى كىرىپ - چىقىۋاتقان قولۇم- قوشنىلارنىڭ ئەنسىز چىرايىنى كۆرۈپ پۈت - قولىدىن ماغدۇر كەت- تى . ئۇ ئۆيىدىن سەل نېرىدا توختاپ ، بىردەم خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ، ھويلىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇ- تىنى ئىچكىرىگە ئالدى .

ئاھ ، بۇ كېلىشمەسلىكنى ! پېشايۋاندا چىرايى بورىدەك سارغى- يىپ كەتكەن ئىسمىتىللا ئاكا تىنماي ۋاي - ۋايلاپ ياتاتتى ، تولا يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن شەرىخان ئاچا ئۇنىڭ يېنىدا پەرۋا- نە ئىدى . ئۇلارنى چۆرىدىۋېلىشقان قولۇم - قوشنىلار ئىلاھىي تەقدىر- دىن گەپ ئېچىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

ئوغۇلخان بىلدى : دادىسىنىڭ بېغىدا توغاچ پۇتاۋېتىپ دەرەختىن يىقىلىپ چۈشكەن ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ ئومۇرتقىسى قوپقالجىپ كەت- كەنىدى . ئوغۇلخان سېۋەتنى يەرگە تاشلىدى - دە ، «پاڭگىدە» يىغلى- غىنىچە ، ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۇستىگە ئاتتى .

ئەسمىتىللا ئاكا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا يېرىم يىل ياتتى . ئۆي

ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئوغۇلخانغا قالدى. ئۇ دادىسىنى ساقايتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە چىداشقا تەييار ئىدى. ئەمەلىيەت-تىمۇ شۇنداق بولدى: دۇينىڭ ئەمگىكى، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاش، نان يېقىپ توشۇش ئۇنى تالجىقتۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزدى. لېكىن، ئۇ چاندۇرمىدى. چىدىدى، ھەممىگە چىدىدى. ئون يىگىتكە تەڭلەشتۈرگۈسىز غەيرەت بىلەن ئىشلىدى. پۈتۈن يۇرت ئۇنى ماختاشتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلدى. لېكىن، ھەي ...... دوختۇرلار ئاخىر راست گېپىنى ئېيتتى: مۇۋەپپەقىيەتسىز ئۆتكەن ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئەسمىتىللا ئاكا مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغاندى. دوخ-تۇرلار ئۇنى بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى زامانىۋى دوختۇرخانىلارغا ئا-پىرىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىدى. مۇبادا، ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ كېسىلى راستتىنلا ئاشۇ جايلاردا ساقىيىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بارلىق ئەسل - ۋەسلىنى دوختۇرخانىغا تۆلىگەننىڭ سىرتىدا، قەرز ئۈستىگە قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن بۇ ئائىلە ئۇنى ئۇ جايلارغا ئاپىرىشقا قادىر ئەمەس .

ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەسمىتىللا ئاكىنى دوختۇرخانى-دىن قايتۇرۇپ چىقىشتى. يىغلاشتى، قاقشاشتى. شەرىخان ئاچا ھەر قېتىملىق نامىزىدا تەڭرىنىڭ بىر مۆجىزە كۆرسىتىپ، ئۇنى بىر كېچىدىلا سەللىمازا ساقايتىۋېتىشنى تىلىدى، لېكىن دۇئاسى ئىجا-بەت بولمىدى. ئوغۇلخان تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى. ئۇ كۆز ياشلىرى-نى سۈرتۈۋېتىپ، نۇرغۇن سەھرا قىزلىرىغا ئوخشاش تاغار بىلەن كەتمەننى دوست تۇتۇپ، جان - دىلى بىلەن ئەمگەك قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسى بەختىنى جاپالىق ئەمگەك قوينىدىن تېپىشقا بەل باغلىغانىدى.

## باش قاتقاندا

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

پۈتۈن ئەزايى توپا - چاڭ، تەر بىلەن بۆلغانغان ئوغۇلخان لىق ئۆرۈك قاچىلانغان سېۋەتنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگەندە، پېشايۋاندا يالغۇز ئولتۇرغان ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ چىرايى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئۇمىدسىز كۆزلىرى غەلىتە چاقناپ كەتتى.

— بالام، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، — ئۆرۈكنى ساتالمىغان ئوخشىمامسەن؟

— ھەئە، — ئوغۇلخان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، سېۋەتنى بېدىش ئاستىغا قويدى، — بۈگۈن ئۆرۈك بەك كاسات ئىكەن.

— قەشقەرگە ئەكىرسەڭچۇ؟

— قەشقەرگە ئەكىرگەنلەرمۇ ساتالماپتۇ. ئۇ يەردىمۇ كاسات ئىكەن.

— بۇ يىل ئۆرۈك تازا ئوخشىدى، دەپ خۇش بولسام، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆر ئەمدى. ئەستا، خۇدا ئېيتمىغان بەندىسىنى ھېچ نېمىدىن ئېيتمايدۇ، دەپ......

بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بارماقلىرى بىلەن يارىشىملىق كەكە ساقىلىنى تارىدى. ئوغۇلخان ھارۋىدىكى ئۆرۈكلەرنى ئەكىرىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

بۇ يىل باش ئەتىيازدا، مەھسۇلات ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىلدى. 12 مو يەر ئۆز ئىلىكىگە ئۆتكەن شەرىخان ئاچا بىلەن ئوغۇلخاننىڭ خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتماي قالدى. چۈنكى، بۇ ئۇلارنى دائىم ئالدىغا سېلىپ سۆر - توقاي قىلىپ يۈرىدىغان تەلەتى سۆرۈن دۈيجاڭ-نىڭ تىل - دەشنىمىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى-دىن دېرەك بەرگەنىدى. ئۇلار ئەمدى ئەركىن - ئازاد ئىدى. خالىسا ئىشلەپ، خالىمىسا ئارام ئالاتتى، پالەچلىك تۆشىكىدە «خۇدا» دەپ ياتقان بوۋاينىڭ ھالىدىن تۇزۇكرەك خەۋەر ئالالايتتى. ئۇلار كۈننى تۈنگە ئۇلاپ تىرىشىپ ئىشلىدى. يەرلەرنى تۈجۈپلەپ تېرىپ، ئوبدان پەرۋىش قىلىشتى. مول ھوسۇل كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. كىم بىلسۇن، بۇغداي پوقاق بولغان كۈنلەردە، ھەر موسىدىن 250 جىڭ بۇغداي تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ھۆددە ئالغان بەش مو بۇغدايلىقتا

ھال چۈشتى . ئوغۇلخان كۆزى كۆرگەن ، قولىقى ئاڭلىغان بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ كۆردى ، لېكىن تەڭرى ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقان-دەك ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قۇرۇتۇۋەتتى . كېسەل دارىغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە دان سۈيى ئىچەلمىگەن بۇغدايلار بەرىبىر «ئاق قۇشقاچ ئوڭدا يېتىپ يېگۇدەك» تاكىراڭ پېتىچە موما تۇۋىگە كەلدى . بۇغداينى تېپىپ جىڭلاپ كۆرۈۋىدى ،500 جىڭمۇ كەلمىدى .

دۈيجاڭ ھۆددىنى قىستاشقا باشلىدى . بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئادەم يىل بويى بۇغداي تائامى يېمىگەندىمۇ ، دۆلەتكە يەنە 400 جىڭ بۇغداي سېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى . بۇنى سېتىپ بەرمەي زادى بولمايتتى . گەپ ئېغىزدىن چىقىدۇ - دە ، ئەينى ۋاقىتتا ھېچكىممۇ بۇغداينىڭ بىر لىك مەھسۇلاتىنى مۇنداق يۇقىرى كۆرسەتكۈچكە يەتكۈ-زۈشنى ھۆددە ئالالمىغاندا ، ئوغۇلخان بىرىنچى بولۇپ ئىپادە بىلدۈ-رۈپ ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان ، دۆي كادىرلىرى ئۇنى ماخ-تاپ ، باشقىلارنى ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە دالالەت قىلغان ، شۇ-نىڭ بىلەن بىر قىسىم ياشلار ئوغۇلخاننىڭ كەينىدە قالغۇسى كەلمەي ، كەينى - كەينىدىن مەيدىسىگە مۇشتلاشقان . لېكىن ، دېھقانچىلىقنىڭ «تىلى»نى بىلىدىغان مويسىپىتلەر بىلەن ئوتتۇرا ياشلىقلار بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ، زۇۋان سۈرۈشمىگەن ، ئىچىدە ئوغۇلخاننى تىللى-غان ، قارغىغان ، شۇنداقتىمۇ ، كۆزدە تېرىلغان بۇغدايلار ، ئاق يەرلەر نوپۇسقا تەقسىملىنىپ ، ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن . يىللىق ئومۇ-مىي مەھسۇلات ئۆتكەن يىلقىدىن 30 پىرسەنت ئېشىشى كېرەك ئى-دى . لېكىن ، تەقدىر ئاجايىپ رەھىمسىزلىك قىلدى . دۆي بويىچە ھېچكىممۇ مەھسۇلاتنى كۆرسەتكۈچكە يەتكۈزەلمىدى . ھەممە ئادەم-نىڭ چىرايى سولغۇن ، يۈرىكىدە ھەسرەت - مۇڭ ھۆكۈمران ئىدى . تەقدىرنىڭ يەنە قانداق ئويۇن ئويناپدىغانلىقىنى بىلەلمەي ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشاتتى ،ئوغۇلخانغا ۋە ئۇنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناپ ، ئۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بالاغا مۇپتىلا قىلغان ھېلىقى بىر توپ «شۇمتەك»لەرگە لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇۋاتاتتى .

خېلى كۆپ دېھقانلار بىساتىدىكى پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىلەر ،

هەتتا ئارتۇق ئۆيلىرىنىڭ تورۇسىنى ئېچىپ ياغاچ - تېشىنى سېتىپ ، پۇلغا بۇغداي سېتىۋېلىپ دۇيگە ئۆتكۈزدى . سانقۇدەك بىرنېمىسى يوقلار كادىرلارغا يېلىندى ، ئۇلاردىن بولۇشغا دەككىسىنى يەپ يىغلىدى ، قاقشىدى .

ئەسمىتىللا ئاكا ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى . لېكىن ، ئوغۇلخان ئۇنىڭ ھېچكىمگە يېلىنىشىغا يول قويمىدى . بوۋاي مۇڭغا پاتتى . پۈتۈن ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتكەن ھەربىر قەدىمىنى تەكرار-تەكرار-ئەسلەپ ئۆزىنىڭ يا تەڭرى ئالدىدا ، يا بەندە ئالدىدا تېرىقچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىنى يادىغا ئالالمىدى . ئۇ ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلغاندىن تاكى ئۆتكەن يىلى مۇشۇ كۇنلەرگىچە دۇينىڭ باغۋىنى بولۇپ كەلگەنىدى . ئۇيىلدىن - بۇيىلغا كوللېكتىپنىڭ بىرتال غورىسىغا قارا سانىمىغىنى ئۇچۇن ، ھەر يىلى نەمۇنچى بولۇپ باھالىنىپ گۇڭشې ، ناھىيە ، ۋىلايەت تەرىپىدىن تەقدىرلىنەتتى ، مۇكاپاتلىناتتى . ئۆينىڭ تۆت تېمىنى قاپلاپ كەتكەن تەقدىرنامىلەر ئۇنى ئىشلەشكە ، ئائىلە ، بالا - چاقا دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ ، جان - دىلى بىلەن كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلەشكە ئۈندەيتتى . مانا ، توپتوغرا بىر يىل بولدى . كوللېكتىپ ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىدى . ئائىلىسى ئۇچۇنمۇ يوك بولۇپ قالدى . ئەگەر ئۇنىڭ ئىككى پۇتى دەسسەپ تۇرالىغان بولسا ، بىرىنچى بولۇپ دۇينىڭ بېغىنى ھۆددىگە ئالغان ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ ، يېڭى سىياسەتنىڭ نەقەدەر توغرىلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بولاتتى . ھازىر مۇنداق ئىمكانىيەت يوق ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ بولمايدۇ . ئۇ ھەممە ئۈمىدىنى ئوغۇلخانغا باغلىغان . ئوغۇلخان ئوڭ قىلسىمۇ ، تەتۈر قىلسىمۇ ، ئۇنىڭ باش لىڭشىتماقتىن بۆلەك ئىلاجى يوق . بىر يىلدىن بۇيان ، ئوغۇلخان ئۇنى بىرەر قېتىممۇ رەنجىتمىدى . «ئاشنىڭ قويۇقى ، نانىڭ چېچىكى»نى ئۇنىڭغا يېگۈزدى . يېڭى كىيىم ئېتىپ بېرەلمەسىمۇ ، بارلىرىنى ۋاقتى - قەرەلىدە يۇيۇپ - تازىلاپ چەل قوندۇرمىدى . بۇ ھال زادى قاچانغىچە داۋاملىشار ؟ قىز بالا ھامان خەقنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغان گەپ . ئۇنى داۋاملىق ئۆيدە ساقلاش ئاتا - ئانا

ئۇچۇن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھاقارەت ، مۇسۇلمانچىلىققىمۇ مۇخالىپ . ئەر - خوتۇن بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ باش قاتۇرغان ، بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكەن . ئاخىر ھەر ئىككىسى دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئوغۇلخانغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغان . بۇنىڭدىن كېيىنچۇ ؟ گەپ مانا شۇ يەردە . ئوغۇلخان ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلا ، ھەممە ئېغىرچىلىق نىمجان ئانىغا يۈكلىنىدۇ . ئۇ چاغدا......

ئەسمىتىللا ئاكا مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ، ئوغۇلخان سۇپا يېنىدا پەيدا بولدى . ئۇ ئۆرۈكلەرنى ھويلىغا ئەكىرىپ بولۇپ ، ئېشەك ھارۋىسىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ قايتىپ كىرگەنىدى .

— ئانام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟— دېدى ئوغۇلخان دادىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇۋېتىپ . ئۇ بىر قولى بىلەن چەچ رەڭ نېلۇڭ رومال ئاستىدىن چىقىۋالغان چېكە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ، بوۋايغا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى .

— قوناق ئوتىغىلى چىقىپ كەتتى ، — بوۋاي زورىغا كۈلۈمسىرىدى ، — قارا ، ئۇستىبېشىڭنى ! توپىغا چۆمۈپلا كېتىپسەن . يۈز - كۆزۈكنى يۇيۇۋالساڭمۇ بوپتىكەن ، قىزىم .

— ھېلى يۇيىمەن . مانىڭدىن ئىسسىقىدا ئىككىنى يېۋالغىنا .

ئوغۇلخان قولىدىكى ياغلىقنى يەشتى .

— ماۋۇ بالىنى ، سامسا ئېلىپ چىققان ئوخشىمامسەن ؟ «يوق دېسە چېلىپ ئىچىڭ» دېگەندەك......

ئوغۇلخان دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە شۇنداق چوڭقۇر مېھىر بىلەن تىكىلدىكى ، ئاتىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ، گېپىنىڭ قۇيرۇقىنى يۇتۇۋەتتى .

— ماۋۇ دادامنى ! «يوق - يوق» دەپ ئۆلۈپ بېرەمدۇق ؟ — ئوغۇلخان چاقچاق ئارىلاش كۈلدى ، — ھېلىمۇ ئۆزۈڭنىڭىزى بىرەر- يېرىم جىڭ گۆش كۆرمەي ، مەيدەڭدىن سېرىق سۇ يانىدىغان بولۇپ قالدى . يەنە پىخسىقلىق قىلساق...... — ئوغۇلخان ئەسلىدە : «يەنە پىخسىقلىق قىلساق ، سېنى زىيان تارتارمىز !» دېمەكچىدى ، بىراق دادىسىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ مالال قىلماسلىق ئۈچۈن گەپنى

بۇرۇۋەتتى ، — بولە ، كۆزۈمچە ئىككىنى يە ! — ئوغۇلخان شوخلۇق قىلىپ بىر سامىسىنى دادىسىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى . ئەسمىتىللا ئاكا قىزىنىڭ بۇ بالىلارچە قىلىقىدىن يۈرىكى سۆيۈنۈپ ، ئىختىيارسىز كۆلۈمسىرىدى ۋە سامىسىنى قولىغا ئالدى ، — ھە ، مانا ئەمدى مېنى خۇش قىلدىڭ ، — ئوغۇلخان گېپىنى داۋام قىلغاچ ئورنىدىن تۇردى ،

— بوۋاينىڭ سامىسىنى ئاغزىغا ئەكېتىۋاتقان قولى قايتىپ چۈشتى ،

— سەنمۇ بىرەرنى يېمەمسەن ؟

— مەن يېگەن ، — ئوغۇلخان تېزەك ئېلىپ چۈشۈش ئۈچۈن بالىخانىنىڭ شوتىسىغا ياماشتى ، — مەن تويغۇدەك يەپ ، ئاشقىنىنى سەن بىلەن ئانامغا ئالغاچ كەلگەن .

— يەنە مېنى ئالداي دەۋاتامسەن ؟ — بوۋاي ئۇنىڭ كەينىدىن تەلمۈردى ، — قورسىقىڭنىڭ ئاچقىنىدىن لەۋلىرىڭ گەز باغلاپ كې-تىپتۇ .

بوۋاينىڭ گېپى ئۈزۈلگۈچە ئوغۇلخان بالىخانىغا كىرىپ كەتتى ، سېۋەتكە تېزەك ئېلىۋېتىپ ، ئۆزىمۇ تۇيماستىن يىغلاپ تاشلىدى .

ئوغۇلخان كەلسە - كەلمەس يىغلاۋېرىدىغانلاردىن ئەمەس . ئاتا-ئانىسى ھېچقاچان ئۇنى كۆزى ياش يۇقى ھالەتتە كۆرمىگەن . كۆردى دېگەندىمۇ ، پەقەت ئاشۇ بىر قېتىم ، يەنى دادىسى توغاچتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، ئاغرىق ئازابىدىن ۋاي - ۋايلاپ ياتقان ئاشۇ كۈنلا كۆرگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن نى - نى ئىشلار بولۇپ ئۆتتى ،لېكىن ئوغۇلخان دېمىنى سىرتقا چىقارمىدى ، ھەتتا ئاچلىرى دادىسىنى يوقلاپ كې-لىپ ، ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل — ئاجىزلىقىدىن بالىلىقىنى يەتكۈزەل-مىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ كۆز يېشى قىلسا ، ئۇلارنى سىلكىشلەپ ئاللا-توۋىسىنى چىقىراتتى . دادىسى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى . شۇڭا ، ئاچى-لىرىمۇ ئوغۇلخان بار يەردە يۈرەكلىك كۆز يېشى قىلىپ ئىچ -قارنىنى بوشىتالمايتتى . بىر ئايدەك بولدى ، ئوغۇلخان ئادەتتە ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمىغاندەك كۆلۈمسىرەپلا يۈرگىنى بىلەن ، ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا ، بولۇپمۇ كېچىلىرى كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدى-غان بولۇپ قالدى . بۇنى يا دادىسىغا ، يا ئانىسىغا تۇيدۇرمايتتى .

ئەلۋەتتە، ئەينى ۋاقىتتا، تەقدىرنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغىنىغىمۇ،
دادىسىنىڭ پالەچ بولۇپ قالغىنىغىمۇ نائىلاج تەن بەرگەن. ئەمدىكى
غېمى قانداق قېلىپ ئاتا - ئانىسىنى ئوبدانراق رازى قىلىش، نامراتـ
لىق دەستىدىن يالىڭاچلىنىپ قالغان ئائىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك قوـ
يۇلدۇرۇش ئىدى. كىم بىلسۇن، تەڭرى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى يەر
بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. نەچچە ئاي جاپا چېكىپ ئىشلەپ، بىر تال
ناننى ئۆيگە ئەكىرەلمىگىنى ئاز كەلگەندەك، تېخى گەدىنىدە نەچچە
يۈز جىڭ بۇغداي قەرز تۇرۇپتۇ. ئۇ بارلىق ئۈمىدىنى بېغىدىكى
مېۋىلەرگە باغلىغانىدى. باغ بىرمو چامىسىدا بولۇپ، قەشقەر تەۋەسىـ
دىكى داڭلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرىدىن نەچچە تۈپتىن بولغاندىن
تاشقىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان
جەمھۇر، كۆك سۇلتان، قوقان گىلاس، ئامىلە، ئالگىرات، پىستە،
جۇملىدىن ئاق، قىزىل، نوقۇت رەڭ جىنەستىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ
يىل ئۆتكەن يىلى ئۇلانغان كۆزلەرمۇ بىرنەچچە تالدىن مېۋە كۆرسەتـ
تى. بۇنىڭدىن ئوغۇلخان بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئېتىز - ئېرىقتىن
بىكار بولسىلا باغقا كىرىۋېلىپ، مېۋىلەرگە ئاچا يۆلەيتتى، ياۋا شاخـ
لىرىنى چاتايتتى، ئوتىنى ئوتايتتى. ئۇ ئىككى تۈپ مايسەن ئۆرۈكنى
مۇرادىغا يەتكۈزۈپ پىشۇرۇپ، بىر تالىنىمۇ لېۋىگە جىجىماستىن باـ
زاردا سېتىپ، ئوشۇق - كېمى يوق 50 يۈەن پۇل قىلدى. بۇ پۇلغا
كېلىشىم باھادا بىر قاپ خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىپ، شال بىلەن
قوناققا چېچىۋالدى. قوقان گىلاسنىڭ پۇلى ئۆينىڭ چىراغ يېغى،
تۇز قاتارلىق نەرسىلەرگە دال بولغاندىن تاشقىرى، ئىككى جىڭ
گۆشكىمۇ ئەسقاتتى. يېرىم يىلدىن بۇيان گۆش دىدارى كۆرمىگەن
ئەسمىتىللا ئاكا ئوغۇلخانغا يېرىم سائەتتەك دۇئا قىلدى. شەرىخان
ئاچىمۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى، بەختىنى تىلىدـ
ى. ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسى ئوغۇلخانغا تېخىمۇ زور غەيرەت
بېغىشلىدى. ئۇ ئەتىگىنى يۇلتۇز تارقىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخـ
شىمى قاش قارايغۇچە تىنىمسىقلاپ ئىشلىدى. ئۇ بىر كۆك ئېلىپلا
باي بولۇپ يۇرت - مەھەللىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرماقچى بولغانىدى.

شۇنچە پالاقلاشلىرىنىڭ ئاخىر نەتىجىسى «مەن قىلارمەن ئوتتۇز ،
خۇدايىم قىلار توققۇز» بولدى . ئۇ يىغلىدى ، تەبىئەت ئۇنى يەڭدى .
راست ئەمەسمۇ ، مانا بۈگۈن بازارغا تىقىلىپ كەتكەن ئۆرۈكنىڭ
ھۆددۈدى يوق . خېرىدارمۇ ئاز ئەمەس . ئۇلار شۇنداق پىخسىقلىق
بىلەن سودا قىلىدىكى ، بىر پۇڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇشتى . تېخى
بەزىلەرنىڭ : «بۇنى بېشىڭغا ئۈندۈرگەنىمدىڭ ، خۇدانىڭ زېمىنى ، خۇ-
دانىڭ ئاپتىپى ، خۇدانىڭ سۈيىدە ئاپىرىدە بولغان نېمەتقۇ بۇ ! دائىم
قىممەتچىلىكنى چىللىغىنىڭ ئۈچۈن ، خۇدايىم سەن خەقنىڭ چاپىنىد-
نى تىزىڭدىن ئاشۇرمىغان······ » دېگەنگە ئوخشاش سېسىق تەنى-
لىرىنى دېمەمسىز تېخى ! بۇ گەپلەر ئوغۇلخاننىڭ يۈرىكىنى قان
قىلىۋەتتى ، ئۇنى يىغا تۇتتى . ئاچچىقى كەلگىنىدىن ، ئاشۇ ئادەم-
لەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ گېلىنى بوغقۇسى ، بازارنى بېشىغا
كىيگۈسى كەلدى . بىراق······

ئۇنى مۇشۇ «بىراق» پەيلىدىن ياندۇردى . ئىچىدە ئادەملەرنىڭ
رەھىمسىزلىكى ، ئاچ كۆزلۈكى ، پەلەكنىڭ كاجلىقى······ غا لەنەت
ئوقۇدى . كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان ياشلىرى-
نى رومىلىنىڭ ئۈچى بىلەن سۈرتتى- دە ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆي
تەرەپكە يول ئالدى . كېتىۋېتىپ ، دادىسى بىلەن ئانىسىنى ئويلىدى .
ئۇلارنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغۇسى كەلمىدى . يېنىدا پۇل يوق
ئىدى . ھارۋىنى بازارنىڭ چېتىدىرەك توختىتىپ ، 10 كىلو كەلگۈ-
دەك بىر سېۋەت ئۆرۈكنى بىر يۈەنگە سېتىپ ، بەش سامسا ئالدى .
ئۇنى ئىسسىق پېتى ئاتا - ئانىسىغا يېگۈزۈش ئۈچۈن شۇنداق ئالدىرى-
دىكى ، يول بويى ئېشەكمۇ ، ئۆزىمۇ قارا تەرگە چۆمدى . كۆزى
يىغلىمىغىنى بىلەن ، يۈرىكى ھەسرەت - نادامەت دېڭىزىغا ئايلانغان-
دى . بۇ دېڭىز ئاخىر تېشىپ كەتتى . ئۇ بالىخانىدا ئولتۇرۇپ قانغۇ-
دەك يىغلىۋېلىپ ، دېمىنى رۇسلىۋالدى . يۈز - كۆزىنى سۈرتۈۋې-
تىپ ، بىر سېۋەت تېزەكنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشكەندە ، دادىسى
قولىدىكى ئاشۇ بىر سامسىنى تېخىچە يەپ بولالمىغانىدى . بۇ ھال
ئوغۇلخاننىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلدى ، لېكىن چاندۇرمىدى .

— دادا ، نېمانداق يېمەي ئولتۇرسەن ؟— دېدى ئۇ مېيىقىدا تەبەسسۇم قىلىپ ، — گۆشى پىشماپتىمۇ ،يا !

— ياق ، ئوبدان پىشىپتۇ ، بوۋايمۇ تەبەسسۇم قىلدى ، — كۆڭلۈمگە بىر ئىش كىرىۋېلىپ .

— نېمە ؟ نېمە ئىش ؟ مەندىن يوشۇرىدىغان ئىش ئەمەستۇ ؟ !

— سەندىن نېمىنى يوشۇراي قىزىم ! شۇ…… شۇ……ھېلىقى ھۆددە بۇغداي……

— ۋىيەي ، نېمە ئىشكىن دەپتىمەن ! شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلامسەن ؟ بۇگۇن تۆلىيەلمىسەك ئەتە ، ئەتە بولمىسا ئۆگۈنلۈككە چوقۇم تۆلەيمىز ! ئىشەنمەيۋاتامسەن ؟ ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭغۇ ، ئارقىدىكى قوغۇنىڭ ئالدى تور چەكتى ، تەكە شاپتۇل بىلەن چىلگە توغاچمۇ كاۋاكشىپتۇ . يەنە نەچچە كۈن ئۆتسە……

— ئۇغۇ شۇنداق…… — بوۋاي سوزۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئورنىنى قايغۇ ئىگىلىگەنىدى ، — ئاناڭدىن ئاڭلىسام ، بۇ يىل ھەممە خەقنىڭ قوغۇن - تاۋۇزى بىزنىڭكىدىنمۇ بەك ئوخشاپتۇ . ئۇ دېگەن بىر شالتاق ، ئېپى - سېپىدە پۇل بولسىغۇ بولدى ، بولمىسا…… ئۇھ - ھە…… خۇدا ، ئۆزۈڭ بىرنېمىدەپ قويارسەن !……

كۆك چامغۇر ، قارا ئۆرۈك سېلىنغان بىر قازان ئاش ئوچاقتىن چۈشكەندە ، كەتمىنىنى مورىسىگە سېلىپ ، بىر قولتۇق چاۋار كۆتۈرگەن شەرىخان ئاچا ئىشكتىن كىرىپ كەلدى . بىر - بىرىگە ياندىشىپ قاتار تىزىۋېتىلگەن سېۋەتلەردىكى ئۆرۈكلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى- يۇ ، ھايال ئۆتمەي ئەسلىگە كەلدى .

تاماق ۋاقتىدا ھېچكىممۇ ھۆددە بۇغداي توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى . لېكىن ، ئوغۇلخان بوۋاي بىلەن موماينىڭ بىر قاچىدىن ئاشنى تۈگىتىپ ئىچەلمىگىنىگە قاراپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەددىدىن زىيادە بىئارام ئىكەنلىكىنى تۇيدى . ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئوخشاشلا بىئارام ئىدى . بۇ بىئاراملىق ئۇنى كۆپرەك بىرنەرسە يېيىشكە زورلىماقتا ئىدى . ئۇ لىقمۇلىق ئىككى ئاياق ئاشنى پاك - پاكىز ئىچىپ بولدى .

بۇ ئۇنىڭ قارنى يامانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئەتە ئۇچۇن ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن - نۇرغۇن دەرد - ئەلەملەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ۋوجۇدىغا كۈچ - قۇۋۋەت توپلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى . ئۇ ياشاشنى خالايتتى ، ئائىلىنىڭ بېشىدىكى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشقا بەل باغلىغانىدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن تاماق يېيىشى ، قورساقنى چىڭ تويدۇرۇپ ، جاپالىق ئىشلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، هازىر ئۇ شۇنىمۇ تۇيۇپ ئولتۇرۇپتۇكى ، ئاشۇ ئىككى ئاياق ئاشقا قوشۇپ تاغدەك دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتماقتا ئىدى .

## «غوخامنىڭ قورسىقى توق ، قۇلىدىن خەۋىرى يوق»

سەھەر ، شەپەق ئەمدىلا قىزارغان چاغ .

ئوغۇلخان يېپىقلىق قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

ئىچكىرىدىن ئىككى كىشىنىڭ چاقچاق ئارىلاش سۆزلەشكەن ئاۋازى چىقىۋاتاتتى :

— ئەجەبمۇ نەپسىڭ يامان نەرسە ئىكەنسەن !— بۇ ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنىڭ ئاۋازى ئىدى ، — بىر كۈنلۈك تاپان ھەققىڭگە يىگىرمە كوينى ئاز كۆرۈۋاتامسەن ؟ ئىنساب قىل ، ئۇكا !

— «ئىنساب قىل ؟ » ھىم...... تېخى مەن ئىنساب قىلمايۋاتامدىمەن ! ؟— ئوغۇلخان بۇ ئاۋازنى پەرق ئېتەلمىدى ، — سەن قولۇڭنى ئەگرى قىلماي تۇرۇپ بەش يۈز كوينى چۆنتىكىڭگە ئۇرساڭ ، مەنزە ، بىر كۈن جان قىيىنىغىنىمغا چىشىمنىڭ كىرىنى شۇمسەم بولامتى ؟ جاھاندا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ! ھېچ بولمىسا ، بىرقاپ ئوغۇتنىڭ پۇلىنى قولۇمغا تۇتقۇزمايدىغان بولساڭ .

— شۇنداقمۇ ؟ ھى - ھى - ھى...... مۇنداق دېگىن ، بۇ گېپىڭچىمزە ، ھازىرلا بېرىپ ئۇستۇمدىن پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىپ

غوجىكاڭغا سۇنىدىكەنسەن- دە !

— يازماي ئەمىسە ، دېگىنىمگە كۆنمەي باققىنا ، قېنى !

— ها - ها - ها ! ۋاي ئۇششۇق ، ۋاي ئۇششۇق ، مە ، نەپسىڭ ئارام تاپىدىغان ئىش بولسا ، ماۋۇ ئون كويىنىمۇ ئال !

— ئاران ئون كوي ؟

— ئەمىسە يەنە نەچچە پۇل بەرسەم بولاتتى ؟ ئىنساب قىل ئۇكا ، ئىنساب ! ھەممىنى ساڭا بېرىۋەتسەم ، باشقىلارغا لاپ بىلەن قاپنى بېرەمدىمەن ! ؟ تېخى بىرەر قويىنىڭ بېشىنى كەسمىسەم بولماس .

— بولدى ، بولدى ، چېقىشىپ قويسام ، كۆكىرەپ كەتكىنىڭنى قارا ! مېنى شۇنچە نامەرد چاغلامسەن ؟ نى - نى ئىشلارنىڭ ئىسىنى چىقارماي ، يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىدە قويغاندىمۇ ، سەندىن بىر تىيىن تەمە قىلمىغانلىقىمنى ئۇزۇڭمۇ بىلىسەنغۇ ؟ مانا ئەمدى كېلىپزە......

— مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى ئارزۇلىمىسام ، ماڭا سەندىن بۆلەك ئادەم تېپىلامتى ؟ قەدرىڭنى بىلىمەن ئۇكا ، قەدرىڭنى ! ماڭا قارا ، ھە ، ھېلىقى......

دۇيجاڭنىڭ ئاۋازى بىردىن پەسلەپ كەتتى . ئوغۇلخان سەگەكلە-شىپ ، قۇلىقىنى تېخىمۇ دىڭ قىلدى ، لېكىن ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيال-مىدى . ئىچى تىت - تىت بولغىنىدىن ئەتراپقا ئەنسىز نەزەر تاشلايت-تى . كۆز ئالدىدا ماۋۇ مەنزىرە غۇۋا ئۇچۇپ يۈرەتتى :

تۈنۈگۈن يۈلتۈز تارقىماستا ئۆيدىن چىققان ئوغۇلخان كۈن قى-زىلدا بازارغا يېتىپ باردى . بازار شۇنداق تىقما - تىقماق ئىدىكى ، ئوغۇلخان هارۋىسىنى نەدە توختىتىشنى بىلەلمەي بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇيان بويۇنداپ ، بۇيان بويۇنداپ ، ئاخىر بازارنىڭ چېتىدىكى مېۋە - چېۋە بازىرىغا كۆزى چۈشتى- دە ، ھەر قەدەمدە بىر «پوش» دەپ ، مىڭ تەستە خىمىيەۋى ئوغۇت بازىرىغا كەلگەندە ، ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىكى داڭلىق قىمارۋاز سەيدىنىڭ نەچچەيلەن بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇت سودىسى قىلىۋاتقىنى ئۇستىدىن چۈشتى . سەيدىن ئوغۇت قاپلىرى ئۇستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ، ھەدەپ ئوغۇتنى ماختايتتى ۋە : «بىر قېپى ئەللىك يۈەندىن بىر تىيىن كەم بولسا

ساتمايمەن »دەپ چالۋاقايتتى . ئوغۇلخان ئۇنىڭ بىلەن خۇشى بولمى-
سىمۇ ، سودا - سېتىقتا كىرىشىپ قالغىنىغا كۆڭلىدە خۇشال بولدى .
راست ئەمەسمۇ ، ئۆمۈر بويى تاۋاكادىن قوپماي چاپىنى تىزىدىن ئاشمى-
غان ، پۈتۈن خەلق نەپرەتلىنىدىغان بىر ئادەمنىڭ قانداقلا بولمىسۇن
بىر تۇرمۇش يولى تېپىۋالغىنىنى كۆرسە كىم خۇشاللانمىسۇن ؟ بۇ
يېڭى سىياسەتنىڭ شاراپىتى- دە !

ئوغۇلخان كەچقۇرۇن ئاتا - ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇ-
رۇپ ، مۇشۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى ، ئۇلارمۇ خۇشال بولدى ،
ئۇنىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىلدى . مانا ئەمدى......

«ئىش مۇنداق ئىكەن- دە ! — دېدى ئوغۇلخان ئىچىدە چىشلىرى-
نى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلىتىپ ، — نېمىشقا بەلگىلىمىدىكى ئوغۇت
قولىمىزغا تولۇق تەگمىدىكىن دېسەم ، سەيدىنىڭ قولى بىلەن پۇلغا
ئايلىنىپ ، دۇيجاڭنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىدىكەن- دە ! توختا ،
بۇ ئىشنى چوقۇم...... »

ئوغۇلخاننىڭ خىيالى ئۈزۈلدى . دەۋازا ئېچىلىپ ، سەيدىن بىلەن
دۇيجاڭ چىقىپ كەلگەنىدى . ئوغۇلخاننى كۆرۈپ ھەر ئىككىيلەننىڭ
چىرايى «لاپپىدە » ئۆڭدى- يۇ ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى . ئوغۇلخان
تەمتىرىگىنىدىن بىر قەدەم كەينىگە داجىپ ، ئۇلارغا يول بوشاتتى .

— ئوغۇلخان ، بۇياقتا كېلىپ قاپسەنغۇ ؟— دېدى دۇيجاڭ سەي-
دىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن .

— ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىم .

— شۇنداقمۇ ؟ مۇنداق دېگىن ، ھە ، داداڭ تىنچلىقمۇ ؟

— تىنچلىق .

— ئاناڭچۇ ؟

— تىنچلىق .

— شۇنداقمۇ ؟ مۇنداق دېگىن ، مەن تېخى قاق سەھەردە
بوسۇغامدا پەيدا بولۇپ قالغىنىڭغا قاراپ ، كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئىش-
لار كەپتۇ...... ھە ، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟

ئوغۇلخان كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى . ئوبۇلقاسىم دۇي-

جاڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ، ھەتتا گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ بىرنەچچە قېتىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپمۇ قويدى . بۇ ئوغۇلخانغا غەيرەت بېغىشلىدى . ئوغۇلخان گېپى-نىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەتتى :

— ئەگەر سىلى ماقۇل دېسىلە ، ھۆددىدىن كېمىگەن بۇغداينىڭ ھەممىسىنى ئالدىمىزدىكى ئاينىڭ ئاخىرىدىن قالدۇرماي تاپشۇرۇپ بولىمەن .

— مۇنداق دېگىن ، ھى - ھى - ھى ! «ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بولىمەن» دېگىن ، ھى- ھى - ھى ! ھەي بالا ، ھەي بالا ، بالىلىقىڭ قاچانمۇ تۈگەر سېنىڭ !— ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ مەسخىرىلىك كۈلدى . ئۇنىڭ نەشتەردەك قادىلىشىدىن ئوغۇلخاننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ ، كۆز-لىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى ، — ماڭا قارا ، سەن ئوقۇغان - ئۇققان بالا . سىياسەتنىڭ يا ئوڭغا ، يا سولغا بۇرالغىنىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىسەن . ھا- ھا- ھا ! قانداق دېدىم ؟ شۇنداققۇ !— ئۇ قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ ، بىردەم خىيال سۈ-رۈۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئەگەر مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى بېشىڭغا مۇشۇنداق كۈن چۈشكەن بولسا ، ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرمايتتىم . ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، ئۆتكەن يىلى داداڭ دوختۇرخانىدا ياتقان چاغدا ھېچكىمدىن رۇخسەت سوراپ يۈرمەيلا ، كاسسىردىن ئوتتۇز قەغەز قۇتقۇزۇش ئېلىپ بەردىم......

ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ ئۆتكەن يىل كۈزدە ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ بىر ئايلىق ئاشلىق نورمىسىغا پۈتۈنلەي بۇغداي بىلەن گۈرۈچ تەستىقلاپ بەرگەنلىكى ، نورمىنىڭ سىرتىدا بىر جىڭ سۈيىغى بەرگەنلىكى قاتار-لىق «شەپقەت» لىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن ، سوزۇپ بىر «ئۇھ»تارتىۋېلىپ ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى :

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، ھازىر ھەممە نەرسە خەققە ھۆددە بېرى-لىپ كەتتى . مەنمۇ بىر نەپەر بولۇپ قالدىم ، — ئۇ «نەپەر» دېگەن سۆزنى خورسىنغان تەلەپپۇزدا ئېيتتى ، — ھېچ نەرسىگە كۈچۈم يەتمەيدۇ . ئەگەر بىركىمنىڭ ئېغىكى چۈشۈپ قالسا ، ئىككى ئادەمنى

جىنازا ئېلىپ كېلىشكىمۇ بۇيرۇۋالمايمەن ، ھە- ي…… راستىمنى ئېيتسام ، سىلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ . بولۇپمۇ سىنىڭ ئون گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ، بېشىڭغا بىر ئۆينىڭ غېمى چۈشۈپ قالغىنىغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ . قانداق قىلاي ؟ بىقوروچىلىق ، قىزىم ، بىقو- ۋۇلچىلىق !…… ھە ، ھۆددە بۇغداينىڭ گېپىگە كەلسەك ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، مېنىڭمۇ بوينۇم قىلدا باغلاقلىق ، دادۇيدىن نېمە قىل دېسە ، شۇنى قىلماي ئىلاجىم يوق . سېنىڭ تەلىپىڭگە ماقۇل بولسام ، 30 نەچچە ئۆيلۈك ئەزانىڭ ھەممىسى بوسۇغامغا كېلىپ يىتىۋالىدۇ . ئۇچاغدا…… سەندىن خۇش بولاي ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ، بۇداچە ئۆزۈڭ بىر ئىلاج قىلىپ ، ھۆددە بۇغداينى ۋاقتىدا تۆلىۋەت . ھازىر سىياسەت قىلىچتىن ئىتتىك . مەن سىياسەت بىلەن ئوينىشالمايمەن . قانداق دېدىم؟ ماقۇلمۇ ؟

ئوغۇلخانغا «ماقۇل» دېمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى .

ئوغۇلخان ئۇنىڭ بىلەن سوغۇقلا خوشلاشتى . كېتىۋېتىپ ، ئۇ- نىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى . ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا ، دۈيجاڭ تۇرماق ، گۇڭشې شۇجىسىنىڭ ئالدىغىمۇ ھال ئېيتىپ بېرىش- قا گەدىنى قويمايتتى . لېكىن ، ئاتا - ئانىسى قىستاۋەردى ، ئۇلار : «بىرەر ئاي ئاغى قىلساق ، سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ ، بىزگە ئوخشاش ئاغرىق - سىلاقنىڭ گەدىنىدىكى ھۆددە كۆتۈرۈۋېتىلسە ئە- جەب ئەمەس » دېيىشكەنىدى . مانا ، ئاخىر ھەممىسى يەنىلا ئوغۇلخا- نىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى : ھۆددە كۆرسەتكۈچتىكى بۇغداينى تاپشۇرماي مۇمكىن ئەمەس !

«ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ »

ئوغۇلخان مۇشۇ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ ، داۋۇت دادۇيجاڭ- نىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى .

ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدى ؟ ھال ئېيتقىلى كەلدىمۇ ؟ ياق ، ئۇنى ۋىجدانى سۆرەپ كەلدى . ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭنىڭ ئەزالارغا تەق- سىملەپ بېرىلىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئەركىن بازاردا سېتىپ نەپ ئالغان نومۇسسىزلىقىنى دادۇيجاڭغا مەلۇم قىلىش ئىستىكى سۆرەپ

كەلدى ! ئۇ باياتىن ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ، تۇنۇگۇن بازاردا كۆرگەنلىرىنىڭ ئۇۋىقىنىمۇ قالدۇرماي دادۇيجاڭغا ئېيتىدۇ . ئۇنىڭ-دىن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئەزالارنى قاڭغىر قاقشاتقان بۇ رەھىمسىز «تۇلۇم چاشقان»نى دەرھال قولغا چۈشۈرۈپ ، ئەزالارنىڭ ئەتىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ !

دادۇيجاڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ، غەزەپلەندى ، چېچىلدى ، ئوغۇلخاننى ماختىدى . ئاخىرىدا :

— سەن بۇ گەپنى ھېچكىمگە تىنماي تۇر . مەن مەخپىي تەكشۈرۈپ باقاي ، سەنمۇ ئۇلارنى نازارەت قىل . بىرەر ئىشنى سەزسەڭ ، دەرھال ماڭا مەلۇم قىل ، ماقۇلمۇ ؟ — دېدى .

ئوغۇلخاننىڭ كۆڭلى يايرىغىنىدىن ، باياتىنقى غەشلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى . ئۇ كېسىپلا جاۋاب بەردى :

— ماقۇل .

— ھۇ كىسپۇرۇچ ! «غوجامنىڭ قورسىقى توق ، قۇلىدىن خەۋىرى يوق» دېگەندەك ، بۇ نائەھلىنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىنى كۆرمەمدىغان !······خەپ ، ئۆزۈڭمىغۇ ئاللىقاچان پەيمانىڭ توشقان نەرسە ئىدىڭ !

دادۇيجاڭ ئاۋازلىق غودۇڭشىغىنىچە ، دادۇي تەرەپكە كەتتى . ئوغۇلخان ئۇنىڭ كەينىدىن تىكىلگىنىچە يەڭگىل نەپەس ئالدى .

ئوغۇلخان گويا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى ···

## يول

ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى — پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى . ئېيتايلۇق ، بالا تۇغۇلۇپ ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۇدەك بولغۇچە ئاتا - ئانا ئۇچۇن تېپىلماس ئەرمەك بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاڭسىز قىلىقلىرى ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىگە تېخىمۇ مەھكەم چاتىدىغان زەنجىر بولسا ، ئۇلارنىڭ تاتلىق كۇلكە ، ئاچچىق يىغىلىرى پۇلسىز كىنو - تىياتىر بولىدۇ . شۇڭا ، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار ئاشۇ

نەرسىلەرگە مەغۇل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارى ئاللىقاچان پەرزەنتلىرىنىڭ جىسمىغا كۆچكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن، ئۇنى - بۇنى قىلىپ قويۇش زۆرۈرلۈكىنى تۇيمايلا قالىدۇ. تۇيغان چاغدا بولسا، ئەينى ۋاقىتتا ھەربىر قەدەمنى ئويلاپراق باسمىغىنىغا پۇشايمان قىلىشىدۇ. ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە تاپا - تەنە قىلىدۇ، يىغلايدۇ، قاشايدۇ؛ تەڭرىدىن، بەندىدىن ئاغرىنىدۇ، ئاخىر بېرىپ ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئالەم بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئەكسىچە، يەنە بەزى كىشىلەر تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئايىغى چىقىشى بىلەنلا بىر تىيىننىمۇ بىھۇدە خەجلىمەيدۇ. بىر نان كەلگۈدەك پۇل تاپسا، يېرىمىنى پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا ئاتاپ، بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويىدۇ. ئەسمەتىللا ئاكا ئەنە شۇنداقلاردىن ئىدى. بىراق، تەڭرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قاراپ قويمىدى. قىساي دېسە قىسقۇدەك، يىغاي دېسە يىغقۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئالتە قىزنى سوغۇقتا توڭدۇرۇپ، ئاچلىقتا ئۆلتۈرۈپ قويماي، ھەممىسىنى چىرايلىق قاتارغا قوشتى. ياش چېغىدا بىرەر ئوغۇل يۈزى كۆرمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپ يۈرگەنىدى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ «نەچچە پەرزەنتىڭىز بار؟ نەچچىسى ئوغۇل، نەچچىسى قىز؟» دەپ سوراپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، نومۇس قىلاتتى. قىزلار گۈلدەك چوڭ بولدى. كېلىشكەن يىگىتلەر ھويلىسىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ كېتەلمىدى. ئەلچىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قىزلىرى — ئوغۇلخاندىن باشقىسى ئۇنىڭغا بىر تىيىننىمۇ چىقىم قىلدۇرماستىن، بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئىززەت - ئىكرامى بىلەن «ئۇچۇپ» كەتتى. چىرايلىق «ئۇۋا» تۈزۈۋالدى. بالا - چاقىلىقمۇ بولۇشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا ئەسمەتىللا ئاكا: «كەمبەغەلگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلغانلىق — تەڭرىنىڭ رەھمىتى» ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بولدى. يېگىنى چىرايىغا چىقىپ، ۋۇجۇدىغا ئەت قوندى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى قەرزىنى ئۈنتۇپ قالمىدى. ھويلىسىنىڭ چۆرىسىگە 90 تۈپ تېرەك جىرىمى قويۇپ، ھەممىسىنى تولۇق ئەي قىلدى. ئۇنى ھەربىر قىزىغا 15

تۈپتىن ئاتاپ ، تاكى ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئۇلاردىن بىرەر تۈپىنىمۇ كەسمەسلىككە ، جان ئۈزۈش ئالدىدا تېرەكلەرنى ساتقۇزۇپ ، پۇلنى تەڭ بۆلۈپ بېرىشكە نىيەت قىلغانىدى . بۇ سىرنى بىر ئۆزى ، بىر تەڭرىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى . نامراتلىق دەستىدىن بەزى كۈنلىرى «نەپلى روزا» تۇتقان چاغلارمۇ بولدى . شۇنداقتىمۇ ، تېرەكلەرنىڭ بىرەرسىگىمۇ تەگمىدى . 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى . ھەر تۈپ تېرەك 100 يۈەنگە يارىغۇدەك بولۇپ قالدى . ھەر تۈپىنى 50 يۈەندىن ھېسابلىغاندىمۇ ، توپتوغرا 4500 يۈەن دېگەن گەپ . ئەسمىتىللا ئاكا شۇنچە كۆپ پۇلغا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق نامراتلىقتا ، ئاچلىقتا ، تاپا- تەنىگە ، ھەممىگە ، ھەممىگە چىدىدى .

ئەمدى بولمىدى . ئەمدى ئۇنىڭدا چىدىغۇدەك تاقەت قالمىدى . سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ - دە ! ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى سۇندۇرۇپ ، ئۇنى ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلىشقا قىستىغانىدى .

— ئوغۇلخان ، — دېدى ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ تۈنۈگۈن قاق سەھەردە ئوغۇلخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ ، — سەندىن باشقىلار ھۆددە بۇغدايىنى تاپشۇرۇپ بولغىنى نېكەم ، سېنى ساقلاۋېرىپ ، يۇقىرىغا يوللايدىغان مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ قەغىزىمۇ سارغىيىپ كەتتى . چىرايلىقچە ئۆزۈڭنى سوراپ بىر ئامال قىلامسەن ، يا ؟

— مېنىڭغۇ بىر كۈنمۇ كەينىگە تارتقۇم يوق ، — ئوغۇلخان يەرگە قاراپ دۇدۇقلىدى ، — پەقەت ئامال بولمايۋاتىدۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ مۇنداق دېگىن ، يەرنى ھۆددىگە ئالىدىغان چاغدىغۇ ئەترەتتىكى ھەممە يەرنى ئۆزۈم يالغۇز تېرىيمەن دېگىلى تاس قالدىڭ . مانا ئەمدىزە ، تولغىنقىم تەتۈر تۇتتى دېگىن .

— ......

— ھا - ھا - ھا ! نېمانداق گەپ قىلمايسەن ؟ ئالماقنىڭ بەرمىكى بارلىقىنى بىلمەيتتىكەنسەن-دە !

— ......

— ھى - ھى - ھى ! شۇنداق گەپ ، ئۇكام ! يىغلاۋاتامسەن ؟

يىغلايدىغان كۆڭۈللىرىڭ تېخى ئالدىڭدا ! ھى - ھى - ھى ! ماڭا قارا ، ئەستا ، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ، نېمانداق يىغلاۋېرىسەن ؟ بولدى ، يىغاڭنى توختات ! ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، ھازىر ھۆكۈمەت پۇقراغا : «ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ باق» دەۋاتىدۇ . يەرنىمۇ قولۇڭغا بەردۇق ، يەرگە ئوبدان ئىشلىمەي ، ئۆلۈكۈڭنى بىزگە ئارتساڭ قانداق بولىدۇ ؟

بۇ گەپلەر ئوغۇلخاننىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ھەرگىزمۇ كىمگىدۇر «ئۆلۈكىنى ئارتماقچى» ئەمەس ئىدى . تىرىشتى ، تىرماشتى ، ھەر كۈنى 10 — 15 سائەت ئىشلىدى . يەنە قانداق قىلسا بولاتتى ؟ بۇغداي مۆلچەرگە يەتمىدى . قوغۇنغا ئاق تور چۈشۈپ ، بىر ھەپتە ئىچىدىلا پىلىكى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى . تۈنۈگۈن تۇڭ - پىششىق ھەممىسىنى ئۈزۈپ ، قوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا سېتىپ ، پۇلىغا يۈز جىڭ بۇغداي سېتىۋېلىپ ، ئۇدۇللا ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئامبىرىغا ئاپىرىپ تۆكتى . يەنە بىرەر ھەپتە سەۋر قىلسا ، بۇغداينىمۇ تۆلىۋېتەلەيتتى . لېكىن ، دۈيجاڭ......

ئوغۇلخان ئاچچىقىغا هاي بېرىپ ، دۈيجاڭغا ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى .

— مۇنداق دېگىن ، — دۈيجاڭ بىر قولى بىلەن يوڭ باسقان مەيدىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئوغۇلخاننىڭ كۆزلىرىگە غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلدى ، — ياق ، ئوغۇلخان ، ياق ، كەڭچىلىك دېگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ ! شۇنداققۇ ؟ داداڭنىڭ ئاجىزلىقى ھەم سېنى دېمەيدىغان بولسام......— ئۇ بىردىن جىم بولۇپ قالدى . كېيىن ئەتراپقا ئالاقجالاق كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ ، ئوغۇلخانغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى . ئەمدى ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىققان ھارارەت ئۇدۇللا ئوغۇلخاننىڭ يۈزىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى ، — سەندىن بىر گەپنى سورىسام خاپا بولامسەن .

—ياق ، نېمىشقا خاپا بولىدىكەنمەن ! سوراۋەرسىلە .

ئوغۇلخان شۇنداق دەپ بولۇپ ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى . يۈرىكى ئەنسىز تېپچەكلەيتتى . كۆزلىرىنى دۈيجاڭدىن ئېلىپ قاچتى .

— شۇنداقمۇ ؟ هى ـ هى ـ هى !مۇنداق گەپ : بىزنىڭ ئىمامىمۇ ئوبدان بالا بولدى ، «ماقۇل »دېسەڭ......

ئوغۇلخان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر سېكۇنتچە قادىلىپ قاراپ تۇر ـ دى ـ دە ، «شارتتىدە » بۇرۇلۇپ ، ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى . ئوغۇلخان ـ نىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى . كۆزلىرىگە ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنىڭ 30 ياشقا ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ ، ئۆيلىنەلمىگەن بەتقىلىق ئوغلى ئىمامىنىڭ ھەرقانداق ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان دەلدۈش قىياپىتىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ سەۋدايى ئادەمدەك ئېگىز ـ پەس دەسسەپ كېتىپ باراتتى . يۇدۇۋالغان بىر هارۋا كەلگۈدەك قوغۇن پىلىكىنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن يەلكىسىنى قاتتىق بېسىۋاتقانلىقىنى ئۇ زادىلا سەزمەيتتى . ھەممە يېرىدىن چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەر كىيىم ـ كېچەكنى بەدىنىگە چاپلىۋەتكەنىدى .

«ئىپلاس ! — دەيتتى ئۇ ئىچىدە غەزەپ بىلەن خىتاب قىلىپ ، — نومۇس قىلماي قىلىۋاتقان گېپىنى قارا ئۇنىڭ ! ‹ھوقۇق بىلەن پۇلۇم بولسىلا ، ئاسماندىكى يۇلتۇزمۇ چاڭگىلىمدا › دەيدىكەن ـ دە ، ئۇ ؟ ! ئەخمەق ، چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ !...... خەپ توختاپ تۇر ، ھۆددە بۇغداينى ئۆتكۈزۈۋالايچۇ...... »ئوغۇلخان ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆيىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى . قوشنىسىنىڭ يوغان ئىتى ئەركىلەپ ئالدىنى توسقاندىلا ئېسىنى يىغدى . ئەمدى ئۇ ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنىڭ گەپلىرىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمىغىنىغا پۇشاي ـ مان قىلدى . «ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى بولغىيدى ؟ ‹ماڭا كېلىن بولساڭ ، ھۆددە بوغداينى كۆتۈرۈۋېتىمەن...... › دەمدىكىن ؟ چوقۇم شۇنداق دەيتتى . گېپىنى ئاڭلاپ ـ ئاڭلىۋېلىپ ، بۇرۇن ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇۋەتكەن بولسامچۇ !» دېگەن ئوي ئوغۇلخاننىڭ يۈرىكىنى چا ـ ياندەك چاقتى . ھەرقانچە غەيرەت قىلسىمۇ ، كۆز چاناقلىرىدىن بۇل ـ دۇقلاپ ئېقىۋاتقان ياش مونچاقـلىرىنـى توخـتىتىۋېلىشـقا قۇربى يەتمىدى .

بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆز ھېسسىياتىنى ئىرادىسىگە بويسۇندۇرالماي ، كۇپكۇندۇزدە كۆز يېشى قىلىشى ئىدى .

ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىگە كۆچى يەتمەيدىغان ئاجىز ، بىچارە قىز بالا ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلىۋاتاتتى .

ئۇ يىغلىدى . يىغلىغان پېتى ھويلىغا كىرىپ ، ئۆشنىسىدىكى پېلەكلەرنى بىر چەتكە تاشلىدى- دە ، پېشايۋانغا سېلىنغان تۆشەك ئۈستىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ياتقان دادىسىنىڭ : «بالام ،نېمە بولدۇڭ ؟» دېگەن سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ، ئۇدۇللا ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىشكىنى ئىچىدىن تاقاپ ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى .

قوغۇنلۇقنىڭ چۆنىكىنى تىندۇرۇپ ، كۈزلۈك بەسەي تېرىشقا يەر تەييارلاۋاتقان ئانىسى ئۇنى كۈتە - كۈتە ئاخىر كۆڭلى ئۆيۈپ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە ،ئېرى تەسلىكتە سۇپىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئوغۇلخاننىڭ ياتاق ئۆيى تەرەپكە ئۆمىلەپ كېتىپ باراتتى .

— ۋاي ئانام…… نېمە ئىش بۇ ، دادىسى ؟

موماي يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى . ياشقا تولغان ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە خېلى ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ، بوۋاي باياتىن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى .

— ئوغۇلخان نېمىشقا بۇنچىۋالا بوغنۇقۇپ يىغلايدۇ ؟

بۇ سوئالغا ھېچقايسىسى جاۋاب بېرەلمىدى . ھەر ئىككىيلەن ھەيران ئىدى . ئوغۇلخاننى توۋلاپ بېقىشتى ، يالۋۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتى .لېكىن ، ئوغۇلخان زادىلا ئىشىكنى ئاچمىدى .

بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى . ئوغۇلخاننىڭ ئىشىكى يەنىلا ئېچىلمىدى . ئاتا - ئانىمۇ ھالىدىن كەتكىلى تۇردى . شەرىخان ئاچىنىڭ يىغلاۋېرىپ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەنىدى . ئوغۇلخان بۇنى تۇيدى . ئانىنىڭ نالىسى ، دادىنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتتى . يۈرىكىدىكى ھەممە دەردلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا بىراقلا تۆكمەكچى ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ ، بۇ دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپماقچى بولدى . ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ، ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى . ئاخىرىدا :

— دادا ، مەن ئاجىز كەلدىم ، مەن...... — دەپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

ئىش ئايدىڭلاشتى . ھۆددە بۇغداينى چوقۇم تۆلەش كېرەك . مەيلى ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسۇن ، ھېچكىممۇ شەپقەت قولىنى سۇنمايدۇ . قانداق قىلغۇلۇق ؟

— بالام ، بولدى يىغلىما ، ھەممىسى داداڭنىڭ بىغەرەزلىكى ، پىخسىقلىقىنىڭ كاساپىتى !— دېدى ئەسمىتىللا ئاكا ئوغۇلخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلەشتى ، — سەن ھازىرلا بېرىپ ئاچلىرىڭنىڭ ئەرلىرىنى چاقىرىپ كەل . ئۇلار قول-قول تۇتۇش قىلىپ ، ئاۋۇ تېرەكلەردىن سەككىز - ئون تۈپ كېسىپ بەرسۇن . ئېلىشىغا سېتىپ ، ئاۋۋال ھۆددە بۇغداينى تۆلىۋېتىڭلار ، ئاندىن......

ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئورۇنلاندى . 300 يۈەندەك پۇلمۇ ئېشىپ قالدى . ئوغۇلخان يېڭىباشتىن غەيرەتكە كەلدى . ئۇ بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيتتى . قانداقلا قىلىپ ئورمىدا تارتقان زىيانىنى كۈزدە تۆلەپ ، يىللىق ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ ، ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنىڭ غېمىنى يەيتتى . قوناق ، كېۋەز ، ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ كۆكىمۇ كۈزدە ئۇنى داغدا قويمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ خۇشال ئىدى .

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئوغۇلخان گۈلە سېلىش ئۈچۈن ئۆرۈك پۈتىغلى باغقا كىرىپ كېتىۋاتقاندا ، ئەسمىتىللا ئاكا ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى :

— بازاردا ئۆرۈك ھېلىمۇ كاساتمىكەن ؟

— ھەئە ، قانداق دەيسەن ؟

— شۇنداق بىر سوراپ باقتىم ، — بوۋاي سەل توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى ، — شۇ تاپتا قولتۇق تاياق بىلەن ماڭالىغۇدەك ھالىم بولسىمۇ ، خەير......

بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ئوغۇلخاننىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى - يۇ ، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ سورىدى :

— نېمە دەيدىغانسەن دادا؟ سەن ماڭالمىغان بىلەن سېنىڭ ئور-نۇڭغا مەن ماڭسام ئوخشاش ئەمەسمۇ!

— ئوخشاشلىقمۇ ئوخشاش......

— ئەمىسە، نېمە ئىش بولسا، مېنى بۇيرۇساڭ بولمامدۇ؟

— سېنى بۇيرۇغىنىم بىلەنمۇ ئۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمايسەن قىزىم.

— ھىم...... مەن قايسى ئىشنى قاملاشتۇرالمىغان؟ دېگىنە قېنى!

ئوغۇلخان دادىسىنى: «چاقچاق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ، كەينىگە ياندى- دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ئىللىق تەبەسسۇم چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بوۋايغا قادالدى، — دېمەمسەن! بۇرۇن قاملاشتۇرالمىغان بولسام، بۇدا چوقۇم قاملاشتۇرۇپ، سېنى خۇش قىلاي!

— راستما؟ — بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — قاملاشتۇرالامسەن؟

ئوغۇلخان دۇدۇقلىمايلا جاۋاب بەردى:

— سەن بۇيرۇساڭلا، ھەرقانداق ئىش بولسا قاملاشتۇرىمەن.

— ھا - ھا - ھا! مۇنداق دېگىن، ئەمىسە ئاڭلاپ تۇر.

بوۋاي كىچىك چاغدا دادىسى رەھمەتلىك ھەر يىلى مۇشۇنداق ئۆرۈك تۆكمە بولغان كۈنلەردە قىرىق - ئەللىك سېۋەت ئۆرۈك سېتىۋېلىپ، ئىسلاپ خورما سېلىپ، قىشتا ئوبدانلا پۇل قىلىدىغانلىقى؛ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ گوڭشېلاشقاندىن كېيىن، بۇنداق پۇل تېپىش يولى ئېتىلىپ كەتكەنلىكى؛ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق سىياسەت كەڭرى چاغدا ئۆزىنىڭ ئىشقا يارىماس بولۇپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلدى، ئاندىن:

— ئەگەر مەن ساق بولۇپ قالسام، پۇلنى پۇلغا ئۇرمامتىم؟ بۇنى سەن قاملاشتۇرالمايسەن- دە! — دەپ قوشۇپ قويدى.

— سەن چۈشەندۇرۇپ دەپ بەرسەڭ، ئانام بىلەن ئىككىمىز سەن دېگەندەك قىلساق بولمامدۇ؟ خورما قىلالمىساق، گۈلىغۇ قىلارمىز!

پۇلنى پۇل پەيدا قىلىدۇ دېگەن گەپ بار، لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە پۇل ئىشلىتىلمەيتتى. ناناي پۇل بەرمىسىمۇ، «پۇلنى پۇل پېتى ساقلىغاندىن كۆرە، گۆلە ساقلىساق، قىشتا بىرسى
ئىككى بولامدۇ؟!

— توغرا، توغرا ئېيتتىڭ، كىلوسىنى ئون بەش پۇڭدىن ئالغان-
دىمۇ، قولىمىزدىكى پۇلغا ئىككى مىڭ كىلودەك ئۆرۈك كېلىدۇ.
ئۇنى ئىسلاپ، خورما قىلساق، ماڭىمۇ قىلغىلى ئىش چىقىدۇ.
شۇنداق قىلىلى. باغنىڭ مېۋە - چېۋىسى گېلىمىز بىلەن ئۆينىڭ
خىراجىتىگە يېتىدۇ. «تەۋەككۈلنىڭ بىر نەقشىسى ئوشۇق» دېگەن
گەپ بار. شۇنداق قىلىلى، بىر قېتىم تەۋەككۈل قىلىپ باقىلى.
خۇدا: «ئال قۇلۇم!» دېۋەتسە ئەجەب ئەمەس!

ئەتىسىدىن باشلاپ، ئانا - بالا ئىككىيلەن خورما سېلىشنىڭ
تەرەددۇتىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلاغ قارىسى كۆرمە-
گەن ئېغىلنى تازىلاپ «خۇمدان» تەييارلاشتى. ھەربىرىگە 30 — 40
كىلوگىرام ئۆرۈك سىغىدىغان باداڭ سېۋەتتىن 40 نى سېتىۋېلىش-
تى. «ئەسمەتىللا ئاخۇنلار خورما سالغىلى ئۆرۈك سېتىۋالىدىكەن»
دېگەن خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا قوشنا - قولۇملار، ھەتتا باشقا مەھەل-
لىلەردىكى دېھقانلار ساتالماي تۇرغان ئۆرۈكلىرىنى ئۇلارنىڭ ھويلى-
سىغا دۆۋىلىۋەتتى. پۇل تۈگەپ كەتكەندى، خېلى كۆپلىرى نېسى
بەردى.

«قەرز ھامان قەرز، ئۇنى تۆلىمەي بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
دېھقانلارنىڭ قولىدا ئاز - تولا پۇل بولىدىغان بولسا ئۆرۈكنى ساتماي
گۆلە قىلىپ قىشتا گۆشنىڭ ئورنىدا ئاشقا سېلىپ يېمەمتى ياكى
بىرنى نەچچە باھادا ساتامتى؟» ئانا - بالا ئىككىيلەن باداڭ سېۋەتلەر-
گە قاچىلانغان ئۆرۈكلەرنى بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرسىنى دەستىلەش
بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا، ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلار-
غا مەسلىھەت كۆرسىتىۋاتقان ئەسمەتىللا ئاكا ئەنە شۇلارنى ئويلاۋاتات-
تى.

— بالام، ماڭا قارا، — دېدى ئۇ ئوغۇلخاننى چاقىرىپ، —
سەن شاققىدە بېرىپ، كۆيئوغۇللارغا خەۋەر قىل. ئۇلار ھازىرلا
كېلىپ، يەتتە - سەككىز تۇپ تېرەك يىقىتىپ بەرسۇن.

ئوغۇلخان ئالدى ـ كەيىنگە قارىماستىن ئاچىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئۆچتى . نامراتلىقنىڭ دەردىنى تولا تارتىپ يۈرىكى خۇن بولۇپ كەت-كەن شەرىخان ئاچا ئىنىسىنىڭ مەردلىكىدىن سۆيۈنۈپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

## دوقال

ئەتىسىدىن باشلاپ ، ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىن كۆتۈرۈلگەن گۈڭ-گۈرتىنىڭ پۇرىقى مەھەللىنى بىر ئالدى . بەزىلەر ھەسەت قىلسا ، بەزىلەر : «كۆرىمىز ، ئالتە كۈندە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى ئۆزگە-رىپ ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالمىسىلا مەيلىغۇ» دەپ ئىچىنى ئۆرۈشاتتى . ئوبۇلقاسىم دوَيجاڭ ھەر قېتىم بۇرنىغا گۈڭ-گۈرتىنىڭ پۇرىقى كىرگەندە «سەن قوڭالتاقلار جاھاننىڭ ئىگىسى يوق دەپ مۇشۇنداق قىلىشىۋاتىسەنغۇ ھەقىچان ؟ ! ئالدىرىماي تۇرۇش ، ۋاقتى كەلسۇنچۇ ، ئايىغىمدا قۇرتتەك ئۆملەپ ، پوتلاڭنى ئېقىتىشمى-غىنىڭنى كۆرەي ! » دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى . چاپارمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ ،ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا كىم كىرىپ ،كىم چىقىۋاتقانلىقى-نى تىزىملاۋاتاتتى .

ئوبۇلقاسىم دوَيجاڭنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى ھويلىنى قاي-ناۋاتقان قازانغا توۋاق ياپقاندەك بۇرۇقتۇرما قىلدى . باللار كۆزلىرى-نى چەكچەيتىپ ، ئىشلەۋاتقان ئانىلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشتى . چوڭلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ، چىرايى ئۆڭدى . بىر سېۋەت ئىسلانغان ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ ، ئەمدىلا «خۇمدان»دىن چىقىشقا تەم-شىلىۋاتقان شەرىخان ئاچا سېۋەتنى جايىغا قويۇپ ، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى . ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ ، كۆڭلىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئەندىشە ھۆكۈمران ئىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !— دېدى دوَيجاڭ مۇغەمبىرانە ھىجى-يىپ ، ئەتراپقا كۆز سالغاچ ئەسمىتىللا ئاكىغا يېقىنلىشىپ ، — ئەسمىتىللا ئاكا ، ئوبدان تۇرۇۋاتاملا ؟— ئۇ بوۋاينىڭ قولىنى سىق-

تى ، — مانا ـ ئەنە دەپ يۈرۈپ ، شۇنچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ كېلەلمىدىم . تازىمۇ سەت ئىش بولدى۔ دە ، بۇ !

— ئۇنداق دېمىسىلە ، دۈيجاڭ ! — دېدى شەرىخان ئاچا كۆرپە سېلىۋېتىپ ، — بۇ كۈندە ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن تۇرسا ، سەت بولغىنى نېمىسى ! قېنى ، كۆرپىگە ئىلتىپات قىلسىلا .

ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ كەيپى تۆۋەن ئىدى . ئۇ زورىغا كۈلۈمسى۔ رەپ :

— ھېلىمۇ ئۇنتۇپ قالماي يوقلاپ كەپلا ، رەھمەت ! — دەپ قويدى .

— ئۇنتۇپ قالامدىغان ، ئەسمىتىللا ئاكا ! سىلى كېچە ـ كۈندۈز كۆڭلۈمدە . «ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس ، يارىغىم يالغانچى» دەپ ، ئۇ ئىشنى تۈگەتسەم بۇ ئىش ، بۇ ئىشنى تۈگەتسەم ئۇ ئىش . ئىشنىڭ تولىلىقىدىن ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدىم ، يۇقىرى : «ئال» دەپ قىستا۔ ۋاتقان ، ئەزالار : «يوق»دەپ قاقشاۋاتقان ، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ ، ئەجىلىمدىن ئون يىل بۇرۇن ئۆلىدىغان بولدۇم دېسىلە ! ھېلىمۇ ياخشى ، ئەزالارنىڭ غەيرىتى بار ئىكەن ، يازلىق ھۆددىنى تۈمشۇقىمىزدا تىرەپ ئورۇنلىۋالدۇق .

ئۇ شۇنداق كۆپ سۆزلىدىكى ، گويا دۈينىڭ بىر قېتىملىق يىغى۔ نى مۇشۇ يەردە ئېچىلغاندەك بولدى . سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى :

— ئاڭلىسام ، ئۆزلىرىنى «خورما ئىسلاش كارخانىسى قۇرۇپ۔ تۇ» دېگەن ئىنكاس بولغانىدى . راست ئىكەن۔ دە ، بۇ گەپ ؟

— كارخانا نەدە تۇرۇپتۇ ، دۈيجاڭ...... ئەسمىتىللا ئاكا دۇدۇق۔ لىدى ، — ئۆرۈك بەك كاسات بولدى ئەمەسمۇ ؟ بەختىمىزنى بىر سىناپ باققۇم كېلىپ .

— شۇنداق قىلىپ ، كارخانا قۇرۇۋالدىم دېسىلە ، بۇمۇ بولىدۇ . ھى ـ ھى ـ ھى ! شۇنداق بولسۇن : «كارخانا قۇردۇم» دەپ ئادەم ياللايدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن . ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ياشاۋاتىمىز ئەمەسمۇ ؟ ئادەم ياللاش دېگەننى چەت ئەلدە۔

كى كاپىتالىستلار ، بايلار قىلىدىغان ئىش…… ھەر ھالدا پەخەس بولغانلىرى تۈزۈك .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . كۆڭلى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن نەرسىلەر بار - يوق قالغان قوشنا - قولۇملار بىر - بىرلەپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ھويلىدا ئۇرۇق - تۇغقانلارلا قالغانىدى . ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ، كۆزلىرى ئەسمىتىللا ئاكىغا تىكىلدى .

— ھەي …… بۇ ئىشقىمۇ چېچەك چىقامدۇ - نېمە ؟ — ئەسمىتىللا ئاكا سوزۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، — خۇدا ئېيتمىغان بەندىسىنى ھېچنېمىدىن ئېيتمايدۇ دەپ .

— چېچەك چىقسا چىقامدۇ ! — «خۇمدان »دىن قايتىپ چىقىدۇاتقان ئوغۇلخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — ھۆكۈمەت سېتىۋالغىلى ئۇنىمىغان ئۆرۈكلەرنى سېتىۋېلىپ ، دېھقانلارنى پۇللۇق قىلغان گۇناھىمىزغا ، ناھايىتى كەلسە تەييار بولغان خورمىنى ھۆكۈمەت سېتىۋالار ، شۇ !

—خورمىنى سېتىۋېلىش بىلەنلا ئىش پۈتسە مەيلىغۇ ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭدىڭ » دەپ ، پىپەن قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالسا……

— قورقمىغىنا دادا ، — ئوغۇلخان قولىدىكى سېۋەتنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى ، — مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى قولىمىزدا بار ئەمەسمۇ !

— ھەي بالام ، ھەي بالام ، ھۆججەت دېگەننىڭ ئېقى قەغەز ، قارىسى سىياھ ! ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ، قايسى بىر ھۆججەت كادىردىن كۈچلۈك كەلدى ؟ سەن تېخى كىچىك ، جىق ئىشنى بىلمەيسەن ، دېھقاندىن ئالىدىغان ھۆججەت كەلسە بىزنىڭ كادىرلىرىمىز كېچىنى كېچە دېمەي ، ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ ، ئەزالارنى قاڭقىر قاقشىتىپ ، بىر تىيىننى نېسى قىلدۇرماي يىغىۋالمىسا ؛ بېرىدىغاننىڭ گېپى بولسا ئاغى قىلىپ ، ھۆججەتنى چاشقانغا يېگۈزۈۋەتمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان بولۇپ قالغان تۇرسا ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېنىڭ ئۇ بىرىنچى نومۇرلۇق ،ئىككىنچى نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىڭ نېمىتى ؟ ھەممىسى

قەغەز ، بالام ، قەغەز......

دادا - بالا ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق مۇنازىرىلەشكەن بولسىمۇ ، ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى .

*　　　*　　　*

ئوغۇلخاننىڭ ئېيتقىنى توغرا چىقتى : خورمىلار تېخى ئۆگزىدىن چۈشۈپ بولماي تۇرۇپ ، گۇڭشې تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ كادىرلىرى ھويلىنى باستى . ئۇلارنى ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ باشلاپ كىرگەندى . تاغارلارغا قاچىلىنىپ بولغان خورمىلارنى جىڭلاپ ، ھارۋىلارغا بېسىپ ئېلىپ مېڭىشتى . تېخى قۇرۇپ بولالمىغان خورما بىلەن خەشەك گۇلىلەرگە ئەن سېلىپ قويۇشتى . خورمىنىڭ ھەر كىلوگىرامىغا بىر يۈەن ئەللىك پۇڭ ، گۇلىگە 50 پۇڭدىن بەردى . ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ ، ئوغۇلخان ھېسابلاپ كۆرگەندى ، چوڭ - كىچىك ئون نەچچە ئادەمنىڭ 21 كۈنلۈك ئىش ھەققىگە 183 يۈەن قالغاندىن تاشقىرى 50 دانە سېۋەتمۇ بىكارغا قاپتۇ . ھە ، تېخى قىشتا قالىغىلى بەش تاغار كەلگۈدەك شاكالمۇ بار .

بۇنىڭغىمۇ شۇكۇر قىلىشتى . ئەگەر بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرىكىدەك بىر تىيىن بەرمەي ، ھەممىنى مۇسادىرە قىلىۋالسا نېمە دېگىلى بولاتتى ؟ ھەرنېمە دېگەنبىلەن ، يېڭى سىياسەت باشقا گەپ -دە !

ئۇلار يەڭگىل نەپەس ئېلىشتى . ناھايىتى چوڭ دوقالدىن ئۆتۈۋېلىشقىنىغا خۇشال ئىدى . ئوغۇلخان توختىماي كۈلۈمسىرەيتتى . ئاتا-ئانىسىغا كىچىك بالىدەك ئەركىلەيتتى . ئانىسىنى بىكاردىن - بىكار قۇچاقلايتتى ، سۆيەتتى .

## بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ نېمە ئۈچۈن؟ نورۇز نەدىدۇ؟

ياز ئايلىرى بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى . كۈزلۈك يىغىم - تېرىم

ئاخىرلىشىپ ، شاخ ـ شۇمبىلارمۇ ئۆگزىگە چىقىپ بولدى . قاغىلار بىر ـ ئىككىدىن كېلىشىپ ،ئەڭ ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەرنى ماكان تۇتماقتا ئىدى . قېرىشقاندەك ، بۇ قاغىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ تېرەكلىرىگە قونۇۋېلىشقانىدى . شەرىخان ئاچا ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ، كۆڭلىدە بۇ «چاقىرىلمىغان مېھمان» لارنى بولۇشىغا قارغايتتى . قاغىلارنىڭ ھەر كېچىسى مايىقلىغان مايە-قىلا بىر تاغار كېلەتتى . تاڭ ئېتىش بىلەنلا ، ئوغۇلخان سۇپۇرگە كۆتۈرۈپ چىقىپ ، بىر تال قويماي پاك ـ پاكىز يىغىپ ، باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەيتتى . بوۋاي پېشايۋانغا چىقىپ ، ئاپتاپ سۇنۇشىنىڭ خەقىشىنىمۇ قىلمايدىغان بولدى . موماي ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا قىيماي ، كۈن بويى ئۇنىڭ يېنىدىن قىمىرلىمايتتى . بەك ئىچى پۇ-شۇپ كەتسە ، ئېرى بىلەن مۇڭداشقاچ ئولتۇرۇپ ، ئۇششۇك تېگىپ ئېچىلالماي قالغان كېۋەز غوزىلىرىنى تېشىپ ، پاختىسىنى ئايرىيت-تى . ئوغۇلخان بۇنىڭغا نائىلاج كۆنگەنىدى . ئۆزىمۇ ئاخشاملىرى ئانىسىغا ياردەملىشەتتى . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىدىنمۇ ياكى ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭمۇ ، ئوغۇلخان قانداقلا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسۇن ، ھەممىسى گۈلى- گۈلىگە كېلىۋاتاتتى . ئەمما ،بۈگۈن......

ئوغۇلخان يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنى تۇڭلۇكتىن ئۈزمەي ، سوزۇپ «ئۇھ» تارتتى . بىئارام بولغىنىدىن ھېلى ئۇيانغا ، ھېلى بۇيانغا ئۆرۈلەتتى . كۆز ئالدىدىن بىر چاغلاردىكى ساۋاقدىشى ، ھازىر-قى جاپاكەش دېھقان نورۇزنىڭ كېلىشكەن ھۆسنى ، خۇش پىچىم بەستى بىردەممۇ نېرى بولمايتتى : نورۇز ئەمدىلا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ، ئانىسى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى . دادىسى ساتانىڭ قولىدە-دەك سەككىز بالا بىلەن قالدى . بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى نورۇز بولۇپ ، ئەڭ كىچىكى قوندۇز ئەمچەكتە ئىدى . ئەسلىدە ، دادىسى نورۇزنى يەنە بىر يىل ئوقۇتۇپ ، چوقۇم ئالىي مەكتەپكە ماڭدۇرۇشنى نىيەت قىلغانىدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى . نورۇز بۇنى تۇيدى : توققۇز جان ئادەمنىڭ گېلىگە ئاش ، ئۇچىسىغا كىيىم لازىم ئىدى . 37 ياشلىق بىرلا ئاتا بۇنچە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلمەيتتى .

18 ياشلىق نورۇز بۇ يۇكنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بەل باغلىدى. دە ، ئوقۇشتىن كەچتى . ئوغۇلخان ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ كايىدى ، كېيىن ئۆزىنى ئۇنىڭ ئورنىدا قويۇپ بېقىپ ، ئۇنىڭ دۇرۇس ئىش قىلغانلىقىغا قايىل بولدى . نورۇز ئوقۇشتىن قالغان بولسىمۇ ، مەكتەپ يېشىدىكى ئۇكىلىرىنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئۆيدە قويماي ، ھەممىسىنى ئوقۇتتى . ئۆزى كالىدەك ئىشلەيتتى . ئۆيدىن ئېتىزغا ،ئېتىزدىن ئۆيگە چېپىپلا يۈرگەچكىمىكىن ، تەڭتۇشلىرىغا ئاساسەن ئارىلاشمايتتى . ئوغۇلخان ئۇنى نەچچە ئايلاپ كۆرمەيتتى . ئۇ بۇنى ھېلىقى بىر پارچە خەت ئېلىپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىك دەپ چۈشىنەتتى . ئۇنىڭغا ئەھۋالنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە چۈشەندۈرمەكچى ، ھەممە سىرلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ تۆكۈپ ، ئۇنىڭ كەچۈرۈشىنى ، ھېسداشلىق قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولاتتى . لېكىن......

مۇشۇ «لېكىن»ئۇنى بىر يېرىم يىل قىينىدى : ئۇ يەنىلا جۈرئەتسىزلىك قىلىپ ، ھېچ نەرسىنى دېيەلمىدى . يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچراشتى . بىر قېتىملىقى تونۇگۇن مۇشۇ چاغدا بولغانىدى . بامداتتىن يانغان جامائەت ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق ھېكايە ئاڭلاشتى :

ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ تونۇگۇن چۈشتىن كېيىنلا يوتقانغا كىرىپ ئۇخلىغىنىچە ، يېرىم كېچە بىلەن ئورنىدىن تۇردى . ئاي قاراڭغۇسى ئىدى . ئۇ ئوغلى ئىمامنى ئويغىتىپ ، تىراكتورچى كۈيئوغلى نىمەتنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇۋەتتى. دە ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۆگزىگە چىقتى . ئۆگزىدە پىلەك ۋە كىگىزلەر بىلەن قېلىن چۈمكەلگەن 500 دانىدەك قىشلىق قوغۇن بار ئىدى . ئۇنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە سېتىۋەتمىگەندە ، مۇزلاپ قېلىشى ياكى دېھقانلارنىڭ قولى بوشاپ ، بىساتىدىكى قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى شەھەرگە توشۇغىلى تۇرسا ، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ باھاسى بىراقلا چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ . شۇڭا ، ئۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن قوغۇنلىرىنى كېچىلەپ تىراكتورغا بېسىپ ، شەھەرگە ئېلىپ ماڭماقچىدى .

ئۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ ، ئۆگزىنىڭ يول تەرىپىگە كەلدى . پىلەكنى قايرىپ ، نەچچە قوغۇننى بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ «زېدە - چاقىسى بارمۇ - يوق ؟ » دەپ سىلاپ - سىيپاپ باقتى . بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ پۇرىدى . قوغۇنلار مۇرادىغا يەتكۈدەك ئاپتاپ يېگەنىدى . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىنىپ ، ئۆگزىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى . سەرەڭگىنى ياقاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكنىڭ «تاراققىدە» يېپىلغان ، ئېشەكنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . تازا سىنچىلاپ قارىغانىدى ، ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قاپقارا كۆلەڭگىدەك بىرنەرسىنىڭ ئۇيان - بۇيان مىدىرلاۋاتقىنىنى كۆرگەندەك بولدى . قىزىقىشى تېخىمۇ ئېشىپ ، دېمىنى سىرتقا چىقارماستىن كۆزىتىشكە باشلىدى : ئىشىك قايتا تاراقلىمىدى . ھېلىقى كۆلەڭگە بارغانسېرى ئۆزى تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى . ئەمدى ئېنىق كۆردىكى ، ئۇ كۆلەڭگە بىر ئېشەك ھارۋىسى ئىدى . كۆڭلىدىن : «ئەسمىتىللا ئاخۇننىڭ ئېشەك ھارۋىسى يوق ئىدىغۇ ؟......» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكەن دۈيجاڭ سوزۇلۇپ دۈم ياتتىدە ، تېخىمۇ دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى . ھايال ئۆتمەي ، ھارۋا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن شەپىسىز ئۆتۈپ كەتتى . ھارۋىكەشنىڭ بېشىدا ئاق تۇماق بار ئىدى .

«ئوغرى......— دېدى ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ ، — ئەدىپىڭنى شۇنداق بېرەيكى...... »

دۈيجاڭ ئالدىراش ئۆگزىدىن چۈشتى- دە ، دەرۋازا تاقايدىغان دەمنى كۆتۈرگىنىچە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن «ئوغرى»نى قوغلاپ ماڭدى . ھارۋا مەھەللىدىن چىقىپ ، ئىككى چېتى قويۇق سۆۋادان تېرەكلىك تاش يولغا چۈشكەندە ، ھارۋىكەش «دىككىدە» ھارۋىغا سەكرەپ چىقىپ ، ئېشەككە تاياق سالدى . دۈيجاڭمۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن :

— توختا ! نەگە قاچىسەن ! ؟— دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىغىنىچە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ، ھارۋىنىڭ ئالدىنى توستى . ھارۋىكەش ئىندىمەستىن ، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى ۋە ھارۋىدىن سەكرەپ

چۈشتى. دۆيجاڭ دەمنى ئىككى قوللاپ مەھكەم سىقىمداپ تۇرۇپ، تېخىمۇ قاتتىق ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى:

— نەدىن كەلگەن نېمىسەن؟

—......

— ھارۋىدىكى نېمە؟

—......

— ھەي ئوغرى، زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟

—......

— ھېلى بىكار......

دۆيجاڭ ئاچچىقىدا دەمنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى، ھارۋىكەش چاشقانغا ئېتىلغان مۈشۈكتەك بىرلا سەكرەپ ئۇنى كانىيىدىن بوغۇپلا ئاستىغا باستى. دەم نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئېشەك ھارۋىنى سۆرەپ يولىنى داۋام قىلدى. دۆيجاڭ يۇلقۇنۇپ باققانىدى، قىمىرلىيالمىدى، ۋارقىراپ ئادەم چاقىرماقچى بولغانىدى، ئامبۇرىدەك قىسىپ تۇرغان قوللار نەپەس ئالغىلىمۇ قويمىدى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ، دېمى كېسىلىپ كېتىپ باراتتى. يەنە نەچچە سېكۇنت ئۆتسە، جېنىدىن جۇدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. كۇتۇلمىگەندە، ھارۋىكەش ئاۋۋال بىر قولىنى، ئاندىن ئىككىنچى قولىنى ئۇنىڭ كانىيىدىن بوشاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قولىدا يەڭدەك پىچاق تۇراتتى. دۆيجاڭ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. شۇ چاغ ھارۋىكەش ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىغا يەڭگىلگىنە تەپتى. دۆيجاڭ نائىلاج كۆزلىرىنى ئاچتى. ھارۋىكەش پىچاق تۇتقان قولى بىلەن ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. دۆيجاڭ لاغىلداپ تىترەپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ھارۋىكەش ئەمدى ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، باغلاققا تەييارلىنىشنى ئىما قىلدى. دۆيجاڭ ئۇنىڭ ئاۋازسىز بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلىدى.

ھارۋىكەش ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، تېرەككە مەھكەم باغلاپ، ئاغزىغا ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى بىر تاختا گېزىتنى پۇرلەپ تىق-

تى- دە ، پىچىقنى غىلىپىغا سېلىپ ، يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى . دەل
شۇ چاغدا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى……

تاڭ سۈزۈلدى . يامغۇر توختىغانىدى . بامداتتىن يانغان سابىق
سېكرىتار ئەمرۇللا كېتىۋېتىپ ، تېرەككە باغلاقلىق تۇرغان ئوبۇلقا-
سىم دۈيجاڭنى كۆرۈپ قالدى- دە ، ئىتتىك كېلىپ ئۇنى يېشىۋەتتى
ۋە ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى . دۈيجاڭ ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن ئەپ
ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، دۇدۇقلاپ بىرنېمىلەرنى غودۇڭشىدى ۋە خوش-
لاشمايلا كېتىپ قالدى . ئۇ هارۋىكەشنى تونۇيالمىغىنى بىلەن ، هارۋا
بىلەن ئېشەكنى تونۇپ ئۈلگۈرگەنىدى . شۇڭا ، ئىشنى نەدىن باشلاپ ،
نەدە ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئاللىقاچان ئويلاپ قويغانىدى ، هازىر ئۇ ئاشۇ
پىلاننىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسماقچى بولۇپ ، ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ-
كىگە كەلدى :

— ئەسمىتىللا ئاخۇن ، بۇ يېقىندا ئۆيدىن بىرنەرسە يىتمىگەندۇ ؟
— ياق ، قانداق دەيلا ؟
— ئۆزۈمچە بىر سوراپ باقتىم .
— قارىسىلا سىلىنى ! بىزنىڭ ئۆيدە ئوغرىنىڭ قولىغا چىققۇدەك
نېمە بار دەيلا ؟
— شۇنداقمۇ ؟ مۇنداق دېسىلە ، تاغارغا قاچىلاقلىق ئاشلىققۇ بار
بولغىيدى ؟
— بار بولمامدىغان ، بار ! دەھلىزدە كۆرگەنلا ، خۇدايىم بۇيرۇ-
سا ، سەككىز تاغار قوناق ، بىر يېرىم تاغار ئاپتاپپەرەس ، بىرەر
يۇزجىڭ كېۋىزىمىز بار . بۇغدايدىن قىسلىمىساقلا ، ئۆيىمىزدىكى
ئاشلىق بىلەن بەخۇدۇك قىشتىن چىقىپ ئورمىغا ئۇلىشىۋالالايمىز
دېسىلە ، دۈيجاڭ !
— مۇنداق دېسىلە ، هى - هى - هى !

ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ قوغۇنلىرىنى نىمەت بىلەن ئىمامدىن شەھەر-
گە كىرگۈزۈۋەتتى- دە ، ئىككى نەپەر خەلق ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ،
نورۇزنىڭ ئۆيىگە كەلدى . نورۇز ئۆيدە يوق ئىدى . دادىسى شىرزات-
تىن سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ شەهەرگە توزغاق ساتقىلى كەتكەنلىكىنى

ئۇقتى . لېكىن ، ئۇ بۇ گەپلەرگە زادىلا ئىشەنمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بۇگۈن كېچە ھېلىقى ھارۋىدا كۆرگىنى توزغاق بولماستىن ، تىكلىمە ئىككى تاغار ئاشلىق ئىدى . نورۇز ئاۋازىدىن تونۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ زادىلا ئېغىز ئاچمىغىنى بىلەن ، ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ ئۇنىڭ بوي - بەستى ، مېڭىش - تۇرۇشى ، ھەتتا پۇشۇلداپ تىنىشىدىن ئۇنى خاتاسىز تونۇۋالغانىدى . ئۇنىڭ ھېچقانداق شەپە چىقارماستىن ئەسمە-تىللا ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن مەقسىتى ، بۇ ئائىلىدىن يوقالغان نەرسىنى ئېنىقلاپ ، نورۇزغا «ئوغرى» دېگەن تونىنى پىچپىلا ، خەلق ئەسكەرلىرىگە بولۇشىغا دۈمبالىتىپ ، قانغۇدەك دەردىنى ئېلىۋې-لىش ، بۇ شۇمتەكىنىڭ ئۆزىنى شۇنچىۋالا خورلىغىنىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن يېغىشتۇرۇش ئۇچۇن ئىدى . مۇنداق قىلغاندا ھەم ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ قالغىلى ، ھەم نورۇزنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ ، خالىغان چاغدا ئۇچۇقلاپ تۇرغىلى بولاتتى . بىراق ، نورۇزنى «ئوغرى»لىقتا ئەيىبلىگۈدەك ھېچ نەرسىگە ئېرىد-شەلمىدى . ئۇنداق بولسا ، ئۇ ئەسمەتىللا ئاكىنىڭ ئۆيىگە نېمىشقا كەلدى ؟ توختا ، بۇ ھارامزادە ئوغۇلخان بىلەن ئۇچراشقىلى كەلگەن-مۇ ، يا ؟ توغرا ، چوقۇم شۇ ئىشقا كەلگەن ! «ئوغۇلخان نورۇزنىڭ ئاشىنىسىكەن» دېگەن گەپ تارقاتسۇنمۇ ؟ بىراق ، بۇنىڭغىمۇ پاكىت كېرەك . مۇنداق نازۇك ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ،ئىش ئۆزۈڭگە يېنىپ قالسا ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىسى پۇتۇشۇپ قىلغان ئىش بولسا ، قانۇنمۇ شۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ . ئەمىسە ، يۇمغان ئېغىز يۇمغان پېتى قالسۇنمۇ ؟ ياق ، ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ ئۇنداق يۇمشاقباشلاردىن ئەمەس ! نورۇز ئۇنى شۇنچىۋالا خورلاشقا جۈرئەت قىلغانىكەن ، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆ-تۈككە تىقماي قويمايدۇ !

شۇنداق قىلىپ ، ئىش يوغىناپ كەتتى : ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭ شىرزاتنى «ئوغلۇڭنى تاپ» دەپ قىستاۋەرگەنىدى ، شىرزات :

— ئوغلۇم ئوغرىلىق قىلغان بولسا ، پاكىت - ئىسپاتى بىلەن تۇتۇۋېلىپ ، پۇت - قولىنى چېقىۋەتسەڭمۇ ئاغرىنمايمەن . ئەگەر قەس-

تەن ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ ، خەلقئالەم ئالدىدا يامان ئاتلىق قىلماقچى بولىدىكەنسەن ، خىيال ئەيلىمىگىنكى ، مەندىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايسەن !— دېدى دوق قىلىپ .

— شۇنداقمۇ ؟ مۇشۇ گېپىڭدە چىڭ تۇر ، جومۇ !

ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ غۇتۇلدىغىنىچە ئادەملەرنى ئەگەشتۇرۇپ دادۇيگە كەتتى . دادۇي بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىدى . ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ ، مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىشتى . نورۇزنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرى ۋە قەشقەر شەھىرىگە ئادەم ئەۋەتىشتى . گۇڭشې ساقچىخانىسىغىمۇ خەۋەر قىلىشتى . لېكىن ، تۇن يېرىمدىن ئاشقان بولسىمۇ ، تېخىچە نورۇزنىڭ ئىز - دېرىكى يوق ئىدى . بۈشۈكتىكى - تۆشۈكتىكى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن بۇ ئىشتىن پەقەت ئەسمىتىللا ئاكىلا خەۋەرسىز ئىدى .

ئوغۇلخان كۆزلىرىنى شۇنداق يۇمغانىدى . كۆز چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش ئۇدۇللا قۇلاقلىرىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى . ئاسمانمۇ ئۆيگە ئوخشاشلا قاراڭغۇ ئىدى . قاغىلار تىنىمسىز قاقىلدايتتى . يىراقتىن مەزىنىنىڭ ئاۋازى كەلدى . ئوغۇلخانىنىڭ لەۋلىرى ئاستا پىچىرلايتتى : «نورۇز نەدىدۇ ؟ ھەي ئىدىست ، بىچارە······ »

## ئاقىۋەت

مەن ئېتىمنى چاپمايمەن ،
ئۆستەڭ بويى لۆم - لۆمگە .
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە .

بۇ — نورۇزنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئاۋاز خېلىلا يىراقتىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، پېشايۋانىنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ كېۋەز غوزىسى تېشىۋاتقان ئوغۇلخان ئۇنى قىلچە خاتاسىز پەرق ئەتتى . ئۈچ كۈندىن

بۇيان ھېچقانداق يەردىن ئىز - دېرىكى بولمىغان نورۇز ھازىر ناخشى-
نى دۆڭ ئېيتىپ قاياقتىندۇر كېلىۋاتاتتى . ھويلا جىمجىت ئىدى .
ئوغۇلخان قاراڭغۇ چۇشكۇچە غوزا تەشكەچ دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ
ئولتۇرۇپ ، مۇندىن سەل ئىلگىرىلا پېشايۋانغا چىقىۋالغانىدى . نېمە
ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغىنىنى ئۇنىڭ ئۆزىلا بىلەتتى .
ئۇ ئېتىكىگە لىق تولغان پاختىنى بىر چەتكە تۆكۈپ ، ئاستا
ئورنىدىن تۇردى- دە ، سۇپىدىن پەسكە چۈشتى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا
دەسسەپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى ، ئاندىن شەپە چىقارماستىن دەرۋازىنى
ئاچتى- دە ، تاشقىرىغا چىقىپ ، خېلى كۇنلەردىن بۇيان بۇگۇن تۇنجى
قېتىم سۇ ئاققان ئۆستەڭ بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قولىنى يۇ-
يۇشقا باشلىدى . لېكىن ، نورۇزنىڭ ئاۋازى بىردىنلا جىمىپ كەتتى .
«ئۇ نېمىشقا ناخشا ئېيتمايدىكىنا ! »
ئوغۇلخان كۈتتى ، كۈتتى ، لېكىن نورۇزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈن-
مىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەتراپقا زەن قويۇپ سەپسېلىشقا باشلى-
دى . كۈتۈلمىگەندە ، ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنىڭ ئۆيى تەرەپتە ۋاراڭ -
چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى . ئوغۇلخان تېخىمۇ سەگەكلەشتى . ۋاراڭ - چۇ-
رۇڭ تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى . ئوغۇلخانىنىڭ يۇرىكى يېڭىنە سان-
جىلغاندەك ئېچىشىپ ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنىڭ
ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى .
— راستىڭنى ئېيتە ، شەھەرگە زادى نېمە ئېلىپ باردىڭ ؟
— توزغاق ئاپاردىم !
— ھۇ ، ئاناڭنى ! ئۈچ كۈنىڭزى نەدە يۇردۇڭ ؟
— شەھەردە .
— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭ ؟
— كىراكەشلىك قىلدىم .
— يالغان سۆزلىمە ! سېنىڭ ئاشۇ قوتۇر ئېشىكىڭ بىلەن جىنا-
زىدەك شالاقلاپ كەتكەن ئەسكى ھارۋاڭغا چۈشۈپ قالغان كىرا بارمى-
كەن ؟ !
— ئىشەنمىسىڭىز ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۇرتۇپ بېقىڭ . تۆشۈك

دەرۋازىدىكى بىر باققالغا بەشكىرەمدىن ئانار توشۇپ بەردىم.

«قاس» قىلغان تەستەك ئاۋازىغا ئۇلىنىپلا، نورۇزنىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئوغۇلخاننىڭ كۆزلىرىدىن غىلىلدە ياش كەتتى. غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇ ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭنىڭ هويلىسىغا ئېتىلىپلا كىرىپ، پۈتۈن يۇرتنى ساراسىمىگە سالغان بۇ ۋەقەنىڭ سىرىنى بىراقلا ئېچىۋېتىپ، نورۇزنى بىھۇدە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولدى. لېكىن، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى پەيلىدىن ياندۇردى. ئۇ ئۈستەلنىڭ بويىدا قويۇق ئۆسكەن بىر تۈپ جىغاننىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇ-نۇپ تۇرۇپ، ئوبۇلقاسىم دۈيجاڭنىڭ هويلىسىغا كىرىپ- چىقىۋاتقان هەربىر ئادەم ۋە هويلىدا بولۇۋاتقان گەپ- سۆزلەرنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ۋە تىڭشىماقتا ئىدى.

— بىكاردىن- بىكار نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— هېلىغۇ ئۇرۇپتىمەن، سەندەك ئوغرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت-سەممۇ هۆددىسىدىن چىققۇچىلىكىم بار، مېنىڭ!

— ئوغرى دېگەن ئۆزۈڭ!

— نېمە؟ يەنە بىر دېگىنە!

— دېمەي قورقامتىم، ئۆزۈڭ ئوغرى!

— سەيدىن، بەختى، نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ ئاسە، بۇ ئوغرىنى!

— ......

قانچىلىك كالتەكلەشتىكىنتاڭ، ئاخىر نورۇزنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئەزالارنىڭ سېلىشقان پاراڭلىرىدىن ئوغۇلخان شۇ نەرسىنى بىلدىكى، نورۇزغا «ئوغرىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندا، سېزىپ قالغان ئوبۇلقا-سىم دۈيجاڭغا پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان» دېگەن جىنايەت ئارتىلغانىكەن. ئوغرىنى تۇتۇش، ئوغرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە كىممۇ سەل قارىسۇن؟! «بىچارە نورۇز تىرىكمىدۇ؟»

ئوغۇلخان مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، نەچچە كىشى هوشسىزلانغان نورۇزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ هارۋىغا بېسىشتى. ئوغۇلخان يوشۇرۇنغان

جايدىن چىقىپ ، توپ ئارىسىغا قېتىلدى . لېكىن ، ئادەمنىڭ كۆپلۈ-
كىدىن ھارۋىغا يېقىنلىشالمىدى .

نورۇزنى گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىش تېخىمۇ يوغىنىدى : ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ-
نىڭ نورۇزنى قاتتىق ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرغىنىدىن خەۋەر تاپقان
شىرزات نورۇزنى يوقلىغىلى دوختۇرخانىغىمۇ بارماستىن ، ئىككى
ئىنىسىنى ئەگەشتۇرۇپ ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ
كەلدى- دە ، ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى . ئاندىن گۇڭشې ساقچى-
خانىسىغا بېرىپ ، ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى .

نەچچە كۈنلۈك جىددىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ، نورۇزنىڭ گۇ-
ناھسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭغا ھېچقانداق پا-
كىت - ئىسپاتسىزلا ئادەم ئۇرغان خاتالىقى ئۈچۈن پارتىيە ئىچىدە
ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى . ئەمما ، ئەسىمتىللا ئاكىنىڭ ئۆ-
يىدىن نېمىنىدۇر ئېلىپ چىقىپ ھارۋىغا باسقان ، ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ-
نى تېرەككە باغلاپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم زادى كىم ؟

بۇ سوئالغا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى جاۋاب تاپالمىدى ،
چۈنكى ۋەقە يۈز بەرگەن جايدا ھارۋا تۇگۇل ، چۈمۈلىنىڭ ئىزىمۇ
تېپىلمىغانىدى . ئوغۇلخانىنىڭ نورۇز بىلەن ھېچقانداق باردى - كەلدى
قىلمايدىغانلىقى ئىككىنچى خىل ئېھتىمالنىمۇ يوققا چىقاردى . نەتى-
جىدە ئەزالارنىڭ كۆپچىلىكى ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنى «تۆھمەتخور قارا
نىيەت» دەپ ئەيىبلەشتى .

## نەس باسقانلار

چىللە كىرمەي تۇرۇپلا تۇنجى قار ياغدى .

سەھەر ، ھەممە يەر ئاپپاقچىلىق . قىلىن كىيىنگەن ئوغۇلخان
تېخى ئادەم ئاياغ باسمىغان دەرەخلىك چىغىر يولدا تۇنجى ئىزلارنى
قالدۇرۇپ ئالدىراش كېتىپ بارىدۇ . ئەتراپنى قاغىلار بېشىغا كىي-
گەن . ئوغۇلخان ئەمدىلا چوڭ يولغا بۇرۇلۇشىغا ، ئېشەك ھارۋىسى

ھەيدىگەن نورۇز بىلەن دوقۇرۇشتى .
— نەگە ماڭدىڭ ؟— دېدى ئۇ .
— شەھەرگە . بىرەر ھارۋا قىغ تېپىپ كېلەي دەيمەن ، — نورۇز ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ھارۋىدىن چۈشتى . ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقى بىر مېتىرمۇ كەلمەيتتى ، — ئۆزۈڭچۇ ؟
— چوڭ ئاچامنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىمەن ، — ئوغۇلخان بىر قەدەم كەينىگە داجىپ ، ئەتراپقا غىل - پاللا قارىۋالدى . ئىككىيلەن سۆزلەشكەچ يولىنى داۋام قىلدى .
— بۈنچە ئەتىگەن ماڭغىنىڭدىن قارىغاندا ، بەك زۆرۈر ئىشىڭ بار ئوخشىمامدۇ ؟
— ئۇنچىمۇ ئەمەس . تېرەك كەسمەكچىدۇق .
— قايسى تېرەكنى ؟ ھويلاڭلارنىڭ چۆرىسىدىكى تېرەكلەرنىمۇ ؟
— ھەئە . ھەممىنى كېسىپ ، ئىشىك ئالدىغا بېسىپ قويماقچى .
— ئىشىك ئالدىغا بېسىپ قويغۇچە ، سېتىۋەتسەڭلار بولمامدۇ ؟
— ھۆل ياغاچنى كىممۇ ئالىدۇ دەيسەن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇن- چىۋالا جىق ياغاچنى بازارغا ئېلىپ بارماقمۇ بىر گەپ .
— مەن ھەممىسىنى ئالىدىغان خېرىدار تاپسامچۇ ؟
«چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىغان ئوغۇلخان دەرھال نەزەرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى ۋە تۇيۇقسىز شوخلۇقى تۇتۇپ چاق- چاق قىلدى :
— ئۆتكەندە ئىككى تاغار خورمىغا خېرىدار تاپىمەن ، دەپ تاياق ئاستىدا ئۆلۈپ بەرگىلى تاس قالدىڭ ، بۇدا بىراقلا ئۆلۈكۈمنى ساتاي دەمسەن ؟ !
— ھا - ھا - ھا !— نورۇز چىن يۈرىكىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ ، چاقچاقا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى ، — «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك ،سەن تېخى شۇ يەردىمۇ ؟ مەن تاياق يېگەن بول- سام ، سېنىڭ چاڭگىلىڭغا ئوشۇق - كېمى يوق 800 كوي كىرىپ كەتتىغۇ ! ئەگەر شۇ چاغدا مەن يول تاپمىغان بولسام ، خورمىلىرىڭنى قۇرت يەپ بولاتتى بۇ چاغقا !

بەزىدە تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان بىر ئېغىز سۆزمۇ ئادەمگە ناھايى-
تى زور ئەقىل بەخش ئېتىدۇ . ئەينى چاغدا ، ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ :
«ھۆججەت دېگەننىڭ ئېقى قەغەز ، قارىسى سىياھ نەرسە ئۇ ! ئوتتۇز
يىلدىن بۇيان ، قايسى بىر ھۆججەت كادىردىن كۈچلۈك كەلدى ؟ »
دېگەن سۆزلىرى ئوغۇلخانغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلغان ، ھەتتا كۆڭلىدە
دادىسىنى «ھۆكۈمەتكە ئىشەنمەيدىكەن »دەپ ئەيىبلىگەنىدى . يوتقانغا
كىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ سۆزلەرنى يېڭىباشتىن دەڭسەپ كۆردى .
ئېسىگە كەلگەندىن بۇيان قۇلىقى ئاڭلىغان ، كۆزى كۆرگەن ھۆججەت-
لەرنىڭ روھىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ ، دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ
ھەقىقەتەن ۋەزنى بارلىقىنى ھېس قىلدى . باشقىسىنى قويۇپ تۇرغاندى-
دىمۇ ، بۇ يىلقى بىرىنچى نورمۇرلۇق ھۆججەت دېھقانغا ناھايىتى
نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋەدە قىلغانىدى . ئىجرا قىلىش جەريانىدا ، كا-
دىرلار نەپىنىڭ چوڭ بېشىنى ئۆزلىرى ئېلىپ ، ئاشقان - تاشقىنىنى
دېھقانغا بەردى . مەسىلەن ، سۇغا يېقىن ، ئوبدان يەرلەر ، ئوۋلاغلارنىڭ
سېمىز- تىمەنلىرى دۆي كادىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى-
نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . دېھقانغا ئاشقان - تاشقىنى تەگدى . ھۆددە
كۆرسەتكۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىنى دېمەمدىغان تېخى ! ئاخىرىدا نېمە بول-
دى ؟ زور كۆپچىلىك دېھقان بۇغداي مەھسۇلاتىنى كۆرسەتكۈچكە يەت-
كۈزەلمىدى . يەتكۈزگەنلىرى يەنىلا كادىر ئەۋلادلىرى ئىدى . بۇنى
ئوغۇلخان ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى . ئەمما ، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا
تىلى كۆيەتتى . گەپقۇ قىلمىسۇن ،قاچانغىچە تەلىيىنى ھۆججەتكە باغ-
لاپ قويۇپ يۈرىدۇ ؟ !

ئوغۇلخان بەختىنى بىر سىناپ باقماقچى بولدى : نەچچە كۈن
ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، تازا چىرايلىق قۇرۇغان خورمىدىن 200 كىلو-
گىرام كەلگۈدەكنى تاللاپ ، ئۈچ دانە بادالڭ سېۋەتكە قاچىلىدى- دە ،
ئۈستىگە قۇرۇق سېۋەتلەرنى بېسىۋەتتى . بۇنى ئاتا - ئانىسىغا تۇيدۇر-
مىدى . ناۋادا ئۆيدىكى خورمىلارنى راستىنلا تەمىنلەش - سودا كوپې-
راتىپى ئەرزان باھادا سېتىۋالسا ، ئوغۇلخان ئېپىنى تېپىپ ، يوشۇ-
رۇپ قويغان بۇ خورمىلارنى ئەركىن بازاردا يۇقىرى باھادا سېتىپ ،

زىياننى تۆلىۋالماقچىدى . ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسى-مۇ ، مۇنداق پۇرسەت تېپىلمىدى . پۇرسەتقۇ تېپىلغان بولاتتى- يۇ ، ئوغۇلخاننىڭ يۈرىكى سەل كىچىكلىك قىلدى . كۆزلۈك يىغىم - تېرىم ئاخىرلاشتى . ئوغۇلخاننىڭ قولىدا 2 — 3 يۈز يۈەن نەق پۇل بار ئىدى . ئۇ بىر موزايلىق ئېنەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلاغ بازىرىغا بېرىپ ، نورۇز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . نورۇز بىر ئېشەك سېتىۋال-غانىدى . تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ئوغۇلخان ھەيران-لىق ئارىلاش سورىدى :

— شۇنداق ئوبدان ئېشىكىڭ تۇرۇپ ، بۇنى نېمە قىلغىلى ئالدىڭ ؟

— تەخەيلىتىپ ساتىمەن ، — دېدى نورۇز سەل خىجالەتچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ .

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەن ئوغۇلخان خىجىل بولغىنىدىن «ۋىللىدە» قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى . نورۇز-مۇ دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ ئالدىراش چۈشەندۈردى :

— «بىر خار بولغان نەرسە ، ئەزىز بولماي قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ؟— نورۇز يانچۇقىدىن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ بىر سانىنى ئېلىپ ، «ئۈچ يىلدا 200 مىڭ شىنجاڭ ئېشىكى ئەنخۇيدا ماكانلاشتى» دېگەن خەۋەرنى ئوغۇلخانغا كۆرسەتتى ، — بۇنى دادامغا ئوقۇپ بېرىپ ، قولىمىزدا بار پۇلغا نەچچە بوغاز ئېشەك سېتىۋېلىپ بېقىشنى مەسلىھەت سېلىۋىدىم ، دادام ماقۇل بولدى ،— دېدى ئۇ ،— بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردە ، مۇشۇ ئېشەكنى كۆپ بولسا 40 كويغا ئالغى-لى بولاتتى . بۇگۈن 70 كويغا ئاران ئالدىم . ئەتىيازغا چىقىپ تەخەي-لىسە ، كۆزگىچە تەخىيى بىرەر يۈز كويلۇق بولۇپ قالىدۇ ، دېگىنە !

ئوغۇلخان نورۇزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى ۋە ئۆزىمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدى .

— يـوشۇرۇپ سـاقـلاۋاتـقان 200 كـىلوگـرامـدەك خورما بار ئىدى ،— دېدى ئۇ سىرىنى نورۇزغا ئاشكارىلاپ ، — شۇنى جايىدا پۇل قىلالىسام ، بىراق……

نورۇز ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، گېپىنى بۆلدى :

— ناھايىتى ياخشىغۇ ، — ئۇنداقتا پۇلنى پۇلغا ئۇرساڭ......

— بىراق ،مەن قىز بالا سودا- سېتىق يولىغا كىرگىنىمنى ئەھلىمەھەللە بىلسە ، كۇلكىگە قالىمەن . مۇنداق قىلايلى : ھازىر بىزگە پۇل بەك لازىمۇ ئەمەس ، خورمىلارنى سەن پۇل قىلىپ ، سودا - سېتىق ئىشلىرىڭغا دەسمايە قىل ، كېيىنچە ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋالغاندا قايتۇرۇپ بەرسەڭ بولىدۇ .

نېمىدېگەن ئوبدان گەپ بۇ ! نورۇزنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ئۇ ئوغۇلخانغا ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەمگە تە- كىلگەندەك بىرھازا ھاڭۋېقىپ قاراپ كەتتى . خۇشاللىقتىن تىلى تۇتۇلۇپ قالدىمىكىنتاڭ ، ئاغزى زادى گەپكە كەلمەيتتى . كۆز ئالدىدا شۇ ھامان تازا يۇرۇشۇۋاتقان سودا مەنزىرىسى ۋە دۆۋە - دۆۋە پۇل نامايان بولدى . لېكىن......

ئاخىر ئۇنىڭ تىلى زۇۋانغا كىردى :

— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن ؟!

— نېمىشقا ؟

ئوغۇلخاننىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئورنىنى ھەيرانلىق ئىگىلى- دى . نورۇز چۈشەندۈردى :

— بىردىنلا مۇنچە جىق دەسمايە بىلەن سودىغا كىرىشسەم ، ئەھلىمەھەللىنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە گۇمان چۈشۈپ قالامدۇ ؟ سەن- دىن قەرز ئالغانلىقىمنى ئېيتاي دېسەم تېخى......

ھەي قىز بالا ، ھەي قىز بالا...... «قىز بالا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزىمۇ ئادەم ئۇچۇن نېمىدېگەن زور پۇتلىكاشاڭ- ھە ؟ ئۇ سانسىز گۇمان ، سانسىز پېشكەللىكلەرنىڭ مەنبەسى . تارىختىن بۇيان شۇنداق ئىدى ، ھېلىمۇ شۇنداق !...... ئەگەر كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، كىشىلەر ئوغۇلخاننىڭ نورۇزغا نەچچە يۈز يۈەن قەرز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىسا ، ئۇلار توغرۇلۇق قانداق سۆز - چۆچەكلەرنى توقۇمايدۇ !

ئاخىر ، نورۇز ئوغۇلخاننىڭ خورمىلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىد- غان بولدى . ئوغۇلخانغا بىر دانە موزايلىق ئىنەك ئېلىشىپ بېرىپ ، ئۆيىگە بىللە قايتىشتى .



مەسلىھەت بويىچە ، ياندۇرقى بازار كېچىسى نورۇز ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئوغۇلخاننىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى . ئەسمىتىللا ئاكا بىلەن شەرىخان ئاچا شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى . ئىككىيلەن شەپە چىقارماستىن خورمىلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ھارۋىغا باستى . كىم بىلسۇن ، ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ بۇ ئىشنى تۇيۇپ قالدى . نورۇزمۇ ئەخمەق ئەمەس ئىدى : ئۇ دۇيجاڭنى تېرەككە ماتاپ چىڭ باغلىۋېتىپ ئۆيگە باردىدە ، نەچچە تاغار تورغاقنى خورما ئۈستىگە بېسىپ ، قەشقەر شەھىرىگە يول ئالدى . بەختىگە ، تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇر ئۇنىڭ ئوغۇلخاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا چۇشكەن ئىزىنى يۇيۇپ كەتتى . لېكىن ، تونۇش ھارۋا ، تونۇش ئېشەك ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالدى . ئۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەنىدى . شەھەردە نەچچە كۈن كىراكەشلىك قىلىشى ، مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا ناخشا ئېيتىشى — ئەينى چاغدا ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى . ئۇ توغرا ئويلىغانىكەن : بولۇشىغا تاياق يېدى . لېكىن ، تونۇش باققالغا خورما ساتقان 800 يۈەن نەق پۇلنى ئوغۇلخاننىڭ قولىغا ساق - سالامەت تەگكۈزدى . ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى . ئەكسىچە ئوغۇلخان كېچە - كۈندۈز ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى . ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى .

تەقدىر بۈگۈن ئۇلارنى يەنە ئۇچراشتۇردى . نورۇز چىن يۈرىكىدىن چاقچاق قىلىۋاتاتتى . ئوغۇلخان خىجىللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا تىلىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى . ئۇلار خېلى ئۇزاق چاقچاقلىشىشتى . ئاخىرىدا نورۇز مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى : يېقىندا كانسۇ كۆمۈر كاندا ئىشلەيدىغان تاغىسى كان قۇدۇقلىرىغا تۈۋرۈك قىلىش ئۈچۈن ياغاچ سېتىۋالغىلى كېلىپ ، ئۇلارنىڭ دۇيىدىن ئاران بىر ماشىنا ياغاچ سېتىۋاپتۇ . باشقا دۇيلەردە كېسىمگە يارىغۇدەك ياغاچ بولمىغاچ ، ئوغۇلخاننىڭ تېرەكلىرىگە كۆز سالغانىكەن ، نورۇز ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپتۇ .

— ئەگەر تېرىكىڭلارنى كېسىپ ساتماقچى بولساڭلار ، مەن ئەتە «شاققىدە» كانسۇغا بېرىپ ، تاغامنى چاقىرىپ كېلىمەن ، — دېدى

نورۇز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ، — نەرخىدە پۈتۈشۈپ قالساڭلار ، ئۆزى ماشىنا ئەكىلىپ يۆتكەپ كېتىدۇ . بازارغا ئاپىرىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمايسەن . قانداق ، ماقۇلمۇ ؟

—ماقۇل ، بۇ گەپنى دادام بىلەن ئانامغا دەپ باقاي .

* * *

تېرەكلەر كېسىلىپ ، ئەسمەتىللا ئاكىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى . شۇلتا ، شاخ - شۇمبىلار ئالتە ئائىلىگە تەڭ - باراۋەر تەقسىملىنىپ ، بەزىلىرى قىشلىق ئوتۇن غېمىدىن قۇتۇلدى ، بەزىلىرى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ، ئاز - تولىدىن پۇل - پۈچەكلىك بولۇپ قالدى . بوۋاينىڭ بۇ شەپقىتىدىن قىزلارمۇ ، كۈيئوغۇللارمۇ خۇشال ئىدى . ياغاچ سېتىلغان پۇلغا ھېچكىممۇ ئېغىز ئاچمىدى . چۈنكى ، ھايات ئادەمدىن مىراس تەمە قىلىش ساياقلارنىڭ قىلىقى - دە ! ئەسمەتىللا ئاكا 5320 يۈەننىڭ كۆچمە چېكىنى تاپشۇرۇۋالغاندا ، بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن بىرمۇنچە كۆڭۈلەرنى ئاچلىق ، يالىڭاچلىق دەستىدىن چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ ئۆتكۈزگىنىگە قاتتىق ئۆكۈندى . كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى . لېكىن ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى . راست ئەمەسمۇ ، بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى ، شۇنچە كۆپ ياغاچنى بىراقلا پۇل قىلىش مۇمكىنمىدى ؟ پۇل قىلغان تەقدىردىمۇ «ئىگىسى» نىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ كېتەتتى ياكى خەجلىنىپ تۈگەيتتى - دە ، ئالتە «ئاجىز» غا ھېچنېمە قالمايتتى ! ھازىر پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ چاڭگىلىغا كىردى . ئۆمرىمۇ ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ . ۋاقتانىۋاق كېلىپ شۇنداقلا كۆز يۇمسا ، قىزلىرىنىڭ ئىككى قولى بېشىدا قالمايدۇ . دادىسىدىنمۇ ئاغرىنىشمايدۇ .

بىراق ، يەنىلا «ئېچىق بېشىدا كىشى بار» ئىكەن : كۆچمە چەك دادۇي كاسسىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندا ، پۇل بېرىش ئورنىغا ، بىرمۇنچە قالپاق تەڭلەندى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ناھىيەلىك ياغاچ

شىركىتى بىلەن باج ئىدارىسى پۇلنىڭ يېرىمىغا ئىگىدارچىلىق قىلى-دىغانلىقى مەلۇم بولدى، يەنى ئوغۇلخان «باج ئوغرىلىغان»، «بى-رىنچى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى خالىغانچە ئېلىپ-ساتقان» مىش.

نېمە ئۈچۈن؟

ئەسلىدە ياغاچلار ياغاچ شىركىتىگە سېتىپ بېرىلمىسە، جەرىمانە ئېلىنىدىكەن. باجخانىمۇ ھەسسىلەپ باج قويىدىكەن!

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى يەنە نەس باستى. شۇنچىۋالا جىق پۇلنىڭ يېرىمىدىن كەچمەك ئاسان ئەمەس-دە! ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ ئىككى پۇتىلا ئەمەس، پۇتۇن ئەزاسى كاردىن چىقتى: ئۇ ئەمدى قوشۇقنىمۇ ئەپلەپ تۇتالمايتتى. كۈن بويى «ئاھ - ۋاھ»لاپ، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. بالا - چاقىلىرى ھەرقانچە زورلىسىمۇ، دوختۇرخاندى-غا بېرىشنى تەرسالىق بىلەن رەت قىلاتتى. شەرىخان ئاچىنىڭ كۆزى-دىن ياش قۇرۇمايدىغان بولدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچ-تى. كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، ھالىدىن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئېرى بۇ يىل قىشتىن چىقالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، ئاللىقاچان بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەن قاغىلارنى تىللايتتى:

«ھەي قاغىلار، شۇم قاغىلار، ئاخىر بىزنىڭ بېشىمىزنى يەيدى-غان بولۇشتۇڭ-دە!»

لېكىن، ئوغۇلخان بەل قويۇۋەتمىگەنىدى. قانداقتۇر بىر سېھ-رىي كۈچنىڭ ئۆزىنى، جۈملىدىن پۈتۈن ئائىلىسىنى بۇ پېشكەللىك-تىن چوقۇم قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

بۇ سېھرىي كۈچ زادى نەدە؟ قاچان ئۇنىڭغا يېتۇك بولىدۇ؟......

## دادىل قەدەم

ئوغۇلخان توك تۈگمىنىنىڭ خامپىسىنى ئۈگۈت بىلەن تولدۇ-رۇپ، ئەلگەكنى تەڭشەپ قويدى-دە، روبىلنىكنى ئېچىۋەتتى. تۈگ-

مەن بىر خىل رىتىمدا ئايلانماقتا ئىدى . ئۇ تۇگمەننىڭ زاپچاسلىرىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلگىنىچە مىيىقىدا تەبەسسۇم قىلدى . يۈرىكى خۇ- شال تېپچەكلەيتتى . ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىنمۇ ياكى زىيادە ھاياجاذ- لانغىنىدىنمۇ ، چېكىسىدىن پۈرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى . ئۇ ياغلىق ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقىغا قول سالغانىدى ، قولىغا شىرىقلاپ بىرنەرسە ئۇرۇندى .قولى يانچۇقىدىن ياغلىقنى ئەمەس ، بىر كونۋېرتنى ئېلىپ چىقتى .

ئاھ ، يۈرەكنى ئويناتقۇچى خەت !

توپتوغرا ئىككى ئاي زارىقىپ كۈتكەن خەت !

ئوغۇلخان كونۋېرتنى ئاچتى . ئەمدىلا تۇنجى قۇرلارغا كۆز يۇ- گۇرتۇۋاتقىنىدا ، يەردىن ئۇنگەندەكلا نورۇز پەيدا بولۇپ قالدى .

— ئوغۇلخان ، خۇش خەۋەر ، توك جۇۋاز كەپتۇ !— دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن .

ئوغۇلخان ھودۇققىنىدىن خەتنى پۈرلەپ يانچۇقىغا سالدى- دە ، كۆزلىرىنى نورۇزغا تىكتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەت- كەندى .

— ھە ! كىمدىن ئۇقتۇڭ ؟

— يەتتىنچى دادۈيدىكى سېلىم قارى بىرنى سېتىۋاپتۇ . باياتىن سازلىقتا ئېشەكلەرنى يوقلىغىلى كېتىۋېتىپ ، يولدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . ناھىيەدىن كېلىشى ئىكەن . ھارۋىسىدا يىپيېڭى بىر توك جۇۋاز تۇرىدۇ . سۈرۈشتۈرسەم ، ناھىيەلىك ماددىي ئەشيالار ئىدارىسى بۇ قېتىم خېلى جىق توك جۇۋاز قاتارلىق ماشىنىلارنى كەلتۇرۇپتۇ . سېنى ئالامدىكىن ، دەپ ئۇدۇل بۇ يەرگە كېلىشىم . قانداق ، بىرەرنى ئالامسەن ؟

— ئالىمەن ، ئالمامدىغان !

ئوغۇلخان ئىشىك تۈۋىدىكى توك سوقىدا بۇغداي ئۇگۇت ئېتىۋات- قان كەنجى ئاچىسى نۇسرەتنىڭ قېشىغا كەلدى .

— ئاچا ، مەن ئۆيگە چىقىپلا كىرەي ، سەن تۇگمەنگە قارىغاچ تۇرغىنا .

نۇسرەت ئاغزىنى گەپكە ئۈمەللەپ بولغۇچە ، نورۇز دېدى :
— مەن قاراپ تۇرسام بولمامدۇ ؟
— بولىدۇ ، نېمىشقا بولمايدىكەن تېخىنىك !— دېدى ئوغۇلخان مەنىلىك كۈلۈپ ، — مەن ئۆزلىرىنى توزغا مىلىنىپ كەتمىسۇن ، دەپ ئاياپتىم .
— خاتىرجەم بول . توزغا مىلەنمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىمەن !
ئوغۇلخان كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نورۇزنى جۆنەپ قويۇپ ، ئارقا ئىشىك بىلەن هويلىغا چىقىپ كەتتى .
ئەسمەتىللا ئاكا بىرهازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى . ئوغۇلخان توز بىلەن ئاپئاق بولۇپ كەتكەن نىل رەڭ نېلۇن پىلاتىسىنىڭ ئاس-تىنقى تۇگمىسىنى يەنە ئېتىپ ، يەنە يېشىپ ، ئۇنىڭ قارشىسىدا ئۆرە تۇراتتى . ئۇمىد - ئىلتىجا بىلەن تولغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بوۋاينىڭ هەربىر هەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى .
ئەسمەتىللا ئاكىنىڭ تىلى ئاخىر گەپكە كىردى :
— شۇنچە يىللاردىن بۇيان هېلىمۇ ئۆلۈپ قالمىدۇق . ئۈچ - تۆت يىل مابەينىدە خۇدايىم هەدەپ بېرىۋاتىدۇ ، — بوۋاي ئىللىق تەبەس-سۇم قىلىپ ، ئوغۇلخانغا چوڭقۇر ئاتىلىق مېهرى بىلەن تىكىلدى .
ئوغۇلخان هاياجاندىن شەلپەردەك قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى . ئەسمەتىللا ئاكا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ، كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى- دە ، مەغرۇر ئاۋازدا قوشۇپ قويدى ، — كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتسا شۇنى قىل ، نېمە ئالغۇڭ كەلسە شۇنى ئال . ۋاقتانىۋاق كېلىپ ، هۆكۈمەتكە لازىم بولسا ، ئىككى قوللاپ تۇتار-مىز .
بۇنداق گەپلەر بۇگۈنلا بولۇۋاتقىنى يوق . گەپنى يىراقتىنراق باشلىساق ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى هېلىقى ياغاچ ۋەقەسىدە ئوغۇلخان ئوغۇل بالىدەك قالتىس ئىش قىلدى . ئۇ كاسىرغا ئېيت-تىكى : «مەن كۆمۈر كان بىلەن سودىلاشقاندا ،باج ۋە باشقا قوشۇمچە رەسمىيەتلەرنى ئۆتەشنى ئۇلار ئۈستىگە ئالغان . ئەگەر ئۇلار بۇ رەس-مىيەتنى ئۆتىمگەن بولسا ، مەندە قىلچە مەسئۇلىيەت يوق . ياغاچ

شىركىتىمۇ ،باجخانىمۇ بۇ ھېسابنى كۆمۈركان بىلەن قىلىشسۇن !»

لېكىن ، پۈتۈن دادۇيدىكى 300 نەچچە ئۆيلۈك ئەزانىڭ جان تومۇرىنى ئۇزاق يىل چاڭگىلىدا تۇتۇپ كەلگەن قاقباش كاسسىر بۇنداق گەپلەرگە پىسەنت قىلامدىغان ! ئۇ بىرلا ۋارقىراپ ئوغۇلخاننى ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى . ئوغۇلخانمۇ بوش كەلمىدى ، ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن تاكاللاشتى . بوغالتىرمۇ ، دادۇي مەسئۇللىرىمۇ كاسسىرنىڭ تەرىپىنى ئالدى . ئەگەر ئوغۇلخاندىن باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا ،تەقدىرگە تەن بەرگەن بولاتتى . ئوغۇلخان كاسسىرنىڭ قولىدىن چەكنى «شارتتىدە» يۇلۇپ ئالدى- دە ،ئۆيىگە كېلىپ قانغۇدەك بىر يىغلىۋالدى ، ئاندىن كۆمۈر كان رەھبەرلىكىگە ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ ، پوچتىدىن سېلىۋەتتى . نەچچە كۈندىن كېيىن ، نورۇزمۇ تاغىسىغا خەت يازدى . بۇ خەتلەرگە ئانچە ئۇزاققا قالماي جاۋاب كەلگەن بولسىمۇ ، كاسسىر يەنىلا ئىلىك ئالمىدى . ئوغۇلخان ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز يازدى . نورۇزنى ئېلىپ كۆمۈر كانغا باردى . كان رەھبەرلىكىنىڭ زىچ مەسلىھىتى ، سوت مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە قول تىقىشى نەتىجىسىدە ، ئوغۇلخان ئۇتتى . ئەكسىچە ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭنى نەس باستى : ئۇ ناھىيەلىك باج ئىدارىسىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ قولى ئارقىلىق ئوغۇلخاندىن «جەرىمانە» ئۇندۇرۇپ ، دادۇينىڭ كاسسىرى بىلەن ئۇلۇشۇۋالماقچى بولغانىكەن . بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ، كونا - يېڭى ھېساب - كىتابلار بىر - بىرلەپ ۋاراقلىنىپ ، ئوبۇلقاسىم دۇيجاڭ «پارتىيە ئەزاسى»دېگەن قالقاندىنمۇ ، دۇيجاڭلىقتىنمۇ ئايرىلدى .

كىشىلەر ئوغۇلخاننى :«قالتىس قىز بالا ئىكەن جۇمۇ !كۆرمەمسىلەر ، شۇنچە يىلدىن بۇيان ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمىگەن ھازازۇلنىڭ چىشىنى چاقتى ! خۇدا بەختىنى بەرسۇن ، ئۇنىڭ !» دەپ تەرىپلىشىدىغان بولدى . ئەسمەتىللا ئاكىمۇ :«ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىدىم» دەپ تەڭرىدىن نارازى بولغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى . شەرىخان ئاچىنىڭ خۇشلۇقى ئاسمانغا يېتىپ ، پۈت - قولىغا ماغدۇر كىردى . ئەر - خوتۇن يالغۇز قالسىلا ، ئاغزى بېسىلماي ئوغۇلخاننىڭ گېپىنى

قىلىشاتتى . ئۇلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغىنى ، ئوغۇلخاننىڭ توي ئىشى ئىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى پۇلغا قىزنىقامدۇ ياكى راستىنلا ئوغۇلخانغا قىزنىقامدۇ ، بېقىندىن بۇيان ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەلچى ئۈزكسۇمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئوغۇلخاننىڭ تەلىپى بويىچە ئەلچىلەرگە : «قىزىمىزنىڭ لايىقى بار» دېگەن جاۋاب بېرىلەتتى . لېكىن ، يا ئاتا ، يا ئانا ئۆز قىزىنىڭ لايىقى زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . ئۆزلىرىچە بەزىدە نورۇزنى ، بەزىدە باشقا يىگىتلەرنى بولغۇسى كۈيئوغلىمىز ، دەپ قىياس قىلىشاتتى . ئوغۇلخاندىن سورىسا : «ئانا ، مېنىڭ غېمىمنى يېمىگىنە ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم دەيمەن» دەپ يەرگە قارىۋالاتتى . ئانىمۇ ، دادىمۇ ئۇنىڭ چوقۇم كۆڭلىدىكىدەك بىر يىگىت بىلەن پۇتۇشۇپ قويغىنىغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭدىن خۇشال ئىدى . كېيىنچە ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىمايدىغان بولۇشتى . «قاچان ۋاقتى كېلىدۇ ؟» دېگەن سوئال ھامان ئۇلارنى قىينايتتى . لېكىن ، ئوغۇلخان باشقا بىرنەرسىنى يەنى «قانداق قىلغاندا بانكىدىكى پۇلنىڭ دىرىنى يوقاتماي ، تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلغىلى بولىدۇ ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇراتتى . ئۇ بىر يىل جاپالىق كەتمەن چېپىپ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلدىكى ، ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى ئون نەچچە مو يەرگە ئىشلەش بىلەنلا سېرىقتال كۆنلەردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغىلى بولمايتتى .

«ئەمىسە ، قانداق قىلغۇلۇق ؟»

بۇ سوئالغا مەركەزنىڭ بىر ھۆججىتى ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بەردى . بۇ ھۆججەتتە : «شەخسلەر قاتناش - ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانسا ، كىچىك تىپتىكى قوشۇمچە كەسپىي كارخانىلارنى قۇرسا ، ئاز ساندا ئەمگەك كۈچى ياللىسا بولىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەندى .

ئوغۇلخاننىڭ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ ، كۆز ئالدىدا ئىلگىرى خىيالىغا كەلتۈرسىمۇ چۆچۈيدىغان ئاجايىپ زور ئىمكانىيەت ۋە بايلىق گەۋدىلەندى . ئۇ ھۆججەتنى ئاتا - ئانىسىغا ئوقۇپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا ، ئۆز تەسەۋۋۇرىنى ئۇلارغا ئېيتقاندى ، ئۇلار دەسلەپ قاتتىق

ئىككىلىنىپ : «ئوبدان بالام ، هازىرقى كۈنلىرىمىز بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردىكىدىن مىڭ چەندان ياخشى . مۇشۇ كۈنلەرگە شۈكۈر - قانا-ئەت قىلىپ تۇرايلى . بانكىدىكى پۇلىمىزنىڭ ئۆسۈمىمۇ ئاز ئەمەس ، ناۋادا سىياسەت ئۆزگىرىپ قالسا ، پۇل - مال قولدىن كەتىسىغۇ مەيلى ، ئۆزىمىزگە بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىمىز » دەپ ، ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرماقچى بولۇشتى . لېكىن ، ئوغۇلخان قاتتىق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئاخىر : «بوپتۇ ، تەلىيىڭنى سىناپ باق» دېيىشتى .

ئوغۇلخان ئۈچ دانە توك تۈگمىنى سېتىۋېلىپ ، ئېغىلغا قۇردى-دە ، ئىككى ئاچىسىنى يېنىغا تارتىپ «پۇلنى پۇلغا ئۇرىدىغان بولدى» . ئانىسىغا پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ سەگىدەشتىن بۆلەك ئىش قالمىدى .

بىلىنمەيلا ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئوغۇلخاننىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلى نەچچە ئونمىڭ يۈەنگە يەتتى . نورۇزنىڭ ئېشەك فېرمى-سى قۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن 500 يۈەن بېرىپ تۇردى . ئۇنىڭ «نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ» توك چىغرىق ، توك جوۋاز ، پاختا ئېتىش ماشىنى-سى سېتىۋېلىپ ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكچى بولغا-نىدى . لېكىن ، نەچچە ئايدىن بېرى ، نورۇزنى تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇرغان بولسىمۇ هېچ يەردىن خەۋەر ئالالمىغانىدى . مانا ئەمدى ماشىنىلار ئۆز ناھىيەسىگە كەپتۇ . پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ، دەرھال سېتىۋالمىسا ، كېيىن قولنى چىشلەپ قالغان بىلەن ئەپلەشمەيدۇ- دە !

ئوغۇلخان بۇ گەپنى دادىسىغا مەسلىھەت سالغاندا ، بوۋاي يەنىلا كونا گەپنى تەكرارلىدى . چۈنكى ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ، پۇل تېپىپ بېيىغانلارنىڭ قايسىبىرى ياخشى كۈن كۆردى ؟ !

بوۋاي بۇنى ئۇنتۇيالمايتتى ، ئېھتىمال ، مەڭگۈ ئۇنتۇماس .

ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئوغۇلخان تونۇگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكنى بۈگۈنلا ئۇنتۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى . ئەتىكى كۆڭۈلسىزلىكنى قاپاق تۇرمەي كۇتۇۋېلىشقا هەرقاچان تەييار ئىدى . بۇ ئۇنىڭ 20 يىللىق ئۆمرىدە تۇرمۇشتىن ئالغان ساۋىقى ئىدى . ئۇ بۇ ساۋاقنى هەرقاچان ئەستىن چىقارمايتتى .

ئوغۇلخان دادىسى بىلەن يەنە بىردەم مۇڭداشتى. دە، ئالدىراش تۈگمەنگە كىرىپ كەتتى.

## ئالدامچى

1986- يىل تومۇز، كەچ پېشىن.

كېچىچە چىققان بوران تاڭ بىلەن توختىدى. ئەتراپ توپا پۇرايتتى. تۈگمەن ئالدى (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئەسمىتىللا ئاكىنىڭ ئىشىك ئالدىنى كىشىلەر شۇنداق ئاتايدىغان بولۇشتى) ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئاۋات. سوقىمۇ، تۈگمەنمۇ، جۇۋازمۇ بېسىق. نۆۋەت كۈتۈۋاتقان ئەر- ئاياللار دىلۇندىن شىم- كاستۇم، ئاق دىچۆلياڭ كۆڭلەك كىيىپ، ئوتقاشتەك قىزىل گالىستۇك تاقىغان بەستلىك يىگىتنى ئورىۋېلىشقان. ئۇنىڭدىن ھەركىم خىيالىغا كەلگەن سوئالنى سورىشىدۇ. ئۇمۇ ھېچكىمنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قايتۇرمايدۇ. گەپ ئارىسىدا پات- پات يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاشيولغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدۇ. ھەممىدىن كۆپرەك سوئال سورايدىغىنى نورۇز.

— كەلدى، — دېدى نورۇز كۈتۈلمىگەندە بېشى بىلەن تاشيولنى ئىما قىلىپ، — ئاشۇ كېلىۋاتقان شۇ.

ھەممەيلەننىڭ نەزەرى تاشيولغا ئاغدى، گەپمۇ توختىدى. دەرۋەقە، تاشيولدا توپا- چاڭ توزۇتۇپ، بىر دانە قىپقىزىل موتوسكلىت ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى. موتوسكلىت ئۈستىدە ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك، تاجى رەڭ يەكپەر دۇخاۋىغا مەرۋايىت باسقان دوپپا كىيگەن ئوغۇلخان ئولتۇراتتى. ھايال ئۆتمەي، موتوسكلىت تۈگمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئوغۇلخان موتوسكلىتنىڭ موتورىنى ئۆچۈرۈپ، يەرگە چۈشتى. ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. نۆۋەت ھېلىقى يىگىتكە كەلگەندە، ئوغۇلخاننىڭ يۈزلىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى قىزىللىق يۈگۈردى. دە، ئۆزىگە يات بىر خىل تىترەك ئاۋازدا:

— ئەسئەت ،قاچان كەلدىڭ ؟— دېۋەتتى .
— ئاخشام كەلدىم .
ئەسئەت نېمىدىندۇر قورۇنۇۋاتقاندەك ، ئوغۇلخانغا ئۇدۇل قارىمىدى . ئوغۇلخان ياندۇرۇپ سورىدى :
— ئاخشام ؟ مەن ئەجەب ئۇقماي قاپتىمىنا ؟
— ئاخشام بەك كېچىدە كەلگەنىدۇق ، قەشقەردە قونۇپ ، ئەتىگەن بىرىنچى ئاپتوبۇستا بۇ يەرگە كەلدۇق .
— ھە ، مۇنداق دېگىن ، يۈر ، ئۆيگە كىرەيلى .
ئەسئەت تەكەللۇپسىزلا ئۇنىڭغا ياندىشىپ ھويلىغا كىردى . ھويلا كۆڭگۈرت پۇرىقى بىلەن تولغانىدى . ئەسئەت ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى : ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھويلا بىلەن باغنى ئايرىپ كەلگەن كۇنگۈرىلىك تام ئورنىنى يېشىل سىرلىق ۋادەك ئىگىلەپتۇ . پېشايۋان يېڭىلىنىپ ، ۋاسا جۈپ قىلىپ ياسىلىپتۇ . جەگە ، پارامانلارغا ئىشلەنگەن قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى نەقىشلەر كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇدەك نەپىس ، تاملار گەجلەنگەن ، ئىشىك - دېرىزىلەر ، دېرىزە قاپقاقلىرى سىرلىنىپ ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسى پىششىق خىشتا قوپۇرۇلۇپ ، سېمونتتىن زەگۇندە چىقىرىلىپتۇ . ئوغۇلخاننىڭ بىر چاغلاردىكى ۋەيرانە ياتاق ئۆيىنى ئەمدى تونۇغىلى بولمايدۇ . پېشايۋانغا تۇتاشتۇرۇلغان بېدىشتە مۇناقى ، ئاق سايۋا ئۈزۈملەر كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك پارقىراپ ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ . گۈللۈك يېكەنداز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچكە چىقىۋاتقان ئەسمىتىللا ئاكا ، ئوچاقنىڭ ئوتى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان شەرىخان ئاچا ئوغۇلخانلارنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلگىنىنى تۇيمىدى بولغاي ، ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشتى . ئوغۇلخان :
— دادا ، قارىغىنا ، كىم كەلدى ؟— دېگەندىلا ، ھەر ئىككىيلەننىڭ نەزەرى ئەسئەتكە ئاغدى . ئىشلىرىنى توختاتتى ، ئۇلار دەسلەپ ئەسئەتنى تونۇيالماي ، ئۇنىڭغا بىرھازا قادىلىپ قاراپ كېتىشتى . كېيىن ھەر ئىككىيلەن خۇدىنى يوقاتقاندەك تەڭلا ۋارقىراشتى :
— ۋاي ، ئەسئەتقۇ بۇ ، كېلىڭ بالام .
شەرىخان ئاچا كۆلۈمسىرىگەن پېتى ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ ،

تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى . ئەسمىتىللا ئاكا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ ، جانسىز پۇتلىرى رايىغا باقمىدى . بوۋاي ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى . ئەسئەت ئىتتىك كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۆرۈك شىرىنسى بىلەن بۇلغانغان قوللىرىنى بىرھازا سىقتى . سالامەتلىكىنى سورىدى . بوۋايمۇ ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سورىدى . ماختىدى . شۇ ئەسنادا ، شەرىخان ئاچا پېشايۋانغا كۆرپە سېلىپ ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئانا - بالا تەڭ پايپېتەك بولۇشۇپ ، ئەسئەتنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى . مېۋە - چېۋە ، قېتىق ، چاي - مەزە كەلتۇردى . تاماقنى بىللە يېيىشتى . نورۇزمۇ چاقىرىپ كىرىلدى . ئۇ ئەسئەتكە ئوغۇلخاننىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

بۇ گەپلەر ئەسئەت ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى : ئۇ بۇنىڭدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان «ئوغۇل بالىدەك ئوغۇلخان » ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇپ ، بۇلاردىن خەۋەر تاپقانىدى . شۇنداقتىمۇ ، نورۇزنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى لوقما سالماي ئاڭلىدى . ئاخىرىدا :

—شۇنداق قىلىپ ، بېيىپ كەتتۇق دەڭلار ، — دېدى ئۇ بىر نورۇزغا ، بىر ئوغۇلخانغا مەنىلىك بېقىپ ، ئۇنىڭ يا كۈلۈمسىرەۋاتقىنىنى ، يا ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايتتى ، — بۇ گەپچە ، ئوغۇلخاننىڭ بىرەر يۈزمىڭ يۈەنگە كۈچى يېتىدىكەن- دە ؟

—ئۇنچە ئەمەس ، — ئەسمىتىللا ئاكا گەپ قىستۇردى ، — خۇدانىڭ بەرگىنى بار .

— سوقا - تۈگمەن ، جۇۋازخانا ، پاختا زاۋۇتىنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن دۇكاندىكى مالنى قوشسىچۇ ؟— نورۇز ئېتىراز بىلدۈردى . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق ، تۇرقى شۇنداق مەغرۇر ئىدىكى ، بۇ يەردە گېپى بولۇۋاتقان «باي» ئوغۇلخان ئەمەس ، بەلكى ئۆزىدەك بىلىنەتتى ، — يۈزمىڭ يۈەندىن ئاشسا ئاشىدۇكى ، ھەرگىز كەملىمەيدۇ ! ھە راست ، تېخى خۇمداندىكى ئۆرۈك بىلەن ، تېشىلگەن خورمىلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ،ئۇمۇ يەتتە- سەككىز تونىنا كېلەر ؟ !

—بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ ، نورۇز !

ئوغۇلخان شەلپەردەك قىزىرىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نورۇزنى جۆندى. نورۇزمۇ تەن بەرمىدى:

— ھېلى بىكار! — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ھەممە نەرسىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، ھېساب - كىتابنى داستىخانغا بىر يايىمەن، يالغان سۆزلىگەنگە تويىسەن، تازا!

— يايساڭ ياي!

— ئەتىلا باجگىر يۇگۇرۇپ كېلىپ، ئىككى - ئۈچ مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇۋەتسە، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دەپ، دەردىڭنى مەندىن ئالارسەن، ھېلى!

— قورساقتا ئاغرىق بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقمىغۇلۇق! يۇگۇر، قولۇڭدىن كەلسە ھازىرلا بېرىپ باجگىرىڭنى چاقىرىپ كې-لىپ، بەش - ئونمىڭ كوي جەرىمانە قويدۇرۇۋەت!

— گۇۋاھ بول جۇمۇ، ئەسئەت! «باجگىرىڭنى چاقىرىپ كەل» دەيدۇيا، تېخى! توختاپ تۇر، ھازىرلا «باجگىرىم» نى· چاقىرىپ، ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقمايدىغان بولسام!

نورۇز دەس ئورنىدىن تۇردى- دە، يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشى-غىنىچە تاشقىرىغا ماڭدى، ئوغۇلخان:

— توختا، نەگە بارىسەن؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— نەگە باراتتىم، «باجگىرىم» قېشىغا! سەزمىدىڭمۇ؟ پاختا زاۋۇتۇڭنىڭ گېپىنى سۆزگەك تۇرۇپ قاپتۇ! دېگىنىچە كەينىگىمۇ قارىماستىن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ گېپى ئەسئەتتىن باشقا ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بىر پارچە ئوت - دە، بۇ، خۇدا بەختىڭنى بەرگەي! — دېدى ئەسمەتىللا ئاكا، — ئەگەر ئۇنىڭ جان كۆيدۈرۈشى بولمىغان بولسا، ئوغۇلخان يالغۇز چېنىغا قانداقمۇ شۇنچە جىق ئىش تەۋرىتەلىسۇن؟!

— توغرا ئېيىتىتىلا، نورۇز بۇ ئۆيىنىڭ ئۆز ئادىمى بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئەسئەت سوغۇققىنا كۈلۈپ ۋە سومكىسىدىن گېزىتكە ئوراپ، يوغان سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان بولاقنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى، — لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ.

— رەھمەت ، بالام ، نېمانداق كايىسپ .

— ئانىڭىز رەھمەتلىك شۇنچىۋالا يىگىت بولۇپ قالغىنىڭىزدا ھايات بولغان بولسا ، بېشى ئاسمانغا تاقاشماسمىدى ؟ ھەي كاج پەلەك .

شەرىخان ئاچا كۆزىگە ياش ئالدى . ئەسمىتىللا ئاكىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، چىرايىدىكى تەبەسسۇم قاياقلارغىدۇر ئۇچتى . ئەسئەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى- دە ، ئورنىدىن تۇردى .

— مەن قايتاي .

— بالام ، بىردەم ئولتۇرمامسىز ،كۈن تېخى يورۇقتۇ ؟

— خوش ، باشقا بىر كۈنى يەنە يوقلاپ كېلەرمەن .

— خۇدايىمغا ئامانەت ، بالام .

ئەسئەتنى ئانا - بالا ئىككىيلەن ئۇزىتىپ چىقتى . ئەسئەت نېمىدۇر دېگۈسى باردەك ، ئوغۇلخانغا يەر ئاستىدىن قارىغانىدى ، خىيال بىلەن تۇرغان ئوغۇلخان تۇيمىدى . سەزگۈر ئانا ئۇنىڭ بىلەن چالاپۇچۇق خوشلىشىپلا كەينىگە ياندى . ئىككى جۈپ كۆز ئۇچراشتى . ھەر ئىككى جۈپ كۆزدە ھېچ نەرسىنى ئىپادىلىمەيدىغان غەلىتە بىرنەرسە نامايان ئىدى .

ئاخىر ئوغۇلخان نەزەرىنى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغا ئاغدۇردى . ئەسئەت ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى- دە :

— بىردەم ئايلىنىپ كېلەمدۇق ؟ زۆرۈر ئىشىڭ يوقتۇ ؟— دەپ سورىدى .

— يوق ،— ئوغۇلخان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى ،— نەنى ئايلىنىمىز ؟

— نەنى دېسەڭ ، شۇ يەرنى .

— دەريا بويىغا بارامدۇق ؟

— مەيلى .

ئۇلار بۇرۇلۇپلا چىغىر يول بىلەن كېتىشتى . نېمە بولدىكىنتاڭ ، يول بويى ھېچقايسىسى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى ، بىربىرىگە تىك بېقىپمۇ قاراشمىدى ، ھەتتا بېشىنى يەردىن ئۈستۈنمۇ قىلىشمىدى .

ئۇلار «بەلگىلىك جاي» غا كېلىپ قېلىشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن توختاشتى. بىر - بىرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىرلا قاراشتى - يۇ، ھەر ئىككىسى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىشتى. شۇ تاپتا، ئوغۇلخان شۇنداق ئۇياتچان، شۇنداق بىچارە كۆرۈنەتتى، ئەكسىچە ئەسئەتنىڭ كۆزلىرىدە يوشۇرۇپ بولمايدىغان بىر خىل نارازىلىق، غەزەپ ۋە غورۇر شولىسى ئەكس ئېتەتتى.

ئوغۇلخان بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ يۈرىكىگە يىڭنىدەك سانجىلىۋاتقان بۇ كۆزلەردىن نەزەرىنى ئېلىپ قاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىنى سۈرۈپ، شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ، شىددەت بىلەن ئالغا ئوقچۇۋاتقان ھەيۋەتلىك دولقۇنلارغا تىكىلگەنىدى. يۈرىكى ئاشۇ دولقۇنلاردەك ئەنسىز تېپىچەكلەيتتى، ۋۇجۇدىدا بىر خىل قورقۇنچ، خىجىللىق ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ پۇت - قولى بوشىشىپ كەتتى.

ئەسئەت كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر قاپ تاماكا چىقىرىپ، بىر تالنى لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى - دە، چاقمىقىنى «چاسسىدە» چېقىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق - قاتتىق بىرنەچچە قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن، ئوغۇلخانغا نەشتەردەك قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— توي قىلمىدىڭمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ......

— نېمىشقا توي قىلمىدىڭ؟ دەۋاتىمەن ساڭا!

ئوغۇلخان تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەسئەتكە گۇناھكارلارچە تىكىلدى، ئەسئەتنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنلايتتى، ئوغۇلخان سوزۇپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، تىلىنىڭ ئۇچىدا پىچىرلىدى:

— سېنى...... سېنى ئۆيلىنىۋالسۇن دەپ......

— نېمە؟! ئىككى تال پۇلنى كۆرۈپ، كۆزۈم قىزاردى دېگىنە! مەن تېخى سېنى......

— ئەسئەت، ئۇنداق دېمە — ئوغۇلخان كۆزلىرىگە «غىلىلدە»

ياش ئېلىپ ، ئەسئەتكە ئايانچلىق تىكىلدى ، — مەن…… مەن سېنى بەختلىك بولسۇن ، مىللىتىمىزگە تېخىمۇ چوڭراق ئىش قىلىپ بەر- سۇن ، دەپ .

— گېپىڭنى چىرايلىقلىقىنى قارا بۇنىڭ ! ئەسلىدىلا نىيىتىڭنىڭ بۇزۇقلۇقىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ؟ ! ھىم ، ھازىرمۇ مېنى ئالدى- ماقچى بولۇۋاتامسەن تېخى ؟ ھۇ ئالدامچى !

ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۇدەك بولغان ئەسئەت تېخى يېرىمىنىمۇ چېكىپ بولمىغان تاماكىسىنى بارماقلىرى ئارىسىدا قاتتىق مىجىپ دەرياغا چۆرۈۋەتتى- دە ، «شارتتىدە» كەينىگە بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولدى ، لېكىن نەچچە قەدەم مېڭىپلا توختىدى . پۇتلىرى يەرگە پېتىپ قالغاندەك ئېغىر ئىدى . ئۇ بىلدى ، ئۇنىڭ پۇتلىرى ھازىر پۇتونلەي ئوغۇلخاننىڭ قوماندىسىدا ئىدى . ئوغۇلخاننىڭ ئايانچلىق ئاۋازى ، چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سەمىمىي ئىلتىجاسى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قاتمۇقات پولات زەنجىردەك چىرمىۋالغانىدى . ئۇنىڭ جىس- مىدا بۇ زەنجىردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلىگۈدەك مادارمۇ ، جاسارەت- مۇ يوق ئىدى . ئۇ ئاجىز ئىدى ، ئىقتىدارسىز ئىدى .

ئۇ توختىدى . كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوغۇلخانغا قارىدى . ئوغۇلخان ئىككى قولى بىلەن يۈزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى ، پۇتۇن ئەزاسى كەچكۈز يوپۇرمىقىدەك تىترەيتتى .

ئەسئەت چىدىمىدى ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى . پۇتلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز ئوغۇلخاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى .

ئوغۇلخان تېخىچە يىغلاۋاتاتتى .

ئەسئەت ئۇنىڭغا بىرھازا جىمجىت تىكىلىپ تۇردى . سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئەسئەت ئۇنىڭغا يەنە بىردەم مۇشۇنداق تىكىلىپ تۇرىدىغان بولسا ، يۈرىكىدىكى كونا جاراھەتلەر- نىڭ بىراقلا ئېغىز ئېلىپ ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش بولۇپ ئېقىپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى- دە ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوغۇلخان- نىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى . تارتتى - يۇ ، قېتىپ قالدى . ئوغۇلخاننىڭ ئوت يانغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق قادالغان

ئىدىكى ، بۇ كۆزلەردە ئەمدى باياتىنقى بىچارىلىك ، مىسكىنلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭغا (ياق ! ئۇنىڭ يۈرىكىگە ) يېڭىدىن قادالماقتا ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىمەكتە ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىدىن نېمىنىدۇر سۇغۇرۇۋېلىشقا ئىنتىلمەكتە ئىدى .

«ئۇنىڭغا نېمە كېرەك ؟ »

ئەسئەت خىيالغا كەتتى .

ئوغۇلخانىنىڭ خىيال كەپتىرى تېخىمۇ يىراققا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى .

## سەرەڭگە

بۇ ئىش بولۇپ ئۆتكىنىگە توپتوغرا ئالتە يىل بولدى .

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئوقۇغۇچىلار كۈن بويى مەكتەپنىڭ كۆكتاتلىقىدا ئەمگەك قىلدى : ئېرىق چاپتى ، قىغ ، قۇم توشۇپ ئېتىزلارغا چاچتى ، چۆنەك تارتتى ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى كۆچۈرۈلگەن ئۇرۇقلۇق كاللەكبەسەي ، بەسەي ، تۇرۇپ ، چامغۇرلارنى قوشۇمچە ئوغۇتلاپ سۇغاردى .

ھەممەيلەن تازا ھارغانىدى . كۈن پاتارغا يېقىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى . ئوغۇلخان نەچچە قىز ساۋاقدىشى بىلەن بىللە كەپسىز ئوغۇللار تاشلاپ كەتكەن كەتمەن ، تاماقلارنى زەمبىللەرگە بېسىپ ، مەكتەپنىڭ لاۋازىمەتچىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۆيى تەرەپكە يول ئالغاندا ، كەچكى شەپەق رەڭدار ھۆسنىنى پامىر تېغى كەينىگە يوشۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى . قىزلار ئۆستەڭ ياقىلاپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ، ھەممەيلەن تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى . ئوغۇلخان يالغۇز كېتىپ باراتتى . ئارقا تەرىپىدىن نېمىنىڭدۇر شىپىرلىغان ئاۋازى كەلدى . ئوغۇلخان سەگەكلىشىپ ، بېشىنى كەينىگە قىيا بۇرىدى . 15 قەدەم نېرىدا كىمدۇر بىرسى چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى . ئوغۇلخان قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى ، قىزلار شۇنداق بولىدۇ : خا كېچە ، خا كۈندۈز يالغۇز يول مېڭىپ قالسا ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆزى ئۆتكۈر ، قۇلىقى سەگەك بولۇپ قالىدۇ . ھېچقانداق بىر شەپىنى نەزەرىدىن

چەتتە قالدۇرمايدۇ ، ھەممە نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن نەزەر تاشلايدۇ ، ھەربىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن باسىدۇ . ئوغۇلخان ئادەتتە ئوغۇل بالىدەك قورقۇمسىز بولغىنى بىلەن ، يالغۇز يول ماڭسا باشقا قىزلارغا ئوخشاشلا ئېھتىياتچان ھەم سەگەك بولۇپ قالاتتى ، ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئەنسىز ، قۇلاقلىرى كەينىدە .

— ئوغۇلخان ،ئەمدى ياندىڭمۇ ؟

بۇ ئەسئەتنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئوغۇلخاننىڭ يۈرىكى قىنىغا چۈ-شۈپ توختىدى .

—ھەئە ، سەنچۇ ؟— دېدى ئۇ ئەسئەت يېقىنلاپ كەلگەندە ، — مەن تېخى سېنى بالدۇرلا ئۆيگە قاچتىمىكىن دەپتىمەن !

—بالدۇر قاچىدىغان ئۆزۈڭ !— ئەسئەت چاقچاق ئارىلاش سۆز-لەيتتى . ئىككىيلەن يانمۇيان مېڭىشتى ، — ئىنايەت مۇئەللىمدىن سورايدىغان بىر گەپ بار ئىدى ، ئەمگەكتىن يېنىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم .

—نېمىنى سورايتتىڭ ؟

—دېسەم بولمايدۇ ، قەتئىي مەخپىي !

—ۋىيەي ، ماۋۇ گەپنى تېخى !— ئوغۇلخان مەسخىرە قىلغاندەك تۈمشۇقىنى ئۈچلىدى ، — ئۇنداق بولسا نېرىراق ماڭ ، ھېلى بىكار مەخپىيىتىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىپ ، خاپىلىق تارتىپ قالمىغىن !

ئوغۇلخان پىخىلداپ كۈلگەن پېتى ئەسئەتتىن 2 — 3 قەدەم ئۈزاپ كەتتى ، ئەسئەت ئۇنى قوغلاپ يەتتى ۋە :

—ئەگەر سېنى خاپا قىلىدىغان مەخپىيەت بولسىچۇ ؟— دەپ سورىدى .

ئوغۇلخان ئويلىنىپمۇ تۇرماستىن :

—خاتىرجەم بول ، مەن دېگەن خاپىلىقتىن ئون يىل كېيىن تۇغۇلغان ! كەلگەنلا گەپكە خاپا بولسا جان توشامدۇ ؟ ! — دەپ كۆرەڭلىدى .

— مۇشۇ گېپىڭ راست- ھە ؟

—راست بولماي ! مېنى كىم چاغلاۋاتىسەن ؟

— ئەستا ، ھېلى چىدىماسلىق قىلىپ تىللاپ كېتەرسەنمىكىن ؟
— تىللىغۇدەك گەپ قىلساڭ......

ئوغۇلخان يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولدى- يۇ ، ئەسئەتنىڭ كۆزلى-رىدە چاقناۋاتقان غەلىتە ئۇچقۇننى كۆرۈپ قېلىپ تىلى تۇتۇلۇپ كەتتى ، پۇتلىرىمۇ كالۋالىشىۋاتاتتى . ئەسئەت ئۇنىڭ بۇ ھالىنى زاڭ-لىق قىلغۇسى كەلدىمۇ ياكى ئاغزىدىن شۇنداقلا بىر چىقىپ كەتتىمۇ ، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك :

— ماڭا تېگەمسەن ؟ — دېۋەتتى .

— ھۇ ئەسكى ! گېپىنىڭ سەتلىكىنى .

ئوغۇلخان ئىككى قولى بىلەن يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە ، ئۆيى تەرەپ-كە يۈگۈردى .

«ماڭا تېگەمسەن ؟ »

ئۇ ھېچقانداق بىر كىتابتا يېزىلمىغان ، ھېچقانداق بىر كىنو - تىياتىردىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان ھەددىدىن زىيادە قوپال ، ساددا مۇشۇ سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلايتتى . بۇ سۆز تەكرارلىنىۋەرگەنسېرى ، ئۇنىڭ ئوغىسى قايناپ ، ئۆي ئۇنىڭغا تارلىق قىلاتتى . ئۇ باياتىن ئەسئەت تەنتەكلىك قىلىپ ، ئاشۇ سۆزنى ئاغزىدىن چىقارغاندا ، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالمىغىنىغا ئۆكۈنەتتى ، يىغلىغۇسى كې-لەتتى ، لېكىن كۆزلىرىگە ياش كەلمەيتتى . كۈلەي دېسە ، كۈلەلمەيتى-تى ، ئەسئەتنىڭ كېلىشكەن سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى ، ئۇنى جاۋاب بېرىشكە قىستايتتى .

نېمىدەپ جاۋاب بەرسۇن ؟ «تېگىمەن» دەمدۇ ؟ بۇ......

ياق ، ئوغۇلخان ئۇنداق بوشاڭ قىزلاردىن ئەمەس ! خەپ ، ئەتە تاڭ ئاتسۇنچۇ ، ئەسئەت دېگەن بۇ تەنتەكنىڭ ئاللا - تۇۋىسىنى چىقار-مىسا ھېساب ئەمەس !

ئوغۇلخان ئەتىسى تۇرماق ، بىر ھەپتىگىچىمۇ ئەسئەتنىڭ دىدارى-غا تىك بېقىپ قارىيالمىدى ، ئۇنى كۆرسە ئەيمىنىدىغان ، كۆرمىسە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى .

ئوغۇلخان ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغانىدى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە

چىققاندىن بۇيان ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرەتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ نومۇسچان قىزلاردەك ياۋاشلىقى، ئۆگىنىشتە ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق، قەددى - قامەتتە مەكتەپ بويىچە ئۆزگىچىلىكى ئوغۇلخانىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى ئۇنىڭغا مەھكەم چېتىۋەتكەنىدى. ئەمما، ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىزلىكى ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتىكى مەڭگۈ ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭدىن نېرىراق تۇرۇشقا، ئۇ بار جايدا تىلىغا ھاي بېرىپ شەپشەكلىك قىلماسلىققا تىرىشاتتى، ئەمما ھەرقاچان ئۇنىڭغا يوشۇرۇن كۆز سالاتتى. بەزى قىزلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ياكى ئۇ بىرەر قىزغا ئويۇن - چاقچاق قىلسا، شۇئان ئوغۇلخانىنىڭ خۇيى تۇتاتتى، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى، مېڭىسىگە دەرس چۈشمەيتتى. مانا ئەمدى......

ئوغۇلخان ئويلىغانسېرى، ئەسئەتتە ئۆزىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلىق بارلىقىنىمۇ بىلگەندەك قىلدى: بىرەر يىلدىن بۇيان ئوغۇلخان قانداقلا بىر مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلمىسۇن، ئەسئەت ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كەلدى. نەچچە - نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن يوشۇرۇن تەلمۈرۈپ قاراپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغىلى تاس قالدى. ئوغۇلخان بۇنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، باشقىلارغا تاماشا تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن تۇيمىغانغا سالدى. بىرقانچە قېتىم دادۇيدە كىنو - تىياتىر قويۇلغان چاغدا، ئەسئەتنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئويۇندىن كېيىن ئۇنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويغانلىقىچۇ، تېخى!

ئوغۇلخان مۇشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك يېقىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتى، لېكىن بۇلارنى ئەسئەتنىڭ قايسى كۈنكى ھېلىقى سۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ھەپسىلىسى بىر بولدى، ئۈمىد شامى ئۆچۈپ، ئىشق - مۇھەببەت يولىدا قاپقاراڭغۇ غارغا كىرىپ قالغان ناتىۋان مەشۇقتەك ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ئەسئەت بىلەمدىغاندۇ؟ ياق، بىلمەيدۇ!

بۇ ئوغۇلخاننىڭ ئاخىرقى يەكۈنى ئىدى . ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ يەكۈننى چىقارغانكى ،ئۇنىڭ نەزەرىدە ، ئەسئەت ئۆلتۈرسىمۇ ھېلىقىدەك قوپال گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىدىغان يىگىتلەردىن ئەمەس ئىدى . بۇ قېتىم ئۇ ئوغۇلخاننى تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى ، چۈنكى ئۇ يېقىندىن بۇيان ئوغۇلخاننىڭ نەچچە قېتىم ئۆزىگە يوشۇرۇن نەزەر سالغىنىنى تۇيۇپ قالغان ، ئەگەر بۇنىڭغا ۋاقتىدا چەك قويمىسا ، چوقۇم ساۋاقداشلىرى ئالدىدا كۈلكىگە قالىدۇ . راست ئەمەسمۇ ؟ ئوغۇلخان كىم ، ئۇ كىم ؟ !

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئوغۇلخاننىڭ يۈرىكى تاشتەك قاتتى ، ۋۇجۇدىدا شۇنداق زور كۈچ - غەيرەت سەزدىكى ، شۇتاپتا ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان ھەيۋەتلىك ئەجدىھامۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە بىر-تال سازاڭ !

ئوغۇلخان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن يانغاندا پەملەپ تۇرۇپ ئەسئەتنىڭ ئىزىغا چۈشتى . دەل قايسى كۈنكى يەرگە كەلگەندە ئۇنى قوغلاپ يېتىپ ، ئالدىنى توستى- دە ، تىلىنى بىراقلا قويۇۋەتتى .

كۆرۈڭ بۇ ئىشنى ! بەزىدە يولۋاسمۇ توشقاندىن قورقىدىكەن : ئەسئەت ئۇنىڭ تاپا - تەنىلىرىنى سەۋرچانلىق - ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلىدى . ئاخىرىدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ شۇ نەرسىنى ئېيتتىكى ، ئوغۇلخان خىجالەت بولغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاس قالدى .

ئەسئەت ئۇنىڭغا راستىنلا كۆيۈپ قالغانىكەن . ئەمما ، يۈرىكىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي ، يىللارنى ، ئايلارنى ، كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ . خەت يازاي دېسە ، ئۇنىڭ رەت قىلىشى ، ھەتتا خەتنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆزىنى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا كۈلكىگە قويۇشىدىن ئەنسىرەپتۇ .

ئوغۇلخان ئۇنى كەچۈردى . ئىككىيلەن قەلبىنى ، جىسمىنى مەڭگۈ بىر - بىرىگە چېتىشقا ۋەدىلەشتى .

ئوغۇلخاننىڭ نورۇزنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى .

ئەسئەت ئالىي مەكتەپكە كەتتى . ئوغۇلخاننىڭ قولى ئىككى كوي

كۆرسە ، بىر كويىنى ئەسئەتكە سوۋغا ـ سالام قىلدى . ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز تەقەززالىق بىلەن كۈتتى . تۆت يىلغىچە ئۇنىڭ خېتى بىلەن سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ ، دىدارىنى كۆرەلمىدى ، چۈنكى ئەسئەتنىڭ قولى قىسقا ئىدى . قىشلىق ، يازلىق تەتىللەردە مەدىكار ـ چىلىق قىلىپ ، كىيىم ـ كېچەك ، دەپتەر ـ قەلەمنىڭ غېمىنى قىلمى ـ سا بولمايتتى . ئوغۇلخان ئۇنى تۆت يىل كۈتتى . تۆتىنچى يىلى ئۇچمە تومۇزىدا ئەسئەتنىڭ ئانىسى ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى . بۇ دەل ئەسئەت يىللىق ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغ ئىدى . ئاچىلىرى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىشمىدى . لېكىن ، ئەسئەت بەرىبىر خەۋەر تاپتى ، ئانىسىنىڭ قىرىقىغا ئۇلگۈرۈپ يېتىپ كەلدى . بۇ تەتىل كۈنلىرى ئىدى . ئەسئەت تەتىل ۋاقتى توشقۇچە ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇدى . ئوغۇلخان بىلەن ئۇچرىشىپ هال ـ مۇڭ بولدى . ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئەمەلىي ياردىمى تېگىدىغان تەكلىپ ـ مەسلىھەتلەرنى بەردى . ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالى ، ھەۋىسى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى توغرۇ ـ لۇق سۆزلىدى . بىر كۈنى ئۇلار «بەلگىلىك جاي» (ئۇلار بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە ئاشۇنداق نام قويۇۋېلىشقانىدى ) يەنى ئوغۇلخان بىر چاغدا نورۇزنىڭ ھېلىقى خېتىنى ئوقۇغان يىلتىز ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ ، ئەلياتقۇغىچە مۇڭداشتى .

— مەكتەپنىڭ رايىغا باقسام ، — دېدى ئەسئەت سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — مېنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالىدىغاندەك .

— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ ! — ئوغۇلخان ئۇنىڭ گېـپىدىـنى بـۆلدى ، — شۇ يەردە قالساڭ بولمامدۇ ؟

— نېمە ، سەنچۇ ؟

— مەن……

— يا نوپۇسۇڭنى شەھەرگە يۆتكىگىلى بولمىسا…… ئىككىمىز مەڭگۇ ئىككى جايدا تۇرامدۇق ؟ ياق ، ھەرگىزمۇ ئۇ يەردە قالمايمەن !

— ئىشەنمەيمەن .

— قاراپ تۇر ، ئوقۇشۇم پۈتسۈنچۇ ، ئەپلاتونىنىڭ زەنجىرىدە

پۇت- قولۇمنى باغلاپ قويسىمۇ، ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرمايمەن!

— قېنى، شۇ چاغدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېيىشەرمىز.

— بۇ گەپنىمۇ ئوبدان دەپ قويدۇڭ. كۈتۈپ تۇر، يا ئۇ يەردە قالارمەن، يا قانات ياساپ ئۇچۇپ، ئۇدۇللا بېغىڭغا كېلىپ قونارمەن.

ئوغۇلخاننىڭ يۈرەكنى ئويناتقۇچى شوخ كۈلكە ئاۋازى قىزىل سۈيىنىڭ كەپسىز دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، يىراق - يىراقلارغا كەتتى. ئۇ كۈلۈۋەرگەنسېرى، پۈتۈن ئەزاسى تەڭ سىلكىنىپ، ئۇ يەر- بۇ يېرى ئەسئەتنىڭ بەدىنىگە تېگىپ، قېنىنى ئۇرغۇتاتتى، يۈرىكىنى ئويناتاتتى.

ئاخىر ئۇنىڭ تاقىتى چېكىگە يەتتى: ئوغۇلخان بىخەستە ئولتۇرغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئىككىنچى قولىنى بېلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەسئەتنىڭ قوللىرى ۋۇجۇدىدا ئويغاتقان غەلىتە بىر ئىللىق سېزىم ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى غىدىقلاپ، يۈرىكىنى ئويناتماقتا ئىدى. ئۇ مەست ئىدى، ئىزانىمۇ، تارتىنىشنىمۇ، نازىنىمۇ، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى!......

ئوغۇلخان تارتىنىپراق يۈزلىرىنى ئەسئەتكە يېقىنلاشتۇردى.

ئاھ!...... ئەسئەتنىڭ يالقۇنلۇق نەپەسى ئوغۇلخاننىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى. يۈزلىرى ئارقىلىق يۈرىكىنى مىڭ تونۇرنىڭ ئوتىدەك ھارارەت بىلەن كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

ئوغۇلخان بۇلۇتسىز ئاسماندا لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئەگىم قاشلىرىدەك ھىلال ئايدىن ئۇيالدى. ياق، بەلكى ئەسئەتنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد، ھاياجان، ئىنتىلىش بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئۇيالغاندۇر؟

ئوغۇلخان كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئەسئەتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتمەكچى، ئۇنى يەنە بىر يىلدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك قوشۇلۇشنىڭ يادنامىسى قىلماقچىدى.

لېكىن، ئىش ئۇنداق بولمىدى: ئوغۇلخان بىرلا يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇنى «قىزلارنىڭ ئادەتتىكى نازى» دەپ چۈشەنگەن ئەسئەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەم يېپىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا

ئورنىدىن تۇردى . ئۇلار تىزىغىچە سۇ ئىچىدە تۇراتتى . ئوغۇلخان بىردەم ئۇن - تىنسىز تىرەجەپ بېقىپ ، ئەسئەت ئاران ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا :

— ئەسئەت ، ئۇنداق قىلما !— دەپ يېلىندى ۋە بوش قولى بىلەن ئەسئەتنىڭ كۆكسىدىن يەڭگىلگىنە ئىتتەردى ، — سەندىن خۇش بو-لاي .

— نېمىشقا ؟— بۇنداق تاسادىپىي قارشىلىقتىن ئەس - ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغان ئەسئەت قىلچە بوشاشمىدى . ئوغۇلخانغا يېپىش-قىنى يېپىشقانىدى .

— ياق ، ئەسئەت ، ئۇنداق......

— نېمىشقا ؟

— سەن ئوقۇغۇچى ، ئوقۇغۇچى تۇرۇپ......

«سەن ئوقۇغۇچى !» ، «سەن ئوقۇغۇچى !» ، «سەن ئوقۇغۇ-چى !»

غەربتىن شەرققە قاراپ تىنىمسىز شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ ، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان قىزىل دەرياسىمۇ ئەنە شۇ سادانى تەكرارلا-ۋاتاتتى !

بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتقان ئىسسىق تومۇز شامىلىمۇ ئەنە شۇ سادانى تەكرارلاۋاتاتتى !

يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى ، تۈن قۇشلىرىنىڭ سايراشلىرى ، مۇشۇ ئەتراپتىكى مۇشۇ كۆرۈنۈشكە تاسادىپىي گۇۋاھچى بولۇپ قالغان ھەممە - ھەممە نەرسە مۇشۇ سادانى تەكرارلىماقتا ئىدى !

«سەن ئوقۇغۇچى !»

ئەسئەت بۇ سۆزنىڭ سالمىقىدىن چۆچۈپ كەتتى . چۈنكى ، بۇ چاقچاقمۇ ئەمەس ، نازمۇ ئەمەس ، بەلكى ئوغۇلخاننىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى . يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ قەلب ئۆچىقىدا يوشۇرۇن تاۋلانغان يىگىتلىك تۇيغۇغا ئۇرۇلغان قاتتىق بىر تەستەك ئىدى !

ئەسئەت چىدىمىدى . ئۇنىڭ يىگىتلىك غورۇرى ئۈستۈن كەلدى . ئۇ قوللىرىنى ئوغۇلخاندىن بوشاتتى- دە ، شالاپشىتىپ سۇ كېچىپ

قىرغاققا چىقىپ ، ئۇدۇللا مەھەللە تەرەپكە يول ئالدى . نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئوغۇلخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىكىلىپ بىر مىنۇتچە تۇرۇپ قالدى . كېيىن ئېسىنى يىغىپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچتى . سۇ بىلەن ھۆللىنىپ ، پاچاقلىرىغا چاپلىشىپ كەتكەن كۆڭ- لىكىنىڭ تۇسالغۇلۇق قىلىشى ، ئىچى سۇغا تولغان كەشىنىڭ ھەر قەدەمدە «شالاق - شالاق» قىلىپ ، پۇتىدىن چىقىپ كېتىشلىرى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى .

ئۇ شېغىللار ، ئوت - چۆپلەر ئۇستىدە مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ ، دەريا بويىلاپ كەڭ سوزۇلغان شال ئېت- ىزلىرى ئارىسىدا ئەسئەتنى قوغلاپ يەتتى . ئۇنىڭغا مۇنداق جۇرئەت نەدىن كەلدىكىنتاڭ ، قىلچە قورۇنماستىن ئەسئەتنىڭ قولىغا ئېسىل- دى .

— ماڭا قارىغىنا ئەسئەت !

ئەسئەت توختىدى . قولىنى تارتىپمۇ ئالمىدى . «شارتتىدە» كەي- نىگە بۇرۇلۇپ ، ئۆزگە يات ، غەلىتە قوپال بىر ئاۋازدا سورىدى :

— نېمە دەيسەن ؟ !

ئوغۇلخان قىلچە تەمتىرىمىدى . سالماق تەلەپپۇزدا سورىدى :

— مەندىن رەنجىدىڭمۇ ؟

— ......

— ماڭا قارا ، ئەسئەت !

— ساڭا قارىماي ، كىمگە قاراپتىمەن ؟ نېمە گېپىڭ بولسا دەۋەر- مەمسەن ! ؟

ئوغۇلخان بىرپەس شۈك تۇرغاندىن كېيىن ، تۇيۇقسىز سورىدى :

— نېمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىسەن ؟

— كىمنى كىم تاشلاپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى مەندىن ياخشى- راق بىلىدىغانسەن ! ؟

— تاشلاپ كېتىدىغان ئادەم ،كەينىڭدىن قوغلاپ يۈرمەس ! ؟

— ھىم ......— ئەسئەت دىمىغىنى قاقتى ، — قىلىۋاتقان گېپى- نى ! تۆت يىل سېغىنىپ كۈتكىنىمگە يارىشا ، ناھايىتى ئوبدان مۇكا-

پات بەردىڭ ، رەھمەت !

— ئۇنداق دېمە . سەندىن خۇش بولاي ، ھەرگىز ئۇنداق دېمە .

ئوغۇلخان يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ، ئۇنى قايىل قىلماقچى ، ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانىدى ، لېكىن ئويلىغانلىرىنىڭ بىرىنىمۇ تاپالمىدى . گەپنى ئەگىتىپ يۈرۈپ ، باياتىنقى جىددىيلىكنى بىرئاز باسقاندەك قىلدى . شۇنداقتىمۇ ، ھەر ئىككىيلەننىڭ گەپ - سۆزلىرى ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىۋالا قولىشىپ كەتمىدى . مەھەللىگە يېقىنلاشقانسېرى گەپمۇ ئۈزۈلدى . ئەسئەت نېمىلەرنى ئويلىدىكىنتاڭ ، ئوغۇلخان : «چىن مۇھەببەتنىڭ لەززىتى ئاشىق - مەشۇقنىڭ بىر - بىرىنى چىدام - غەيرەت بىلەن كۈتۈشى ، سېغىنىشى ۋە ئەسلىشىدە . بۇگۈن بىر - بىرىگە كۆيۈشۈپ ، ئەتىسىدىن باشلاپلا قىلىقسىزلىق قىلىشسا ، توي كېچىسى ۋە تويدىن كېيىنكى ئۇزاققا سوزۇلغان شېرىن كۈنلەر ، ئايلارنى ئارزۇلاشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ !»دېگەنگە ئوخشاش كىتابىي گەپلەرنى ئويلايتتى . ئويلايتتىلا ئەمەس ، بۇ ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئىدى . دۇرۇس ، ھەرقانداق ئەقىدە نىسپىي بولىدۇ . ئوغۇلخان بۇ ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچەلەيتتى ، بولۇپمۇ ئەسئەتنىڭ كۆڭلى ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرى ئۇنى بۇ ئەقىدىسىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتۈرەلەيتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ باياتىنقى قىلىقى بىلەن ئەسئەتنى رەنجىتىپ قويغىنى ئۈچۈن ، بۇ ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارلانغان ؛ ئەسئەتنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشقا ، بارلىق ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا تولۇق تاپشۇرۇشقا تەييارلىنىپ قويغانىدى ،لېكىن......

نېمىسىنى دەيسىز ، ئەسئەت ئەمدى ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋالغان ، ھەتتا ئۆزىنىڭ باياتىنقى نالايىق ئىشىنى ئوغۇلخاننىڭ كەچۈرگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى .

ئۇ بوشاپ قالدى . بىر قولى ئوغۇلخاننىڭ ئالقىنىدا ئىدى . ئۇ قولىنى تارتىپ ئالمىدى ، ئوغۇلخانمۇ قويۇۋەتمىدى . بىر جۈپ قولدىن تارالغان ئىللىق ئېقىم ھەر ئىككىيلەننىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ مەھكەم چاتماقتا ئىدى .

ئۇلار باياتىنقى ئىشنى ئۇنتۇشقانىدى . ئىككىيلەن قول تۇتۇ-
شۇپ ، كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق مۇڭداشقاچ ، يەڭگىل قەدەم-
لەر بىلەن مەھەللە تەرەپكە يول ئالدى .

توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن ئەسئەت مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتى ،
ئوغۇلخان ئۇنى ئېشەك هارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ۋىلايەتلىك يولۇچى-
لار بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى . ئاپتوبۇس قوزغىلىدىغان چاغدا ،
ئوغۇلخان ئەسئەتنىڭ قولىغا بىر دانە كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا
ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى . ئەسئەت تېگىرقىغىنىدىن كونۋېرتنى مەھكەم
سىقىمداپ ئۇنىڭ كەينىدىن تەلمۈردى . ئاپتوبۇس بېكەتنىڭ دەۋازىسى-
دىن چىقىۋاتقاندا ، ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئاخىرقى قېتىم ئۇچراش-
تى : ئوغۇلخاننىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇرات-
تى .

بىر سائەتتىن كېيىن ئەسئەتنىڭ ھەمراھى ئۇيقۇغا كەتتى . ئەس-
ئەت كونۋېرتنى پەم بىلەن ئېچىپ ، خەتكە كۆز يۈگۈرتتى . خەت بەش
قۇرلا بولۇپ ، ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغانىدى :

«ئەسئەت ، جېنىم ! بۇ قېتىم سېنى رازى قىلمىغىنىمغا بەكمۇ
خىجىلمەن...... ئوبدان ئوقۇ ، ئوقۇشۇڭ قايسى كۈنى تاماملانسا
(مېنى دەپ سالمىلىقتا كەلسەڭلا ) ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جېنىم-
نىمۇ ، تېنىمنىمۇ پۈتۈنلەي سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرىدىغانلى-
قىمغا ئىشەن !......

ئوغۇلخان

1984 - يىل 8- ئاينىڭ 23- كۈنى»

ئەسئەتنىڭ ۋەسۋەسە ئىلكىدە بۇرۇقتۇرما بولغان يۈرىكى خۇشال-
لىقتىن ئويناپ كەتتى .

## تەستەك

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۆتكەن بىر يىل ۋىسال ئورنىنى

ھىجران ، مۇھەببەت ئورنىنى غەزەپ ـ نەپرەت ئىگىلىگەن بىر يىل بولدى . بۇ بىر يىلدا ، ئەسئەت ئوغۇلخانغا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ كەتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا ، ئەسئەتنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ياناتتى ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى . پەيتى كەلسە ، ئوغۇلخاننى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ يۈزىگە «شالاققىدە» تۈكۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . شۇ ئارقىلىق ، ئوغۇلخان تەرىپىدىن ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغان يىگىتلىك غۇرۇرىنى يېڭىباشتىن تىكلەپ ، ئوغۇلخاننىڭ رەسۋايىنى چىقىرىپ ، سالمىلىقتا باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىشكە تەييار ـ لاندى . ئەسلىدە ئەسئەت بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردىلا مەقسىتىگە يەتكەنمۇ بولاتتى ـ يۇ ، لېكىن نەچچە كۈن قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئويلىنىش نەتىجىسىدە ، بۇ خىيالدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى ، ئۆزىنىڭ ياخشى خۇلقى ، پاك ئەخلاقى ، ئاجايىپ كەڭ قورساق يىگىت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ، ئوغۇلخاننى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماس قىلىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى . مۇنداق قىلغاندا ، ئوغۇلخان ئالدىدا ـ مۇ ، ئەھلى يۇرت ئالدىدىمۇ يۈزى يورۇق بولاتتى .

ئۇ شۇنداق قىلدى . ئۆتكەن يىلى ئاچىلىرىنى يوقلىغىلى كەلمىدى . بۇ يىلمۇ كەلمەكچى ئەمەس ئىدى ، لېكىن كەلمىسە زادى بولمايدىغان بىر ئىش ئۇنى بۇ يەرگە سۆرەپ كەلدى . كېلىپلا ئوغۇل ـ خاننىڭ تېخىچە ئەرسىز يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى .

«بۇ قانداق ئىش ؟ ئۇ ھېلىقى خەتنى قانداق مەقسەت بىلەن يازغان ؟ مېنى سىناپ باقماقچى بولغان بولسا ، مەن يەڭگىللىك قى ـ لىپ ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدۈممۇ ، يا ؟ »

مۇشۇنداق باش ـ ئۇچى يوق سوئاللار ئەسئەتنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇنى يىقىتىپ قويغىلى تاس قالدى . چوڭ ئاچىسىنىڭ شۇنداق ئوخشىتىپ ئەتكەن تامىقى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېتىمىدى . ئىللىق گەپلىرى قۇلىقىغا ياقمىدى . ئۇ ئۇتتۇر تۈگمەنبېشى تەرەپكە كەتتى .

ئۇ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئەسمىتىللا ئاكىنى يوقلاپ ، ئېپى كەلسە ئوغۇلخان بىلەنمۇ تۆت ئېغىز سۆزلىشىپ بەزى سىرلارنى ئۇقۇپ بېقىشقا ؛ يۈز تۇرانە تۇرۇپ ، قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشقا ئالدى ـ

رىغانىدى . مانا ، ئوغۇلخانمۇ ئالدىدا تۇرۇپتۇ ، ھەتتا كۆزلىرىگە ئۇ-
دۇل قاراپ تۇرۇپتۇ . ئەتراپتا بۆلەك ھېچكىم يوق . كۆز يېتىم يەردە
پادا بېقىۋاتقان ئاۋۇ بالىلار ئۇلارنى كۆرمەيدۇ . بۇنداق ئەپچىل پۇر-
سەت يەنە قاچان تېپىلىدۇ ؟ ئەسئەت مۇنداق ئەزمىلىك قىلماي ، ئو-
غۇلخاندىن سورايدىغانلىرىنى سورىسا بولمامدىغاندۇ ؟

ئەسئەت ئۆزىگە مۇشۇ سوئاللارنى قويۇۋاتقان بولسىمۇ ، تىلى
تامقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ، دېمەكچى بولغانلىرى زادىلا ئاغزىدىن
چىققىلى ئۇنىمايۋاتاتتى . نېمە ئۈچۈن ؟

بۇنى ئەسئەتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئوغۇلخانغا مىختەك قادال-
غان كۆزلىرىدە بىر نۇقتا ئېنىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ
كاللىسىدا مۇنداق بىر ۋەقە ھۆكۈمران ئىدى :

ئۇ بۇلتۇر ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى ئوغۇلخاندىن بىر پارچە خەت
ۋە 100يۈەن قىممىتىدىكى پوسۇلكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋال-
دى . خەتنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ئەسئەت ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ
خىجىل بولدى . چۈنكى ، ئەسئەت ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بۇيان ، ئىز-
چىل ئوغۇلخاننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشىپ تۇر-
دى . ئوغۇلخان بېيىغانسېرى ئەسئەتكە ئەۋەتىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ
تۈرى كۆپەيدى ، قىممىتىمۇ ئاشتى . مەكتەپنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى-
غىلا تايىنىپ ئوقۇۋاتقان ئەسئەتنى «قاتارغا قوشقان» قوشلاپ شىم-
كاستۇم ، قىممەت باھالىق چىمەن دوپپا ، خۇرۇم بەتىنكىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى ئوغۇلخاننىڭ سوۋغىسى دېيىشكە بولاتتى . ئەسئەت بۇنىڭدىن
خىجىل ئىدى ، ھەر قېتىملىق خېتىدە ئوغۇلخاننى مۇنداق قىلماسلىققا
دالالەت قىلاتتى ، ھەتتا : «يەنە بىرنەرسە ئەۋەتىدىغان بولساڭ قايتۇرۇ-
ۋېتىمەن !» دەپ پوپوزا قىلاتتى . ئوغۇلخان جاۋاب خېتىدە : «قاچان
شۇنداق قىلىدىكەنسەن ،شۇ كۈندىن باشلاپ ئارىمىز ئۈچۈق ، بىلىپ
قويغىنكى ، مېنىڭ سوۋغىلىرىمنى قايتۇرۇۋەتكىنىڭ — مېنى تاشلى-
ۋەتكىنىڭ !» دەپ تەھدىت سالاتتى . ئەسئەت بۇنداق قۇرلارنى كۆر-
گەندە ،ئۆزاقىچە ھاياجىنىنى باسالماي قالاتتى ، ئوغۇلخاننى تېخىمۇ
سېغىناتتى . ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ، مېھىر - مۇھەببىتى تېخىمۇ

ئاشاتتى .تېزرەك ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ،ئانا يۇرتىغا — چىن قەلبىدىن سۆيگەن ۋاپادارى ئوغۇلخاننىڭ يېنىغا قانات ياساپ ئۇچۇشقا ئالدىرايتـ-تى . كۈنلەرنى ، ئايلارنى سانايتتى . بېرىلىپ ئوقۇپ ، ئوغۇلخاننىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان شەپقىتىگە ئەمەلىي ئوقۇش نەتىجىسى ، شۇنداقلا چەكسىز ساداقىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى ۋە ئەمە-لىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىۋاتاتتى : مانا ئۇ سىنىپتىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى . پارتىيەگە كىردى ،گېزىت-ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ جامائەتچىلىككە تونۇل-دى . لېكىن ، ئۇ يەنىلا كەمتەر ئىدى . ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن قىزلارغا نەزەرمۇ سالمايتتى . شۇ سەۋەبلىك «دەرۋىش» دې-گەن نامنىمۇ ئالغانىدى .

هازىر ئۇ ئۆز مەكتىپىدە پىراكتىكا كۆرۈۋاتاتتى . يەنە ئىككى-ئۈچ ئايدا ئوغۇلخاننىڭ قېشىغا چوقۇم يېتىپ بارىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر جان ، بىر تەن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، چەكسىز هاياجان ئىلكىدە يۈرۈۋاتاتتى . مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئوغۇلخاندىن كەلگەن خەت ئۇنى نېمىشقا خۇشال قىلمىسۇن !

ئەسئەت مەكتەپ بېغىدىكى خالىيراق بىر جايغا بېرىپ كونۋېرتنى ئاچتى- دە ، خەتنى ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى :

«ساۋاقدىشىم ئەسئەت !— دەپ باشلىغانىدى ئوغۇلخان ، — سالامەت تۇرغانسەن ؟ پىراكتىكاڭ ئۇنۇملۇك ، كۆڭلۈڭ خۇشال ئۆتۈ-ۋاتقاندۇر ؟ مەن چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ! مەن بۇرۇن ‹شەيئىلەر ئۆزگىرىدۇ ، ئادەم ئۆزگىرىدۇ › دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى تازا چۈشەنمەپتىكەنمەن ، يېقىندا چۈشەندىم . يەنە كېلىپ سەن چۈشەندۇردۇڭ ! توۋا ، سېنى مۇنداق قىلار دەپ زادىلا ئويلىماپ-تىكەنمەن ! گېپىمنى قىسقارتاي ، سەن ئۆتكەن يىلى كەلگەن چېغىڭ-دىمۇ ، بۇ يىل 3 ـ ئايدا يازغان خېتىڭدىمۇ : ئەگەر مېنى دېمەيدىغان بولساڭ ، سالمىلىققا زادىلا ئاياغ باسقۇڭ يوقلۇقى ؛ ئۆز مەكتىپىڭدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىڭنى قايتا ـ قايتا ئىزهار قىلغانىدىڭ . ئۇ چاغدا مەن بۇ گېپىڭنىڭ تېگىدە قانداق غەرەز يوشۇ-

رۇنۇپ ياتقانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن . ئەمدى بىلدىم ، سېنىڭ ئالىبۇرۇن نىيىتىڭ بۇزۇلغانىكەن !...... ئىسىت ، ساڭا باغلىغان ئەقىدەم ! ئىسىت ، سېنى سېغىنىپ كېچىلىرى تو-رۇسقا ، كۈندۈزلىرى يولۇڭغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىم ! بولدى ، بىل-دىم ! ھەممىنى بىلدىم ! ئەمدى ئۆزۈڭنى ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بولما ! ئوچۇق ئېيتىپ قوياي ، بۇنىڭدىن كېيىن گەپلىرىڭنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىم ، خەتلىرىڭنى ئوقۇيدىغان كۆزۈم يوق ! چولاڭ تەگسە ، بول-غۇسى تويۇمغا قاتنىشىپ بېرەرسەن !

ساۋاقدىشىڭ ئوغۇلخان

1985- يىل 5- ئاينىڭ 8-كۈنى . »

ئەسئەتنىڭ مېڭىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقتى ، ئۇ ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى . مېڭىسى مۇزلاپ قالغان-دەك ھېچ نەرسىنى ئويلاشقا قۇربى يەتمەيتتى . چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، كەينى - كەينىدىن «ئۇھ» تارتاتتى .

قانچىلىك ۋاقىتنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزدىكىنتاڭ ، ئاخىر كۆزلىرد-نى ئاچتى . قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان . ھاۋا نەمخۇش ئىدى ، بىر توپ قارا بۇلۇت ئەسئەتنىڭ بېشى ئۈستىدىلا لەيلەپ يۈرەتتى . ئەسئەت ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . كۆز ئالدىدا مۇنۇ ھالەت ئايان بولدى :

— ئەسئەت ،— دېگەندى ئوغۇلخان ئوقۇشقا مېڭىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ھېلىقى «بەلگىلىك جاي»دا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ،— مېنىڭ نېمىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىمنى بىلەمسەن ؟

ئەسئەت ھەيران بولغىنىدىن ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەر-دى :

— نېمىدىن ئەنسىرەيسەن ؟

— سېنىڭ مېنى تاشلىۋېتىشىڭدىن .

— ھە !...... نېمانداق يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن ؟

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، ئەسئەت ! مەن ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزى شەھەرگە ئوقۇشقا كېتىپ ، لايىقى يېزىدا قالغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپتىن لايىق تېپىپ ،

يېزىدىكى لايىقىنى تاشلىۋېتىدىكەن . ئەگەر سەنمۇ......

— ھا ـ ھا ـ ھا ! ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پۈتۈنلەي بەدىئىي توقۇلما — يازغۇچى ياساپ چىققان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك ، قىلىۋاتقان گېپىنى قارا ! ھا ـ ھا ـ ھا ! خاتىرجەم بول ، مەن ھايات ئادەممەن . ۋىجدانىم ، ئەقىدەم بىلەن ياشاشنى بىلىمەن ! مەرتىۋەم ئۆسۈپ ئاسمانغا چىقىپ كەتسەممۇ يەنە سېنىڭ پۈتلىرىڭ ئاستىغا چۈشىمەن !

— تازا تېرىكتىڭ ـ ھە ؟ خاپا بولما . مەن بۇ گەپنى سېنى تېرىك-تۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىم يوق . راست گەپ ، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئىككىمىز بىرەر يازغۇچىنىڭ ئاشۇنداق ھېكايىلەرنى توقۇشىغا دەسمايە تېپىپ بەرمەيلى .

ئۇلار ۋەدىلەشتى .

كېيىنكى كۈنلەردە ، ئەسئەت ئوغۇلخاننىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى پات ـ پات ئەسلەپ ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى سەممىي ـ سادىقلىق بىلەن ئاقلاپ كەلدى . مانا ئەمدى ئوغۇلخان ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ . ئۇنى «نىيىتى بۇزۇق» دەپ تىللاۋاتىدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ ، بولغۇسى تويىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ !

ئەسئەت ياتاققا كىرىپ ، قولىغا قەلەم ئالغان چاغدا ، بىردىنلا نورۇز كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى .

— «شۇ ، چوقۇم شۇ ئازدۇردى !— دېدى ئەسئەت ئىچىدە خىتاب قىلىپ ، — ھۇ ، ۋىجدانسىز ئەبلەخ ! شۇنىمۇ دوستۇم دەپ يۈرۈپتى-مەن تېخى...... »

ئەسئەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ، ئوغۇلخاننىڭ ھېلىقى كېچىسى ئۇنىڭ گېپىگە ئۇنىماي قىلغانلىرىنى باياتىن ئويلىغانلىرى بىلەن چاتقانىدى ، سىر تېخىمۇ ئاشكارىلاندى : ئوغۇلخان ئاللىبۇرۇنلا نو-رۇزنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان ، ئۇنى سۆيگەن . لېكىن ، ساختىپەز-لىك قىلىپ چاندۇرمىغان !

ئەسئەت ئاچچىقىدا قەغەزنى پۇرلەپ ، ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋې-تىپ ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى . بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ بېقىپ ،

ئچى سىقىلغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تالاغا چىقىپ ئايلاندى، بىر ساۋاقدىشىدىن تاماكا سوراپ چەكتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تاماكا چېكىشى ئىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ «بەڭگە»لەر قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. دەرستىن چۈشىسىلا، ئۆزمەي تاماكا چېكەتتى، يالغۇز يەرگە بېرىۋېلىپ خىيال سۈرەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتى، مۇزلىدى. ئوغۇلخانغا خەت يېزىپ، ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش نىيىتىدىن پۈتۈنلەي ياندى. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دەپ، ئوغۇلخان ئۇنى تاشلاپ، ئاللىقاچان نورۇزنىڭ ئىلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۇچۇنمۇ؟ ئەگەر ئوغۇلخان ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتى ۋە نورۇزنىڭ ساختىپەزلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئەسئەتتىن كەچۈرۈم سورىسىغۇ، خۇداغا شۈكۈر، بولمىسا ئەسئەت تېخىمۇ چوڭراق كۈلكىگە قالامدۇ؟! ئەسئەت ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس! ئۇ تېخى پوچتىخانىدىن ئەكىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن خالتىنى ئوغۇلخانغا قايتۇرۇۋەتتى. خەت يازمىدى.

ئەسئەت مەكتەپنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. تەتىلدە سالمىلىقتا بارمىدى. گۇلبەھرەممۇ مەكتەپكە ئېلىپ قېلىنغانىدى. ئۇلار بىر كافېدرادا ئىشلەش جەريانىدا ئەسئەتنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا ئاغدى. ئەسئەتنىڭ پىراقىدا ئۇزاق يىل كۆيۈپ يۈرگەن بۇ قىز ئاخىر مۇرادىغا يەتتى. ئەسئەت ئۇنىڭ بولدى! ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماستىن ئوغۇلخانغا خەت يېزىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن ۋاقىپلاندۇردى (ئۇ ئەسئەت بىلەن ئوغۇلخان ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى). ئوغۇلخان جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى. ئەسئەتنى بولۇشىغا ماختاپ، ئۇنى ئەسئەتكە سادىق بولۇشقا ئۈندىدى. ئۇلار ئىلگىرىمۇ خەت يېزىشىپ تۇراتتى. لېكىن، ھازىرقىدەك بۇنچىۋالا كۆپ يېزىشمايتتى. ھازىر ھەپتىسىگە بىر پارچە خەت ئالماشتۇرىدۇ دېسە لاپ بولمايتتى. لېكىن، ئوغۇلخان ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە يازمايتتى. ئاشۇنداق خەتلەرنىڭ

بىرىنى ئەسئەت كۆرۈپ قېلىپ ، نەچچە كۈنگىچە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى . بۇنى گۈلبەھرەمگە تۇيدۇرمىدى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ئوغۇلخان-نىڭ يازغانلىرى گۈلبەھرەمگە قىلىنغان يوشۇرۇن تەنە ئىدى .

بۇ قېتىم ئۇنىڭ سالمىلىققا كېلىشى گۈلبەھرەم بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئىدى .

«ئوغۇلخان كۆرۈپ قويسۇن ، ئەسئەتنىڭ يېتەرلىك بىلىمى ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورنى ، ئىززەت - ئابرۇيى بار ، ئوغۇلخاندەك پۇلپەرەسلەر ئۇنى نامرات چاغلاپ يۈز ئۆرۈگىنى بىلەن ، گۈلبەھرەمگە ئوخشاش بىلىم ئەھلىلىرى ئۇنى چېكىسىگە گۈل قىلىپ قىسىدۇ ، پېشىدە ناماز ئوقۇيدۇ .»

بۇ ئەسئەتنىڭ ئەڭ چوڭ مۇددىئاسى ، شۇنداقلا ئوغۇلخان ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە ئۇرغان تەستەككە جاۋابەن ئۇرماقچى بولغان تەستەك ئىدى .

ئەسئەتنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، ئاغزىدىن ماۋۇ سوئال ئېتىلىپ چىقتى :

— كىم بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىسەن ؟

— ھېچكىم بىلەن .

ئوغۇلخاننىڭ تېنىمەيلا بەرگەن بۇ جاۋابى ئەسئەتنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايناتتى .

— نېمە ! ؟ — دېدى ئۇ خۇدىنى يوقاتقاندەك ۋارقىراپ ، — ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن دېدىڭمۇ ؟

— ھەئە .

— يالغان !

— راست .

— ئەمىسە ، مېنى تويغا چىللاپ خەت يازغاندا ، كىم بىلەن توي قىلىشقا پۇتۇشكەندىڭ ؟

— ھېچكىم بىلەن ؟

— يالغان سۆزلىمە !

— راست گەپ .

ئەسئەتنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى چىلىق - چىلىق تەر باستى. ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن يانچۇقلىرىنى ئاختۇ-رۇپ، ئوغۇلخاننىڭ بۇلتۇر يازغان ھېلىقى خېتىنى ئالدى- دە، «چولاڭ تەگسە، بولغۇسى تويۇمغا قاتنىشىپ بېرەرسەن!» دېگەن جۈملىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بۇچۇ؟ بۇمۇ يالغانما؟

— يالغان.

— ھە!؟

— ماڭا قارا، ئەسئەت، — ئوغۇلخان قەددىنى رۇسلاپ، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئىلتىجا قىلدى، — مۇنداق چېچىلىۋەرسەڭ، ھەر ئىككىمىزگە پايدىسىز. ئەگەر سەن مۇشۇ خەتنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىمنى بىلىشكە راستىنلا قىزىقساڭ، ئۆزۈڭنى بېسىپ ئولتۇرۇپ گېپىمگە قۇلاق سال. مەن ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟ بېرى كەل، ماۋۇ كونا جايىمىزدا ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى. «باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا، سۆز - چۆچەك قىلىدۇ» دەپ ئەنسىرەۋاتامە-سەن؟ قورقما! كەل، تارتىنماي يېنىمدا ئولتۇر!

ئوغۇلخان سۆزلىگەچ، ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىم ئولتۇرۇپ باق-مىغان ھېلىقى يىلتىزنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇردى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى دەريا سۈيى ئۆشتۈمتۈت سوغالغاچ، يىلتىزنىڭ ئەتراپىدىكى قۇممۇ قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئوغۇلخاننىڭ كۆزلىرى ئەسئەتتە ئىدى. ئەسئەتنىڭ چىرايى يەنىلا ئۆمسىلەڭ بولسىمۇ، تۇرقىدىن بىرئاز بو-شاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەسئەت ئاخىر ئوغۇلخاننىڭ رايىغا باقتى: بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. يانچۇ-قىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

## بۇ كومېدىيە ئەمەس

نورۇزنىڭ ياردىمى بىلەن ئوغۇلخاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ يۈرۈ-شۈپ كەتتى.

ئەلۋەتتە ، ئوغۇلخان پۇل تېپىش كويىدىلا بولۇپ كەتكىنى يوق . ئۇ ئەزەلدىن كىتاب خۇمارى ئىدى . قورساقى 1 — 2 كۈن ئاچ قالسىمۇ چىدايتتىكى ، يېڭى نەشردىن چىققان بىرەر ياخشى كىتابنى كۆرەلمەي قالسا كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى . ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىن- نىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىگە مۇشتەرى . ئۇ مۇشۇ «دەسمايە» سىگە تايىنىپ ئەقىل تاپقان ، يول تاپقان ، بېيىغان ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇ «دەسمايە» گە تايىنىپ ئەقىل تېپىشى ، پۇل تېپىپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ، زاۋۇتقا يانداپ بىر ئېغىز ئۆي سالدۇرۇپ ، نۇرغۇن كىتاب - ژۇرناللارنى رەت - رېتى بىلەن تىزىۋەتكەن . ئۇنىڭ چۆپقەتلىرى نۆۋەت كۈتكۈچە ئارىلىقتا بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ، خالىغان كىتابلارنى ئوقۇيدۇ ، گېزىت - ژۇرنال كۆرى- دۇ . تېخى دامكا ، شاھماتمۇ ئوينايدۇ . ئوغۇلخانمۇ سەللا بىكار بولۇپ قالسا ، بۇ يەرگە كىرىپ ، چۆپقەتلىرىگە گېزىت - ژۇرنال ئوقۇپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ . جاھاندىن خەۋەردار قىلىدۇ . باشقىلارنىڭ باي بولۇش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ .

ئۆتكەن يىلى قىشنىڭ بىر كۈنى ئوغۇلخان جوۋازخانىدىن چى- قىپ ، تۇگمەن تەرەپكە كېتىۋاتقاندا ،پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭغا تەئەل- لۇق گېزىت- ژۇرنالنى ئېلىپ كېلىپ قالدى . ئوغۇلخان گېزىت - ژۇرنالنى كۆرۈپ ، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئەستىن چىقاردى- دە ، ئۇدۇل ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۆي سوغۇق ئىدى ، ئوتمۇ ياقمى- دى . ئىشكنى مەھكەم يېپىپ ، دېرىزە تۈۋىگە توختىتىلغان شىرە تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئاۋۋال گېزىت كۆردى ، ئاندىن ژۇرنال ۋاراقلىغىلى تۇردى . كۈتۈلمىگەندە ، بىر پارچە ئىلمىي ماقالىگە تى- كىلگىنىچە تۇرۇپ كەتتى . «شۇ ، بۇ چوقۇم شۇنىڭ يازغان ماقالى- سى !» دەپ ئىچىدە خىتاب قىلدى ئۇ ۋە ماقالىنى ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى . ماقالىدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانچىنچى ئەسىردىن بۇيان قوللىنىلىۋاتقانلىقى ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا دە- لىللەپ چىقىلغانىدى .

ئوغۇلخان ھاياجانلانغىنىدىن ، پۇت - قوللىرىنىڭ توڭۇپ ، كۆيۈ-

شۇپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى . ئۇ شىرە ئۈستىدىكى تىك-لىمە ئەينەكنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىستۇرۇلغان بىر پارچە سۈرەتكە كۆز ئۈزمەستىن تىكىلىپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . بۇ ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چاغدا خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن سۈرەت ئىدى . ئوغۇلخان ئالدىنقى قاتاردىكى قىزلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ، ئەسئەت ئىككىنچى قاتاردىكى ئوغۇللارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ، يەنى ئوغۇلخاننىڭ كەينىدە تۇراتتى ، ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا مۇشۇنداق تۇرۇشقانىدى . بۇنى ئىككىيلەنلا بىلەتتى ! ئازغىنە كەم بەش يىلدىن بۇيان ئوغۇلخان بۇ سۈرەتكە ھەر كۈنى نەچچە قېتىم قارايتتى . ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى .

ھازىر ئۇ يەنىلا ئاشۇ سۈرەتكە تىكىلمەكتە . ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇڭداشماقتا ، بىللە ئوقۇغان ، بىللە ئويناپ - كۈلگەن چاغلىرىنى ئەسلىمەكتە .

«بىزدە ئىسمى ، فامىلىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەملەر كۆپ-قۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ، — بەلكى بۇ باشقا بىر ئەسئەت بولۇپ قالسىچۇ ؟ »

ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى . مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرى ، ھېلىقى ژۇرنالنىڭ ئۈچىنچى سانى يېتىپ كەلدى . ئوغۇلخان ئۇنى ۋاراقلاشقا باشلىدى . «چوڭقۇر ئىزدىنىش ، يېڭى پەللە» دېگەن ماقالىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى- دە ، ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى . ماقالىدە ئەسئەت سابىرنىڭ ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلارنىڭ توغرىلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . ماقالىنىڭ ئاپتورىغا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەنگەنىدى .

«چوقۇم شۇ !— دەپ خىتاب قىلدى ئوغۇلخان كۆڭلىدە ،— مېنىڭ ئەسئەتىم شۇ ! »

ئوغۇلخان شۇ كېچىسى بىر پارچە خەت يازدى- دە ، پوچتىدىن سېلىۋەتتى . ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئەسئەتتىن كەلگەن جاۋاب خەت ۋە ئۇ ئەۋەتكەن بىرنەچچە سان مەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىغا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن مەلۇم بولدىكى ، ئەسئەت ئىلگىرى - كېيىن

بەش پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىپتۇ . ۋاقتى كەلگەندە ئوغۇلخاننى
بىراقلا خۇش قىلىش نىيىتىدە ، بۇ سىرنى بۇگۈنگىچە ئۇنىڭدىن
يوشۇرۇپ كەلگەنىكەن !

ئوغۇلخان خۇشاللىقىدا خەتنى كۆكسىگە تېڭىپ ، ئۆي ئىچىنى
نەچچە ئايلىنىپ چىقتى . كىچىك بالىدەك ئۆزىنى نەچچە قېتىم كارد-
ۋاتقا تاشلاپ ، نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭغا ئۆي تارلىق
قىلىۋاتاتتى ، ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى ، سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغۇ-
سى ، ئۆز بەختىدىن پۈتۈن يۇرت ئەھلىنى خەۋەردار قىلغۇسى كېلەت-
تى . لېكىن ، قىزلارغا خاس تارتىنچاقلىق ، نومۇسچانلىق ئۇنىڭ
مۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى ، ئۇ ئىچىدە كۈلدى ، ھۆزۈرلاندى .
ئەسئەت بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىپ ، بىرقانچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆت-
كۈزدى .

«سېنى دېمەيدىغان بولسام ، — دەيتتى ئەسئەت خەتتە ، —
ھەرگىزمۇ سالمىلىقتا قايتىپ كەلمەيتتىم . بىلەمسەن ، بىزنىڭ مەك-
تەپ قىرائەتخانىسىدا كىتاب - ماتېرىيال دېگەن شۇنداق تولىكى ، سەن
كىرىپ قالساڭ ھەيران بولغىنىڭدىن ھوشۇڭنى يوقىتىپ قويمىساڭ
ھېساب ئەمەس…… نەچچە يۈز يىللىق قەدىمكى قول يازما كىتاب
دەمسەن ، تاش مەتبەئە ، مىخ مەتبەئە ، رېزىنكە مەتبەئەدە بېسىلغان
كىتاب دەمسەن ، ھەممىسى تېپىلىدۇ . ھەربىرى بىردىن خەزىنە دېگە-
نە ! نەچچە يىلدىن بۇيان كېچىككىنە بوش ۋاقىت تاپساملا ئۇ يەرگە
كىرىۋېلىپ ، بۇ «خەزىنە»لەرنىڭ بىر قىسمىنى نەچچە ئون دەپتەرگە
كۆچۈرۈپ چىقتىم . ھازىر تېخىمۇ ئالدىراش كۆچۈرۈۋاتىمەن . چۈن-
كى ، پات ئارىدا ئوقۇشۇم پۈتىدۇ . بۇ «خەزىنە»لەر بۇ يەردە
قالىدۇ…… ئەگەر ئوقۇش مۇددىتىمنى يەنە بەش يىل ئۇزارتىشقا
مۇمكىن بولسا ئىدى ، ئۇ چاغدا كەم دېگەندىمۇ 10 يىل تەتقىق
قىلغۇدەك ماتېرىيالغا ئىگە بولغان بولاتتىم . ئەپسۇس ، بۇ ھەرگىز
مۇمكىن ئەمەس !

نېمىدېگەن بۈيۈك ئارزۇ- ھە ! ؟

ئەسئەت كېچە - كۈندۈز مۇشۇ ئارزۇغا يېتىشىنىڭ كويىدا ،

لېكىن ئۇنىڭغا كاشىلا بولۇۋاتقىنى — ئوغۇلخانغا بولغان مېھىر . ئۇ ئوغۇلخانغا چىن قەلبىدىن كۆيىدۇ . ئوغۇلخاننىڭ ۋەسلىگە يېتىش يولىدا چوڭ شەھەردىكى مەدەنىي تۇرمۇش ، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇ-چىسى» دېگەن ئابرۇيلۇق خىزمەت ئورنى ۋە ئاشۇ خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئېرىشىشكە پۈتۈنلەي مۇمكىن بولىدىغان يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرقاچان تەييار . ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلالمايدۇ ! ئوغۇلخان بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ . شۇڭا قەلبىنى ، جىسمىنى ، ئەسل - ۋەسلىنى پۈتۈنلەي ئەسئەتكە ئاتىۋەتكەن ! بۇ كىتابلاردىمۇ ، ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان پاك سۆيگۈ ، يەنى بىر جۈپ ياش قەلبىنىڭ بىر-بىرىگە مايىللىقى !

لېكىن......

مۇشۇ «لېكىن» كىشىنى ئويغا سالىدۇ . ئەسئەت قانداقكىنتاڭ ، ئوغۇلخان بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس : ئۇ ئويلايتتى ، ئويلىغانسېرى پىكىرلىرى چىگىچلىشىپ ، تۇرمۇش دېڭىزىدا ئەركىن ئۈزۈپ كېتى-ۋاتقان ئۆمۈر كېمىسى ھازىرلا غايەت زور خادا تاشقا ئۇسۇپ ، كۇكۇم-تالقان بولۇپ كېتىدىغاندەك ياكى زادىلا بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چېتى كۆرۈنمەس قاينامغا دۇچ كېلىپ ، مەڭگۈ بىر باشقا ئۈزۈپ چىقالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلىي نەرسىلەر ئىدى : ئەسئەت سالمىلىقتا قايتىپ كەلسە ، ياش قەلبى كېچە - كۈندۈز تەلپۈنگەن ۋاپادار يارى ئوغۇلخاننىڭ ۋەسلىگە يېتىدۇ . ئىناق ، بەختىيار ئائىلى-سى ، ئوماق پەرزەنتلىرى بولىدۇ ؛ ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىش يولىدىكى ئىنتىلىش ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىقتا ئاي-لىنىشىدا ئىشەنچلىك كۈۋرۈككە ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە زېمىنغا ئىگە بولىدۇ .

ئوغۇلخانغا يەنە شۇ نەرسە ئايانكى ، ئەسئەت سالمىلىقتا قايتىپ كەلسە ، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ . بۇ ئوغۇلخان ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس خۇشاللىق ، بەخت - سائادەتتىن دېرەك

بېرىدۇ . ئوغۇلخانغا كېرىكىمۇ شۇ ! چوڭقۇرراق ئويلىسا ، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس ، ئوغۇلخان ئەسئەتنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىشلارنى قىلىشىنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان تەتقىقات ئىشىدا تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ . لې-كىن ، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە قىرائەتخانىنىڭ تايىنى يوق . ئەس-ئەت بۇ يەردە زادى قانچىلىك ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ ؟ ئۇ ئۆزىدىكى تەبىئىي تالانت ۋە ئىقتىدارنى زادى قانچىلىك جارى قىلدۇرالايدۇ ؟ بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇنى زادى قانچىلىك ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ؟ بىر چاغدا ، بىر نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىر پارچە ھېكايە يېزىپ ، مەلۇم يېزا باشلىقى-نى تەنقىد قىلغىنى ئۈچۈن مۇشۇ يېزىنىڭ باشلىقى ھېكايىدىكى پېر-سوناژنى ئۆزى قىياس قىلىپ ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنى ئۆيىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە قوغلى-ۋەتمىگەنمىدى ؟ئەسئەتنى ئاشۇنداق كۆنگە قالمايدۇ ، دەپ كىم ئېيتا-لايدۇ ! ؟

ياق ، ئوغۇلخان ئۆزىنىڭ شەخسىي ھەۋىسى ئۈچۈن ، ھەرگىزمۇ ئەسئەتنىڭ غايىسى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا توپا چاچمايدۇ . ئۇنى قولى-نى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان كەڭ مۇھىتتىن ئايرىپ ، ئائىلى-دىن ئىبارەت تار قەپەسكە بەند قىلمايدۇ !...... ئەسئەت ئالىي مەكتەپ-تىن ئىبارەت ئاشۇ كەڭ مۇھىتتا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ، ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ياماشسۇن ! يېڭى - يېڭى تەتقىقات نەتىجى-لىرى بىلەن ئىلىم - پەن دۇنياسىدا بىر يورۇق يۇلتۇز بولۇپ چاقنىسۇن !

ئوغۇلخان ئاخىر ئاشۇنداق كەسكىن قارارغا كەلدى ۋە قولىغا قەلەم ئالدى. دە ، ئەسئەتكە خەت يېزىشقا تۇتۇندى . بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ھەتتا بەشىنچى پارچە خېتىمۇ پۈتۈنلەي پەند - نەسىھەت بىلەن تولدى .

«ئەسئەت گېپىمگە كىرىپ ،مەندىن مېھرىنى ئۈزەلەرمۇ ؟» بۇ سوئالنى ئوغۇلخاننىڭ ئۆزى رەت قىلدى :

«ئەسئەت ئاسانلىقچە ئۆز لەۋزىنى يەرگە ئۇرىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ يىگىتلىك غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن، مۇھەببەت يولىدا ھەممىنى قۇربان قىلىدۇ!»

ئوغۇلخان ئاخىر ئالتىنچى پارچە خېتىنى يېزىپ، ئەتىسى پوچتىدىن سېلىۋەتتى-يۇ، لېكىن ئۆيگە كېلىپلا، ناھايىتى چوڭ خاتا قىلغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭغا ئەسئەت كېرەك ئىدى، جىسمىنىڭ بىر پارچىسىدەك كېرەك ئىدى! ئۇنى توپتوغرا بەش يىل كۈتتى، سېغىندى. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىر جان، بىر تەن بولۇش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ پەيتتە، نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ؟ ئۇنى ئالدايدۇ؟ ئاھ، تەنتەكلىك! ئەقىلسىزلىق!

ئوغۇلخان چىدىمىدى. ئەسئەتتىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتىشكە چىدىمىدى! ئەسئەت ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى ئىدى. ئوغۇلخان ئۇنىڭدىن ئايرىلدى. يۈرەك ئىنساننىڭ موتورى. موتوردىن ئايرىلغان ماشىنا بىر دۆۋە كېرەكسىز تۆمۈر!

ئوغۇلخان ياتاق ئۆيىگە كىردى-دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا دۈم تاشلاپ، بولۇشىغا يىغلىدى. ئاۋازىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بېشىنى يوتقان بىلەن چۈمكەپ يىغلىدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. 15-كۈنى ھويلا-ئارامغا چىقالىغۇدەك بولدى. كۆزلىرى پوچتىكەشتە ئىدى. پوچتىكەش ئۇنىڭغا گېزىت-ژۇرنال ئەكىلىپ تۇردى. لېكىن، ئەڭ كېرەكلىك نەرسە — ئەسئەتنىڭ خېتىنى ئەكەلمىدى. دېمەك، ئەسئەت ئۇنىڭدىن كەچكەنىدى. تەتىلدىمۇ كەلمىدى.

ئوغۇلخان ئەسئەتنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ئەس-يادىنى ئىشقا بەردى. بەزى كېچىلىرى زاۋۇتتا تۈنەيتتى. كىشىلەر، ھەتتا ئانىسىمۇ ئۇنى «پۇل تاپىمەن دەپ ئۆزىنى كاردىن چىقىرىپ قويمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەيتتى، نەسىھەت قىلاتتى. ئوغۇلخان بۇنداق نەسىھەتلەرنى ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئاڭلايتتى-يۇ، ھايال ئۆتمەي ئۆزىنىڭ بىلگەن سەنىمىگە دەسسەيتتى: زاۋۇتنى كېڭەيتىپ قۇردى. ئىش تۈرى، ئادەم كۈچىنى كۆپەيتتى. يېزىلىق پاختا زاۋۇتى بىلەن توختام تۈزۈپ، زور

بىر تۈركۈم چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان پاختىنى چىگىتتىن
ئايرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . بەزىدە پۈتۈن كۈنلەپ ۋاقتى
زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈش بىلەن كېتەتتى .
ئوغۇلخاننى پارتىيە قوللاۋاتىدۇ ، ھۆكۈمەت قوللاۋاتىدۇ ، يۇرت-
داشلىرى قوللاۋاتىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، ئوغۇلخاننىڭ دېلىغۇل بولى-
دىغان ، ئالدى - كەينىگە قاراپ تەمتىرەيدىغان يېرى يوق ! ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا چەكسىز پارلاق مەنزىرە ، چەكسىز پارلاق ئىستىقبال
نامايان ئىدى . ئۇ خۇشال ئىدى ، ئۈمىدۋار ئىدى ، تەدبىرلىك ئىدى :
ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ، كونسېرۋا زاۋۇ-
تى قۇرۇشقا كېلىشكەن . زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش ، باش-
قۇرۇشقا كېتەرلىك تېخنىك كۈچىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئوتتۇرا
قولدەك يىگىتتىن 10نى تاللاپ قويغانىدى . نورۇز شۇلارنىڭ بىرى ،
ئۇلار پات ئارىدا ئىچكىرىگە ئۆگىنىشكە ماڭماقچى . ئۇلارنىڭ يول
كىراسى ۋە ئۆگىنىش ، ياتاق راسخوتىغا ئوغۇلخان ئىگە . باشقا چىقىم-
لارنىڭ ھەممىسى ھەركىمنىڭ ئۆزىدىن . بۇ ھەقتە ئوغۇلخان ئۇلار
بىلەنمۇ ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەنمۇ پۈتۈشكەن .ئوغۇلخان بۇ-
گۈن تاھىيەلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىپ ، ئىچكىرىدىكى
مەلۇم كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ ، نو-
رۇزلارنىڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى بېكىتتى .
ئوغۇلخان ھېكايىسىنى تۈگەتتى . نېمە ئۈچۈندۇر ئەسئەتكە ئۇ-
دۇل قارىمايتتى . كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدە يىلاندەك يۆگىشىپ ياتقان
بىر ئۆرۈم چېچىنى بارماقلىرى ئارىسىدا غىجىملىغىنى غىجىملىغاند-
دى . سوزۇپ - سوزۇپ ئېغىر تىناتتى . ھەر قېتىم نەپەس ئالغىنىدا ،
تولغان كۆكرەكلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسلەيتتى . تىنىمسىز
شارقىراۋاتقان دەريا سۈيىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن يا خىجىللىق ۋەيا
مەغرۇرلۇقىنىڭ ئىپادىسىنى تاپقىلى بولمايتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمد-
لەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايتتى .
ئەسئەت يەنە تاماكا چەكتى ، چىرايى جىددىي ئىدى . كۆزلىرىنىڭ
قۇيرۇقىدا ئوغۇلخانغا تىكىلىپ ، نېمىلەرنىدۇر ئويلايتتى . تۇرۇپ -

تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى . بۇنداق ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇۋې-
رىش ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى بولغاي ، ئاخىر :
— شۇنداق قىلىپ ، ئەڭ چوڭ كارخانىچى بولۇشقا بەل باغلىدىم
دېگىن ، — دېدى سوغۇققىنا .
ئوغۇلخان جاۋاب بېرىش ئورنىغا بېشىنى قىيا بۇراپ ، ئۇنىڭغا
«يالتتىدە» قاراپ قويدى . ئەسئەت غودۇڭشىدى :
— بوپتۇ ، نېمە دەيتتىم ، پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ ، پۈتۈن سالمىلىق-
نىڭ ئادەملىرىنى بوسۇغاڭدىكى چاكارغا ئايلاندۇرۇۋال !
ئەسئەت بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، ئاستا
ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئوغۇلخاننىڭ سۆزلىرىگە ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ
كەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ئوغۇلخاننىڭ ئىگىلىك توغرىسىدا
ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي راست بولسىمۇ ، ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋەتنى ئۈزۈشكە تاپقان باھانىسى بىر خىل ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت
ئىدى ، خالاس . ئۇ قەتئىي ئىشىنەتتىكى ، ئوغۇلخان ئاللىقاچان نو-
رۇزغا بۇزۇلغان ، چۈنكى ئەسئەت ئوقۇپ ئالىم بولۇپ كەتكىنى بى-
لەن ، ئوغۇلخاننىڭ تېخىمۇ بېيىشى ، سالمىلىقتا «سەن ئەمەس ،
مەن» بولالىشىغا ھېچقانداق ئەمەلىي ياردەم كۆرسىتەلمەيتتى . بۇنى
ئۇنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى بەلگىلىگەن ،
ئۇنىڭ چۈلۈۋۈرى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا ، خالىغان ۋاقىتتا ئوغۇلخانغا
ئەسقاتمايدۇ ، ھەتتا بەزى ئىشلاردا ئۇنى چەكلىشىمۇ مۇمكىن . نورۇز
ئۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ ، ئۆز ئەركى ئۆز قولىدا . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئاللىقاچان ئوغۇلخان بىلەن بىر يولدا . نەگە ، نېمە ئىشقا بۇيرۇسا
قانات ياساپ ئۇچىدۇ . ئوغۇلخان سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ، ئەسئەتنى
تاشلاپ ، نورۇزنى تاللىغان !
«پۇل - بايلىق دېگەن بۇ نەرسە ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ-
ھە ! خەير ، كۆرىمىز ، پۇل كويىدا پاك مۇھەببەتتىن ، ۋىجداندىن ،
ئار-نومۇستىن كەچكەنلەرنى تارىخنىڭ قانداق جازالىشىنى كۆرىمىز !
»
ئەسئەت «شارتتىدە» بۇرۇلدى- دە ، ئالدىراش مەھەللە تەرەپكە

يول ئالدى . بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئوغۇل-خان ئۇنىڭ كەينىدىن تىكىلگىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى- يۇ ، «لەسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى . نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ يېرىم ئې-چىلغان ئاغزى دەرھال يۇمۇلدى .

ئۇ گاڭگىراپ قالغانىدى . قىزىل دەرياسىنىڭ تىنىمسىز دولقۇن-لىرى ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس - سىرداش بولغۇسى كەلگەندەك ، تېخىمۇ ئەنسىز شارقىرايتتى . كەچكى شەپەق يۈزىنى توسۇۋالغان بىر توپ قارا بۇلۇت ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ھومىيىپ قارايتتى . «بوپتۇ ، نېمە دەيتتىم ، پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ ، پۈتۈن سالمىلىقنىڭ ئادەملىرىنى بوسۇغاڭدىكى چاكارلارغا ئايلاندۇرۇۋال...... »

ئوغۇلخاننىڭ قۇلاقلىرى «ۋىڭڭىدە» قىلىپ ، كۆزلىرىدىن ئىخ-تىيارسىز ياش كەتتى .

## خاتىمە

چۈش . ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن نەپەس ئالماقمۇ تەس . توخۇ-لارنىڭ دانلاشقىمۇ رايى يوق . ئۇلار ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى پاكار - پاكار جىگدىلەرنىڭ سايىسىدا گېلىنى ئېسىپ تىنماي ھاكىلدىشىدۇ . نورۇز ئېغىلنى قۇرۇقداش بىلەن بەند .

ئىشىكنىڭ ھالقىسى ئاستا شىرىقلىدى . نورۇز قىيا بۇرۇلۇپ ، بوسۇغىدا تۇرغان ئەسئەتنى كۆردى- دە ، قولىدىكى كەتمەننى لاپاسنىڭ تۈۋرۈكى يېنىغا قويۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى .

— كەل ئاداش ، — دېدى ئۇ ئەسئەت بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈ-شۈپ ، — ئۆيگە كىر ، مەن تېخى ئېغىلنى قۇرۇقدىۋېتىپلا سېنى يوقلاپ كېلەي دەپتىم .

ئۇ ئەسئەتنى پېشايۋانسىز سۇپىغا باشلىدى . سۇپىنى كاۋا بارىڭى يېپىپ تۇراتتى . بىر قاراپلا بىلىش مۇمكىنكى ، نورۇز تېخىچە ئۆينى يېڭىلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ، شورىداپ كەتكەن تام ئۈلىنى قول ئۇچىدىلا ئۇلداپ قويغان ، خالاس .

بۇ ھال ئەسئەتكە سۆھبەت تېمىسى بەلگىلەپ بەردى :
— يامبۇدا ئىشلەك تاقىغۇدەك بېيىپ كېتىپمۇ ، ئۆيۈڭنى يېڭىلىۋالاي دېمەپسىنا ؟— دېدى ئۇ سىرتى سۇۋالمىغان ، كونا نۇسخىدىكى دېرىزىسىز ئۆيلەرگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ ، — پىخسىقلىق قىلىپ ، يىغقان پۇلۇڭنى چاشقانغا يەم قىلىپ بەرمىگىن يەنە !
— نەدىكى پۇل ، — نورۇز كۈلدى ۋە ، — «سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى ، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» دېگەندەك ، ئۇدۇللۇق تاپقىنىمىزنى ئاۋۇ جانىۋارلار ئۇدۇللۇق يەپ تۈگىتىۋاتامدۇ !— دەپ ، بېشى بىلەن ئەتراپى بادرا بىلەن قورشالغان لاپاس ئاستىدا كورۇسلىتىپ بوغۇز يەۋاتقان ئېشەكلەرنى ئىشارەت قىلدى .
—ئاڭلىسام ، ھەر ئايدا ئوغۇلخاندىن ئىككى يۈز كوي ئىش ھەققى ئالىدىكەنسىز ! شۇنچە جىق پۇلنى......
— ھېسابلاپ كۆرگىنە ، — نورۇز قىزىرىپ كەتتى ، — ھەر ئېشەك كۈنلۈكى بىر جىڭدىن ئاق قوناق يېسە ، يۈز ئېشەك قانچىلىك يەيدۇ ؟ يۈز جىڭ ! يۈز جىڭ قوناق دېگەن ئون بەش كوي تۇرسا ، ئىككى يۈز كوي نېمىگە يېتىدۇ دەيسەن ؟ ھەر ئايدا بىرەر تەخەينىڭ پۇلىنى يامايمىز ، تېخى !
— شۇنداقمۇ ؟— ئەسئەت تېخىمۇ ھەيران بولدى . چىرايىدىكى تەبەسسۇممۇ قاياقلارغىدۇر ئۇچقاندى . ئۇ كۆڭلىگە كەلگەننى ئۇدۇللا ئېيتتى ، — بۇنچە جېنىڭنى قىيىنىغۇچە ، يوتقانغا بېقىپراق پۇت ئۇزىتىپ ، ئېشەكلىرىڭنى سەل ئازايتساڭ بولمامدۇ ؟
— «ئازايتساڭ...... » نېمەدەيدىغانسەن !— نورۇز كۆزلىرىنى غەلىتە ئويناتتى . ئاۋازى تېخىمۇ جاراڭلاپ كەتتى ،— بەش يىل چىدىشىمىزنىڭ كىردىنى شۇمۇپ ، مىڭ تەسلىكتە كۆپەيتكەن نەرسەمنى...... ياق ، چاپىنىمنى ساتسام ساتىمەنكى ، ئېشەكلىرىمنى بىر كەم يۈزگە چۈشۈرمەيمەن !
—ۋاھ ، تىپىك دېھقاننىڭ گېپىنى قىلدىڭغۇ !
—ئۆزۈممۇ تىپىك دېھقان. دە ! سىلەر زىيالىيلار ئون كوي پۇل تاپساڭلار بەش كويىنى ئۆي جابدۇش ، كىيىم - كېچەك كىيىشكە

سەرپ قىلىسىلەر، بىز دېگەن قورسىقىمىز ئاچ، ئۆچىمىز يالىڭاچ قالمىسىلا، ئاسانلىقچە چۈنتەكنى يېرىملاتمايمىز!

— ھە، گەپ قىلە، بۇ گېپىڭچىزە، «يېمە - ئىچمە بول بېخىل، باي بولمىساڭ مەن كېپىل» دېگەن ماقالنى ئەمەلىيەتتىن ئۈتكۈزۈشكە بەل باغلاپسەن- دە!

— ھا- ھا- ھا! گەپدانلىقىڭنى قارا، سېنىڭ! بوش تاغار ئۆرە تۇرامدۇ؟! گالغا كەلگەندە ئۇتتۇرمىدۇق. قۇرۇق سۆلەت قوغلاشمىدۇق. ۋاقتى كەلسۇنچۇ، ئۆيىنى قانداق ياساش، كىيىم - كېچەكنى قانداق كېيىشنى خېلى خېلىسىغا ئۆگىتىمىز، تېخى!

نورۇز ئۆز پىلانىنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. كېلەر يىلى مادالار تەخەيلەپ، تەخەيلەر ئەمچەكتىن ئايرىلىشغىلا ھاڭگىلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىپ، پۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن پىششىق خىشلىق ئىمارەت سالىدىكەن، ئاشقان پۇلنى ئوغۇلخاننىڭ كونسېرۋا زاۋۇتىغا پاي قوشىدىكەن. نورۇز باشقا ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، زاۋۇتتىلا ئىشلەيدىكەن، فېرمىنى دادىسى چۆرۈيدىكەن.

— تويۇڭنى قاچان قىلىسەن؟— ئەسئەت چاقچاق ئارىلاش سوردى، — يېڭى ئۆيىنىڭ پۇتۇشىگە ئۇلگۇرتۇپ تويمۇ قىلىۋالارسەن؟

تويىنى؟ ......— نورۇز دۇدۇقلىدى، — راستىمنى دېسەم شۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلاشماپتۇق.

— نېمە؟ خۇپسەنلىكىنى قارا، بۇنىڭ! ئوغۇلخاننىڭ ساڭا تويلۇق ئېلىشىنى كۇتۇۋاتامسەن، يا؟

— ئوغۇلخان؟...... قويە ئۇنى!...... ئۇ دېگەن بىزنى ياراتمايدۇ!

— ياراتمايمىش! ياراتسا قانداق بولاتتى؟ ھېلىمۇ ئۈچ ۋاق تامىقىڭ ئۇنىڭ ئۆيىدە، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدا يۈرگىنىڭ!......

— راست گەپ، — نورۇز ئۆزىنى ئاقلىدى، — ئىككىمىز دائىم بىللە بولغىنىمىز بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش توغرۇلۇق ئوي-

لاشتىنمۇ قورقىمەن . سەن بىلمەيسەن ، ئۇنىڭ لايىقى بار .

— نېمە ؟ ئۇنىڭ لايىقى كىم ؟

— كىملىكىنى نەدىن بىلەي !— نورۇز بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئوغۇلخانغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ تۇمشۇقىغا يېگەنلىكى ، ئوغۇلخاننىڭ تاكى ئۆتكەن يىلى مۇشۇ كۇنلەرگىچە ئۆيىگە كەلگەن ئەلچىلەرنى «لايىقىم بار» دەپ يولغا سېلىۋەتكەنلىكى ، بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئۇقمايدىغانلىقى ، سوراشقا تېخىمۇ پېتىنالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

ئەسئەت ئويلىنىپ قالدى . ئۇ تۇنۇگۇن ئۆيگە كېلىپلا ئوغۇلخانغا بىھۇدە ئازار بەرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى . ئۆزىنىڭ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ ، مۇھەببەت مەسلىسىدە ئىدىيەسىنىڭ تولىمۇ قاتمال ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى . ئۇنىڭ نەزەرىدىكى مۇھەببەت — بىر - بىرىگە سۆز بېرىشكەن قىز - يىگىتنىڭ مەڭگۇ بىر - بىرىگە سادىق بولۇشى ، چوقۇم ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى ئىدى . ئوغۇلخان بىۋاپالىق قىلىپ يېرىم يولدا ئۆز ۋەدىسىدىن ياندى ، ئۇنى تاشلىۋەتتى . ئۇچۇ ؟ ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆز ئىرادىسىگە قارشى يول تۇتۇپ ، گۇلبەھرەمنىڭ پېشىگە ئېسىلدى . ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى . ئوغۇلخان ئۇنى تاشلىۋەتكىنى بىلەن ، تېخى ھېچكىمگە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزغىنى يوق . ئۇ مەڭگۇ مۇشۇنداق يەككە- يېگانە ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇ ؟ ئەسئەت نېمىشقا بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدى ؟ قورقتى ، ئوغۇلخاننىڭ ئالدىدا ئوسال بولۇشتىن قورقتى .

ئەسئەت كېچىچە ئۇخلىماستىن مۇشۇلارنى ئويلىدى . ئوغۇلخانغا تەن بەردى . لېكىن ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى . نورۇزنى چېكىپ باقماقچى ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئوغۇلخاننىڭ ئېيتقاندىرى بىلەن ئوخشاش چىقسا ، ئوغۇلخاننىڭ ئالىيجانابلىقىغا تەن بېرىپ ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىماقچى ؛ ئوخشاش چىقمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى كەچۈرۈپ ، ئىگىلىك تىكلەش يولىدا تېخىمۇ زور جاسارەت كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرمەكچى بولغانىدى . نورۇزنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنى خاتىرجەم قىلدى . بولۇپمۇ ئوغۇلخاننىڭ كونسېرۋا زاۋۇتىغا

ياندap بەش سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ مەكتەپ پۈتسە، كەنتتىكى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوشنا كەنتكە بېرىپ ئوقۇشىغا تەلتۆكۈش خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، هاياجاندىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئوغۇلخان ئۈنىڭ كۆز ئالدىدا قانداقتۇر پۇل - بايلىق ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان «ئاچ كۆز ئالۋاستى» ئەمەس، بەلكى سالمىلىق ئاھالىسىنى بەخت- سائادەت، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا يېتەكلىگۈچى پەرىشتە سۈپىتىدە گەۋدىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كۆڭلىدە يېڭى بىر تۇيغۇ ئويغاندى. ئۇ خۇشاللانغىنىدىن نورۇزنى قىستاپ يۈرۈپ، ئوغۇلخانىنىڭ بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن نورۇزغا يازغان ھېلىقى جاۋاب خېتىنى تاپتۇرۇپ كۆردى: نورۇز خېلى بۇرۇنلا ئوغۇلخانغا كۆيگەن؛ ئوغۇلخانمۇ ئۇنىڭغا مايىل ئىكەن. ئوتتۇرىدىكى توسالغۇ ئەسئەتنىڭ ئۆزى ئىكەن!

ئەمدى بۇ توسالغۇ يوق: ئەسئەت گۈلبەھرەم بىلەن توي قىلماقچى. نورۇز بىلەن ئوغۇلخانچۇ؟

ئەسئەت ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

— نورۇز، راستىڭنى ئېيتىپ باقە، ئوغۇلخانغا ھېلىمۇ كۆڭلۈڭ بارمۇ؟

نورۇز قىزىرىپ كەتتى. ئەسئەتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە بىرھازا جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— نېمە دېسەم بولار…… ئەگەر ئۇ مېنى ياراتسا، — دەپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئەسئەت كۈلدى، — ئەگەر ئۇ سېنى يارىتىپ قالسا، جەزمەن ئالامسەن؟

— ئالسام ئالدىم……

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلغىنا: زادى جەزمەن ئالامسەن؟

— ئالىمەن.

— ئۇنداق بولسا، گېپىمىز گەپ. مەن ساڭا ئەلچى بولىمەن.

*　　　　*　　　　*

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھەر ئىككىيلەن توي قىلدى . ئەسئەت نورۇزغا ، نورۇز ئەسئەتكە يىگىت قولدىشى ؛ ئوغۇلخان گۈلبەھرەمگە ، گۈلبەھرەم ئوغۇلخانغا قىز قولدىشى بولدى .

«ئاللا ئۇلارغا مەڭگۈ ئىسسىقلىق بەرسۇن ، بەخت بەرسۇن ! ئامىن...... »

بۇ يۇرتنىڭ ئۇلارغا بەرگەن دۇئاسى ئىدى .

1987- يىل 3- ئاي ، قەشقەر شەھىرى






## قاپاق تېرەكلىك ھويلا ھەققىدە قىسقىچە بايان

تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى «بەگنىڭ كېچىكى» دەپ ئاتىلىدىغان كېچىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تۇرۇپ، جەنۇبىي قىرغاققا نەزەر سالسىڭىز، ئەڭ ئاۋۋال كۆزىڭىزگە غايەت زور كۆنلۈكتەك، ئاسمانغا بوي تىرەپ تۇرغان بىر تۈپ قاپاق تېرەك ۋە شۇ تېرەك سايە تاشلاپ تۇرغان يەككە - يېگانە ئەسكى تاملىق بىر ھويلا چېلىقىدۇ.

بۇ مەن سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ دەل ئۆزى.

كالا ھارۋىسى بىمالال پاتقۇدەك ئەگىز دەۋازىسى شەرققە قارىغان، بويى 50، ئېنى 40 ماڭدام كېلىدىغان بۇ ھويلىنىڭ زادى قاچان ياسالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما، بۇ ھويلىنىڭ ھازىرقى ئىگىسى ھاۋاز ئاخۇننىڭ قايسىبىر بوۋىسى مۇشۇ ھويلىنى ياسى-

تىپ، قاق ئوتتۇرىسىغا ئاشۇ قاپاق تېرەكنى تىككەنلىكى؛ ھويلىنى
ياسىغاندا كېسەك قويغان، لاي ئەتكەن ئىككى ئازگالنىڭ تۆت چۆرى-
سىگە سۆگەت جىرىمى قويۇپ، كۆل بەرپا قىلغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن
كەنتتىكى 15 — 20 ئۆيلۈك دېھقانمۇ كۈندە نەچچە ۋاق قاپاق يۇدۇپ
تەلۋىچۈك دەرياسىدىن سۇ توشۇشتىن قۇتۇلغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن
بۇيان، بۇ يەرنىڭ ئەسلىي نامى ئۆزگىرىپ «قوشكۆل» بولۇپ قالغان-
لىقى ھېلىمۇ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. كېيىنچە، بۇ
مەھەللىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن دادۇينىڭ نامىمۇ «قوشكۆل»گە ئۆزگەر-
دى. بىراق، پەرقى شۇ ئىدىكى، بىر چاغلاردا قىش - ياز سۇ
ئۆكسۈمەيدىغان بىر جۈپ كۆلنىڭ ئىزناسىلا قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ
دەسلەپ ئەترەتكە، كېيىن ھاۋاز ئاخۇنغا ئوغۇت چىرىتىش ئازگىلى
بولۇپ، خىزمەت قىلىنىۋاتقىنىغا 20 يىلغا يېقىنلاشتى. ھاۋاز ئاخۇ-
نىڭ ئائىلىسىدىن باشقا ئائىلىلەر بۇ يەردىن بىرەر چاقىرىم يىراقلىق-
تىكى چوڭ يول بويىغا يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەتكەچ، بۇ يەردە
مۇساپىرنىڭ قەبرىسىدەك چوقچىيىپ، قاپاق تېرەكلىك ھويلىلا قال-
دى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھاۋاز ئاخۇننىڭ دادىسى نازىر ئاخۇن
جۇۋازچى تولىمۇ خۇش تەبىئەتلىك، ئىشچان ئادەم بولۇپ، قەيەردە
بىر يېڭىلىق كۆرسە، دەرھال شۇنى دوراپ باقىدىكەن، ئۇ قىش -
ياز قاراڭغۇ ئۆيدە كالىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ياكى جۇۋازنىڭ
قايچىسىغا مىنىۋېلىپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ بىر - ئىككى چارەك چىگىت،
ئىششەك- نىم ئىششەك زىغىر، ئاپتاپپەرەسلىرىنى ياغقا ئايلاندۇرىمەن
دەپ پۈتۈن ئەزايى ياغقا مىلەنگىنى بىلەن، جۇۋازخانىدىن چىقتىمۇ،
بولدى، شەھەرلىك بايۋەچچىلەردەك پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدى-
كەن. شۇڭا، ئۇنىڭ «سۆسەر» دېگەن لەقىمىمۇ بار ئىكەن. ئۇ جۇ-
ۋازدىن بولىدىغان كىرىمگىلا قاراپ ئولتۇرماستىن، ئۇيىلدىن - بۇ-
يىلغا سىمكارغا چۈشكەن كۈنجۈرە بىلەن 10 — 20 قوي، 2—3 كالا
بورداپ سېتىپ، ئوبدان كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇ توپتوغرا 40 ياشقا
كىرگەن يىلى خوتۇنى قازا قىپتۇ. بۇ چاغدا ئوغلى ھاۋاز 10 ياشتا،
قىزى نىساخان 8 ياشتا ئىكەن. ئۇ بىرەر يىلغىچە خوتۇنىنىڭ ئىچ

ئاغرىقنى تارتىپ يىغا يىغلاپ يۈرۈپتۇ . ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى مەسلىھەتلىرىنى قەتئىي رەت قىپتۇ . ئەمما ، ئىككى پەرزەنتىگە ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك كۆيۈنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ . ئولتۇرسا - قوپسا ئۇلارنىڭ كېيىنلى- كىنى ئويلاپ ، ئاز - تولا پۇل - پۇچەك توپلاپ قويۇشنىڭ كويىغىمۇ چۈشۈپتۇ .

قايسىبىر يىلنىڭ بازار كۈنى ، نازىر ئاخۇن ھاۋازنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە ياغ ساتقىلى بېرىپ ، بىر باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ قاپتۇ . سىرتقا چىققاندىن كېيىن :

— دادا ، — دەپتۇ ھاۋاز ، — بىزنىڭ ھويلىنىمۇ مۇشۇنداق ياساتساق بولمامدۇ ؟

ئوغلىنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئوت يېقىپتۇ . دېمىسىمۇ راست- دە ! دادىسى ئۇنىڭغا قاپاق تېرەكلىك ھويلىنى قالدۇرۇپ كەتتى . ئۆزىمۇ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ قويمىسا ئەپلىشەمدۇ ؟

ھاۋاز 16 ياشقا كىرگەن چاغدا ، قاپاق تېرەكلىك بۇ ھويلا قوشكۆل بويىچە شەھەر پاسونىدىكى بىردىنبىر ئىمارەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى : ۋاسىدەميان مېھمانخانا بىلەن دەھلىزنى يېڭىباشتىن ۋاسا- جۇپ قىلىپ يېپىۋالغان ؛ ئايۋان بىلەن سارايىنىڭ تۈڭلۈكى ئېلىۋېتى- لىپ ، قاپقاقلىق دېرىزە بېكىتىلگەندىن تاشقىرى ، گەج بىلەن شەھەر پاسونىدا نەقىشلىك تەكچە چىقىرىلغان ؛ پېشايۋاننىڭ تاملىرى ھاكلى- نىپ ، دېرىزىلەر ئارىلىقىغا گەج بىلەن مېھراپ شەكىللىك نەقىش ئويدۇرۇلغانىدى . نازىر ئاخۇن بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن ، ھوي- لىنىڭ ئارقىسى ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى تۆت چارەكلىك يېرىنىڭ ئەترا- پىغا ئىككى قاتار قاغا جىگدە ، بىر قاتار نان جىگدە قەلەمچىسى كۆچۈرۈپ ئىھاتىگە ئالدى . ئۆرۈك ،شاپتۇل ،ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تى- كىپ ، قوشكۆلدە تۈنجى باغ ئەھيا قىلدى . كېيىنچە ئۇنىڭ جۇۋازخا- نىدىن كۆڭلى سوۋۇپ ، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ ياپپېشىل ئېتىزلىق ، چاڭ كەلتۈرۈپ سايرايدىغان خۇش ناۋا قۇشلار ، يۇرەككە ھۇزۇر

بېغىشلىغۇچى ساپ ھاۋا كىرىدىغان بولدى . ئاخىر ئۇ قوي پادىلىرىنى سېتىۋېتىپ ، ئۇينى جۇپلەپ ، 20 چارەك يەر ئىجارىگە ئالدى- دە ، دېھقان بولدى . جۇۋازخانا ھاۋازغا قالدى .

شۇ يىلى باش كۇزدە ، قوشكۆل تەۋەسىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ، ئەمما پىخسىقلىقتا داڭقى كەتكەن مىشاھاجى كېزىك بىلەن ئاغرىپ ياتقان پادىچىسى مىرزىمەتنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىككى يىللىق ئەجرىگە بىر تىيىن بەرمىگەننىڭ سىرتىدا ، ئۇنىڭغا «قولى ئەگرى» دېگەن گۇناھنى چاپلىدى . مىرزىمەتنىڭ كالىدەك ئىشچان ، قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان نازىر ئاخۇن بۇ ناھەقچىلىكتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ، يىگىتنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ ، قولىدىن كېلىشىچە داۋالىدى . ئىككىنچى يىلى باھاردا نازىر ئاخۇن ئۆلۈمدىن ساق قالغان مىرزىمەتنى يۇرتى يېڭىسارغا يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى . بىراق ، مىرزىمەت يۇرتىدا ھېچقانداق ئىچ كۆيەرى يوقلۇقىنى ئېيتىپ ، مۇشۇ ئائىلىدە داۋاملىق ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ ھاۋاز بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ ، ئىككىيلەن ئاكا - ئۇكىدەك چىقىشىپ كەتكەندى . ئۇنىڭ ئۇستىگە نازىر ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە مىرزىمەتكە نىسبەتەن باشقىچە خىيالمۇ بولغاچ ، ئۇنى بالىچىلاپ بېقىۋالدى .

ئەمدى ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىنى مىرزىمەت بىلەن ھاۋاز قىلىدىغان بولدى .

ياندۇرقى يىلى تېرىلغۇ يېرى 500 چارەككە يەتتى . شۇ يىلى كۇزدە ھاۋازنى ئۆيلەنۋالدى . يەنە بىرەر يىلنى ئۆتكۇزۇپ ، قىزى نىساخاننى مىرزىمەتكە چېتىپ قويۇشقا تەرەددۇتلاندى . بىراق ، تەڭرى نىساخان بىلەن مىرزىمەتنىڭ يۇلتۇزىنى قوشمىغانمۇ ياكى ئۇلارنىڭ تەلىيى كاجمۇ ، قاپاق تېرەكلىك ھويلىدا توي ئويناش مۆلچەرلەنگەن كۇنلەردە ، كۇتۇلمىگەن مۇسىبەت يۈز بەردى : بىر ئاخشىمى نازىر ئاخۇن قاپاق تېرەككە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى .

## يېزىلمىغان بابقا مۇقەددىمە

1983- يىلى باش كۈز ، كەچ پېشىن .

ھەممە يەر ياپپېشىللىققا پۈركەنگەن . دېھقانلار كۈزگى بۇغداي تېرىش ئۈچۈن ئالدىرىماقتا : بەزىلەر ئېتىزلارغا سۇ باشلاپ ئۇسا قىلماقتا ، بەزىلەر ئۇدۇللۇق ھەيدەلگەن يەرنى باسۇرماقتا . قوشچىلار-نىڭ ناخشىلىرى ۋە «ئۇشكە !...... قىر تاپ !......» دەپ ۋارقىراشلى-رى ھەممە يەردە ئاڭلىنىدۇ . ئەمدىلا «ئېشەك تۇمشۇقى» بولغان ئاق قوناقلىقلارغا ئاق قۇشقاچ ، قارا قۇشقاچلار مېھمانغا كەلگەن بولۇپ كاللەك - كاللەك باشاقلار ئارىسىدىكى تېخى قاتمىغان سۈتلۈك «مەر-ۋايىت»لارنى ھۇزۇرلىنىپ شورىماقتا . ئاپتاپپەرەسلەر كۈز قۇياشىغا سالام بەرمەكتە . كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرىمۇ بىر - بىرىدىن ئالدىراش .

قاپاق تېرەكلىك ھويلىمۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بۆلەكچىرەك : ئېشىك ئالدى ۋە ھويلا - ئارام پاكىز تازىلىنىپ ، سۇ سېپىلگەن . قوتاننىڭ تېمىغا يانداپ كېسەك بىلەن ياسالغان ئوچاققا ئېسىلغان داش قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى . گاھ ھاۋاز ئاخۇن ئايۋاننىڭ ئىشكىدىن چىقىپ قازاننىڭ ئوتىنى ئوڭشاپ قوياتتى ياكى ياغاچ چۆمۈچ بىلەن شورپىنى سورۇپ - سورۇپ قوياتتى . گاھ خوتۇنى ھۆسنەرىخان چىقىپ ، قازانغا پىياز ، تۇز سالاتتى ، تۇزىنى تېتىپ باقاتتى- دە ، دەرھال كەينىگە ياناتتى . نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى غەلىتە ، قاراشلىرى ئەنسىز ، ھەرىكەتلىرى قولاشمايتتى . قىزى زەيتۇنەم نەگە كەتتىكىن ، زادىلا كۆزگە چېلىقمايتتى .

مانا ، ھاۋاز ئاخۇن ئايۋاندىن چىقتى- دە ، ئۇدۇل قازان بېشىغا كەلدى . قازاندا يەل توپتەك لەيلەپ تۇرغان قۇيرۇق ياغقا بىر پەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ، چۆمۈچنى قولىغا ئېلىپ ، ياغنى چۆمۈچ بىلەن كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم بېسىپ ، شورپىغا چۆكتۈ-رۈۋەتتى ۋە چۆمۈچنى قازاننىڭ گىرۋىكىگە يۆلەپ قويۇپ ، ئەگىن

تەرەپكە ماڭدى . ئەگىنىنىڭ بوسۇغىسىنى دەسسەپلا ، «ئۇھ» دەپ ئۇ-لۇغ كىچىك تىندى- دە ، ئاسمانغا قارىدى : قۇياش يوغان بىر پارچە بۇلۇتنىڭ كەينىدىن ماراپ تۇراتتى . ئۇپۇق گىرۋەكلىرىدە توپ - توپ بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان ھاۋاز ئاخۇن بۇلۇتلاردىن كۆزىنى ئېلىپ ، ئەتراپىغا قارىدى : 20 قەدەمچە نېرىدا ئاسمان پەلەك بېسىۋېتىلگەن ياتاق دۆۋىسى ، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئوسا قىلىنغان ، شۇدىگەر قىلىنغان يەرلەر ۋە چۇچۇكبۇيا ، ياتاق ، خوخا بېسىپ كەتكەن كۆز يەتكۈسىز بوزلۇق......

ھاۋاز ئاخۇن ئاشۇ مەنزىرىلەرگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، كۆزىنى ئەترەتكە بارىدىغان چىغىر يول تەرەپكە يۆتكىدى . قولىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ خېلىغىچە قاراپ تۇردى . يولدا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . «ئەستەغپۇرۇللا...... ماۋۇ قام-لاشمىغان ئىشنى ! ئۇ مېنى ئالدىغانمىدۇ ؟ ئۇنداق قىلىشنى بىلگەن بولسام...... » دېدى ئۇ كۆڭلىدە ۋە ئارقىسىغا ياندى .

— ھوي دادىسى ، ئۇلار تېخىچە كۆرۈنمەمدۇ ؟— بوسۇغىدا پەيدا بولغان ھۆسنەرىخان ئۇنىڭدىن سورىدى ، — يا داستىخان سالالمى-ساق ، مېھمانلارنىڭ تازا قورسىقى ئېچىپ كېتىدىغان بولدى- دە !

— مېڭىڭلار ، ئۆيگە كىرىپ مېھمانلارنى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇڭلا-ر ، كېلىپ قالار ، — دېدى ھاۋاز ئاخۇن چىرايى تۇتۇلغان ھالدا .

ھۆسنەرىخان ئالدىراش كەينىگە يېنىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەت-تى . ھاۋاز ئاخۇن سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، پۇتلىرىنى ئىغىر - ئىغىر يۆتكەپ ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى- دە ، كۆسەينى قولىغا ئېلىپ ، ئوتنى چۇقچىلاشقا باشلىدى .

## پىتنىنىڭ قۇربانى

قوشكۆلدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەر ئىسلاھاتى ، تەركىب ئايرىش باشلاندى . بەزىلەرگە «زومىگەر» ، «پومېشچىك» يەنە بەزى-

لەرگە «باي دېھقان» دېگەن «تون» يېپىلدى . ئەينى چاغدا كىملەر تەرپىدىندۇر تارقىتىلغان : «كومپارتىيە بايلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى كەمبەغەللەرگە ئېلىپ بېرىپ ، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكۈدەك» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىرمۇنچىلارنى ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك خۇشال قىلسا ، ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى قاتتىق ۋەسۋەسىگە سالدى . بۇ كۈنلەردە ، نازىر ئاخۇنغا تېخى بىرنېمىدەپ نام قويۇلمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى : ئۆزىگە «باي» دېگەن تون پىچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى ، كۈندۈزى قولى ئىشقا بارمايتتى ، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى يېزا - كەنت بويىچە يىغىن ئېچىپ ، بىرەر زومىگەر ياكى پومېشچىكنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇ قاچان ئۆزىگە نۆۋەت كېلىشىنى كۈتۈپ ۋۇجۇدىدا جان قالمايتتى . قوشكۆل بويىچە بىردىنبىر بېغى ، ھەشەمەتلىك ھويلىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن ۋەيلۇن دوزاخ بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

چېچەك - چوكان ئېچىلىپ ، قوشكۆل تويغا جابدۇنغان چوكاندەك چىرايلىق ياسانغان كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى ، كىمدۇر بىرى ھويلا ئىشكىنى قاقتى . ئوغلىغا ياردەملىشىپ ، جۇۋازنىڭ ئوقىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىۋاتقان نازىر ئاخۇن :

— بالام ، چىقىپ قاراپ باققىنا ، — دېدى ھاۋاز ئاخۇنغا بۇرۇلۇپ ، — بىركىم يۇك ئېلىپ [1] كەلگەن بولمىسۇن .

ھاۋاز ئاخۇن جۇۋازخانىدىن ئالدىراش چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كىردى ۋە دادىسىنى ئالدىراتتى :

— دادا ، بول ، سېنى كادىرلار چاقىرىۋاتىدۇ .

— كادىرلار ؟…… بوۋاينىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى . پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ ، جۇۋازنىڭ باچكىسىغا يۆلىنىپ قالدى ، — قانداق كادىرلار ؟

---

[1] يۇك — ياغ تارتىلىدىغان ھەرخىل دان .

— ھېلىقى يەر ئىسلاھاتى قىلىدىغان كادىرلارچۇ ؟

— ھە ؟……

نازىر ئاخۇن شۇنداق دېدى - يۇ ، ياغ يۇقى قولىنى بىر تۇتام زىغىر پاخىلىغا سۈرتكىنىچە ، جۇۋازخانىدىن چىقتى .

— كېلىشىسىلە ، — دېدى ئۇ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئۈچ نەپەر كادىرغا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىپ ، ئۇ دەسلەپ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولدى - يۇ ، كېيىن نېمە ئۈچۈن-دۇر بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى- دە ، زورىغا كۈلۈمسىرىدى ، — ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا .

كادىرلار تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن ، ھويلىغا كىرىپ كې-لىشتى . نازىر ئاخۇن ئەدەپ يۈزىسىدىن بىردەم كەينىچە ، بىردەم يانتۇ مېڭىپ ، ئۇلارغا يول باشلايتتى .

—ۋاي - ۋۇي ، ئەجەب يوغىنىغان تېرەككەن بۇ !— دېدى ھەم-مەيلەننىڭ ئالدىدا ماڭغان شىماللىق كادىر قاپاق تېرەك تۈۋىدە توخ-تاپ ، — نەچچە يىللىق بولغاندۇ ؟

ئۆزىدىن مۇنداق سوئال سورىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نازىرئاخۇن سەل مەڭدەپ قالدى - يۇ ، دەرھال ئېسىنى يىغىپ ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى .

— دادامنىڭ ئېيتىشىچە ، — دېدى ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس دۇدۇقلاپ ، — يەتتىنچى بوۋام قويغانىكەن . ھېسابلاپ كۆرسەم……

— ئۈچ يۈز يىلدەك بوپتۇ - دە ؟

نازىر ئاخۇن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى :

— توغرا ، توغرا ئېيتتىلا ، ئۈچيۈز يىلدەك بولغان ئوخشايدۇ .

— بۇ ھويلىنىمۇ شۇ بوۋىلىرى ياساپتىكەنمۇ ؟

— شۇنداق ، شۇ بوۋام ياساپتىكەن ، كېيىن……

نازىر ئاخۇن گېپىنىڭ ئايىغىنى تاپالمىدى . يەنە بىر كادىر ئۇنى بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى بولغاي ، باشقىلاردىن ئاڭ-لىغانلىرىنى ئېيتتى :

— كېيىن ئۆزلىرى بىرەر قۇر ئوڭلاشتۇرۇپلا - دە ؟

— شۇنداق بولدى . نەچچە يىل جۇۋاز ھەيدەپ تاپقىنىمنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ھويلىغا چاپلىدىم .

— قالتىس ئىش قىپلا ! يۇرت - مەھەللىنىڭ ئېيتقىنىدەك ، مىشاھاجى زومىگەرنىڭكىدىنمۇ پۇزۇر ئىمارەت ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ !

— خۇددى شەھەرلىك بايلارنىڭكىدەك ياساپتىكەن دەڭە .

«زومىگەر» ، «باي» دېگەن سۆزلەردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان نازىر ئاخۇننىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ ، چىرايى لاپپىدە بىر ئۆڭۈپ ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى . ئۇ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتمەكچى بو-لۇپ ، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى :

— قېنى ، ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا ، — دېدى ئۇ كادىرلار ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ ، — بالام ، ھاۋاز ئاخۇن ، ئىتتىك باققا كىرىپ ھۆسنەرىخاننى چاقىرىپ چىق !

— خوش ، ئۆيگىمۇ كىرەرمىز ، بىزنى باغقا باشلىسىلا .

«ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا ، دېگەن شۇ- دە ! بۇ كۇندە باغدا چې-چەكتىن بۆلەك بىرنېمە بولمىسا...... ئەستا...... ماۋۇ پېشكەللىكنى !»

نازىر ئاخۇننىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن ئوي قالمىدى . پۇت - قولى ماغدۇرسىزلاندى . لېكىن ، زادى چاندۇرمىدى .

— ئوبدان ، ئوبدان ، قېنى ، بۇ ياققا .

ئاق ، ھال رەڭ چېچەكلەر بىلەن تولغان باغ شۇنداق جىمجىت ئىدىكى ، چېچەك ھەرىلىرىنىڭ بىر خىلدا غوڭۇلداشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى . چېچەكلەردىن تارقالغان خۇشبۇي ھىد دىماغلارنى غىدىق-لاپ ، يۈرەكلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئەمدىلا كۆكىرىپ ، يەرنىڭ يۈزىنى ياپقان بېدە ، ئاقتارما قىلىنغان كاندۇك - كاندۇك ئېتىزلار ، قىر بويىدا ھۇپپىدە چېچەكلەپ كەتكەن ئۇرۇقلۇق سەۋزە ، چامغۇر......لار شۇنداق گۇزەل ، شۇنداق يېقىم-لىق ئىدى .

كادىرلار باغنى كۆرگەچ ، قوش ھەيدەپ ئۇرۇق سېلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . قوشچىلار ئۈچ كىشى بولۇپ ، بىرى 20 ياشلاردىكى ئۆسكىلەڭ يىگىت ، قالغان ئىككىسى ئوخشاشلا قىزىل

ماتادىن كۆڭلەك كىيگەن ئايالار ئىدى. ئۇلار كادىرلارنى كۆرۈپلا ئىشىنى توختاتتى. قوش ھەيداۋاتقان يىگىت بۇقۇسانى كۆچەپ يەرگە پاتۇرۇۋېتىپ، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كادىرلارنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، قىلچە تارتىنماستىن ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئايالار تارتىنغان ھالدا يەرگە قارىشىپ، جىمجىت تۇراتتى.

— بۇ ئىككىنچى ئوغلۇم مىرزىمەت، — نازىرئاخۇن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى، — ئاۋۇسى كېلىنىمىز ھۆسنەرىخان، كىچىكى قىزىمىز نىساخان بولىدۇ.

بوۋاي سۆزلەۋاتقاندا، ئىككى تۈپ ئۆرۈككە باغلانغان سەگۈنچەكتە ئۇخلاۋاتقان بوۋاق «قىررىدە» يىغلىدى. ھۆسنەرىخان ئېتىكىدىكى ئۇرۇقلۇق قوناقنى قىر بېشىدىكى تاغارغا تۆكۈۋېتىپ، بالىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئېتىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يالغۇز قالغان نىساخانمۇ كەتمىنىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

كادىرلاردىن بىرسى بوۋايدىن سورىدى:

— بۇ قىزچاق مەكتەپتە ئوقۇمامدۇ؟

— يوقسۇ، — بوۋاي ئالدىراش چۈشەندۈردى، — مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغان قىزلارمۇ يوق. ئاڭلىساق: «ھۆكۈمەت بۇ يەردە كەچ كۇرس ئاچمىش» دېگەن گەپ بار. خۇدايىم بۇيرۇسا، كەچ كۇرس قاچان ئېچىلسا، شۇ كۈنى ئۇنى ئەۋەتىمەن. ھۆسنەرىخانمۇ بارىدۇ.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى. قاراپ تۇرۇپ ياپياش قىز بالىنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قىلىپ قويماڭ.

— ئوبدان. چوقۇم دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

— بۇ يىگىتچۇ؟ بۇمۇ ساۋاتسىزمۇ؟

— ئۇ......

نازىر ئاخۇن ئوڭايسىزلانغىنىدىن گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، ئۈنى ئۆچۈپلا كەتتى. ئۇنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن يەنە بىر كادىر قۇتۇلدۇردى:

— بۇ بالا يېتىمچىلىك ، سەرسانچىلىقتا ئوقۇيالمىغانغۇ دەيمەن ؟
— شۇنداق ، كىچىكىدە ئوقۇيالماپتىكەن . چوڭ بولغاندا......
— هە يىگىت ، كۆرەش يىغىنى ئاچساق ، مىشاھاجى ئۈستىدىن ئەرزىيەت ئېيتارسىز ؟
— ئېيتىمەن !— مىرزىمەت كېسىپلا جاۋاب بەردى ۋە ئارقىدىنلا سورىدى ،— بەزىلەر ھەربىرلىرىنى مېنىڭ مىشاھاجىدا قالغان ئىككى يىللىق ھەققىمنى ئېلىپ بېرىمىش دەيدۇ ، مۇشۇ گەپ راستمۇ ؟
كادىرلار بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئۇنى ئىلھاملاندۇردى :
— راست ، جەزمەن ئېلىپ بېرىمىز .
— سىز ئاكتىپلىق بىلەن ئەرزىيەت ئېيتىپ ، ئۇنىڭ سىزنى قانداق ئەزگەنلىكى ، كىچىكىڭىزدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى كۆپچىلىك ئالدىدا پاش قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دادىل كۆرەش قىلسىڭىز ، بارلىق ھەققىڭىزنى قالدۇرماي ئېلىپ بېرىمىز .
— يالغۇز مىشاھاجىدىنلا ئەمەس ، كىمگە قانچىلىك ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەن بولسىڭىز ، ھەممىسى بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشىپ ، سىزنى رازى قىلماي قويمايمىز .
—......

كادىرلار نازىر ئاخۇننىڭ ئائىلە ئەھۋالى ، ئىجارىگە تېرىۋاتقان يېرىنىڭ سانى ، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈپ ، تەپسىلىي خاتىرىگە ئالدى- دە ، بىر يۇتۇم داغ سۇمۇ ئىچمەستىن ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى .
«مىشاھاجى زومىگەرنىڭكىدىنمۇ پۇزۇر ئىمارەت ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ ! »
«يالغۇز مىشاھاجىدىنلا ئەمەس ، كىمگە قانچىلىك ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەن بولسىڭىز ، ھەممىسى بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشىپ ، سىزنى رازى قىلماي قويمايمىز . »
كاللىسىغا مۇشۇ سۆزلەر ئورنىشىپ قالغان نازىر ئاخۇن كۆڭنى ناھايىتى تەسلىكتە كەچ قىلدى . ئۆيدىكىلەر بىرەر ئىش توغرۇلۇق گەپ سورىسا ، دۇدۇقلاپ چالا - پۇچۇق جاۋاب بەردى . ھېچكىمگە

ھېچ نەرسە بۇيرۇمىدى ، ھېچ نەرسىمۇ سورىمىدى . پۈتۈن كۈننى ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېرىقلارنىڭ قىرلىرىنى تاراشلاش ، تېگىنى ئويۇش بىلەن ئۆتكۈزدى . ئاخشىمى ئادەتتىكىدىن بالدۇر ياتاق ئۆيگە كىرىپ ، ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلىدى ، ھەتتا نىساخاننىڭ :

— دادا ، مىجەزىڭ يوقمۇ ؟— دېگەن سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى .

ئەتىسى نازىر ئاخۇن ناماز بامداتتىن يېنىپ ، ئوغۇللىرىدىن كېيىنرەك ئۆيگە كىردى . بىرىنچى بولۇپ ئۇنى كۆرگەن ھۆسنەرخان ئوچاق ئالدىدىن قوپۇپ ، ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى . بوۋاي سالامنى ئىلىك ئېلىپ ، بېشىنى يەڭگىلغىنە لىڭشىتىپ قويىدۇ ، ئۇدۇل باغقا كىرىپ كەتتى .

قازان ئوچاق بېشىدىن چۈشتى . يوغان - يوغان ياغاقلانغان چامغۇر ، بېدە كۆكى سېلىنغان يوبدان ئاياق ، سوزما ، پوراچلارغا ئۇسۇلۇپ ، ئوچاق ئالدىغا قاتار تىزىلدى . ھاۋاز ئاخۇن بىلەن مىرزىمەت پېشايۋاننىڭ زەگۈندىسىدە ئولتۇرۇپ ، دادىسىنىڭ باغدىن قايتىپ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى .

كۈن قىزىل بولۇپ قالدى ، تېخىچە داستىخان سېلىنمىدى . ئاشمۇ سوۋۇت قېلىۋاتاتتى .

— بۇ دادام ناشتا قىلماي ، باغدا نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ ؟

— ئوچاقتىن قومۇرغان زاغرىلارنى لېگەنگە چىرايلىق تىزىۋاتقان نىساخان يەڭگىسى ۋە ئاكىلىرىغا نەزەر تاشلاپ قويۇپ ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ، — مەن بىر قىچقىرىپ چىقايچۇ……

ئۇ سۇپىدىن دىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ ، ئالدىغا چۈشۈۋالغان كوكۇلىلىرىنى كەينىگە تاشلاپ ، قىرغاۋۇلدەك يورغىلىغىنىچە باغقا كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي دادىسى بىلەن بىللە يېنىپ چىقتى . ئوغۇللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، ئەدەپ بىلەن قول باغلاشتى .

نازىر ئاخۇن چىرايىنىمۇ ئاچماستىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتىدە ، پېشايۋاننىڭ تۆرىدىن جاي ئالدى . ئوغۇللار ئۇنىڭ قارشىسىدا يۈكۈنۈشتى .

داستىخان سىلىنىپ ، ئاۋۋال نان ، ئاندىن ئاش كەلتۈرۈلدى . دادا قاچىغا قول ئۇزاتمىغاچ ، بالىلارمۇ «رۇكۇ»غا ئولتۇرغاندەك ، چوكقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى .

ئاخىر ، بوۋاي جىملىقنى بۇزدى :

— نېمە قاراپ ئولتۇرۇسىلەر ؟ ئىتتىك - ئىتتىك قورسىقىڭلار-نى تويغۇزۇپ ، باغقا سۇ باشلىۋېتىڭلار ، ئېرىققا سۇ كەپتۇ .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا قوشۇقنى قولىغا ئالدى . لېكىن ، ئاشقا پاتۇرمىدى ، ئەزەلدىن جىمىغۇر ، كالىدەك ئىشچان ، دادىسىنىڭ بۇي-رۇقىنى ھەر زامان جان - تېنى بىلەن ئادا قىلىشقا ئادەتلەنگەن ھاۋاز ئاخۇن مىرزىمەت بىلەن غىل - پال كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى -دە ، قاچىنى قولىغا ئېلىشتى . ھۆسنەرىخان قېيىنئاتىسىغا يەر ئاستىدىن ئاستاغىنە قاراپ قويدى . دادىسىغا يانمۇيان ئولتۇرغان نىساخان ئۇنىڭ-غا تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتى-ۋەتتى :

— دادا ، نېمە بولدۇڭ ؟ تۈنۈگۈننىڭياقى بىر قىسىملا يۈرىسەن . بىرسىمىزدىن خاپا بولدۇڭمۇ ،يا ؟

— ھەي جېنىم باللىرىم ، سىلەردىن نېمىشقا خاپا بولاي ؟...... دېدى ئۇ غەمكىن ئاۋازدا ، — بۈگۈن يوشۇرسام ئەتە ، بولمىسا ئۆگۈن ھامان ئاڭلايسىلەر ، — ئۇ سوزۇپ «ئۇھ» تارتتى ، — خۇدايىم پېشانىمىزگە پۈتكەن قىسمەتنى تارتماسقا ئىلاجىمىز يوق ئوخشايدۇ .

— نېمە ؟ !

تۆتەيلەن تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى . بوۋاي زورىغا كۈلۈمسىرەپ ، تىت-رەك ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بىزنى بايلارنىڭ قاتارىغا قوشىدىغاننىڭ گېپى بار .

— نېمىمىزگە قاراپ بىزنى بايلارنىڭ قاتارىغا قوشىدىكەن !— يىغىنلارغا ئالا قويماي قاتنىشىپ ، باي - كەمبەغەللىكنى ئايرىشنىڭ چەك - چېگراسىنى ئاز - تولا چۈشىنىپ قالغان ھاۋاز ئاخۇن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، ئېتىراز بىلدۈردى ،— بىزنىڭ يا باغدىن بۆلەك بىرەر مو يېرىمىز بولمىسا......

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن ، — بوۋاي يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ، — شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بولغىنىدەك ، گوڭسەنداڭنىڭ سىياسىتىنىڭمۇ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار ئوخشاي - دۇ . بىزنى «ئىجارىكەش باي دېھقان» قىلىپ ئايرىپتىمىش .

— ھە !...... بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ ؟

— باياتىن مەسچىتتىن يانغان جامائەت شۇنداق دەيدۇ .

— جامائەت ؟ بىز ئۇنداق گەپنى ئاڭلىمىدۇقمۇ ؟

— سەن ئاڭلىمىغان بولساڭ ، مەن ئاڭلىدىم ، — بوۋاي تېرىك - كىنىدىن ھاۋازئاخۇنغا ئالايدى ، — كاتتۇاللىق قىلىپ بۇ گەپنى ئۇچرىغانلا كىشىگە دەپ يۈرمە جۇمۇ !

— جامائەت بىلگەن گەپنى ، بىز دېسەك نېمىشقا بولمايدۇ ؟

— ئەستا ، ماۋۇ بالىنى ...... — بوۋاي ئۆزى بىلەن تىغمۇتىغ تۇرۇپ تاكاللىشىۋاتقان ھاۋاز ئاخۇنغا غەزەپ بىلەن ئالايدى ، — دەيدىغان گەپمۇ ، دېمەيدىغان گەپمۇ بار . ئۇنى بىرسى ماڭا كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئېيتىپ قويدى . كادىرلار ئىچىدە ئاشۇنداق گەپ بولغان ئوخشايدۇ . يەنە مىرزىمەتنىمۇ ئاغزىغا ئېلىشىپتۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مىرزىمەتنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، قو - لىدىكى قاچا داستىخانغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى . ئۇ ئاغزىنى نېمىدۇر دېيىشكە ئۆمەللىدى - يۇ ، ھېچ نەرسە دېمەستىن يەرگە قارى - دى .

شۇكۇنى مىرزىمەت خۇپتەنگىچە قايتىپ كىرمىدى .

— ھۇ بەتبەخ !— دېدى ئەمدىلا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن نازىر ئاخۇن كىمگىدۇر خىتاب قىلىپ ، — «ئادەم بالىسى باقساڭ ئېغىز - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر» دېگەن گەپ ھەقىقەتەن راست ئىكەن !

ئورۇن سېلىۋاتقان نىساخان دەرھال ئىشتىن توختاپ ، قەپەسكە سولانغان يولۋاستەك ئۆي ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن دادىسىدىن سورىدى :

— دادا ، كىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن ؟

— قارىمامسەن ، ھېلىقى مىرزىمەت دېگەن تۇزكور ھارىمى كا -

دىرلارغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرزىيەت ئېيتىپتۇ ، ئەستاغپۇرۇللا !

— نېمەدەيدىغانسەن ؟ ! ئۇ……

قىزنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ ، قولىدىكى يوتقان يەرگە چۈشۈپ كەتتى . بوۋاي ئۇنىڭغا بىر مىنۇتچە جىمجىت تىكىلىپ تۇردى - دە :

— بالام ،سەن ياتقاچ تۇر ، — دېدى- دە ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندە ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجايغان مىرزىمەت بوسۇغىدا پەيدا بولدى . چىراغپاي ئۈستىگە توختىتىلغان ساپال چىراغ يورۇقىدا دوپپا قوندۇرۇۋاتقان نىساخان ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈدى . ئەمما ، جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويماستىن ، تەنە ئارىلاش سورىدى :

— ۋېيەي…… نېمانداق ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلىماي ، بۇ يەردە سۆرۈلۈپ يۈرىسىز ؟ !

مىرزىمەت ئۇنىڭ بۇ تەنىسىنى چاقچاق دەپ چۈشەندى بولغاي ، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— خۇش خەۋەر ! سىزگە خۇش خەۋەر ! بىزنى «ئىجارىكەش باي دېھقان» قىلىش كادىرلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن گەپكەن ! بۇ گەپنى بۇزۇق ئادەملەر تارقىتىپتۇ…… دادام قېنى ؟

— ئاغزىڭىغا ياغ ، ئاكا !— دادىسىنىڭ باياتىنقى گەپلىرىنى بىر دەمدىلا ئېسىدىن چىقارغان نىساخانىنىڭ چىرايى خۇشاللىقتا گۈلدەك ئېچىلىپ ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟

— كادىرلاردىن ئاڭلىدىم . باياتىن بېرىپ ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كەلدىم !…… دادام نەگە كەتتى ؟

— ئالدىڭىزدىلا چىقىپ كەتكەنىدى . سىزگە ئۇچرىمىدىمۇ ؟

— ياق ، باغقا كىرىپ كەتكەن بولمىسۇن……مەن ئۇنى ئىزدەپ باقاي .

مىرزىمەت ئالدىراش كەينىگە ياندى . ھايال ئۆتمەي ، ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۇنىڭ : «دادا…… دادا……» دەپ تەكرار - تەكرار توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى نىساخانىنىلا

ئەمەس ، ئاللىقاچان يوتقانغا كىرىپ بولغان ھاۋازئاخۇن بىلەن ھۆسنە-رىخاننىمۇ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى . نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى ئۇققان ياش ئەر - خوتۇنلار يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك خۇشال بولۇشتى .

بىراق······ بىراق ، ئۇزاق ئۆتمەي ، بۇ خۇشاللىق مۇسىبەت بىلەن ئالماشتى : ئۇلار نازىرئاخۇننى قاپاق تېرەكنىڭ باغ تەرەپكە ساڭگىلىغان شېخىغا ئېسىقلىق ھالەتتە تېپىشتى .

تەركىب بېكىتىشتە ، بۇ ئائىلىنىڭ تەركىبى «ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان» بېكىتىلدى . نازىر ئاخۇننىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان «بۇزۇق» پەقەت تېپىلمىدى . كادىرلار ھاۋازئاخۇنغا قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىگەن ؛ مىرزىمەت باشتىن - ئاخىر نازىرئا-خۇننىڭ «ئوغلى» بولۇشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ ، ھاۋازئاخۇن مىر-زىمەتنى «ئىنىم» دېگىلى ئۇنىمىدى ، ھەتتا بىر جۈپ ئۇيىنى مىرزى-مەتنىڭ «ئۈچ يىللىق ئەجرى ئۈچۈن سەدىقە» قىلماقچى بولدى . مىرزىمەت بۇنى قەتئىي رەت قىلدى ۋە نائىلاج بۇ ئائىلىدىن ئايرى-لىپ ، مىشاھاجى زومىگەردىن «مېۋە»تەگكەن ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى . قوشكۆلدە ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇلغاندا ، ھاۋازئاخۇن بىر جۈپ ئۆي ۋە تېرىلغۇ سايمانلىرىنى خۇشاللىق بىلەن گۇرۇپپا ئىختىيارىغا تاپشۇردى . خوتۇنى ۋە سىڭلىسى بىلەن بىللە گۇرۇپپىدا تىرىشىپ ئىشلەپ ، دادىسى ھايات چاغدىكىدىنمۇ كۆپ ھوسۇل ئالدى . «ۋەتەن-پەرۋەرلىك ئاشلىق سېتىپ بېرىش نەمۇنىچىسى»بولۇپ ، گېزىتكە سۈرىتى بېسىلدى . ئەمدى ئۇ ئولتۇرسا - قوپسا دادىسىنىڭ «تەنتەك» لىكىدىن ئۆكۈنەتتى .

## «تاج» ئۈستىگە «تاج»

«ھەمىشە ھېيتمۇ ساڭزا يېگىلى» دېگەندەك ، سىڭلىسىنى كۆڭ-لىدىكىدەك كىشىگە ياتلىق قىلىپ كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھاۋاز ئاخۇن دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئەڭ خاتىرجەم ، ئەڭ باياشات كۈن-لىرىنى ياشاۋاتقاندا ، «كوممۇنىزمغا بارىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك»—

خەلق گۈگشىسى قۇرۇلدى. بۇ چىرايلىق نامدىن يۇرىكى قالتىس سۆيۈنگەن ھاۋاز ئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ بەختىيار كۈنلەر گەۋدىلەندى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باغ ئەتراپىنىڭ ئىلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، «پولات مارشالنى تەختكە چىقىرىش» دولقۇنى قوزغىلىپ، ئۆينىڭ چۆرىسىدىكى ئون نەچچە تۈپ ھاڭگا تېرەكمۇ تۈتۈنگە ئايلىنىپ كەتتى. ھاۋاز ئاخۇن باغ قولدىن كەتكەندە خوتۇنىنىڭ قىلغان ئاھ - زارلىرىغا: «باغباران، ئۆي - جايدىن ئايرىلغان يالغۇزلا بىزمىدۇق؟ قويۇڭلار، ئەترەت بىزگە كېيىن تېخىمۇ ئوبدان باغ قىلىپ بېرىدۇ......» دەپ تەسەللى بەرگەنىدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئاشۇ ھاڭگا تېرەكلىرىگە پەقەتلا چىدىمىدى: خوتۇن - بالىلىرىغا تۈيدۇرمىغىنى بىلەن، خالىي جايلاردا كۆز يېشى قىلدى. كېچىلىرى تەلۋىچۈكنىڭ بويىغا كېلىپ، دولقۇنلار بىلەن مۇڭداشتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ، تۇرمۇشىنى يېڭىچە ئىزغا سالدى: ھاڭگا تېرەكلەر ئورنىغا قاغا جىگدە ئۇرۇقى تېرىپ ئۇندۇردى. تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ، تېجەپ خەجلەپ نەچچە يۈز كوي يىغىپ، بىر دانە موزايلىق ئېنەك سېتىۋالدى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سۈت - قايمىقىنى ساتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇنچە جۇۋازغا قېتىپ قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق بويلىرى، ھويلا - ئاراملىرىغا تېرىغان ئىششەك - نىم ئىششەك ئاپتاپپەرەس، چىگىتلىرىنى تارتىپ بېرىپ، سىمكىرىغا چۈشكەن كۈنجۈرە بىلەن ئېنەكنى باقتى. تېخى ئانچە - مۇنچە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى كولاپ، دورا شىركىتىگە ساتتى. بالىلىرىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، تۇرمۇشى بارا - بارا ھاللىنىشقا باشلىدى. كىم بىلسۇن، تۇنجى، شۇنداقلا بىردىنبىر قىزى زەيتۈنەم ئەمدىلا «تۇردى - تۇردى» بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» قوشكۆلدىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرستىپ، بىرمۇنچە كىشىگە يېڭىدىن «تاج» كىيدۈردى. ھاۋاز ئاخۇنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، «توردىن چۈشۈپ قالغان باي دېھقان ئۇن-

سۆر » دېگەن «تاج » نى كىيدى . بىر ئىشەكتىن بۆلەك چارۋىلىرى
مۇسادىرە قىلىنغاندىن تاشقىرى ، ئەمدىلا بىلەكتەك بولغان جىگدىلە-
-رىمۇ ئەترەتنىڭ مۈلكىگە ئايلاندى . ئۆزى نەدە ئىغىر ئەمگەك ، نەدە
سۇ قۇرۇلۇشى بولسا شۇ يەرگە ھەيدىلەتتى . ھەپتىلەپ- ئايلاپ بالا-
چاقىلىرىنى كۆرمەيتتى . لېكىن ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز
تەقدىرىدىن زارلىمايتتى . نېمە ئىشقا بۇيرۇسا ، چوقۇم ئەترەت بېشى-
-نىڭ مۇددىئاسىدىكىدىن چەندان ئاشۇرۇپ ئورۇنلايتتى . خوتۇن- با-
-لىلىرىغىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشنى ؛ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ،
ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى - كەينىدىن ئىگىز - پەس گەپ - سۆز قىلماسلىق-
-نى تاپىلايتتى . شۇڭا ، ئايلار ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، ئۇنىڭ
«ئۇنسۇر » ئىكەنلىكى ئانچە كۆپ كىشىنىڭ ئېسىدە قالمىدى . ئەمدى
ئۇ مال - مۈلۈك ، پۇل - پۇچەك توپلاش دېگەننى پۈتۈنلەي ئېسىدىن
چىقىرىۋەتكەن بولۇپ ، قانداق قىلغاندا كوللېكتىپ ئۈچۈن تېخىمۇ
ياخشىراق ئىشلەپ بېرىشنىلا ئويلايتتى .

قارىغاندا ، ئۇلار تۇرمۇشتا خاتىرجەم ، ھېچقانداق غەم - غۇسسى-
-سى يوقتەك كۆرۈنەتتى . كېچىلىرى بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن
قانچىلىك كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ ، قايغۇ- ھەسرەت ئىچىدە تۈننى
تاڭغا ئۇلىغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى .

يەنە بىر بوران بۇ ئائىلىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋەتتى : «مەدە-
نىيەت ئىنقىلابى » نىڭ قوشكۆلگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ھاۋاز ئاخۇن-
-نىڭمۇ «ئىناۋىتى »ئۆسۈپ ، «پومېشچىك ئۇنسۇر » لۇق «تەخت »كە
چىقتى . ئىلگىرى «ئۇنىڭغا يان بېسىپ ، تەركىبىنى قەستەن تۆۋەنلەت-
كەن »ئەترەت كادىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۈرەشكە تارتىلدى ،
ھوشىدىن كەتكۈچە «پېپەن » قىلىندى ، «كۇرس » قا كىردى . ئۇنىڭ
بىلەن بىللە تاغلارغا ، سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلدى . ئەنە
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۆيلىگۈدەك بولغان بىر جۈپ ئوغلى بىر
كېچىدىلا غايىب بولدى . شۇ تۈپەيلى ، ھاۋاز «پوم » نىڭ قانچىلىك
دەرد - ئەلەملەرگە مۇپتىلا بولغانلىقى ھەممىگە ئايان . لېكىن ، ئۇ
بۇ دەرد - ئەلەملەرگىمۇ چىدىدى . چۈنكى ، شۇ كۈنلەردە مۇنداق ئازاب

تارتىۋاتقانلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن ، ھەتتا يۇرتقا يىگىرمە نەچچە
يىل «ئاتا» بولغان كادىرلار ئەمدىلىكتە «نەدىكى تاپتىن چىققان قولاق
كەستىلەر»تەرىپىدىن : «ئانداقچى ، مۇنداقچى» دېيىلىپ «سىنىپىي
دۈشمەن»لەرنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى .
ھاۋازئاخۇننى ھەممە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چىن كۆڭلىدىن تەن
بەرگۈزۈۋاتقان نەرسىمۇ دەل ئاشۇ «يۇرتنىڭ ئاتىلىرى»نىڭ بېشىغا
چۈشكەن غەلىتە قىسمەت ئىدى .

## قاپاق تېرەكلىك ھويلىدىكى مەۋھۇم خىياللار

قىلدىن ئىنچىكە ، قىلىچتىن ئىتتىك يىللاردىن 12سى ئۆتۈپ
كەتتى . ھاۋاز «پوم»نىڭ سۇۋادان تېرەكتەك بەستى يادەك ئېگىلىپ ،
كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچتى . چاچ - ساقىلىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىـ
ـرىپ ، بوۋايغىلا ئوخشاپ قالدى . لېكىن ، يورۇق دۇنيادا ئەمدىلا 50
يىل ياشىغان بۇ ئادەم ئىش - ئەمگەككە كەلگەندە ، تەڭ دېمەتلىكلىردـ
ـنى ئارقىدا قالدۇراتتى . شۇڭا ، ئەترەت باشلىقى ئۇنى پات - پات
ماختاپ ، باشقا «ئۇنسۇر»لارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ، ئۇنىڭدەك ھاـ
لال ئىشلەشكە دەۋەت قىلاتتى . «كۇرەش» ، «پىپەن» دېگەنلەر ئۇنى
يوقلىمىغىنىغا 2 — 3 يىل بولۇپ قالدى .
ھەي...... كېسەل دېگەن تاغنىمۇ ئۆرۈۋېتىدىكەن : ھاۋاز «پوم»
ئۇشتۇمتۇت كېزىك بىلەن ئاغرىپ ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى .
ئەترەت باشلىقى ئۇنى ئەمگەككە ھەيدىمىگىنى بىلەن ، ئۇنىڭ زىمىدـ
ـسىدىكى بىرمۇنچە قوشۇمچە ۋەزىپىلەر ھۆسنەرىخان بىلەن زەيتۇنەمـ
ـنىڭ يەلكىسىنى باستى . ھۆسنەرىخان ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى
تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ، «ئۇنسۇر»لار قاتارىدا يەنە نەچچە سائەت
«خالىس»ئەمگەك قىلاتتى . زەيتۇنەم بولسا ، قالايدىغان ئوتۇن (ئۇـ
لارنىڭ ئاشۇ بىر تۈپ قاپاق تېرەكتىن بۆلەك دەرىجى بولمىغاچ ،
قىش- ياز يانتاق قالايتتى ) ، دۈيگە ھەقسىز تاپشۇرىدىغان ئوغۇتنىڭ
كويىدا يېرىم كېچىگىچە تالا - تۈزدە يۈرەتتى .

نەچچە كۈن بولدى، زەيتۈنەم نېمە ئۈچۈندۇر ئۆيگە بارغانسېرى كەچ قايتىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر خۇشخۇي ئىدى. ئىلگىرىكى كۈنلەردە جاڭگالدىن ئېلىپ كەلگەن يانتاقنى ئازگالغا تۆكۈپ، ئۈستىنى توپا - تۇمان بىلەن باستۇرۇۋېتىپلا، ئۆزىنى ئورۇنغا ئېتىشقا ئاران تۇرىدىغان بۇ قىز ئەمدى گويا كىنو - تىياتىردىن قايتقاندەك خۇشال ئىدى. چىرايىدا ھارغىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

بۇ ھال زېرەك ئانىنى خۇش قىلىش ئورنىغا، ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. بىراق، زادى نېمىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ كەچلىك تاماققا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، رەڭگىرويىنى توپا - چاڭ باسقان زەيتۈنەم ھارغىن قىياپەتتە ھويلا ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ مۈرىسىدىكى كەتمەننى ئېغىلنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويدى- دە، ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئۇدۇللا پېشايۋاندا ياتقان دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىدى، ئاندىن پېشايۋاننىڭ يەنە بىر چېتىدىكى يازلىق ئوچاق ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، چامغۇر، يۇمغاقسۇت ئادالاشقا تۇتۇندى. بۇ چاغدا (پەقەت مۇشۇ چاغدىلا!) ئانىنىڭ ئويچان كۆزلىرى قىزىنىڭ تېگى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك، گۈللىرى ئاپئاق، نېمىكەش چىت كۆڭلەك ئاستىدا دومبىيىپ تۇرغان كۆكرەكلىرىگە چۈشتى.

«توۋا!...... نېمە ئىش بۇ!؟»

ھۆسنەرىخان يەڭگىل بىر ئەندىكىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا زەيتۈنەمگە سىنچىلاپ تىكىلدى، قىزىق ئىش، زەيتۈنەم ئاللىقاچان باللىق يېشىنى ياشاپ بولۇپ، ھەرقانداق باغرى تاش يىگىتنىڭمۇ يۈرىكىنى «تەپكۈچ» قىلىپ ئوينىتالىغۇدەك ساھىبجامال نازىنىنغا ئايلانغانىدى!

ئانا بولغۇچى نېمىشقا شۇ كەمگىچە بۇ ھالنى سەزمىدىكىنا؟ «ئۇنسۇر» نىڭ كۈنى قانداق ئۆتىدىغانلىقى ھەركىمگە مەلۇم: ئەمگەك، ئەمگەك يەنە ئەمگەك...... دەشنام يەنە دەشنام!...... زەيتۈنەم

نېكوْنىكى ئاغلىق تامبال كىيىشكە باشلىدى ، شوْنىڭدىن بوْيان هوْسنە-رىخانىنىڭ ئوْنىڭغا سەپسېلىپ ئولتوْرغوْدەك چولىسىموْ بولمىدى ، بوْ-بىر گەپ . يەنە بىر جەھەتتىن زەيتوْنەم كىچىكىدىنلا نومۇسچان ، ئەقىل - ئىدراكلىق ، ئىشچان بالا بولدى . مەكتەپ يوْزى كوْروْش نېسىپ بولمىغان بوْ قىز بىر يىل — 365 كوْننىڭ ھەممىسىدە ئوْيدىن ئېتىزغا ، ئېتىزدىن ئوْيگە ماڭغىنى ماڭغان توْرسا ، هوْسنەرىخان نېمىشقا ئوْنىڭغا كوْز - قوْلاق بولوْپ يوْرىدىكەن ! ؟ ماقوْل ، كوْز - قوْلاققوْ بولمىسوْن ، قىزىنىڭ شوْنچىۋالا بوي تارتىپ ، ئالىلقاچان بىر ئەرنىڭ نېنىنى يېيەلىگوْدەك بولوْپ قالغىنىنى بايقىماسلىق بىر ئانا ئوْچوْن پەقەتلا ئەپلەشمىگەن ئىشتە !

«قوي بولسا قوزىسى »دېگەندەك ، هوْسنەرىخان كەينى - كەينىدىن بەش پەرزەنت يوْزى كوْردى . ئىككىسىنى «ئىگىسى » دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەن بولسىموْ ، ئوْچى گوْلدەك چوڭ بولغاندى . كېيىن......

هوْسنەرىخان خىيالىنى داۋاملاشتوْرالماي قالدى . چوْنكى ، ئەمدى ئوْنىڭ كوْز ئالدىدا ئىز - دېرەكسىز يوقالغان «قاپلاندەك» بىر جوْپ ئوغلى پەيدا بولغانىدى .

«ئوْلار تىرىكمىدوْ ؟ »

ئىككى پەرزەنتىنىڭ ھىجران ئوتىدا يوْرەك - باغرى كاۋاپ بوْلوْپ ، ئېتىدىن ، كوْچىدىن ، هوْسنىدىن ئايرىلغان هوْسنەرىخان مانا بوْ سوئالغا 10 يىلدىن بېرى جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى . چوْشىدە ئوْلارنى كوْرەتتى . ئوْلار بىلەن مۇڭدىشاتتى . ھەر ۋاقىلىق نامىزىدا تەڭرىدىن ئوغوْللىرى بىلەن تىنچ - ئامان دىدار كوْروْشوْشنى نېسىپ قىلىشنى تىلەيتتى . ئەكسىچە ، زەيتوْنەم كوْن بويى ئايىغىغا پوْتلىشىپ يوْرسىموْ ، ئوْنىڭ توغرىسىدا ئوْيلاش ئوْياقتا تۇرسوْن ، ھەتتا ئوْنىڭ تەقى - تۇرقىغا بىرەر قېتىممۇ تازا سىنچىلاپ نەزەر سېلىپ ، ئوْنىڭ ۋوْجوْدىدا پەيدا بولغان بىرەر يېڭىلىقنىموْ كوْرمىگەنىدى . مانا ئەمدى......

هوْسنەرىخان خېمىرنى تەڭنىگە كوْچەپ دىسلاۋېتىپ ، زەيتوْنەمگە

يەنە بىر قېتىم يەر ئاستىدىن قارىۋالدى . كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن تويۇقسىز ئۇچراشقاندا ، يۈرىكى «ۋىژژىدە» ئېچىشىپ ، گېلى-نى بىرنەرسە بوغقاندەك بولدى .

تاماق يېيىلىپ بولدى . دۇئادىن كېيىن ، زەيتۇنەم كەتمەننى ئېلىپ ، بىردانە ئەسكى قاپ بىلەن بىر تال ئارغامچىنى مۈرىسىگە تاشلاپ ، ئالدىراش تالاغا چىقىپ كەتتى .

— ئانىسى ، قانداق ئىش بۇ ؟— سامان تىكىيەگە ئۇلى قولىنىڭ جەينىكى بىلەن يۆلىنىپ ، سىڭايان ياتقان ھاۋاز «پوم» بېشى بىلەن زەيتۇنەمنى ئىشارەت قىلىپ دېدى ، — ئىككى - ئۈچ كۈنىنىڭزى زەيتۇنەم جاڭگالدىن بەك كەچ يېنىۋاتىدۇ .

— قانداق دەيلا ؟

— مۇنداقلا بىر دەپ باقتىم ،— ھاۋاز «پوم» ئۆرە بولۇپ ئول-تۇردى . كۆڭلىدىكى پەرىشانلىق چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ،— جاڭگال بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى خېلى بار . يانتاق چاپماقمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك كەچكە قالسا ، قىز بالا ئەمەسمۇ ، ئادەم سەل ئەنسىرەپ قالىدىكەن……

سەزگۈر ئانا ئېرىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە دەرھال يەتتى . ئەسلى-دە ، ئۇمۇ بۇ غەيرىي ئىشتىن ھەيران ئىدى . بىراق ، نەچچە كۈندىن بۇيان يا قىزىغا ، يا ئېرىگە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي يۈرەتتى . چۈنكى ، ئېرى كېسەل ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مۇنداق گۇماننى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ ، دەردىگە دەرد قوشقۇسى كەلمىدى . زەيتۇنەم ئىش - ئەمگەكتە ، تۇرمۇشتا قاتتىققا قېتىپ ، يۇمشاققا پېتىپ ، نى - نى يوغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چىۋىقىغا ئالمىغنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ نېپىز بالا . قىزلىق غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالسا تۇگىشىپلا كېتىدۇ . شۇڭا ، ھۆسنەرد-خان دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنىدى . مانا ئەمدى ئېرى بۇ ھەقتە گەپ ئاچتى . ئۇنىڭغىمۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتماي بولمىدى :

— مەن سىلىنى بۇ ئىشقا سەگگەرمىدىمىكىن ، دەپتىمەن ، — ھۆسنەرىخان دۇدۇقلاپىراق سۆزگە كىرىشتى ، — بۇ بالا…… تووا

قىلدىم خۇدايىم ، ھېچ بەندەڭنىڭ يۈزىنى قارا قىلمىغىن !······ئۇغۇ بۇغدايلىقتا چاقىرسا ، قوناقلىقتا «ھە» دەيدىغان قىزلاردىن ئەمەس ، شۇنداق بولسىمۇ .

— نېمە !— ھاۋاز «پوم»نىڭ ياغاق يۈزىنى قاپلىغان قويۇق ساقاللىرى غەلىتە تىترەپ ،ئورىدەك چوڭقۇر كۆزىدە ئوت چاقنىدى ،

— ئۇ كۆڭلى قارىلىق قىپتىمۇ ؟

— نېمە دەيدىغانلا ؟ زاۋالدا ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمەي ، «خۇدايا توۋا» دېسىلە !— ھۆسنەرىخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى ، — مېنىڭ ئەزىسىرەۋاتقىنىم······ ئەستا······نېمە دېسەم بولار ؟

— ھوي خوتۇن ، كېكەچلىمەي ، جەررا گەپ قىلىڭلا ! زادى نېمە ئىش ئۆزى ؟

ھاۋاز «پوم» تەرىنى تۇرۇپ ۋارقىرىدى . ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەن ھۆسنەرىخاننىڭ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ ، كۆز يېشىمۇ قۇرۇدى . ئۇ ھەم كۆرۈمسىز ، ھەم كېلەڭسىز ، كۆك شەنبەجە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەر ۋە ياشنى سۈرتكەچ ، ئۆز گۇمانىنى ئېيتتى :

— بۇ كەمىنىڭ ياشلىرىدا «مۇھەببەت باغلاش» دېگەن بىر گەپ بار . زەيتۇنەمنىمۇ شۇنداق ئىشقا ئىلىنىشىپ قالدىمىكىن دەيمەن .

— ئۇنداق بولسىغۇ ، خۇدانىڭ بەرگىنى ! ئەمما······

ھاۋاز «پوم»نىڭ يۈزلىرىدە غىل - پال ئەگىگەن تەبەسسۇم ئەتىيازنىڭ كۆيۈك ئاپتىپىدەك دەرھال ئۆچتى . تىلىمۇ تۇتۇلدى .

— ئۇنى بىرەر نامەردكە ئالدىنىپ قېلىپ ، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزىمىزنى يەرگە ئۇرارمىكىن ، دەملا ؟

— ياق ! زەيتۇنەم ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ قانچىلىك يۈزىمىز بار دەيسىلە ؟ !

— ئەمىسە······

— ھەي خوتۇن ، ھەي خوتۇن······ ئويلاپ بېقىڭلا : بىز كىم ؟ زەيتۇنەم كىم ؟— ھاۋاز «پوم» چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ ، بىرھازا جىم بولۇپ كەتتى . ھۆسنەرىخان ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلى-

قىنى چۇشىنىپ ـ چۇشەنمەي ، ئۇنىڭ ئاغزىغا چىكەتكىدەك تىكىلىپلا قالدى . خېلىدىن كېيىن هاۋاز «پوم» بوغۇق ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى ، — پومپىشچىكنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغان ئادەممۇ نەچچە كۈنلەپ سوراق ـ سوئالغا تارتىلىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ، ئاتىنىڭ كاللىسىدەك يۈرىكى بار ئادەممۇ قاراپ تۇرۇپ بىر پومپىشچىكنىڭ قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا تالىماس ! ؟ ماقۇل ، بىرەر ئەخمەق يىگىت زەيتۇنەمگە خۇشتارمۇ بولسۇن ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پومپىشچىكنىڭ قىزىنى كېلىن قىلىشقا ئۇنامدۇ ؟ !

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۇنى تەڭلا ئۆچۈپ ، ۋۇجۇدىغا يىغا ياماشتى .

يىغا بىلەن نېمە هاسىل بولاتتى ؟ !

هاۋاز «پوم »ئۆزىنىڭ ئەسلي مەقسەتتىن ناهايىتى كۆپ يىراقلاپ كەتكىنىنى سەزدى ـ دە ، بىرمۇنچە كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەر بىلەن خوتۇنىغا تەسەللى بەردى . ئاندىن :

— «گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ » دېگەن گەپ بار ، — دېدى ئۇ ئىمكانقەدەر ۋەزمىن تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە تىرىشىپ ، — باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ ، سىلـى هازىرلا ئۇنىڭ كەينىـدىن ئۇچۇڭـلا ، ئوت ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرغانلىقىنى تىڭتىڭلاپ كېلىڭلا .

— ماقۇل .

— پەخەس بولۇڭـلا ، سىلىنى هەرگىزمۇ كۆرۈپ قالمىسۇن جۇمۇ !

— ماقۇل .

— بولمىسا ، بىچارە بالا خىجالەتچىلىكتە تۈگىشىپلا كېتىدۇ .

— ماقۇل .

هۆسنەرىخان قاچا ـ قۇچىلارنى ئالدىراش پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە بېكىتىلگەن «چېلەك »كە ئېلىپ قويدى ـ دە ، ئوتىغۇچ بىلەن سېۋەتنى كۆتۈرۈپ تاشقىرىغا ماڭدى . ئۇ ئەمدىلا بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىشىغا هاۋاز «پوم» ئۇنى چاقىردى :

— ئانىسى ،توختاڭلا ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ، — ئۇ بالا بۇ چاغقىچە جاڭگالغا بېرىپ بولدى . سىلى كەينىدىن يېتىپ بارغۇچە ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ . ئەتە بارساڭلا بولارمىكىن ؟

— مەيلى .

ھۆسنەرىخان ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھاۋاز «پوم» سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ ، ئېگىكىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ خىيالغا كەتتى .

بەش كۈن ئۆتتى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن زەيتۇنەم قازان-قومۇچنى يۇيۇپ ، جاي - جايىغا قويۇپ ، يانتاق چېپىشقا مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقىنىدا ، ئوچاقتىكى زاغرىغا ئوت ئېچىۋاتقان ھۆسنەرى-خان ئۈشتۈمتۇت ئۇنى يولدىن توستى :

— بالام ، بۈگۈن جاڭگالغا بارمىساڭ بولارمىكىن .

— نېمىشقا ؟— زەيتۇنەم ھەيران بولۇپ سورىدى :

— نەچچە كۈنىنىڭزى ، بىر تەرەپتىن ئەترەتكە ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن ئۆيگە يانتاق توشۇپ ، «ئۇھ» دېگۈدەك ھالىڭ قالمىدى . بىر- ئىككى كۈن دېمىڭنى ئېلىۋال .

ئانا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ، قىزىغا قاراپمۇ قويماي ، ئوچاقتى-كى ئوت بىلەن ھەپىلەشكىنى ھەپىلەشكەنىدى . بۇ مېھرىبانلىقتىن يۈرىكى سىمابتەك ئېرىپ كېتىۋاتقان زەيتۇنەم ھاياجىنىنى تەسلىكتە بېسىپ ، ئالدىغا چۈشۈۋالغان بىلەكتەك توم ، قوندۇزدەك قارا بىر ئۆرۈم چېچىنى چاققانلىق بىلەن كەينىگە تاشلاپ ، قەددىنى رۇسلىدى-دە ، ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى .

— ۋىيەي ، نېمە دەيدىغانسەن ئانا ! سەن جېنىڭدا شۇنچە ئىشلەپ ھارمايسەنۇ ، مەن ياپياش تۇرۇپ ھارامدىمەن ! ؟ ئەنسىرىمىگىن ، ئۆ-زۈلۈپ قالمايمەن !

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا كەتمەنگە قول ئۇزاتقانىدى ، ھۆسنەرىخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ، باش - كۆزىنى سىلىدى ۋە كۆزلىرىگە چوڭقۇر ئاندىلىق مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ :

— تاتلىق بالام ، «ماقۇل» دەپ گېپىمگە كىر . بىر - ئىككى يۇدە يانـتاقـنى كەم ئەكەلـگىنىڭـگە ، دۇيجاڭـلارمۇ سوراق قىلىپ كەتـمەس ، ئۇلارمۇ داداڭـنىڭ كېسىلىنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ ! — دېدى .

— ماۋۇ ئانامنى ! مەن يا «ھېرىپ كەتتىم» دېمىسەم .

— شۇنداق قىل بالام ، ئاناڭنىڭ گېپىگە كىرىپ ، بىر - ئىككى كۈن ئارام ئېلىۋال ، — گەپكە ھاۋاز «پوم» ئارىلاشتى ، — خۇدانىڭ كۈنى ، ئۈينىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ ، خۇدا بۇيرۇسا ، مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چىقاي ، دەۋاتىمەن .

— تېخى تۇزۇك ماغدۇرۇڭغا كەلمەي ئىشقا چىقساڭ......

زەيتۇنەم گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ ، بىر دادىسىغا ، بىر ئانىسىغا ئەنسىز قارىۋالدى .

— ھېلىمۇ يىگىرمە نەچچە كۈن ياتتىم ، — ھاۋاز «پوم» بىلىنەر- بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى . ئاۋازىمۇ جاراڭلىق ئىدى ، — يالاڭئاياغ دوختۇرمۇ ئوكۇل ئۇرۇپ ، دورا توشۇپ ھېرىپ كەتتى . ئورما ئورالمىسامۇ باغ باغلىغۇدەك ، ئەزالارغا چاي قايناتىپ بەرگۈ- دەك بولۇپ قاپتىمەن . ئاڭلىسام ، مۇمىن سېكرىتار ئەترەت بېشىمىز- غا : «ئۈيدە يېتىپ ساقايمىسا ، گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالىتىڭلار» دەپتۇ . خۇدا ئۆمرىگە بەرىكەت بەرگۈرنىڭ ئاتىسىغا رەھمەت ! «ئىززەت قىلغانغا خىزمەت قىل» دېگەن گەپ بار . ئەزالار كېچە - كۈندۈزلەپ ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بۇ كۈنلەردە ، ئۈيدە سالپى- يىپ يېتىۋەرسەم ئەپلەشمەس . قانداق دېدىم ، ئانىسى ؟

— بەختىمىزگە بۇنچىلىك بولۇپ قاللا ، ئاز - تولا مىدىرلاپ بەرسىلە ، قالغىنىنى چۈمۈلىگە جان بەرگۈچى خۇدايىم ئۆزى بىرنېمى- دەپ قويار .

زەيتۇنەم پۇتۇنلەي بوشاشتى . ئەمما ، نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالدى- دە ، ئانىسىغا قاراپ :

— ئەمىسە ئېشەككە بىر سېۋەت ئوت ئەكىرىپ قويايمىكىن ، — دېدى .

— مەن تونۇگۈن ئېلىپ قويغان ئوت شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟!
بولدى، ئاۋارە بولما. مەسۇمخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئېشەكنى كېچىچە
خامانغا قوشىدىغان ئوخشايدۇ. خاماندا ئىشلىگەن ئېشەك ئاچ قالماي-
دۇ، — ھۆسنەربخان زەيتۇنەمنىڭ ئىككى مۈرىسىنى چوڭقۇر ئانىلىق
مېھرى بىلەن سىلاپ، يۈز - كۆزىگە بىر سېكۇنتچە جىمجىت تىكىلىپ
تۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — بىكار تۇرۇشقا
كۆڭلۈڭ ئۇنىمىسا، بىر - ئىككى قاپاق سۇ ئەكىرىپ، كۆپنى توشتۇ-
رۇپ قوي، ئاندىن كىر - قاتلىرىڭنى يۇيۇۋالساڭمۇ مەيلىڭ. قارا،
بۇ كۆڭلىكىڭنى، كىرلىشىپ كېتىپتۇ، قىز بالا دېگەن بۇنداق ئۆزى-
نى تاشلىۋەتمەيدىغان!

ئانىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى زەيتۇنەمنىڭ چىرايىنى ۋىل-
لىدە قىزارتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھەپتىدىن بۇيان يەڭگۈشلەنمىگەن
كۆڭلىكى توپا، قىغ، شور يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغىنىپ، كاراسكى-
دەك قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدىن ئاستا ئاجراپ،
بوغما قاپاقنى ئاۋايلاپ مۈرىسىگە ئارتتى- دە، دەرۋازىدىن چىقىپ
كەتتى. ھاۋاز «پوم» چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، پەس ئاۋازدا
خىتاب قىلدى:

— ھەي بىچارە بالا، ھەي بىچارە بالا، بىزنىڭ كاساپىتىمىزدىن،
ھېچ نەرسىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى - دە!

بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىرىشقا باشلىغان كەچكى شەپەق ئۇنىڭ
بۇ نالىسىدىن خىجىل بولغاندەك، ئۆز ھۆسنىنى يوغان بىر پارچە
بۇلۇت كەينىگە يوشۇردى.

## ئۆزى كەلگەن «لوقمان»

— ھۆسنەربخان ئاچا!

قاپاق تېرەك تۈۋىدىكى ئازگال بېشىدا ئولتۇرۇپ، شالاڭ چاچلى-
رىنى سۈزگۈچلەپ، جىگدە يېلىمى چېپىۋاتقان ھۆسنەربخاننىڭ قولى
ئىشتىن توختىدى. ئۇ بېشىنى ئىتتىك بۇراپ، زەنجىرلەكلىك دەرۋا-

زىغا غىل - پاللا نەزەر تاشلىدى (ئۆيدە ئەركىشى بولمىسا، دەرۋازىنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ ئولتۇرۇش — قاپاق تېرەكلىك ھويلىدىكى ئايال-لارنىڭ ئۆزاق يىللىق ئادىتى ئىدى)، ئاندىن تاغاق، سۇزگۈچ قاتار-لىق لاقا - لۇققىلىرىنى يىغىشتۇرغاچ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا تەر-لەپ- تەپچىرەپ ئۇن تاسقاۋاتقان زەيتۇنەمگە قاراپ:

— بالام، چىدىغىپ قاراپ باقىغىنا، بىركىم مېنى قىچقىرىۋا-تىدىغۇ؟— دېدى- دە، ئۆي تەرەپكە ماڭدى. زەيتۇنەم ئەلگەكنى تارتقۇ ئۈستىگە قويۇپلا ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى. كېتىۋېتىپ، يۈز - كۆزى، ئۈستىبېشىنىڭ توزغا مىلىنىپ كەتكىنىنى ئەسكە ئالدى. كۆڭلىكىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋاتقىنىدا، پۇتى نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ، سۇپىدىن يەرگە «پالاققىدە» ئۇچۇپ چۈشتى.

— ۋاي...... — دېدى ئۇ بوش ئىڭراپ ۋە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئوڭ پۇتىنىڭ لېپىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى. زەيتۇنەم چىشىنى چىشىغا بېسىپ ئۆمىلەپ، سۇپىغا يامى-شىشقا باشلىدى. تېخى ئەمدىلا بىر پۇتىنى ئايۋاننىڭ بوسۇغىسىغا ئالغان ھۆسنەرىخان بۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرۈپ، خۇدىنى يوقاتقىلى تاس قالدى. ئۇ خۇنىسىز كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىپ:

— ۋاي ئىسىت بالام!— دېگىنىچە كەينىگە ياندى ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن پېتى زەيتۇنەمنى يۆلىدى.

زەيتۇنەم سۇپىغا ئولتۇرۇۋالدى. ھۆسنەرىخان بىر تەرەپتىن ئۆ-زىنى ئەيىبلەپ، بىر تەرەپتىن زەيتۇنەمنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلايتتى. زەيتۇنەم پۈتۈن كۈچى بىلەن كولۇمسىرەشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، چېكىسىدە پۇرچاقتەك - پۇرچاقتەك تەر تامچىلىرى يالتى-راپ تۇراتتى.

ئاخىر ئانا سورىدى:

— بالام، تازا قاتتىق يىقىلدىڭ- ھە؟ بىر يېرىڭ بىرنەرسە بولمىغاندۇ؟

— ياق، تىزىم سەل ئاغرىپ كەتتى.

— مۇنداق قىلە ، كۆرۈپ باقاي .

ھۆسنەرىخان زەيتۇنەمنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ تامبىلىنىڭ پۇچقىقىنى يۇقىرى قىلدى .

— ئاپلا ، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى ! لېپىلىڭ چىقىپ كەتتىمۇ نېمە ؟

زەيتۇنەم ئۇنچىقمىدى . سىڭىپ پىشقان زاغرا ناندەك يۇمىلاق يۈزى بوزىرىپ ، قوقان گىلاستەك توق قىزىل لەۋلىرى بارغانسېرى كۆكىرىپ كېتىۋاتاتتى .

ئانىنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى . گەرچە ئۇ ھەرقانچە ئۆزىنى تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ ، كۆزىنىڭ چاناقلىرى ئىختىيارسىز نەمدەل-مەكتە ئىدى .

— خۇدايىم ئېيتمىغان بەندىسىنى ھېچنېمىدىن ئېيتمايدۇ دەپ ، داداڭ ئەمدى تىمىسقىلاپ ئورنىدىن تۇرسا ، ساڭا بۇ پېشكەللىكنى بەرگىنى نېمىسى ! ؟ كاشكى ، داداڭ ئۆيدە بولغان بولسىمۇ......

— ھۆسنەرىخان ئاچا !

باياتىنقى ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى . ھۆسنەرىخان گېپىنى توختىتىپ ، زەيتۇنەمگە سوئال نەزەرىدە تىكىلدى :

— كىمدۇ بۇ ؟

— ۋاي تاڭ ، كىمكىن ؟

زەيتۇنەم شۇنداق دەپ بولۇپ ، ۋىللىدە قىزاردى . ھۆسنەرىخان بۇنى سەزمىدى بولغاي ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ، دەۋازا تە-رەپكە ماڭدى .

دەرۋازا ئالدىدا قارىمۇتۇق ، يۈزلىرى سوقىچاقىراق كەلگەن ، قو-يۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدە مۇلايىملىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان 25 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك يىگىت تۇراتتى . ئۇ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا ، ئۇچىسىغا ئاپئاق خەسە كۆڭلەك ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، پاكىز يۇيۇلغان نىل رەڭ خادانى شىم ؛ پۇتىغا ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ياماق چۈشكەن قونجلىق بەتىنكە كىيىپ ، بېلىنى ھاۋا رەڭ بەلباغدا باغلىغان بولۇپ ، بىر قولىدا قېرىپ ھالد-

دىن كېتەي دەپ قالغان سىر ھاڭگىنىڭ ئارغامچىسىنى، يەنەبىر قولىدا ئۇنىڭ يايلىنى تۇتۇۋالغانىدى. ۋۇجۇدىدىن ياشلارغا خاس كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرى نېمىدىندۇر خىجالەت بولۇۋاتقاندەك، ھۆسنەرىخانغا ئەمەس، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن قاپاق تېرەكلىك ھويلىغا قارايتتى.

بۇ كۆزلەر ئۇ يەردىن نېمە ئىزدەيدىكىنا؟

ھۆسنەرىخان ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى:

— ۋاي، سىزمىدىڭىز قۇتلۇق ئاخۇن؟ مەن تېخى كىمكىن دەپتىمەن!— بۇ يىگىتنى ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز بوسۇغىسىدا كۆرۈۋاتقان ھۆسنەرىخان كۆڭۈل غەشلىكىنى تەسلىكتە بېسىپ، بىر خىل ياسالما، شۇنداقلا ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، — قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ئۆيگە كىرىڭ، بالام!

— خوش، قۇتلۇق تەكەللۇپ قىلدى ۋە قورۇنۇپراق مۇنداق دېدى، — باياتىن جاڭگالدىن مالنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتسام، ماۋۇ ئېشەك توقايغا يېقىن يول بويىدىكى قوناقلىقنىڭ قىرىدا ئوتلاپ يۈرىدۇ. سەپسالسام،سىلىنىڭ ئېشەك ئىكەن.

— ۋاي ماۋۇ ئەقلىمنى، مېڭەمنىڭ سۈيى قاچقاندەك، باياتىنىڭزى، ئۆزىمىزنىڭ ئېشىكىنىمۇ تونۇماپتىمەن. سىزنى تازا ئاۋارە قىپتۇ-دە، بۇ مەرەز!

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، يىگىتنىڭ قولىدىن ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىنى ئالدى.

— رەھمەت بالام، ئۇلۇغ خۇدايىم بىر جېنىڭىزغا مىڭ جان بەرسۇن!— ھۆسنەرىخان سەل توختاپ قوشۇپ قويدى، — شۇنچە يەردىن ئاۋارە بولۇپ كەلگىنىڭىزدە، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ كېتىڭ.

— خوش، مالنى جاڭگالغا ئاچىقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، — قۇتلۇق تەكلىپنى مۇلايىملىق بىلەن رەت قىلدى- يۇ، ئەمما يەنە دۇدۇقلاپ سورىدى:

— زەيتۇنەمگە نېمە بولدى ؟

قۇتلۇقنىڭ بۇ سوئالى ھۆسنەرىخاننى خۇشال قىلدى . چۈنكى ، ئۇ ھازىر قۇتلۇقتەك مۇشۇنداق قاۋۇل بىر ئادەمگە بەكمۇ موھتاج ئىدى . نېمىشقا دېسىڭىز ، قورايدەك ئورۇق ، يۈزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بۇ خوتۇننىڭ ئانىسىدىن ئۇدۇم قالغان تېڭىقچىلىق ھۈنىرى بار بولۇپ ، بىر چاغلاردا مۇشۇ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئال-غان ؛ نۇرغۇن قېتىم «ئالدامچى» دەپ پەپەنمۇ قىلىنغانىدى . شۇڭا ، بۇ ھۈنىرىدىن قول ئۈزگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى . كىم بىلسۇن ، باياتىن مۇشۇ ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن زەيتۇنەمنىڭ لېپىكى چىقىپ كەتتى . بوسۇغىسىغا ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن ياردەمچىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ، قېيىنسىڭلىسى نىساخاننى چاقىرىپ كېلىمەن دەپ يۈرسە ، قىزى ئوشۇق ھەرەج تارتىدۇ . يامىنىغا كەلسە ، پۈتى ئىش-شىپ كېتىپ ، لېپەكنى ئوڭايلىقچە جايىغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ . جايىغا چۈشۈرگەندىمۇ ساقايمىقى تەس . شۇڭا……

ھۆسنەرىخان قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ، قۇتلۇقنى كىشىلەر ئۆلۈم پەتىسىگە كىرىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدىغان بۇ ھويلىغا ئەكىرىش نىيىتىگە كەلدى - دە ، بولغان ئىشنى ئېيتتى .

— ئاپلا…… ئەجەب يامان بوپتۇ !— قۇتلۇق ئېچىنغىنىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى . ئاۋازىمۇ تىترەيتتى ، — بىچارە تازا قىينىد-لىۋاتقاندۇ ؟

— قىينالمامدىغان ، شۇ تاپتا بىچارە بالىغا قارىغان ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ !

— ئۆزلىرىنىڭ تېڭىقچىلىقتىن خەۋەرلىرى بارغۇ ؟

— تېڭىقچىلىقتىن خەۋىرىم بولغان بىلەن ، ئۆزۈم يالغۇز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدىمەن ؟ ! كاشكى ، دادىسى ئۆستەڭ بې-شىغا كەتمىگەن بولسىمۇ……— ھۆسنەرىخان تۈيدۈرماستىن يىگىتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىۋالدى . يىگىتنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر ھېس-داشلىقتىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى ، — تۇغقانلاردىن بىرەر-

سىنى چاقىرىپ كېلەي دېسەم ، ئارىلىق خېلى بار . ئەستا ، ئېغىر ئالماي جىندەك ياردەملەشسىڭىز ، ھەرۋاقىلىق نامىزىمدا ئۆمرىڭىزگە دۇئا قىلاتتىم .

ھۆسنەرىخان بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بولۇپ ، يەنە ئەندىكىپ كەتتى ، ئەكسىچە قۇتلۇقنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزىرىپ ، كۆزلىرىدە غەلىتە بىر نۇر جىلۋە قىلدى . ئۇ ئويلىنىپمۇ تۇرماستىن :

— ماقۇل ، مەن ياردەملىشەي ، — دېۋەتتى .

چىقىپ كەتكەن لېپەكنى جايىغا چۈشۈرۈش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى . دەسلەپ زەيتۇنەمنى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشتى . قۇتلۇق ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ، سول پۇتىنى ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىغا تىرەپ ، زەخىملەنگەن سول پۇتىنى ئاۋايلاپ تارتتى . ھۆسنەرىخان بىر قولىدا زەيتۇنەمنىڭ تىقىمىنى ، يەنەبىر قولىدا لېپىكىنى تۇتۇپ ، كۈچەپ بېسىپ باقتى . لېپەك جايىغا چۈشمەك ئۇياقتا تۇرسۇن ، مىت قىلىپمۇ قويمىدى . يات ئەركىشىنىڭ قولى بەدىنىگە تەگكىنىدىن ئوڭايسىزلانغانلىقتىنمۇ ياكى ئاغرىقنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھەرەج قىلغىنىدىنمۇ ، كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ ، ئاستىنقى كالپۇكىنى پۇتۇن كۈچى بىلەن چىشلىۋالغان زەيتۇنەم پات - پات يەڭگىل ئىڭراپ قوياتتى . ئۇ ھەربىر ئىڭرىغاندا ، قۇتلۇقنىڭ قولى نېمە ئۈچۈندۇر ماغدۇرسىزلىنىپ ، ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمەيتتى . بۇنى سەزگەن ئانا :

— بالام ، قۇتلۇق ئاخۇن ، — دەيتتى شاگىرتىغا تەنبىھ بېرىۋاتقان ھۇنەرۋەندەك قاتتىق تەلەپپۇزدا ، — كۈچەپرەك تارتسىڭىزچۇ ! بۇنداق قىلسىڭىز ، ئەتە مۇشۇ چاغقۇچىمۇ لېپەكنى جايىغا چۈشۈرۈپ بولالمايمىز ، قورقماي تارتىۋېرىڭ ، غوجام بالام !

قۇتلۇق نەچچە قېتىم ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ باققانىدى ، ھەر قېتىمدا زەيتۇنەم تۆۋەنگە بىر غېرىچ - بىر غېرىچ سۆرىلىپ كېلىۋەردى . ھەرقانچە ئۆزىنى تۇتسىمۇ ، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ تاشلايتتى . بۇنداق چاغلاردا ھۆسنەرىخان ئۇنىڭغا تەنە قىلاتتى :

—يائاللا ، ئەجەبمۇ جېنى سېۋۇل بالا بوپتىكەنسەن ! بىردەم چىدە

دىساك نېمە بولۇپ كېتىسەن؟ قولۇڭنى سۇپىغا مەھكەم تىرەپ، جېنى بار ئادەمدەك ئولتۇر!

ھەم زىلۋا، ھەم پۇتى شىكەستىلەنگەن قىزنىڭ غۇلاساندەك بىر يىگىت بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئۇتۇۋالغىنى نەدە بار؟! زەيتۇنەم ھەر-قانچە كۈچىگىنى بىلەن، قۇتلۇقنىڭ كۈچى ئالدىدا بەربىر ئاجىز كەلدى: ئۇ كۈچەپرەك تارتسا جىقراق، بوشراق تارتسا ئازراق سۈرۈ-لۈۋېرىپ، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالدى. قۇتلۇق سۇپىنىڭ لېۋىدە ئاران - ئاران ئولتۇراتتى.

ئاخىر، يەنىلا ھۆسنەرىخاننىڭ كاللىسى كارغا كەلدى:

— توختاڭ بالام، — دېدى ئۇ قۇتلۇققا، — بۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلاي!

ئۇ سۆزلىگىنىچە ئېغىلغا كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي باياتىن-قى ئېشەكنىڭ بويىنىدىكى ئارغامچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئاندىن زەي-تۇنەمنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ سۆرەپ، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى - دە، بېلىدىن ئارغامچا بىلەن تۈۋرۈككە باغلىۋەتتى.

— غوجام بالام، —دېدى ئۇ قۇتلۇققا، — ئاتا - ئانىڭىزنىڭ روھىغا دۇئا قىلاي، بۇ قېتىم تازا بىر كۈچىڭىزنى كۆرسىتىڭ، رەھىمدىللىك قىلسا، كېسەل ساقايمايدۇ. ھە، مانا مەيەردىن، ماندىق تۇتۇڭ. ھەببەللى، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ياشافى، ياكافى!

زەيتۇنەمنىڭ «ۋاي»دېگەن ئاۋازىغا، پۇتىدىن «قارس» قىلىپ چىقـقان ئاۋاز قوشۇلـغانـدا، ھۆسنەرىخانـنىڭ چىرايـىغا لەپپىدە كۈلكە قونۇپ:

— ئۇھ…… خۇداغا شۈكرى، قۇتلۇق ئاخۇننىڭ شىپالىق قولى بىلەن دەردتىن قۇتۇلدۇڭ، جېنىم بالام!— دېيۋەتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ ماختاشتىن خىجىل بولغان قۇتلۇقنىڭ يۈزى بويۇنلىرىغىچە شال-پەردەك قىزىرىپ كەتتى. زەيتۇنەم يېڭى بىلەن باش - كۆزىدىكى تەرنى سۈرتكەچ، بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭغا مىننەت-دارلىق تۇيغۇسى بىلەن باققاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق ئورنى-نى ئىللىق تەبەسسۇم ئىگىلىدى.

# قاپاق تېرەكلىك هويلىغا ئەلچى كەلدى

تومۇز . يەكشەنبە .

سۇ نۆۋىتىنى قوشنا دادۇيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، تۇن تەڭ بىلەن يولغا چىققان هاۋاز «پوم» پېشىنگە يېقىن قوشكۆلگە قايتىپ كەلدى . ئاق تۇماقنى باسۇرۇپ كىيگەن ، كىرلىشىپ كەتكەن ئاق يەكتەك ئۈستىدىن قارا بەلباغ باغلاپ ، مۇرىسىگە كۈررەك جۇۋىنى تاشلىۋالـ. غان بۇ ئادەم يالاڭئاياغ پۇتلىرىنى ئىغىر - ئىغىر يۆتكەيتتى . ئەتراپىـ. دىكى هەربىر هويلا ، هەربىر تۇپ دەرەخ ، هەربىر تال گىياهقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن نەزەر تاشلايتتى . دېمىسىمۇ ، هەپتىلەپ - ئايلاپ سۇچىلاردىن بۆلەك ئادەمنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان چۆلدىكى ئىچىق بېشىدا بەش كېچە - كۈندۈز دۇم يېتىپ - دۇم قوپۇپ ، ئۇسسىسا لاي سۇ ئىچكەن ؛ قورسىقى ئاچسا يا تېرىق زاغرىسىنى لاي سۇغا چىلاپ يەپ ياكى كونسېرۋا قۇتىسىدا ياسالغان كىچىككىنە كورىدا ئۇماچ قايىنتىپ ئىچكەن ئادەمگە نىسبەتەن ، ئۆز ئۆيى ئەمەس ، هەتتا ئۆز يۇرت - مەهەللىسىنىڭ بىر تۇپ دەرەخ ، بىرتال ئوت - چۆپىنى كۆرۈشمۇ چەكسىز هۇزۇر - هالاۋەت ئىكەنلىكى كىچىك بالىغىمۇ ئايان !

هاۋاز «پوم» كۆز يېتىم يەردە يەككە - يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆز ئۆيى — قاپاق تېرەكلىك هويلىنى كۆرگەندە ، كۆڭلى بىر قىسـ. ـىلا بولۇپ قالدى : «توۋا ، خۇدايىمنىڭ ئالدىدا نېمانچە ئىغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيدىم ؟ يا ئاتا - بوۋامدىن بىرەر ناشۇكۇرلۇك ئۆتۈپـ. ـىدىكىن ؟ ئۆز ۋاقتىدا نى - نى يامان ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرنىڭ بالا - ۋاقىلىرىمۇ ئالىلىقاچان يۇرت - مەهەللە ئىچىگە سىڭىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە گۈلدەك ياشاۋاتىدۇ . مەن...... ئۇھ...... نېمە دەۋاتىدـ. ـمەن ؟ هەممىسى ئۆزۈمدىن ئۆتكەن ! كادىرلار : «ئەترەتكە كەتمەن چېـ. ـپىشتىن باشقىسى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق بولىدۇ» دەپ قايتاـ. قايتا ئۇقتۇرسىمۇ ، ئۆزۈمنى سورىماي ئۇلاغ بېقىپ سەمرىتىپ ساتـ.

تىم ، ئوغرىلىقچە جۇۋاز چۆرىدىم . يەنە······مېنىڭ ئاشۇ بەت نەپسىدىلىكىمنىڭ كاساپىتىدىن شېرىپ بىلەن زىرىپمۇ بىجايى ۋەتەن بولۇپ كەتتى . بىچارە زەيتۇنەممۇ······ئۇھ······ » .

ھاۋاز «پوم» نىڭ كۆز ئالدىدا زەيتۇنەمنىڭ كېلىشكەن قەددى پەيدا بولۇش بىلەنلا ، يۈرىكى چايان چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى . پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ ، قەدىمى تېخىمۇ ئاستىلاشتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئېسىگە يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر ، ئاجايىپ - غارايىپ گەپ - سۆزلەر كېلىپ ، كۆڭلى سەل - پەل ئەمىن تاپتى .

يېقىندىن بۇيان مەھەللىدە : «پات ئارىدا ، ناھەق قالپاق كىيدۈرۈلگەن پومېشچىك ، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋەتكۈدەك» دېگەنگە ئوخشاش مىش - مىشلەرمۇ كۆپىيىپ قالدى . ھاۋاز «پوم» نى قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سالىدىغان ، بالا - چاقىسىغىمۇ يامان كۆزدە ئالىيىپ قارايدىغان ئىشلارمۇ تۈگەپ كېتىپ بارغاندەك قىلىدۇ . ھە راست ، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى «خالىس» ئەمگەكمۇ ئېلىۋېتىلدى . ئەترەت باشلىقى ئەسلىدە ئۇنىڭغا بۇ يىل ئەتىيازدىلا ئېچىق ساقلاشقا بارماسلىقنى ئېيتقانىدى . لېكىن ، ئۇ ئۆزىنى داۋاملىق مۇشۇ ئىشقا قويۇشنى ئۆتۈندى . ئەترەت باشلىقى : «مەن تېخى سىزنى ياشىنىپ قالدى ، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس ، دائىم تالا تۈزدە پۇتۇن يېتىپ - پۇتۇن قوپۇپ قىينىلىپ قالمىسۇن ، دەپتىكەنمەن ، مەيلى ، مەندىن ئاغرىنمايدىغان ئىش بولسا ، ئاشۇ ئىشنى قىلىۋېرىڭ» دېدى . ئىككى يىلدىن بېرى ، ھاۋاز «پوم» بۇ ئىشتىن قوش نەپ ئالدى : بىرسى ، بىر كۈن ئېچىق باقسا ، ئىككى ئەمگەك كۈنى خاتىرىلەندى ، ھەر كۈنى بىر جىڭدىن ئاشلىق نورمىسى قوشۇپ بېرىلدى ؛ يەنە بىرسى ، كۆزدىنمۇ يىراق ، گەپ - سۆزدىنمۇ يىراق بولدى ؛ ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتمىسىلا ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈدەك ئەمگەكمۇ قىلمىدى .

«قالپىقىم راستىنلا ئېلىنارمۇ ؟ ئەگەر خۇدايىم ئاشۇ كۈنلەرگە يۈتكۈزۈپ قالسا······ »

— سوپسوپياڭ······ سوپسوپياڭ······

بۇ ئاۋاز ئۇنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى . ئۇ ھويلىسىنىڭ

دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى . دەرۋازا ئىچىدىن زەنجىرلەك-
لىنىڭ تۇراتتى . ھاۋاز «پوم» ئەتراپقا نەزەر سالدى : يانتاق دۆۋىسى
بىرەر غېرىچ ئېگىزلەپ قاپتۇ . قالدۇرۇق يېرىگە تېرىغان قوناقلىرى
تاقلىنىپ ، تۇۋىگە توپا يۆلىنىپتۇ......

— سوپىسوپىياڭ...... سوپىسوپىياڭ......

ھاۋاز «پوم» ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، قاپاق تېرەكنىڭ شاخ-
لىرى ئارىسىغا كۆز تىكتى . قىزىق ئىش : ئەڭ ئېگىز ، ياپراقلىرى
ئەڭ قويۇق بىر شاختا بىر جۈپ سوپىسوپىياڭ ئولتۇراتتى . تۆۋەنرەك
يوغان شاخقا ئېسىلغان بوغما قاپاقنىڭ يېنىدا بىر جۈپ قارا قۇشقاچ
ئولتۇرۇپ ، ھەدەپ ئۇلارنىڭ سايرىشىنى دوراۋاتاتتى :

— سوپىسوپىياڭ...... سوپىسوپىياڭ......

ھاۋاز «پوم» ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى . ئۇزاق يىللاردىن
بۇيان قاغا ، سا ، ئاق قۇشقاچتىن بۆلەك قۇش ماكان تۇتمىغان بۇ
تېرەككە بۇ يىل باش باھاردىلا بىر جۈپ قارا قۇشقاچ «مېھمان»
بولۇپ كەلدى ، ھەتتا 2 — 3 كۈن «جەڭ» قىلىپ ، بىر جۈپ ئاق
قۇشقاچنىڭ ماكانىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى . ھازىر ئۇلارنىڭ
بالىلىرىمۇ ئۇچۇرما بولۇپ قالغانىدى . مانا ئەمدى......

بۇنى قانداقتۇر ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەنگەن ھاۋاز
«پوم» كۆڭلىدە تەڭرىگە ناھايىتى كۆپ شۈكۈر سانا ئېيتتى . ئىس-
سىق ، ھارغىنلىق دەستىدىن دەسسەپ تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان
پۇتلىرىغا ماغدۇر كىرىپ ، ۋۇجۇدى ئۇچتەك يەڭگىللەپ قالدى . ئىچ-
ئىچىدىن خۇشاللىق ، كۈلكە ئۇرغۇپ تۇراتتى .

ئۇ دەرۋازىنى قاقتى .

ھايال ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ ، ھۆسنەرىخان بوسۇغىدا پەيدا
بولدى .كۆزلىرى ئېرىنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن
ئۇچراشقان ھۆسنەرىخانىنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىتە بىر سېزىم پەيدا بولۇپ ،
خۇددى تويى بولغان چاغدىكىدەك نازلىق كۈلۈمسىرىدى (ئېھتىمال ،
ئۇنىڭ مۇنداق كۈلۈمسىرىمىگىنىگە 20 يىلدىن ئاشقاندۇ ؟ ! ) ۋە ئۆز
ئىشىدىن ئۆزى ئۇيالغاندەك چىرايى ۋىللىدە قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى

تاياقىدۇر قاچۇردى ـ دە :

— هارمىغايلا ، بۇگۇن بۆلەكچىلا خۇشال كۆرۈنىلىغۇ ، بىر يەردە غايىب خەزىنە ئۇچراپ قالدىمۇ ، نېمە ؟— دېدى .

— هەئە ، كۆرمىدىڭلىمۇ ؟

هاۋاز «پوم» بېشى بىلەن تېخىچە سايراۋاتقان سوپىسوپىياڭلارنى ئىشارەت قىلدى .

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم ، سىلى يولغا چىقىپ ئەتىسىلا كېلىشكەندى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ، سىلى قايتىپ كەلگۈچە كېتىپ قالارمىكىن ، دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىم . قارىسام ، بىر ئەپچىل كۆ-نۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ .

— بىزمۇ ئاشىق ـ مەشۇققۇ......

هاۋاز «پوم» خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىگە ئاجايىپ مېھرى بىلەن تىكىلدى ـ دە ، قولىنى ئۇنىڭ ئېگىنىگە ئۇزاتتى .

— ۋىيەي ، نىمانداق بەتقىلىقلىق قىلىدۇ ماۋۇ كىشى !— چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن هۆسنەرىخان ئىتتىك كەينىگە قاراپ قويدى ، — ئۆيدە مېھمان بار .

هاۋاز «پوم» دەرهال ئۆزىنى ئوڭشاپ ، پەس ئاۋازدا دېدى :

— مەن تېخى زەيتۇنەمنىڭ ئالدىمغا چىقمىغىنىغا قاراپ ، ئۇنى ئۆيدە يوقمىكىن ، دەپتىمەن .

— ئۇ بالىغۇ يوق......

— ئەمىسە......

— ئەتىگەن نىساخان كەپتىكەن .

— شۇنداقمۇ ؟

— هەئە . سىلىنى ساقلاپ ـ ساقلاپ ، تېخى هازىر كۆزى ئىلىناش-تى . بەك زۆرۈر بىر ئىش بىلەن كەپتۇ .

— مانداق دەڭلا ، نېمە زۆرۈر ئىش ئىكەن ؟

— هازىر دەپ بېرىمەن ، ئاۋۋال ئۆيگە كىرسىلە .

هۆسنەرىخان شۇنداق دەپلا ئېرىنىڭ مۈرىسىدىن كەتمەن بىلەن خۇرجۇننى ئالدى- دە ، هاۋاز «پوم» يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆي تەرەپكە

ماگدى . ھاۋاز «پوم» جۇۋىسىنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا تاشلاپ قو-يۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپلا ئۆيگە كىردى- دە ، ئوچاقنىڭ تۆر تەرىپىگە يۈكۈندى .

ھۆسنەرىخان بىر تەرەپتىن كۈلۈپ ، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەي-گەچ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي ، بىر قولىدا مىس چۆگۈن ، يەنە بىر قولىدا گۈللۈك داستىخانغا ئورالغان زەللە كۆتۈ-رۈپ كىرىپ كەلدى .

— يېڭى سويغان قوينىڭ گۆشىدە ئەتكەن سامسا ئىكەن . نىسا-خان شۇنچە يىراقتىن كۆتۈرۈپ كەلگەن نەرسىنىڭ باش بۇرنىغا سىلى-نى ئېغىز تەگسۇن دەپ ، بىرنىمۇ لېۋىمىزگە جىجىمىدۇق . ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەنلىرىدە ، يۇمشاققىنا تۆتنى يېۋالسىلا . دەملەپ قويغان چاينىڭمۇ تازا تېۋى چىقىپ قاپتۇ .

ھۆسنەرىخان سۆزلىگەچ ، ئېرىنىڭ قولىغا سۇ بەردى . ئاندىن ئالدىغا داستىخان سالدى . مىس لېگەنگە دۆۋىلەپ تىزىلغان ، خېمىرىغا ياغ يېگۈزۈپ ، يۇزىگە تۇخۇم سۇركەلگەن سامسىلارنى كۆرگەندە ، ھاۋاز «پوم» نىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى . ئۇ گۈللۈك پىيالىنى ياندۇرمىلاپ - ياندۇرمىلاپ چايقاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان خوتۇنى-نىڭ چاي قۇيۇشىنىمۇ كۈتمەستىن ، سامسىغا قول ئۇزاتتى .

ئىككىنچى سامسىنى يەپ بولۇپ ، ئاتنىڭ قېنىدەك دەملەنگەن چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ سورىدى :

— ئۇ بالا نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ ؟

— ئاۋۋال گېلىغا كىچىككىنە بىرنېمە يېۋالسۇن ، دەپ شۇنچە ئاغى قىلسام ، ئەجەب كۆيمىلە ! مانا دەي ئەمىسە : زەيتۇنەمگە ئەلچى-لىككە كەپتۇ !

— ھە !— ھاۋاز «پوم» چالا چايىنىغان سامسىنى يۇتۇشقا ئالدى-راپ قېقىلىپ كەتتى ،كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنى ئەكس ئەتتى ،— ھويلىمىزغا سوپىسوپىياڭنىڭ ئۇۋۋا سالغىنى مۇشۇ ئىشتىن بېشارەت ئىكەن ، خۇدا بەندەڭنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغۇچىسەن !...... ئۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى . ھۆسنەرىخانمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا

دۇئاغا قول كۆتۈردى، — نىساخان كىمگە ئەلچى بولۇپ كەپتۇ؟
— كىمگە بولاتتى، روزاخۇنغا!
— قايسى روزاخۇننى دەيسىلە؟
— نىساخاننىڭ قېيىنئاغىسىنىڭ ئوغلى روزاخۇنچۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاۋاز «پوم»نىڭ چىرايى غەلىتە بىر ئۆزگىرىپ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.
— مۇنداق دەڭلا، ئۇندىڭ پاتەمخاندىن ئىككى بالىسى بارغۇ دەيمەن؟
— ھەئە. بەش - ئالتە ياشلاردا بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار. نىساخاننىڭ ئېيتىشىچە، قىزنىڭ پەتەمخاننىڭ ئانىسى: «قىزىم رەھمەتلىكنىڭ ئورنىدا ماڭا ھەمراھ بولسۇن» دەپ، ئۆزى ئېلىپ كەتكەنىكەن، ئوغلىنى ئىسرائىل ئاخۇنلار بېقىۋېتىپتۇ. زەيتۇنەم بىلەن روزاخۇنغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدىكەن.
— ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرەمدۇ، قازان - قومۇچى بىر بولامدۇ؟ بۇ ئىسرائىل ئاخۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى...... — ھاۋاز «پوم» گېپىنىڭ ئايغىنى تاپالماي بىردەم جىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى، سىلىنىڭچە، زەيتۇنەمنى روزاخۇنغا چاتساق بولارمۇ؟
— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ تازا ئېپىدە كەلگەن لايىق دېسىلە ئۇ! روزاخۇن قولى گۈل ھۈنەرۋەن. ئىسرائىل ئاخۇن يۈز - ئابرۇيىمۇ بار، قول ئىلكىدىمۇ بار ئادەم. سارىخانمۇ ئالتۇندەك خوتۇن. مۇشۇنداق ئوبدان كۈيئوغۇل بىلەن قۇدا - باجىنى بۇيرۇتۇپمۇ سوقتۇرۇۋالغىلى بولماس!
— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما لېكىن......
— نېمە؟ كۆڭۈللىرىگە بۆلەك ئوي كېلىۋاتامدۇ؟
— بولسىغۇ، زەيتۇنەمنى ئۆزىگە ئوخشاش كۆزى ئېچىلمىغان، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بىركىمگە چاتساق بەكمۇ ئوبدان بولاتتى......
— مېنى بۇنى ئويلىمىدى دەملا؟ — ھۆسنەرىخان ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، — راستىنى ئېيتسام، نىساخاندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەسلەپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. كېيىن ئويلانسام، بۇمۇ

خۇدانىڭ تەقدىرى ئىكەن . زەيتۇنەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا ، «ئات تاپقۇچە ئېشەك مىنى» دەپ ، چاتساق چاتايلى ، دېگەن يەرگە كەلدىم . كەينىگە سۆرىسەك...... ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، قىزبالا دېگەن كالا گۆشىگە ئوخشاش نەرسە .

هاۋاز «پوم» تەرىنى تۇرۇپ «پۇششىدە» بىر تىندى- دە ، قولدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويدى .

— شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ ئىشتا ئۆزىمىزنى توختىتىپراق بىرنېمە دەيلى ، — دېدى ئۇ ، — «دېمىگەننى دېگىلى ، يېمىگەننى يېگىلى بولىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ هازىر ئالدىراپ - سالدىراپ «ماقۇل» دەپ قويۇپ ، كېيىن هۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىش بولمىسۇن .

— هۆددىسىدىن چىقالمايدىغان نېمىسى بار؟ — هۆسنەرىخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا نىساخان دەسسەپ تۇرۇۋاتسا......

— شۇنداق بولسىمۇ ، مېنى بىرنەچچە كۈن ئويلىنىۋالغىلى قويۇڭلا . زەيتۇنەممۇ ئاق -قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار قىز . ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى .

— ئۇ نېمە دەيتتى؟ «جان بوۋىكام!......» دەيدۇ شۇ .

— ئۇنداق دېمىسچۇ؟

— ئۇنداق دېمىسە ، مەن دېگۈزىمەن . مېنىڭ گېپىمگە كىرمىسە ، نىساخان بىلەن ئىككىمىز بىر بولۇپ دېگۈزىمىز . بىر بالىنى گەپكە كىرگۈزەلمىسەك...... يائاللا......

— هە ، راست ، ئۇ بالا نەگە كەتتى؟

— گۇڭشېغا كەتتى . نىساخان ئاران بىر كەلگىنىدە تۈزۈكرەك بىرنەرسە ئېتىپ بېرەي دەپ ، گۆشكە بۇيرۇدۇم .

— ئوبدان قىپسىلە ، تامىقىڭلا پىشقۇچە ، مەن كىچىككىنە ياناپاشلىۋالاي ، نىساخانغا ئېيتىڭلا ، خۇدا سالامەتچىلىك بەرسە ، كېلىدىغان بۇگۈنكى كۈندە جاۋاب بېرەيلى .

— ئۇنداق دېسەم كۆڭلىگە كەلمەسمۇ؟

— بۇ دېگەن ئۆمۈر سودىسى . بۇ گەپنى بۇگۈن ئاڭلاپلا ، بۈگۈن جاۋاب بېرىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن ؟ مېنى شۇنداق دېدى دەڭلا . ئاغرىنسا مەندىن ئاغرىنسۇن !

نىساخان بۇ مەسلىھەتكە تەسلىكتە كۆندى .

## ئەلچى «مىخقا ئۇستى» يۇ ، كۈلدى

ھېلىقى بىر جۈپ سوپىسوپىياڭ قاپاق تېرەككە ئۇۋا سالدى .

زەيتۇنەم كاجلىق قىلىپ ، ئانىسىنى لەت قىلدى ، تېخى ئۇ ئانىسىغا سوغۇق كۆزى بىلەن قارايدىغان بولۇۋالدى .

«ئۇھ ...... قىزبالا تۇغقۇچە ، ئىلاھىم ...... »

بىر ھەپتىدىن بۇيان ، ھۆسنەرىخان مۇشۇ گەپنى ئىچىدە تەكرار - لاپلا يۈردى . زەيتۇنەم قېرىشىۋاتقاندەك ، تاماقتىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىنى تالا - تۈزدە ئۆتكۈزەتتى : ئېشەككە ئوت ئالاتتى ، جاڭگالغا بېرىپ يانتاق چاپاتتى . ئىشىك ئالدىدىكى يەرگە تېرىغان كاۋا - قاپاقلارنىڭ چۆنىكىنى ئويااتتى . تەلۋىچۈك دەرياسىدىن سۇ توشۇپ كۆپنى توشتۇراتتى ...... ئىشقىلىپ ، قانداقتۇر بىر باھانە تېپىپ ، ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يىراقراق بولۇشقا تىرىشاتتى . شۇڭا ، كۆپىنچە ئۆيدە ھۆسنەرىخان ئۆزى يالغۇز قالاتتى .

كونىلار : «يالغۇزلۇق — تەڭرىگىلا خاس» دېيىشىدۇ . شۇنداق ، ئادەم بالىسىنىڭ يالغۇزلۇققا چىدىمىقى ھەقىقەتەن تەس ! لېكىن ھۆسنەرىخان بۇنىڭغا كۆنۈك . شۇڭا ، ئۇ دەرۋازىدىن چىقسىلا بىر ئاسمان ، بىر يەردىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆزگە چېلىقمايدىغان مۇشۇ قاقاسلىققا ، تاملىرى شورىداپ ، تورۇسلىرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدى - غان مۇشۇ ئۆيدە ئۆزى يىغلاپ ، ئۆزى كۈلۈپ ، قانچە - قانچە ئەنسىز تۈنلەر ، قانچە - قانچە بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندى . كىچىككىنە بىرنەرسىدىن خۇش بولسا ، ئېرى بىلەن قىزىغا دېگۈچە كۆزى تۆت بولۇپ كېتەتتى . بىرنەرسە دىلىغا تەگسە ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ھېچكىمگە تىنمايتتى .

مانا ئەمدىچۇ ؟

ئېرى تېخى يوق ، قىزى تۇتۇق بەرمەيدۇ . تۇتۇق بەرگەن چاغلىرىدىمۇ ، ئۇنىڭ گېپىنى يەپ ، ئاچقان يېرىگە بارمايدۇ . ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان قىلىقنى قىلىپ چالۋاقايدۇ .ئانا بولماق نېمىدېگەن تەس - ھە ! ؟

ھۆسنەرىخان بىر ھەپتىدىن بۇيان يۇرىكىنى خۇن قىلىۋەتكەن دەردلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ئىسەدەشكە باشلىغاندا ، نىساخاننىڭمۇ كىرپىكلىرى نەملەندى .

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ، — دېدى نىساخان خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن ، — ئۇ بالا بىلەن ئۆزۈم بىر سۆزلىشىپ كۆرەي .

— سىلىنىڭمۇ دىللىرىنى چىگىپ قويارمىكىن ؟

ھۆسنەرىخان ئۇنىڭغا ئىشەنچسىزگىنە تىكىلدى . نىساخان زورىغا كۈلۈمسىرىدى :

چىگسە چىگمەمدۇ ! مەنمۇ ئۇنىڭ بىر ئانىسى . ئۆز ئاغزىدىن ئىككى ئېغىز گەپ ئاڭلاپ باققىنىمنىڭ زىيىنى يوق . كىم بىلىدۇ ، سىلىگە دېيەلمىگەن گەپلىرىنى ماڭا دەپ تاشلامدۇ تېخى .

— ماقۇل ، مەن ئۇنى قاشلىرىغا كىرگۈزۈۋېتەي .

— ......

— جېنىم قىزىم ، مۇشۇنداق جاھىللىق قىلغىنىڭغا كېيىن پۇشايمان قىلارسەنمىكىن ؟

— پۇشايمان قىلمايمەن ، ئۆلسەممۇ پۇشايمان قىلمايمەن !

— قىز بالا دېگەن ئۇنداق كەلسە - كەلمەس گەپلەرنى قىلمايدىغان ! ئاناڭ بىلەن داداڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ؟

— ئىچىم ئاغرىغاچ ، نېمە دېسە شۇنى قىلىۋاتىمەنغۇ ؟

— كۆڭلۈڭمۇ تۇيغاندۇ ؟ داداڭ بىچارە سېنىڭ مۇشۇنداق جاھىللىق قىلىشىڭنى بىلىپ ، شۇ چاغقۇچە ئۆيگە كېلەلمەيۋاتىدۇ...... ئاناڭغۇ مەيلى ، داداڭ بېچارە بېشىدىكى قالپاقنىڭ دەردىنى تارتامدۇ ، سېنىڭ دەردىڭگە يىغلامدۇ ؟

— ئوبدان هامما ، مۇشۇ گەپنى قىلمىساڭچۇ !

زەيتۇنەم ھۇقىيىتىپ يىغلاپ ، ئۆزىنى نىساخاننىڭ باغرىغا ئاتتى . بۇنى كۆڭلى «ئېرىش» دەپ چۈشەنگەن نىساخان ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ، پېشانىسىگە سۆيدى . باغرىغا مەھكەم بېسىپ ، مەڭزىنى مەڭـزىگە ياقتى . ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلغاچ ، يەنە نەسىھەتكە ئۆتتى :

— بىلەمسەن ، ساڭا مۇشۇ لايىقنى تاپقۇچە ، چىچىمغا ئاق كىرىپ كەتكىلى تاس قالدى . ئاناڭ بىلەن داداڭنىڭ كۆزىگىمۇ ئۇيقۇ كىرـمەي ، بىرئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتتى . كۆڭلۈڭگە كىرىپ - چىقـسام : «ئۆزۈمدىن يەتتە - سەككىز ياش چوڭ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى بالىسى بار ئادەمگە تېگەمدىمەن......» دەيدىغانسەن ! يېشى چوڭ بولسا نېمە بولاپتۇ ! ئايىغىدا قۇرتمۇ ئۆلمەيدىغان شۇنداق ئوبدان يىگىتنى ياراتمىساڭ ، بوسۇغاڭغا ئېپى - سېپىدە لايىق تېخى كېلەلمىسە ، ئۆزۈڭگىمۇ ، ئاتا - ئاناڭغىمۇ ئۇۋال ئەمەسمۇ ؟ ! ھېسابلاپ باقسام ، يېشىڭمۇ يىگىرمىگە ئۇلىشىپ قاپتۇ . ئۇنداق قىلماي گېپىمگە كىر .

— جېنىم هامما ، سەندىن خۇش بولاي ، مېنى قىستاۋەرمىگىن !

زەيتۇنەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەمرەك يېپىشتى . كۆز يېشى بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى . ئاۋازى شۇنداق مىسكىن ، چىرايى شۇنداق سولغۇن ئىدىكى ، نىساخاننىڭ ئۇنىڭغا راستىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاسانلا بەل قويۇۋەتكۈسى كەلمەي ، قىستاشنى داۋام قىلدى :

— قىز بالا رەسىدە بولسا ياتلىق بولماق ، ئوغۇل بالا بويىغا يەتسە ئۆيلەنمەك — پەيغەمبەرلىرىمىزدىن قالغان سۈننەت ، ئاكامنىڭ قالـپىقىنىڭ كاساپىتىدىن ، سەن ياتلىق بولۇش يېشىڭدىن نەچچە ياش ئېشىپ كەتتىڭ . شۇڭا ئاكاممۇ ، يەڭگەممۇ ئالدىڭدا خىجىل . ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرد قوشساڭ ، خۇدايىم راۋا كۆرەرمۇ ؟ ! تاتلىق قىزىم ، ئۇنداق جاھىللىق قىلماي ، مەزلۇمـئاجىزلىقىڭغا تەن بېرىپ ، ئاتا - ئاناڭنىڭ گېپىگە كىر .

— ......



— ئەستا...... قانداق قىلسام بولار ، بۇ قىز بالىنى ! ئويلاپ باققىنا ، ئەگەر تۇشمۇتۇشتىن لايىق چىقىپ ، بوسۇغاڭدىن ئەلچى ئۈزۈلمەيدىغان ئىش بولسا ، هامماڭ قاراپ تۇرۇپ سېنى خوتۇنى ئۆلگەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى بالىغا ئاتا بولغان ئادەمگە خوتۇن بولۇشقا سايە قىلامتى ؟ ! هۇ......هۇ...... ئىسىت ئايدەك هۆسنىڭ ، ئىسىت گۈلدەك بەستىڭ !...... «بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭىغا »دەپ ، ئا-كامىنىڭ...... هۇ......هۇ !......

زەيتۇنەم كۈتۈلمىگەندە :

— هامما ، مېنىڭ لايىقىم بار ، — دېۋەتتى .

— نېمە ! نېمە دېدىڭ ؟— نىساخان قۇلاقلىرىغا ئىشىنىپ ، ئى-شەنمەي ، ئەندىكىپ سورىدى ، — لايىقىم بار ؟

—......

— هوي ، گەپ قىلساڭچۇ !

—......

— ئەستا ، ماۋۇ بالىنى...... ئادەمنى ئالدىمىغىنا ، ئۇنداق !

— ئالدىمىدىم......

زەيتۇنەمنىڭ ئاۋازى شۇنداق تۆۋەن ئىدىكى ، نىساخان ئاران ئاڭلىيالىدى . ئۇ زەيتۇنەمنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى . ئىزا تارتقىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن زەيتۇنەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى .

— ئالدىمىغان بولساڭ ، لايىقىڭنىڭ ئېتىنى دەپ باقە ئەمىسە .

— ئۇ......

— ئۇ كىم ؟

— ئۇ...... ئەستا ، ماۋۇ هاممامنى .

— تاتلىق بالام ، تارتىنماي دەۋەرگىن !

— ئۇ......

زەيتۇنەم بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى- دە ، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى . سىياقىدىن هەم قورقۇنچ ، هەم خىجالەتچىلىك چىقىپ تۇراتتى ، شۇ تاپتا هاممىسىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق تىللىشى ، هەتتا

تەستەك بىلەن سىلىشىنى كۆتتى . ئەكسىچە ، بۇ ئۆيگە ئالتە يەكشەنبە ئۇدا كەلگەن ، زەيتۇنەمگە تولا سۆزلەپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتكەن نىساخان كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى. دە ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى . سۆيۈۋېتىپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى .

زەيتۇنەم بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ تېگىگە قانداق مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئىزدەپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىدى .

## جاڭگالدا

تومۇز قۇياشى ئاللىقاچان غەربكە قىيسايغان بولسىمۇ ، ئەتراپ يەنىلا تونۇردەك ئىسسىق . يانتاق ، قامغاق ، چۇچۇكبۇيىلار ماكان تۇتقان بۇ بىپايان چۆل شۇنداق سۇرلۇك ، شۇنداق جىمجىت ئىدىكى ، «مانا مەن» دېگەن يىگىتلەرمۇ بۇ يەردە يالغۇز يۈرۈشتىن ئەيمىنەتتى . ئەنە شۇ سۇرلۇك جاڭگالدا زەيتۇنەم ئۆزى يالغۇز يانتاق چېپىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭمۇ يۈرىكى پوك-پوك ، نېمە ئىلاج ؟ ئاتا - ئانىسىنى غەمدىن خالاس قىلىش مەقسىتىدە ، ئۆيىدىن 2— 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇشۇ چۆللۈككە ئۆزى يالغۇز ئاياغ باسقانىكەن ، ئىشقىمۇ ، يالغۇزلۇققىمۇ ، ھەتتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق پېشكەللىككىمۇ بەرداشلىق بېرىشى كېرەك - دە !

زەيتۇنەم كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدا تىكىلگەن ، ئۇستى - ئۇستىلەپ ياماق چۈشكەن كۆن بەتىنكىسىنىڭ بوشاپ كەتكەن بوغقۇچىنى چىڭدىتىش ئۇچۇن زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىدا ، قۇلىقىغا مۈڭلۈق نەي ئاۋازى كىرگەندەك بولدى . ئۇ بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى . دەرۋەقە ، كىمدۇر بىرى يىراق بىر يەردە نەي چېلىۋاتاتتى .

«ئەجەب مۇڭلۇق چالدىيا ؟ كىم چېلىۋاتقاندۇ ؟ »

نەينىڭ مۇڭلۇق ساداسىدىن يۈرىكى ئېرىپ كەتكەن زەيتۇنەمنىڭ

كۆز چاناقلىرىدىن ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى . زەيتۇنەم گويا ئاشۇ نەيچىنى تاپماقچى بولغاندەك ، ھېلىدىن - ھېلىغا تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتەتتى . كۆز يېتىم يەردە — چۆلنى يىلان باغرى كېسىپ ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ھارۋا يولىدا كېتىۋاتقان بىر ئېشەك ھارۋىسىدىن بۆلەك ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن ، كۆڭلى لەت يېگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى :

«ۋىيەي ، ئېلىشىپ قالدىممۇ- نېمە ؟ خۇددى ساراڭدەك » .

زەيتۇنەمنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالغانىدى . كەتمىنى ئەمدى ئېلىگىرىكىدەك مۆلچەرلىگەن يەرگە چۇشمەيتتى . بىر تۇپ يانتاق بىلەن يەنە بىر تۇپ يانتاقنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىپ ، چاپقان يانتىقىدىن ماڭغان يولى كۆپ بولۇۋاتقاندەك ؛ يول مېڭىپ ، پۇتىنىڭ ماغدۇرى كەتكەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى .

نەي ئاۋازى يېقىنلاپ كېلىپ ، بىردىن بېسىقتى . زەيتۇنەم كىمدۇر بىرى يۇرىكىنى ئاغزىدىن سۇغۇرۇۋېلىۋاتقاندەك قاتتىق بىر «ئۇھ» تارتتى - دە ، ئاسمانغا قارىدى : قۇياش پامىر تېغى چوققىسىغا باش قويغان بولۇپ ، كەچكى شەپەق كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى .

زەيتۇنەم ئالدىراپ قالدى . ئۇ ئۇيەر - بۇيەردە چېچىلىپ ياتقان يانتاقلارنى بىر - بىرلەپ يىغىپ ، كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ ، دەسسەپ چىڭداپ پەنجىلەشكە ؛ ئىشى ئاۋۇمىغانسېرى ، كەتمەنگە قوشۇپ ئاردىنمۇ ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى . ئەنە شۇ چاغ ، باياتىن نەي ئاۋازى كەلگەن تەرەپتىن يەنە يۇرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى كەلدى .

يېتىم دەيدۇ ، يېتىم دەيدۇ .<br>
يېتىم قىلسا ، خۇدا قىلغان .<br>
ئاتام بىلەن ئانامدىن ،<br>
جۇدا قىلسا ، خۇدا قىلغان .

ئاتام بولسا كۆرسەم مەن ،
ئانام بولسا كۆرسەم مەن .
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ ،
ئاياغىدا ئۆلسەم مەن……

زەيتۇنەم ناخشىغا قۇلاق سالغاچ ، جىدەللەپ يانتاق پەنجىلەيتتى . كۆڭلىدە نەيچى بىلەن ناخشىچىنىڭ چوقۇم بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتاتتى . تۇرۇپ ئۇنى كۆرگۈسى كەلسە ، تۇرۇپ ئاشۇنداق بولمىغۇر ئويلاردا بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە كايىيتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپ ، ناخشا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ قوياتتى . ھەر قېتىم قارىغىنىدا ، ئىككى مەڭزى ئوت كەتكەندەك قىزىپ ، ۋۇجۇدىنى تەر باساتتى .
ناخشىچى ئۇلاپلا شوخ بىر ناخشىنى باشلىۋەتتى :

قارا قاش قوش ھەيدەيدۇ ،
جاڭگالدا— چىرىمداندا .
كۆيۈك ئوتى چىقمايدۇ ،
بىر ئۇچى شېرىن جاندا .

ئالما ئېغىتاي دەمسەن ؟
بېھى ئېغىتاي دەمسەن ؟
كۆيۈك ئوتىنى سىلىپ ،
مېنى يىغلىتاي دەمسەن ؟……

ناخشا ئاۋازى يېقىنلاشقانسېرى ، زەيتۇنەمنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى . يا خۇشاللىق ، يا ئەندىشىدىن دېرەك بەرمەيدىغان بىر خىل سېزىم ۋۇجۇدىنى چىرماپ ، پۇت - قولىنى كالۋالاشتۇرۇپ قويدى . ھەرقانچە ئالدىرىغىنى بىلەن ، ئىشى زادىلا ئاۋۇمايتتى .
«ۋىيەي…… ئۇ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتامدۇ نېمە ؟ !»

زەيتۇنەم يىراقتا گۈڭگا كۆرۈنگەن نامەلۇم ئادەمگە تىكىلگىنىچە بىر پەس قېتىپلا قالدى ۋە ھېلىقى ئادەمدىن كۆزىنى ئېلىپ ، قولىدى-كى كەتمەنىنىڭ ئۇستىرىدەك ئىتتىك ، پارقىراق بىسىغا يالت قىلىپ بىر قارىدى ، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ، يېڭىباشتىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى .

— زەيتۇنەم ، سىزمىدىڭىز ؟ مەن تېخى كىمكىن دەپتىمەن !

بۇ تونۇش ئاۋاز زەيتۇنەمنى ئىشنى توختىتىپ ، بېشىنى كۆتۈ-رۈشكە مەجبۇر قىلدى . ئۇنىڭدىن نەچچە قەدەملا نېرىدا بىرەر يۈز قوي - ئۆچكە ؛ ئۇلارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئەترەتنىڭ مالچىسى قۇتلۇق قولىدىكى ئۇزۇن غولدىغا تايانغىنىچە ، زەيتۇنەمگە ئۇدۇل قاراپ تۇراتتى .

— مەنچۇ…… مەنمۇ يات ئادەممىكىن ، دەپ قاپتىمەن .

زەيتۇنەم بۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە ، چىرايىغا ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈرۈپ ، تىلى نەچچە قېتىم كالۋالاشتى . كۆزلىرى قۇتلۇققا ئە-مەس ، نەلەرگىدۇر تىكىلەتتى .

قۇتلۇق بۇ ھالنى سەزمىدى بولغاي ، زەيتۇنەمگە يېقىن كېلىپ سوئال سوراشنى داۋام قىلدى :

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز ؟

— يانتاق چاپقىلى كەلدىم .

— بۈرۈن كەلمەيتتىڭىزغۇ ؟

— ئۇ چاغدا دادام كېلەتتى ، ئون كۈندەك بولدى ، مىجەزى يوق .

— قەيىرى ئاغرىيدىكەن ؟

— كېزىك بولۇپ قاپتۇ .

— ئاپلا…… ھازىر قانداقراق ؟

— بىر خىل ياتىدۇ .

— دوختۇرغا كۆرسەتمىدىڭلىمۇ ؟

— كۆرسەتتۇق ، دادۇينىڭ «يالاڭئاياغ» دوختۇرى شېرىپجان كۈندە ئوكۇل ئۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بىرەر ئايدا ساقىيىپ كەتكۈدەك .

— ھەرنېمە بولسا…… ھۆسنەرىخان ئاچام تىنچلىقتۇ ؟

— تىنچلىق .

ئارىغا جىملىق چۈشتى .

«قارا سېنى ! نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ؟ شۇ تاپتا ئاناڭ بىلەن داداڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقاندۇ . »

كاللىسىدىن غىل - پال ئۆچۈپ ئۆتكەن بۇ خىيال زەيتۇنەمنى قاتتىق چۆچۈتتى . ئۇ قۇتلۇقنىڭ بۇ يەردىلىكىنى ئېسىدىن چىقارغان-دەك ، ئالمان - تالمان يانتاق پەنجىلەشكە كىرىشىپ كەتتى ۋە ئەمدىلا كىچىككىنە بىر پەنجە يانتاقنى كەتمەنگە ئېلىپ ، ئۇنى يەنە بىر پەنچە يانتاقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، كۆچەپ دەسسەشكە تەمشىلىۋاتقاندا ، قۇت-لۇق تېخىچە ئۆشنىسىدە يۇدۇكلۇك تۇرغان بىر باغلام چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى يەرگە تاشلاپ :

— توختاڭ ، مەن پەنجىلەي ، — دېگىنىچە زەيتۇنەمگە يېقىنلاشتى .

— رەھمەت ، ئاۋارە بولماڭ ، — زەيتۇنەم قورۇنۇپراق سۆزلەيت-تى ، — ئۆزۈم پەنجىلەي .

زەيتۇنەم قۇتلۇققا قاراپمۇ قويماستىن ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەر-دى . قۇتلۇقمۇ زەيتۇنەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ، قولىدىكى غول-دىنى ئارا ئورنىدا ئىشلىتىپ ، چەبدەسلىك بىلەن يانتاق پەنجىلەشكە كىرىشىپ كەتتى .

ئۇزاققا قالماي ، ئۇ يەر - بۇ يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان يانتاقلاردىن يوغان ئىككى دۆۋە ھاسىل بولدى . قۇتلۇق قولىدىكى غولدىنى ئۆزى پەنجىلىگەن يانتاققا «گاچچىدە» سانجىدى- دە ، ئۇنى دەس كۆتۈرگەن پېتى زەيتۇنەمنىڭ يېنىغا كەلدى . زەيتۇنەم قىيا بۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قارىدى- يۇ ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

— ئەجەب ئاۋارە بولدىڭىز- ھە ؟— دېدى مىننەتدارلىق بىلەن ، رەھمەت ، قۇتلۇق ئاخۇن !

قۇتلۇق قولىدىكى پەنجىلەكلىك يانتاقنى زەيتۇنەم پەنجىلىگەن يانتاقنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى . ئاندىن :

— بۇ يەرگە يانتاق چاپقىلى كېلىشىڭىزنى بالدۇرراق ئۇققان

بولسام ، ئۆزۈم چىپىپ ، ئۆزۈم پەنجىلەپ قويىدىكەنمەن .

— رەھمەت ، ھېلىمۇ چوڭ ياردەم قىلدىڭىز .

— مۇشۇنداق چۆل - باياۋاندا بىر قىز بالىنىڭ ئۆزى يالغۇز يانتاق چېپىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن ؟ !

—......

— ئەگەر دادىڭىز ساق بولسا ، بۇ يەرگە كەلگىلى قويمايتتىغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە ، — زەيتۇنەم ناھايىتى خىجالەتمەن قىياپەتتە گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى ، — بۇگۇنمۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىدى .

— مۇنداق دەڭ ، — ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە سوئال نەزەرىدە تىكىلدى : بىر جۈپىدە سەمىمىيەت ، تەبەسسۇم جىلۋە قىلسا ، يەنە بىر جۈپىدە مەۋھۇملۇق ، بىچارىلىك نامايان ئىدى ، — ئەتىمۇ كېلەمسىز ؟

— ئەتە......قانداق قىلسام بولىدىكىن ؟

زەيتۇنەم يەرگە قارىدى . قۇتلۇقمۇ ئۇنى ئارتۇقچە خىجالەت قىلىشنى ئەپ كۆرمەي ، غولدىنى يانتاق پەنجىسىگە كۈچەپ سانجىدى ، ئاندىن ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ ئۆشنىسىگە ئالدى .

— ۋىيەي ، قۇتلۇق ئاخۇن......بۇ......

زەيتۇنەمنىڭ تىلى كالۋالىشىپ ، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشتى . خۇشاللىقتىنمۇ ياكى ئەنسىرەشتىنمۇ ، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالغىلى تاس قالدى . ئەمما ، قۇتلۇق زەيتۇنەمگە قاراپمۇ قويماستىن ، «گۇس - گۇس »دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى . زەيتۇنەمنىڭ كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى. يۇ ، چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

ئۇلار زەيتۇنەمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قايرىلىدىغان چىغىر يولنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قۇتلۇق توختىدى ۋە زەيتۇنەمگە بۇرۇلۇپ :

— بولسىغۇ ، ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بەرگەن بولسام ئوبدان بولاتتى ، ئالدىمدا مال بار ، — دەپ دۇدۇقلاپ يانتاقنى يەرگە قويدى .

— رەھمەت ، ئاران تۆت چامدام يول قالدى .

زەيتۇنەم سۆزلىگەچ ، ئەسكى تاغارنى دۈمبىسىگە ئارتتى . قۇتلۇق يانتاقنى ھەش - پەش دېگۈچە ئارغامچىدا مەھكەم تېڭىپ ، ئۇنىڭغا يۆدكۈزۈپ قويدى . ئاندىن :

— زەيتۇنەم ، ئەتە جەزمەن كېلىدىغان بولسىڭىز ، مەن يانتاق چېپىپ ، پەنجىلەپ قويىمەن ، — دېدى سەل دۈدۈقلاپ .

زەيتۇنەم بىر نېمىدەپ پىچىرلىدى . قۇتلۇق ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىدىمۇ ، ئاڭلىمىدىمۇ ؟ بۇ بىزگە قاراڭغۇ ، لېكىن ئۇ تاكى زەيتۇنەمنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكۈچە جايىدىن قوزغالمىدى .

## ئۇ كۆزلەر نېمە دەيدىكىنا؟

سىم - سىم ياغقان يامغۇردىن كېيىنكى دالا شۇنداق چىرايلىقكى ، گويا تەبىئەتنىڭ ھەممە گۈزەللىكى پەقەت مۇشۇ ئەتراپقىلا مۇجەسسەملەنگەندەك : دەل - دەرەخلەر ، ئوت - چۆپلەر ، يېڭىلا تاقىلىنىپ ، تۇۋىگە توپا يۆلەنگەن جاغدا قوناق ، ئاپتاپپەرەس مايسىلىرى ياپيېشىل رەڭ ئالغان ؛ ئاق قۇشقاچ ئوڭدا يېتىپ يېگۈدەك پاكار ، ئوغۇزىغا تويمىغان بوۋاقتەك نىمجان بۇغدايلارمۇ قەددىنى رۇسلاپ ، مەغرۇر كۈلۈمسىرىمەكتە . ئەنە شۇ مەنزىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلگىنىچە ئېتىز ئارىلاپ مېڭىپ ، جاڭگالغا يول ئالغان زەيتۇنەم شۇ تاپتا ئالەمنىڭ جىمى خۇشلۇق - خاپىلىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەن . ئاسمانمۇ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ، كۆل سۈيىدەك تىنىق ، قۇياشمۇ ئاجايىپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەيدۇ . ئۇنىڭ تەپتى شۇنداق ئىللىق ۋە يېقىملىق .

زەيتۇنەمنىڭ نەزەرى چۈشكەن ھەممىلا نەرسە گۈزەل ، ھەممىلا نەرسە رەڭدار ۋە جەزىبىلىك !

ھەي...... قانداق ئىش بۇ ؟

زەيتۇنەم يولدىن ئازغاندى : تونۇگۈن ، ئۈلۈشكۈن توقايغا چۈشكەن يانباغىردىن 40 — 50 قەدەم يۇقىرىدىكى ئادەم بويى كەلگۈدەك

تىك قىيادا تۇراتتى . ئۇ ئەتراپقا ئالاق - جالاق نەزەر تاشلىدى. دە ، ئۆزىدىن ئىككى قەدەملا نېرىدا يەككە - يېگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تۇپ ئازغانغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ، ئاۋايلاپ پەسكە چۈشتى .

توقاي — ھەممە يېرىنى زەي ۋە چىم باسقان توقاي . بۇ يەردىن چىقسىلا ، باش - ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان پارچىيەر جاڭگىلى . پارچىيەر — زەيتۇنەم ئۇدا ئۈچ كۈن يانتاق چاپقان جاڭگال .

زەيتۇنەم بۇگۈنمۇ شۇ يەرگە بارماقچى .

زەيتۇنەم مەخمەلدەك يۇمشاق چىم ئۈستىدە قۇشتەك يەڭگىل چامداپ ئالدىراش كېتىۋاتىدۇ . ئۇ يەر - بۇيەردىكى ئورەكلەرگە يىغىلىپ قالغان زەي سۇلار زەيتۇنەمنىڭ يېقىنلاشقىنىنى كۆرۈپلا ، «بۇژ-بۇژ» قىلىپ «نەغمە چېلىپ» ،ئۇنى قارشى ئالىدۇ .

زەيتۇنەم توقاينى قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈپ ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىۋاتقان زەيكەشنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى . زەيكەشتىن بىر خىل قاڭسىق پۇراق كۆتۈرۈلمەكتە . زەيتۇنەمنىڭ بۇرنى پۇتۇكمۇ ياكى ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ ، بۇ سېسىقچىلىقنى سەزمىدىمۇ ، سۇدىكى قۇياشنىڭ ئەكسىگە تىكىلگىنىچە تاتلىق كۈلۈمسىرىدى . لېكىن ، ھايال ئۆتمەي چىرايىدىكى كۈلكە ئورنىنى تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر خىل غەشلىك ئىگىلىدى . دېمىسىمۇ ، زەيتۇنەم ئاشۇ سۇدا ئۆزىنىڭ ، ئۆز ئائىلىسىدىكى بەش جان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئەكسىنى كۆرمەكتە ئىدى : زەيتۇنەم ئېسىنى بىلگەندىن بۇيان ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەر يىلى قىشتا مۇشۇ زەيكەشنىڭ لېيىنى تارتىپ ، سۈيىنى راۋانلاشتۇراتتى . زەيتۇنەم كەتمەن كۆتۈرەلىگۈدەك بولغاندىن بۇيان ، ھەر يىلى قىشتا مۇشۇ زەيكەشكە تەر تۆكۈۋاتىدۇ . بۇ تەرلەر بەدىلىگە قوشكۆلدە يېپيېڭى ، كۆجۈم مەھەللە پەيدا بولدى . بىر چاغلاردا ئۆلارنىڭ قاغا جىگدە شوخىسى بىلەن قورشالغان كىچىككىنە باغچىقىدىن بۆلەك بىرمۇ باغ بولمىغان بۇ يۇرتتا ھەممە ئائىلىلەر باغبارانلىق بولۇپ كەتتى . بىراق ، بىرلا زەيتۇنەمنىڭ بېغىمۇ ، دەل - دەرىخىمۇ يوق .

— ئۇھ......

زەيتۇنەم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى . ئۇنىڭ كىرپىكلە-
رى نەملەنگەن ئىدى . يۈرىكى تېزگىنسىز ئاتتەك قالايمىقان چېپىپ ،
كۆڭلى ئاينىۋاتاتتى .

زەيتۇنەم ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېسىگە
ئالدى بولغاي ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى . ئۇيان - بۇيان سەپسېلىپ ،
زەيكەشنىڭ ئەڭ تار يېرىنى تاپتى- دە ، مۇرىسىدىكى كەتمەن ، تاغار ،
ئارغامچىلارنى قارشى تەرەپتىكى قىرغاققا بىر - بىرلەپ چۆرۈدى ،
ئاندىن ئۆزىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن سەكرىدى .

ئەستا...... ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى قاشقا دەسسىگەن بولسىمۇ ، سول
پۇتى زەيكەشكە — قاپقارا پاتقاققا كىرىپ كەتتى .

قىزىق ئىش ، زەيتۇنەم ئاچچىقلاش ئورنىغا ، بىلىنەر - بىلىنمەس
تەبەسسۇم قىلدى . تاغارنى يەرگە سېلىپ ئۈستىدە ئولتۇردى- دە ،
پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ ، ئىشقىلاپ يۇيۇشقا باشلىدى . قانچە ۋاقىت
يۇدىكىن ، پۇتىمۇ ، بەتىنكىسىمۇ پاكىزلاندى . بىر پاي بەتىنكىسىنى
كىيىپ ، ئىككىنچى پېيىنى كىيىۋاتقىنىدا كۆڭلى تۇيۇقسىز ئۆيۈپ ،
ئىتتىك كەينىگە قارىدى .

كۆرۈڭ ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى !...... 10 قەدەمچە نېرىدا ، ئۆز
بويىدىن بىر غۇلاچ ئۇزۇن غولدىغا تايىنىۋالغان قۇتلۇق تۇراتتى .

«ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىكىنا ؟ ماللىرى قېنىدۇ ؟»

زەيتۇنەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى-دە ، بەتىنكىسىنىڭ
شوينىسىنىمۇ چىگمەستىن ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئېتەكلىرىنى
پەسكە چۈشۈردى . ئاڭغۇچە ، قۇتلۇق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ بولدى .

— زەيتۇنەم ، دادىڭىز بىرئاز ئوڭشالدىمۇ ؟

— ھەئە......

زەيتۇنەم شۇنداق دېدى- يۇ ، چىرايى ۋىللىدە قىزىرىپ ئىتتىك
يەرگە قاراۋالدى .

— ھۆسنەرىخان ئاچام تىنچلىقمۇ ؟

— تىنچلىق .

— ئۆزىڭىزچۇ ؟

— ......

— ئىككى كۈنىڭىزى نېمىشقا كەلمىدىڭىز ؟

زەيتۇنەم تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى ، گەپمۇ قىلالمىدى .

— زەيتۇنەم ، نېمانداق گەپ قىلمايسىز ؟ يا مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، سىزدىن نېمىشقا خاپا بولاتتىم ؟ !

زەيتۇنەم بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى ، كۆزلىرىمۇ قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئەمدى زەيتۇنەم ئەمەس ، قۇتلۇق يەرگە قارىۋالدى ۋە سەل دۇدۇقلاپراق دېدى :

— ئىككى كۈنىڭىزى مەندىن قېچىپ يۈرگىنىڭىزگە قاراپ......

زەيتۇنەم بىردىن جانلىنىپ كەتتى ، كۆزلىرى قۇتلۇققا ئۇدۇل قارايتتى . ئاۋازىمۇ سالماق ۋە جاراڭلىق ئىدى :

— كىم سىزدىن قېچىپ يۈرۈپتۇ ؟ !

قۇتلۇقمۇ جانلاندى . ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى .

— سىزچۇ !

— مەن ؟......

— ھەئە ، سىز !

— تۇۋا......ماۋۇ گەپنى تېخى !

— دەپ بېقىڭە قېنى ، قاچمىغان بولسىڭىز ، نېمىشقا كەلمەيسىز ؟— قۇتلۇق كۈلۈمسىرىدى ، — ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ .

— ۋيەي......نېمە دەيدىغانسىز ، قۇتلۇق ئاخۇن !— ئەمدى زەيتۇنەممۇ كۈلۈپ تاشلىدى ، — مەن قاچان سىزنى ئاۋارە قىلدىم ؟

— ئىككى كۈنىڭىزچۇ !

— تۈزۈك گەپ قىلىڭە !

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، زەيتۇنەم ! ئۈلۈشكۈن بىر دۆۋە ، تۈنۈگۈن بىر دۆۋە يانتاق چېپىپ قويۇپ ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ساقلىساممۇ كەلمىدىڭىز . ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەي دېسەم......

— ھە...... بىكار ئاۋارە بوپسىز ـ دە ، خاپا بولماڭ ، — زەيتۇنەم ئوڭايسىزلانغىنىدىن تىرناقلىرىنى تاتىلاشقا باشلىدى ، — ئورما ئو ـ رۇۋاتىمىز ئەمەسمۇ ؟ چامنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران تۈگىتىپ بول ـ دۇم ، شۇڭا يانتاق چاپقىلى كېلەلمىدىم .

— يالغان سۆزلىمەڭ !

— راست !

— ئەستا...... مەن ھەممىنى بىلىمەن !

— ھەممىنى...... نېمىنى بىلىسىز ؟

ئىككى جۈپ كۆز يەنە ئۇچراشتى . بىر جۈپىدە خىجىللىق ، بىر جۈپىدە نارازىلىق ۋە ئەندىشە .

— سىزنىڭ يانتاق چاپقىلى كەلگىنىڭىزنىمۇ ، مەندىن قېچىپ ، باشقا يول بىلەن ماڭغىنىڭىزنىمۇ بىلىمەن !

قۇتلۇق بولغان ئىشنى ئاشكارىلىۋەتتى : ئۇلۇشكۈن قۇتلۇق ھەر ـ قانداق چاغدىكىدىن سەھەررەك ئورنىدىن تۇردى . ھەر كۈنكى ئادىتى ـ نى بۇزۇپ ، چۈشتە مالنى قوتانغا قايتۇرۇپ كەلمىدى . يورۇق نامازـ دىگەر بىلەن مالنى ئالدىغا سېلىپ ، قايسى كۈنى زەيتۇنەم يانتاق چاپقان يەرگە كەلدى ـ دە ، تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە يانتاق چېپىپ پەنجىلىدى . ساقلىدى ، ساقلىدى ، قاراڭغۇ چۈشۈپ ، ئاي چىققۇچە ساقلىدى . زەيتۇنەمنىڭ ئۆزى تۇرماق ، قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى ، بۇ ھال تۈنۈگۈنمۇ تەكرارلاندى . قۇتلۇق دەل زەيتۇنەم ئۆيىدىن چىقىدى ـ غان پەيتنى پايلاپ ، ئالدىنقى كۈنى ئىككىيلەن خوشلاشقان ھېلىقى چىغىر يول ئاغزىدىكى ئېگىزلىكقا ماللىرىنى قويۇۋېتىپ ، سۇۋادانەك ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ نان جىگدىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ، زەيتۇنەمنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىنى كۈتتى . مانا ، زەيتۇنەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى . بىرئاز يېقىنلىدى . يەنە بىرئاز......يەنە بىرئاز......

قۇتلۇق جىگدىدىن چۈشەي دەپ تۇرغاندا ، زەيتۇنەم تۇيۇقسىز سولغا بۇرۇلۇپ ، باشقا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

«ئۇنى توۋلاپ ، نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپ باقايمۇ ؟ باشقىلار ئاڭلاپ قالسا نېمە دەيدۇ ؟ »

مانا بۇ سوئاللار قۇتلۇقنىڭ كېلىنى بوغدى ! ئۇ تاكى زەيتۇنەم توقايدىن ئۆتۈپ ، جاڭگالغا بارغۇچە كۆز ئۈزمەي ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى . كېيىن كاللىسىغا غەلىتە بىر ئوي كەلدى-دە ، جىگدىدىن چۈشۈپ ، مالنى مەھەللىگە ھەيدىدى . ئەسلىدە ، ئۇ مالنى قوتانغا سولىۋېتىپلا زەيتۇنەمنىڭ قېشىغا ئۇچماقچىدى . بىراق ، دادۇيجاڭنىڭ ئىشىغا تۇتۇلۇپ قېلىپ ، كۈننى كەچ قىلىۋەتتى . قۇتلۇق ھېلىقى چىغىر يول بىلەن توقاي تەرەپكە كېتىۋاتقاندا ، يانتاق يۇدۇپ كېلىۋاتقان زەيتۇنەمنىڭ قارىسىنى كۆردى .

«ئەگەر مۇشۇ قاراڭغۇدا ئۇدۇللا ئالدىغا بارسام ، زەيتۇنەم كۆڭلىدە نېمىدەپ قالار ؟ »

مۇشۇ سوئال ئۇنىڭ پۇتىغا چۇشەك سالغاندى .

— ئالدىڭىزدا يالغانچى بولۇپ قالماي ، دەپ ئەنسىرىسەم ، ئۆزىڭىز يالغانچى ئىكەنسىز ئەمەسمۇ !

گەرچە ، قۇتلۇق بۇ سۆزنى چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتقان بولسىمۇ ، زەيتۇنەمنى خېلىلا قىزارتتى . ئۇ گويا ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك ، قۇتلۇققا خىجالەتمەن قىياپەتتە تىكىلىپ ، ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا دېدى :

— خاپا بولماڭ ، قۇتلۇق ئاخۇن . مەن سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپ......

قۇتلۇق كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۈلكىسى زەيتۇنەمنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى .

— مۇنداق دەڭ ...... «ئاۋارە قىلماي دېدىم» دەڭ ...... خاتىرجەم بولۇڭ ، يانتاق چېپىش ھېچقانچە ئاۋارىچىلىك ئەمەس ، زەيتۇنەم !

— رەھمەت .

— رەھمىتىڭىزنى قويۇڭ ، ئەمدى ئالدىمايدىغانسىز ؟

— ......

— بۇدا يەنە ئالدايدىغان بولسىڭىز ، ئىككىنچى يۈزىڭىزگە قارىماسمىنا ! يۈرۈڭ !

— رەھمەت ، ئۆزىڭىز كېتىۋېرىڭ .

— نېمە ؟— ئەمدىلا قەدىمىنى يۆتكىگەن قۇتلۇق ئىتتىك توختاپ ، كەينىگە بۇرۇلدى . زەيتۇنەم مەيۈس قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇراتتى ، — زەيتۇنەم ، سىز......

— قۇتلۇق ئاخۇن ، — زەيتۇنەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى ، — سىزدىن خۇش بولاي ، ماڭا ياردەم قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ . خەق ئۇقسىمۇ ياخشى ئەمەس......

— خەق ئۇقسا ؟......خەق ئۇقسا نېمە بولىدىكەن .

— نېمە بولاتتى ؟ خەق سىزنى «پومېشچىككە ياخشىلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەيدۇ ، شۇ !

— ھە ، مۇنداق گەپ ئىكەن- دە ، بۇ ! — قۇتلۇق زەيتۇنەمگە شۇنداق غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلدىكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قانداقتۇر جانلىق قاقشاتقۇچى نۇر زەيتۇنەمنىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق ئۇدۇل يۈرىكىگە ئۇرۇلدى- دە ، ۋۇجۇدىنى لەسسىدە بوشاشتۇرۇۋەتتى .

«بۇ كۆزلەردە نېمە باردۇ ؟......» .

زەيتۇنەم بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندا ، قۇتلۇق كېسىپلا دېدى :

— خاتىرجەم بولۇڭ ! مەن ھەممىنى ئويلىغان . خەق نېمەدېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى . ۋاقتى كەلسە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن !

«ۋاقتى كەلسە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن !»

بۇ خىتابنى ئىچىدە نەچچە قېتىم تەكرارلىغان زەيتۇنەم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ، ئۇستىگە يېپىلغان يوتقاننىڭ بىر چېتىنى ئېچىۋەتتى . كېچىنىڭ مەيىن شامىلى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ۋە بويۇن - باشلىرىنى سۆيۈپ ئۆتتى . ئۇ قۇتلۇقنىڭ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندى ، ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئاۋازى ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى . بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ھۆسنەرىخان بىر يېنىغا ئۆرۈلدى . ھاۋاز «پوم» لەۋلىرىنى تامشىتىپ ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى غودۇڭشىدى . زەيتۇنەم ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا تىكىلگەچ ، يوتقانغا مەھكەم ئورىنىۋالدى .

ئەنسىزلىك ئۆتۈپ كەتتى : ئانىسىمۇ ، دادىسىمۇ پۇشۇلداپ ئۇخ-لاۋاتاتتى . قاپاق تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس شىل-دىرلايتتى . ئېغىلدىكى ئېشەك پۇشقۇردى . زەيتۇنەم يوپۇرماقلار ئارى-سىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايغا تىكىلدى .

ئاي — تۈن پەردىسى !

ئاي — گۈزەللىك سىماسى !

ئاي — مۇڭلانغان يۈرەكلەرگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى كۈچ !......

ئەپسۇس ، قاپاق تېرەكلىك ھويلا ھەتتا ئۇنىڭ نۇرىدىنمۇ مەھ-رۇم : ھويلىمۇ ، پېشايۋانمۇ قاپقاراڭغۇ ، پېشايۋاندا ياتقان ئۈچ كىشى-نىڭ ئىككىسى بۇ قاراڭغۇغا ئۇزاقتىن بۇيان كۆنۈپ قالغان . يەنە بىرسى — زەيتۇنەم ئىلگىرى قورسىقى تويسا ، ئۇچىسى يېپىلسىلا شۈكۈر قىلاتتى . بىر يىل بولدى ، ئۆزىگە نېمىدۇر بىرنەرسە كېرەك-لىكى ، لېكىن قاپاق تېرەكلىك ھويلىدا ياشاۋاتقىنى ئۈچۈنلا ، ئۇ نەرسىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقىنى ؛ ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مۇشۇ ھويلىدا ياشاۋېرىدىغان بولسا ، مەڭگۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي-دىغانلىقىغا كۆزى يېتىشكە باشلىدى .

ئۇ ھەممە پېشكەللىكنى ئاشۇ بىر تۈپ قاپاق تېرەكتىن كۆرەتتى . مۇشۇ قاپاق تېرەكلىك ھويلىنى بىنا قىلغان ئاتا - بوۋىلىرىدىن كۆرەتتى .

شۇڭا ، بەزىدە : «دادا ، ئانا ، قاپاق تېرەكنى كېسىۋېتىپ ، ھويلى-مىزنىڭ چۆرىسىگە باشقا دەرەخ قويۇپ ، كۆكەرتمەيلىمۇ ؟» دېگۈسى كېلەتتى . لېكىن ، بوۋاي بىلەن موماينىڭ دەردىگە دەرد قوشقۇسى كەلمەي ، دېمىنى ئىچىگە يۇتاتتى .

بەزىدە ئاكىلىرىنى دوراپ قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالماقچى بولات-تى . لېكىن ، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان «گۇناھى» ئۈچۈن ، ئاتا-ئانىسىنى ئۇستى - ئۇستىلەپ «جازالاش»قا زەيتۇنەمنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچى ھەرگىزمۇ يول قويمايتتى .

«زەيتۇنەم ، — دەيتتى بەزى ئاياللار ئەمگەك ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ، — ئەجەبمۇ چىرايلىق

بالا جۇمۇ سەن ! ئەگەر ئوغلۇم چوڭراق بولۇپ قالغان بولسا ، چوقۇم سېنى كېلىن قىلىۋالاتتىم…… » .

«مەنىڭغۇ ئۇنى ئالىدىقاچان كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتىمگە كەلگەن ،— دەيتتى بەزىسى ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ ،— ئەمما…… »

مۇشۇ «ئەمما »نىڭ تېگىگە نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى زەيتۇنەم ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ دەسلەپ مۇشۇنداق گەپلەر بولغاندا ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يىغلاپ يۈردى ، بارا- بارا ، مۇنداق گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلمايدىغان بولدى . چۈنكى ، خەق يالغان سۆزلىگىنى يوق- دە !

ئۇنىڭ بەختى — ئاتا - ئانىسىنى ئوبدان رازى قىلىپ ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئىدى .

شۇڭا ، ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلىشقا باشلىغان ، لېكىن ھېچقاچان ئېرىشەلمەيدىغان ھېلىقى نەرسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى . بەزى يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان چاغدا ، ئۇ : «مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس…… »دەيتتى ياكى «مەن كىمنىڭ قىزى ،سىز كىمنىڭ ئوغلى ؟ئويلاپراق گەپ قىلسىڭىز بولارمىكىن !» دەيتتى - دە ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە شارتتىدە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالاتتى . بەزى يىگىتلەر بىرلا «كالتەك» بىلەن «ئۇجۇقسا» ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا كاندەك چاپلىشىۋېلىپ ، 10 قېتىم ، 20 قېتىملاپ گەپ تاشلايتتى . بىراق ، ئالىدىغان جاۋابى بىرخىللا بولغاچقا ، نائىلاج ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەتتى . زەيتۇنەمنىڭ ئۈچ كۈندىن بۇيان قۇتلۇقنىڭ ياردىمىنى رەت قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشىمۇ دەل مۇشۇ ۋەجدىن ئىدى .

مانا ئەمدى قۇتلۇق دەل جايىدىن چىقىپ :

«مەن ھەممىنى ئويلىغان ، خەق نېمەدېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى ، ۋاقتى كەلسە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن !…… »دېدى .

بۇ نېمىدېگەن مەردانە خىتاب- ھە ! ؟ «ئوتىڭىزدا كۆيدۇم ، پىشتىم…… »دەپ كەينىگە كىرىۋالىدىغان يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى . زەيتۇنەم ئايغا قارىغان ھالدا يەنە

ئاشۇ سۆھبەتنىڭ داۋامىنى ئەسلەشكە باشلىدى :

— ئايغانىنى بىلمىسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ مەيلى ! كېيىن مېنى چېتىۋېلىپ يۈرمەڭ جۇمۇ !— دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، سىزگە ياردەم بەرگەن «گۇناھىم» ئۈ-چۈن ، دوزاخقا تاشلانسامۇ «پا…… »دېمەيمەن !

— ھى - ھى - ھى ، تازا پو ئاتتىڭىزغۇ ! بېشىڭىزغا : «سىنىپنى مەيدانىنى يوقىتىپ ، پومېشچىككە ئىچ ئاغرىتقان…… »دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلسۇنچۇ…… »پو ئاتقانغا تازا تويىسىز شۇ چاغدا ، ھى - ھى-ھى !……

— ھا - ھا - ھا ! خېلى گەپ قىلالايدىكەنسىز- ھە ؟ مەن تېخى سىزنى……

— گاچىمىكىن دەپ يۈرگەنمىدىڭىز ؟ !

ئىككىيلەن بىردەم چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن ، زەيتۇنەم :

— ماڭا بەك ياردەملەشكۈڭىز كېلىپ كەتكەن بولسا ، ئەمىسە يانتاقنى چېپىپ قويۇپلا يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ . مەن قاچان چولام تەگسە ، شۇ چاغدا كېلىپ ئەكىتەي ، ماقۇلمۇ ؟— دېدى .

— قۇتلۇق ئۇنىڭغا بىر پەس جىمجىت تىكىلىپ تۇردى- دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ھە ، «ھەسىنىكام ئاچچىق ، ئامۇتلىرى تاتلىق» ئىكەن- دە ! ماقۇل ، ھازىردىن باشلاپ ئىككىنچى كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي !……

ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى . كۈلۈشكەچ ئىككىيلەن ئىك-كى تەرەپكە — قۇتلۇق كۆز يېتىم يەردە ئۇخلاۋاتقان قويلىرى قېشىد-غا ، زەيتۇنەم قۇتلۇق چېپىپ قويغان يانتاقلار قېشىغا قاراپ يول ئالدى . زەيتۇنەم كېتىۋېتىپ ، كەينىگە قىيا باققاندى ، قۇتلۇقمۇ كەينىگە قارىدى . ئىككى جۈپ كۆز ئۇچرىشا - ئۇچراشماستىنلا ئايرى-لىشتى .

يىراقتىن ئاڭلانغان خورازنىڭ ئاۋازى زەيتۇنەمنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاتا - ئانىسىغا قاراپ قويدى :

ئۇلار تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى . بۇرۇلۇپ ئاسمانغا قارىدى : ئايمۇ ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى .

ئالەم تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە چۆمگەنىدى . زەيتۇنەم يەڭگىل بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ ، يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇشقا باشلىدى . شۇ چاغ ئىغىلدىكى ئېشەك ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراپ كەتتى .

## تەلۋىچۈكنىڭ جاۋابى

«تەلۋىچۈك دەرياسى» دېيىلسە ، تارىختىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلىكى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا «رابىيە - سەئىدىن» پاجىئەسى نامايان بولىدۇ : سەئىدىننىڭ مەشۇقى رابىيەنى دەل مۇشۇ دەريا يۇتۇپ كەتكەن .

تەلۋىچۈك قىش كۈنلىرى شۇنداق مۇلايىم ، شۇنداق تەمكىن ئاقىدۇكى ، قانداق بولۇپ ئۇنىڭغا «تەلۋە» دېگەن نامنىڭ قويۇلۇپ قالغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ . ئەمما ، باش باھاردىن تاكى كەچكۈزگىچە ئۇنىڭ تەلۋىلىكى بىر كۈنمۇ بېسىقمايدۇ .

تۈنۈگۈن شىمالىي قىرغاقتا ئەجدىھادەك خىرىس قىلىۋاتقان بۇ دەريا مانا بۈگۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبىي قىرغاقتا «ھۇجۇم» قىلىۋېتىپتۇ . تۈنۈگۈن زەيتۇنەم سۇ ئېلىپ چىققان يانباغىر بۈگۈن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك تىك قىياغا ئايلىنىپ قاپتۇ . بىدىلىكنىڭ يېرىمى ۋە بىدىلىكنىڭ قىرىدىكى نەچچە تۈپ جىگدىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ . يەنە ئاۋۇ......

زەيتۇنەم كەچكى شەپەق نۇرىدا قان رەڭگىدە تاۋلىنىپ ، شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە تىكىلگىنىچە ئۆز ھاياتى ، جۈملىدىن پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ھاياتىنى مۇشۇ دەريانىڭ قان رەڭگىدىكى دولقۇنلۇق ئېقىنىغا ئوخشاتتى : خاتىرجەمسىزلىك ، خاتىرجەمسىزلىك ، يەنە خاتىرجەمسىزلىك . مانا بۇ زەيتۇنەمنىڭ يەكۈنى !

زەيتۇنەم ھازىر تېخىمۇ خاتىرجەمسىز ئىدى : بۈنىڭدىن 15كۈن

ئىلگىرى ، توقايدا قۇتلۇق بىلەن قىلىشقان ۋەدىسى بويىچە ، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن جاڭگالغا بېرىپ ، قۇتلۇق ئۇدۇللۇق چىپىپ ، پەنجىلەپ قويغان يانتاقلارنى زەيتۇنەم ئۇدۇللۇق ياندۇرۇپ كېلىپ تۇردى . ئەمما ، قۇتلۇقنى زادى كۆرمىدى . ئۇنى كۆرمىگەنسېرى ، نېمە ئۇ-چۇندۇر كۆرگۈسى كېلىپ قالاتتى .

نېمىشقا ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ قالىدۇ ؟

بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

شۇڭا ، كۈندۈزىمۇ ، كېچىسىمۇ ئۇنى ئويلايتتى . ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر مۇڭداشقۇسى ؛ ئېپى كەلسە ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ تېرىكتۈرگۈسى ، تاڭسۇق - تاڭسۇق گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى . لېكىن......

زەيتۇنەم ئەنە شۇنداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە 15 كېچە ، 15 كۈندۈز-نى ئۆتكۈزدى . بەزىدە قۇتلۇقتىن ئۆزى بىلەن ئۇچراشماسلىقنى ئۆتۈن-گەنلىكىگە پۇشايمانمۇ قىلدى . قۇتلۇقنىڭ : «ھە ، ھەسىنىكام ئاچ-چىق ، ئامۇتلىرى تاتلىق ئىكەن- دە ، ماقۇل ، ھازىردىن باشلاپ ئىك-كىنچى كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي !...... » دېگەن چاقچىقى كاللىسىغا كې-رىۋېلىپ ، ۋۇجۇدىدا خاتىرجەمسىزلىك ئۈستىگە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلدى .

تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ، زەيتۇنەم ئادەتتىكىدىن كېچىكىپرەك ئۆي-دىن چىقتى . ئۇ ئەمدىلا توقايغا يېقىنلىشىشىغا ، قويلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ، بىر ھارۋا كەلگۈدەك يانتاقنى يۈدۈپ توقايدىن چىقىۋاتقان قۇتلۇقنى كۆرۈپ ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز ھەرىكەتتىن توختىدى . يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ ، چىرايىغا قىزىللىق تەپچىدى . كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى .

قۇتلۇق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ، يانتاقنى يەرگە قويدى .

— تىنچ تۇردىڭىزمۇ ، زەيتۇنەم ؟

— تىنچلىق ، ئۆزىڭىزچۇ ؟

— خۇداغا شۈكرى ، مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتىمەن . ھاۋاز ئاكام خېلى ئوڭلىنىپ قالغاندۇ ؟

زەيتۇنەم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى . چۇنكى ، «ئاكا» دېگەن سۆزنى پەقەت هاۋاز «پوم» نىڭ ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىلا قوللىناتتى . زەيتۇنەم يات بىر ئادەمنىڭ ، يەنە كېلىپ «قىپقىزىل پىرولېتارىيات» نىڭ ئۆز دادىسىنى «هاۋاز ئاكام» دېگىنىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۇ قۇتلۇقنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا تازا سىنچىلاپ سەپسېلىپ چىقتى- دە ، دۇدۇقلاپراق دېدى :

— دادامنىڭ ئىسسىتمىسى تۇگەپ ، تاماقتا كىرىشىپ قالدى ئىشىك ئالدىغىمۇ ئانچە - مۇنچە چىقىۋاتىدۇ .

— هەرنېمە بولسا ، شۇنچىلىك بولۇپ قاپتۇ . بىچارىدىن بەكمۇ ئەنسىرەپتىم .

زەيتۇنەم كېلىشتۈرۈپ بىر چاقچاق قىلماقچى بولدى- يۇ ، دەر- هال تىلىنى يىغىپ ، باشقا ياقتىن گەپ تەشتى :

— بۇ ياتاقنى نېمە قىلىسىز ؟

— نېمە قىلاتتىم ، سىزگە ئالغاچ كەلدىم .

— ۋىيەي ، نېمە دەيدىغانسىز ؟ ماڭا ئالغاچ كەپتىمىش تېخى !

— راست .

— مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ ، مالىنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ ، قىغ قىلغى- لى ئەكەلگەنسىز ، هەقىچان ! ؟

— ئىككى ئادەم هۆددىسىدىن چىقالمىغان مالنى ئۆزۈم يالغۇز بېقىۋاتسام ، قوتانغا ياتاق سالغىلى نەدە چولام ! قوتانغا قاراش هاشىم ئاكامنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ !

— ئۇستىلىقىنى تېخى ! ئاكتىپلىق قىلىپ ، جىقراق گۆڭپۇڭ ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشكىنىڭىزنى بىلمەيدۇ دەيدىكەنسىز-دە ،مېنى ! ؟

— بىلىپ قويۇڭ ، مەن ئۇنداق گۆڭپۇڭ ئۇچۇن جېنىنى سېلىپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس . بىر گۆڭنىڭ پۇلىغا بىر ۋاق قورساق تويسى- چۇ كاشكى .

— ۋىيەي ، ئادەمنى قورقۇتۇپ نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز ، قۇتلۇق ئاخۇن ؟ ئاغزىڭىزغا قوقاق چىقىپ قالمىسۇن يەنە !— زەيتۇنەم ئەتراپ-

قا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى . بۇ يېقىن ئارىدا قوي - ئۆچكىلەر ۋە ئىككىيلەندىن بۆلەك ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى .

ئەكسىچە ، قۇتلۇق ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، قوقاق چىقىپ قالسا ، سىزگە يۇقتۇرۇپ قويمايمەن ! سىزنى دېمەيدىغان بولسام !......

ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالغان قۇتلۇق ئوڭايسىزلانغىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدى ، زەيتۇنەمۇ پوكاندەك قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى قۇتلۇقتىن ئېلىپ قاچتى .

ئۇمۇ ، بۇمۇ جىمجىت تۇرۇشاتتى .

ئاخىر ، قۇتلۇق جۈرئەتلىنىپ ئۆزىنى ئاقلىدى :

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، خاپا بولماڭ جۇمۇ ، زەيتۇنەم !—

زەيتۇنەم كۈلۈمسىرىدى . قۇتلۇقمۇ يەڭگىل نەپەس ئالدى ، — سىزنى كېچىدە جاڭگالدا يۈرمىسۇن ، دەپ بۇنى ئالغاچ كەلگەنىدىم . ياخشى ئۇچراپ قالدىڭىز .

— رەھمەت ، قۇتلۇق ئاخۇن . بىكار ئاۋارە بوپسىز ، — كۆزلىرى قۇتلۇقنىڭ بەلبېغىغا قىستۇرۇلغان نەيگە چۈشكەن زەيتۇنەمنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈكۈلدەپ ، ئۇنىمۇ ئۈچتى ۋە بىرئاز جىملىقتىن كېيىن سورىدى ، — ۋىيەي ، نەيمۇ چالالامسىز نېمە !

— ئازراق يامىدايمەن .

قۇتلۇق ئوڭايسىزلانغاندەك ، نەزەرىنى قوي - ئۆچكىلەرگە ئاغدۇردى . زەيتۇنەم سوراشنى داۋام قىلدى :

— قايسى كۈنمۇ سىز چاپتىكەنسىز- دە ؟

— قايسى كۈننى دەيسىز ؟

— بىز تۇنجى قېتىم جاڭگالدا ئۇچراشقان كۈنچۇ ؟

— ھە...... ئاڭلاپ قاپتىكەنسىز- دە ؟

— شۇ قېتىم ئاڭلىغانچە ، بىرەر قېتىممۇ ئاڭلىمىدىم .

— مەنمۇ چالمىدىم .

— نېمىشقا چالمىدىڭىز ؟
— سىزنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ .
— ھى - ھى - ھى ! — زەيتۇنەم ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — بەك قىزىق ئىكەنسىز جۇمۇ ، قۇتلۇق ئاخۇن ! مەن ئاڭلاپ قالسام نېمە بولىدىكەن ؟
— ئادەمنى زاڭلىق ئېتىسىز ، شۇ .
— ۋىيەي ، نېمىشقا زاڭلىق ئېتىدىكەنمەن ؟ !شۇنداق چىرايلىق چالىدىغان تۇرسىڭىز .
— قويۇڭە ، زەيتۇنەم .
— راست ، يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن ! ئەگەر شۇ كۈنى سىزنىڭ چالغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام......
— يەنە چالدۇرۇپ ئاڭلامتىڭىز ؟
— ئاڭلىمامدىغان ، ئەلۋەتتە ئاڭلايتتىم ! ھازىر بولسىمۇ بىر چېلىپ بېرىڭە ، ئەمىسە !
— ياق ، چالمايمەن .
قۇتلۇقنىڭ بۇ سۆزى زەيتۇنەمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسىملا قىلىپ قويدى . لېكىن ، ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى :
— نېمىشقا چالمايسىز ؟
— خەق نەي چالغىنىمنى كۆرۈپ قالسا زاڭلىق قىلىدۇ . ئەتە جاڭگالغا كەلسىڭىز ، شۇ يەردە چېلىپ بېرەي .
— ......
ئۇلار ئەنە شۇنداق پۇتۇشكەنىدى . بىراق ، بۈگۈن ئاتا - ئانىسى زەيتۇنەمنى جاڭگالغا بارغىلى قويمىدى . پەشنى قېقىپ كېتىۋېرىش ئۇنىڭ قولىدىن ئەسلا كەلمەيتتى .
ئاتا - ئانىنىڭ بۇيرۇقى — ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرز . تەڭرىنىڭ يارلىقى بىلەن باراۋەر .
مانا بۇلار زەيتۇنەمنىڭ ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئېتىقاد قىلىدىغان چىن ئەقىدىسى . شۇڭا ، ئۇ قۇتلۇققا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا ئىلاجسىز ئىدى .

«قۇتلۇق ئاخۇن شۇ تاپتا نەدىدۇ؟ ھەقىچان يانتاقلارنى پەنجىلەپ قويۇپ، مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرامدىكىن؟»

زەيتۇنەم ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ، ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى: بۇغدىيى ئورۇلۇپ، خامانغا توشۇلۇپ بولغان ئېڭىزلىق، پۇرىقى ئەتراپىنى بىر ئالغان، يۆگىمەچ قۇرتتەك ئۇرۇقلاپ كەتكەن بېدىلىك، ئاختاما قىلىنغان جاغال توپىلىق ئېتىزلار ۋە ئەجدىھادەك تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تەلۋىچۇك......

زەيتۇنەم ئۆيچان كۆزلىرىنى دەرياغا تىككىنىچە بىر پەس جىم-جىت تۇردى-دە، بىردىن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى غىل-پال ئېسىگە ئېلىپ قاتتىق بىر چۆچۈدى. ھەش-پەش دېگۈچە پۇتلىرى ئۇنى يانباغىر بويلاپ دەريانىڭ لېۋىگە ئېلىپ چۈشتى. سۇغا پاتۇرۇلغان قاپاق كەينى-كەينىدىن «بۇلدۇق-بۇلدۇق» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. بۇ ئاۋاز زەيتۇنەمگە قۇتلۇق چالغان نەينىڭ ئاۋازىدەك شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلدىكى، شۇئان يۈرىكى «شۇررىدە» ئېرىپ، سۇ بىلەن بىللە قوشۇلۇپ ئاشۇ قاپاققا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

«شۇ تاپتا، قۇتلۇق ئاخۇن نەدىدۇ؟......».

قاپاققا «شاررىدە» ئۇرۇلۇپ قاڭقىغان دولقۇندىن چاچرىغان تامچىلار زەيتۇنەمنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ، بويىنى ئارقىلىق كۆكرىكىگە كىرىپ كەتتى ۋە «قۇتلۇق ئاخۇن نەدە بولاتتى؟ سېنىڭ يۈرىكىڭدە!» دەپ كەسكىن خىتاب قىلغاندەك بولدى.

## «مۆڭ» يىگىتنىڭ يۈرىكى نېمە دەيدۇ؟

كەچكى شەپەق ئاللىقاچان كۆل رەڭ بۇلۇتتىن چۈمپەردە يېپىندى. زەيتۇنەمنى ساقلاپ-ساقلاپ تاقىتى تاق بولغان قۇتلۇق قولىدىكى غولدىنى بىر دۆۋە يانتاققا سانجىدى-دە، دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئېلىپ، قوي-ئۆچكىلەرگە ھەيۋە قىلدى. مۆڭگۈزلىرى بىلەكتەك يوغان ئاق سەركە بىرىنچى بولۇپ يولغا چۈشتى. قالغانلىرى ئۇنىڭغا

ئەگەشتى . قۇتلۇق ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ ، ماۋۇلارنى خىيا-
لىدىن ئۆتكۈزدى :

زەيتۇنەم تېخى ئاغىنىز تامبال كىيىدىغان چاغلاردىلا ، قۇتلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن چاغ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ يالقۇنى قوشكۆلگىمۇ تۇتاشقان پەيتكە توغرا كەلدى . باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىنزچىل «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلگەن بۇ بالا ئوتتۇرا مەكتەپتە تېخى بىر سائەتمۇ دەرس ئوقۇماستىن ، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ۋەكىلى سۈپىتىدە پايتەختكە باردى . ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بىرقانچە ئۆلكە ، شەھەرلەرنى ئارىلىدى . «ئالاقىلىشىش» ئاخىرلىشىپ ، ئۇنىڭ يۇرتقا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى قوشكۆلنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى «ئىنقىلابچى»لار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ ، سېكرېتار مۆمىن قادىر قاتارلىقلارنىڭ بېشىغا ئېگىز قەغەز كۇلا كىيدۈرۈلۈپ «5 خىل ئۇنسۇر»لار قاتارىدا مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ؛ ئەترەتمۇئەترەت سۆرەپ يۇرۇپ «پىپەن» قىلىنىۋاتقان چاغ ئىدى . بۇ مەنزىرە ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن قۇتلۇقنى شۇنداق خۇشال قىلىۋەتتىكى ، كۈن بويى «ئىنقىلابچى»لار توپىغا قوشۇلۇپ ، ئەترەتمۇئەترەت چاپقىنى چاپقاندى . قەيەردە كۆرەش - پىپەن يىغىنلىرى بولسا ، شۇ يەرگە بېرىپ ، پىپەن قىلىنغۇچىنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايتتى . «ئىنقىلابچى» كاتتىباشلار پات - پات ئۇنى «ئىسمى - جىسمىغا لايىق كىچىك باتۇر» دەپ ماختاپ قوياتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ يۈرىكى كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ ، قولىمۇ ئىتتىكلەپ ، ئېپىنى تاپسىلا ، ئۇنى بىر شاپىلاق ، بۇنى بىر مۇشت ئۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى دادۇي ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى دادۇي بويىچە مەخسۇسلا مۆمىن قادىرنى «پىپەن» قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى . يىغىنغا بۆشۈكتىكى - تۆشۈكتىكى ھەممە كىشى مەجبۇري قاتناشتۇرۇلدى . ئەزەلدىن «پىپەن» يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ باقمىغان قويچى مىرزىمەت ئاخۇنمۇ ھەيدەپ كېلىندى .

يىغىن مەيدانى شۇنداق سۈرلۈك ئىدىكى، ئەگىندىن كىرىش
بىلەنلا ھەممىدىن بۇرۇن كۆزگە تاشلىنىدىغىنى — بېشىغا ئېگىز
قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، يالاڭئاياغ، يېلىڭ كۆڭلەك- تامبال بى-
لەنلا تۆت چاسا شىرە ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇلغان، ئىككى قولىنى
ئىككى نەپەر «قىزىل قوغدىغۇچى» كەينىگە قايرىپ، گەجگىسىدىن
بېسىپ، بېشىنى شىرەگە تەگكۈدەك ئېڭىشتۈرۈۋاتقان مۆمىن قادىر
ئىدى. پەستە — ئىككى تەرىپىدە ئۇنىڭ «گۇماشتا»لىرى — چوڭ-
كىچىك ئەترەتنىڭ باشلىقلىرى ۋە «ئۇنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى»
بىلەن پىرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ تورى سىرتىدا ياشاۋاتقان كونا-
يېڭى «5 خىل ئۇنسۇر»لار دەرىجىسى بويىچە تىزىلغان بولۇپ، كىي-
دۈرۈلگەن كۇلالىرىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقىمۇ ھەرخىل ئىدى. چىل-
لىنىڭ سوغۇقى جان- جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرقى
شۇنداق مىسكىن ئىدىكى، بەئەينى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىش ئالدىدىكى
مەھبۇسلارغا ئوخشايتتى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك مادارى
قالمىغانلىقتىن، ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە سەنتۈرۈلەتتى. بى-
راق، «قىزىل قوغدىغۇچى» لارنىڭ مۇشت- پەشۋالىرى ھامان
ئۇلارنى ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.

كۆپچىلىك يىغىلىپ بولدى. «قىزىل قوغدىغۇچى» لارنىڭ كەي-
نى- كەينىدىن توۋلىغان ھەيۋەتلىك شوئارلىرى يىغىن قاتناشچىلىرى-
نىڭ «ئۇيقۇسىنى ئېچىپ»، ئادەتتىن تاشقىرى سەگەكلەشتۈرۈ-
ۋەتكەنىدى: ئۇلار داق يەردىلا زوڭزىيىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىرىچە
قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىنى شوئار توۋلىغۇچىنىڭ ئاغزىدىن
ئۈزمەي، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى تەكرارلاپ، قوللىرىنى ئې-
گىز كۆتۈرۈشەتتى ۋە «ئېزىپ كېتىپ، خاتا شوئار توۋلاپ سالدۇقمى-
كىن؟» دېگەن نەزەر بىلەن، بىر- بىرىگە قورقۇمسىراپ قاراپ
قويۇشاتتى. ئەمچەكتە، قۇچاقتا بالىسى بار ئانىلار بالىلىرىنىڭ «پاڭ-
ڭىدە» يىغلاپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى باغرىغا مەھكەم بېسى-
ۋېلىشقانىدى. بالىلارمۇ ئانىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك زا-
دىلا ئاۋاز چىقارمايتتى.

يىغىن باشلاندى . كۆنتەرتىپ بويىچە نەچچە كىشى پىپەن سۆزى سۆزلىدى . سۆز ئارىسىدا ، مۆمىن قادىرنى نەچچىدىن تەستەكمۇ سىپ-لىشتى ، ئۇنىڭ «گۇماشتىلىرى» ۋە ئۇ «قانات ئاستىغا ئالغان»لارمۇ بۇ «سوۋغا»دىن قۇرۇق قالمىدى : بەزىلىرىنىڭ ئىغىز- بۇرنىدىن قان ئېلىنسا ، بەزىلىرىنىڭ يۈز - كۆزى كۆكەردى ؛ يەنە بەزىلىرىنىڭ بىقىن ، يانپاشلىرىدا ئۆتۈك پاشنىسىنىڭ ئىزى قالدى ، ئاندىن «تور-دىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇر»لار ۋە «مۆمىن قادىر قاتارلىق ھوقۇق-دارلارنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن كىچىك تون پىچىلىپ قالغان ئۇنسۇر»لارنىڭ ئىسمىلىكى بىر - بىرلەپ ئوقۇلۇپ ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان قەغەز كۇلالار كىيدۈرۈلدى . ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدا ھاۋاز «پوم» مۇ بار بولۇپ ، ئۇنىڭ «توردىن چۈشۈپ قالغان پومىشچىك ئۇنسۇر» دېگەن كۇلاسىنى قۇتلۇق ئۆز قولى بىلەن كىيدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى .

— ھەي ئوغرى پوم !— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، — سەن مېنىڭ دادامنى ئۈچ يىل ئېزىپ ئىشلىتىپ ، بىر تىيىن ھەق بەرمىگىنىڭنى ئىقرار قىلامسەن - يوق !

— مەن…… مەن……

ھاۋاز «پوم» گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي دۇدۇقلىدى . يىغىن باش-قۇرغۇچىلار قۇتلۇققا «ھە - ھۇ»دېيىشىپ بەردى :

— ھەي ئوغرى پوم ! گەپ قىل دەيمەن !

— گەپ قىلە !

— ھېلى بىكار !……

— گەپ قىلە ! دادامنى ئەزدىڭمۇ - ئەزمىدىڭمۇ ؟

……—

ھاۋاز «پوم» يەنىلا ئۈنچىقمىدى . قۇتلۇق ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن-لاپ كېلىپ ياقىسىغا «كاپ» قىلىپ ئېسىلدى- دە ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈزىگە بىر مۇشت سالدى . ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىققان قان قۇتلۇقنىڭ مۇشتۇمىنى قىپقىزىل بويىدى . ئۇ ئىككىنچى

مۇشتنى سالماقچى بولۇۋاتقاندا ، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان مىرزىمەت ئاخۇن :

— هوي شۇم ، قولۇڭنى تارت !— دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ قۇتلۇقنىڭ قولىغا ئېسىلدى . شۇ تاپتا ئۇ زەنجىردىن بوشىنىپ كەتكەن يىرتقۇچقىلا ئوخشايتتى ، — هۇ تۇزكور لۇكچەك ! گەپ قىلمىسا ، قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا بۇ شۇمنىڭ !— ئۇ قۇتلۇقنى تارتقۇشلىغىنىچە تاشقىرىغا ئېلىپ ماڭدى . كېتىۋېتىپ ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى ، — بىلىپ قوي : هاۋاز ئاكام مېنى ئەزگەن ئەمەس ، ماڭا ئىسسىق ئۆي ، ئوبدان ئاش بېرىپ ، ئازادلىققىچە بېشىمنى سىلىغان !......

ۋەقەدىن كېيىن ، مىرزىمەت ئاخۇن بىر مەزگىل «كۇرس» تا تەربىيەلەندى . لېكىن ، زادىلا گېپىدىن يانمىدى . ئۇ «كۇرس» تىن چىقىپ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قۇتلۇقنى ئۆزى بىلەن بىللە جاڭگالغا ئېلىپ كەتتى . قويلارنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ ، ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى- دە ، ئاۋۋال دادۇي ، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ پۈتۈن تارىخى ، ئۇلارنىڭ ئەزالارغا قىلىپ بەرگەن نۇرغۇن ياخشى ئىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى ، ئاندىن هاۋاز ئاخۇن ئائىلىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئاتىدارچىلىقى ، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن بۇ ئائىلىگە كەلگەن ئىنتايىن ئېغىر مۇسىبەت ۋە شۇ مۇسىبەتتىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ نائىلاج بۇ ئائىلىدىن قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى سۆزلەپ ، قار - يامغۇر ياش تۆكتى . قايسى كۈنكى يىغىندا ئۇنى ئۇرغانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئېچۇرۇپ چۈشەندۈردى . قۇتلۇقمۇ خىجالەت بولغىنىدىن دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ بوتىدەك بوزلىدى . كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلۈق مەيدىسىنى نەمدىدى .

— بالام ، — دېدى مىرزىمەت قۇتلۇقنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، كۆزلىرىگە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ ، — يېشىم مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ، ئادەمنى ئادەم هازىرقىدەك ئازابلىغاننى كۆرمەپتىكەنمەن...... هە راست ، بىزنىڭ قوشكۆلنى سورايدىغان مىشا هاجى

زومىگەر ھەر يىلى ئۇنلاپ يىللىقچى ـ مەدىكار ئىشلىتىپ ، ئىشلىگەن- گە لايىق ھەق بەرمەيدىغان ؛ كىم جىقراق ھەق تەلەپ قىلسا ، قامچى- لاپ ، باش ـ كۆزىنى قانغا بويىۋېتىدىغان ئاچ كۆز زالىم ئىدى . ئويلاپ باقسام ، ھازىر جاھاننىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ . گومىنداڭ قايتىپ كەلدىمىكىن دېسەم ، ھەممىلا يەردە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تۇرىدۇ . ئۇنداق ئەمەسمىكىن دېسەم ، مۆمىن ئاكاڭغا ئوخشاش ئوبدان كادىرلىرىمىز تىل ـ تاياقتىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئورنىغا خېلىلىغا ئوخشاش لۈكچەك- لەر يۇرت سوراۋاتىدۇ . ساڭا دەپ قوياي : بىز پۇقرا خەق بەكمۇ ئاجىز كېلىمىز . ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى ھۆكۈمەت ئۆزى قىلىۋالسۇن ! سەن بىلەن بىز سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ ، پادىمىزنى باقىنىمىز تۈزۈك . ئىمانىم گۇۋاھكى ، ھۆكۈمەت مۆمىن ئاكاڭغا ئوخشاش ئوبدان كادىر- لىرىنىڭ ئورنىغا خېلىلدەك قولاق كەستىلەرنى دەسسىتىپ قويمايدۇ .

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ، قۇتلۇق دەپتەر ـ قەلىمىنى قولىتۇقلا- پ دادىسىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . جاڭگال — ئۇنىڭ مەكتىپى ، دادىسى — ئۇنىڭ ئۇستازى ۋە مەسلىھەتچىسى ، قوي ـ ئۆچكىلەر — ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمىكى بولۇپ قالدى .

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، قۇتلۇققا ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ جاڭگالغا بارالمىدى . شۇ كۈنى كەچتە دادىسى قايتىپ كەلمىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىز ـ دېرىكىمۇ بولمىدى . ئانىسىمۇ ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى . 14 يېشىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالغان قۇتلۇق دادىسى پادا باقىدىغان غولدىغا ۋارىسلىق قىلدى . ئەتىگىنى تاڭ سۈزۈلمەستە 200 دەك قوي ـ ئۆچكىنى ئالدىغا سېلىپ جاڭگالغا چىقىپ كەتسە ، ئاخشىمى كۆز باغلانغاندا مەھەللىدە پەيدا بولاتتى . قوي ـ ئۆچكىلەرنى قوتانغا سولىۋېتىپلا ئۆيگە كىرىۋالاتتى- دە ، ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ كىشىلەرگە كۆرۈنمەيتتى . تاسادىپىي بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا ، يا باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالاتتى ياكى چالا ـ پۇچۇق سالام قىلىپ قوياتتى- دە ، يەرگە قارىغىنى-

چە يانداپ ئۆتۈپ كېتەتتى . بىرەرسى گەپ سوراپ قالسا ، «ھەئە» ياكى «ياق» تىن بۆلەك گەپ قىلمايتتى . جىگدىلىكتىكى ئانا جەمەت تۇغقانلىرىنىڭكىگە ئەسلا دەسسىمەيتتى . ئاش - تامىقىدىن ئۇنىڭ قوشنىسى — داۋىنىڭ پېشقەدەم بوغالتىرى مۇسلىم ئاكا خەۋەر ئالاتتى . دەسلەپكى يىللاردا قۇتلۇق جاڭگالدىن كېلىپلا ، ئۇدۇل ئۇ- نىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەچلىك تامىقىنى يېگەندىن كېيىن ئەتىگەنلىك ، چۈشلۈك يەيدىغان نانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان بولسا ، كېيىن- چە بۇ ئۆيگىمۇ كىرمەيدىغان بولۇۋالدى . يىللار ئۆتكەنسېرى ، قۇتلۇق شۇنداق جىمىغۇر ، شۇنداق ياۋايىلىشىپ كەتتىكى ، ھەتتا مۇسلىم ئاكا كىرگۈزگەن تاماقنىمۇ يېمەيدىغان بولۇۋالدى . ئۇ ئەمدى كەچلىك تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يەيتتى . شۇنداقتىمۇ ، مۇسلىم ئاكا نامازنى تەرك ئەتسە ئېتەتتىكى ، ئۆيىدە ئوبدانراق تاماق ئېتىلگەن كۈنلىرى ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى چىقارتىشنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيتتى .

بىلىنمەيلا 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى . قۇتلۇق چوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ قاۋۇل بەستى ، كېلىشكەن ھۆسنى بىرمۇنچە قىزلار- نىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى ، بەزى ئاتا - ئانىلارمۇ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرۈشتى . بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۇ توغرۇلۇق پىچىرلاشتى . ئەمما ، ئۇنىڭ «مۆك»لىكى ئەسلىرىگە كې- لىش بىلەنلا ، نىيەتلىرىدىن يېنىشتى ، تېخى بەزى شەپشەكىرەك قىز- لار خالىي يەرلەردە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ :

— قۇتلۇق ئاخۇن ، ئوتىڭىزدا كۆيۈپ ئۆلەيلا دەپ قالدىم . ئۇنداق قىلماي مەن بىلەن توي قىلسىڭىزچۇ ! — دەيتتى .

—شۇنداقمۇ ؟— دەيتتى قۇتلۇق چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەس- تىن ، — بەك كۆيۈپ كەتكەن بولسىڭىز ، ئۆزىڭىزنى تەلۋىچۇككە تاشلاڭ . شۇنداق قىلسىڭىز ، كۆيۈكتىنمۇ ، مەندىنمۇ قۇتۇلىسىز !

— ئۆلۈپ قالسام قانداق بولىدۇ ؟

— ئۆلسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ ؟ !

— ۋاي سەت دەلتە ، بېشىڭنى يەسەن ئىلاھىم !......

— بۇنداق چاقچاق ۋە تەنىلەر قۇتلۇقنى يا كۈلدۈرەلمەيتتى ، يا

تىرىكتۇرەلمەيتتى. ئەكسىچە، چاقچاق قىلغانلارنىڭ ئۆزلىرى لەت بولۇپ، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭغا يولىمايتتى.

بارا - بارا، قۇتلۇققا «مۆڭ»، «دەلتە» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى.

ئۇ راستتىنلا «مۆڭ» ياكى «دەلتە»مۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن!

نېمىشقا دېسىڭىز، قۇتلۇق پادىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 18 ياشقا كىرگەن يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىنى پۈتۈنلەي دەستىگە ئېلىپ بولغاندىن تاشقىرى، نەي چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالدى. يېشى چوڭايغانسېرى، قىز - چوكانلارغا يوشۇرۇن كۆز سالىدىغان بولدى. تېخىئۇلارنى كۆڭلىدە بىر-بىرگە سېلىشتۇرۇپ يۈردى. ئاخىر ئۆزىگە مۇۋاپىق لايىق تاپتى، ئۇ بولسىمۇ زەيتۇنەم ئىدى. كېچىلىرى چۈشىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ چىقتى، كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ ياندى، يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، نەينى ئەڭ مۇڭلۇق پەدىلەرگە چېلىپ، بىپايان چۆلنى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇ ئىشتىن بىر ئۆزى ۋە بىر تەڭرىدىن بۆلەك ھېچ كىشى بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە «مۆڭ» ۋە «دەلتە» ئىدى.

قۇتلۇق توپتوغرا بىر يىلدىن بۇيان، زەيتۇنەمنىڭ ئوت - پىراقىدا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەتتى. كۈندۈزلىرى ئۆزى ۋە قوي - ئۆچكىلىرىدىن بۆلەك ھېچكىم بولمىغان جاڭگالدا كۈن بويى ناخشا ئېيتىپ، نەي چېلىپ زەيتۇنەمگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلسا، كەچقۇرۇنلىرى پادىنى قوتانغا سولىۋېتىپلا تەلۋىچۈكنىڭ بويىغا كېلىپ، زەيتۇنەمنىڭ سۇغا چىقىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. زەيتۇنەمنىڭ قاپاق تېرەكلىك ھويلىدىن چىققىنىنى كۆرگەن ھامان، بىرەر تۈپ دەرەخ ياكى ئوت - چۆپنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. كۆڭلىدە ئۇنىڭ دەريا بويىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى، «خۇدا دىلىغا ئىنساب بېرىپ»، ئۆزى

تەرەپكە قاراپ قويۇشنى تەمە قىلاتتى . تاسادىپىي ھاللاردا ، زەيتۇنەم ئاشۇ تەرەپكە قاراپ تاشلىغۇدەك بولسا ، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ناغرا چېلىپ ، نەپسى ئۈزۈلۈپ قالغاندەك بولاتتى . ئۇ بۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇرلىناتتى . ئەپسۇسكى ، زەيتۇنەم قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ ئىشكىدىن شۇنداق كىرىپ كەتتىمۇ ، بولدى ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئېچىشىپ ، ۋۇجۇدى «لەسسىدە» بوشىشىپ كېتەتتى .

ئەلۋەتتە ، قۇتلۇق مۇنداق كۆنلەرنىڭ مەڭگۇ داۋاملىشىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى ، پەيتىنى تېپىپ ، زەيتۇنەمگە يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتماقچى ، بۇ «گۇناھى» ئۈچۈن زەيتۇنەم ئۇرسىمۇ ، تىللىسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ياۋاشلىق بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماقچى ؛ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىپ ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتمەكچى بولاتتى . بىراق...... بىراق ، بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرى ، بولغۇسى قېيىنئاتىسىغا قىلغان ھېلىقى قەبىھ مۇئامىلىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، ئۇنى بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتۈرەتتى .

مەيلى يۈرىكىدىكىنى ئۇنىڭغا دېيەلمىسە نېمە بوپتۇ ؟ ئۇ بىر كۈن ھايات ياشايدىكەن ، زەيتۇنەم ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر كۈن ياشايدۇ !

بۇ قۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى قارارى ئىدى .

تەقدىر توسۇقلاردىن قورقمايدۇ . ئۇ قۇتلۇقنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالدىمۇ ياكى ئۇنى زەيتۇنەم بىلەن ئىنس - جىن يوق يالغۇز يەردە تاسادىپىي ئۇچراشتۇرۇپ ، كۆيۈك ئوتىدا شىكەستىلەنگەن يۈرىكىگە يېڭى - يېڭى جاراھەتلەرنى بەخش ئەتمەكچىمۇ ؟ ئىشقىلىپ ، قۇتلۇقنىڭ ناخشىسى بىلەن نېيىنى بىرىنچى قېتىم زەيتۇنەمگە ئاڭلاتتى ، تېخى تۆت كۈن ئىچىدە ئىككىيلەننى ئىككى قېتىم ئۇچراشتۇردى . گەرچە قۇتلۇق ئۇنىڭغا بىرەر جۈملە يۈرەك سۆزىنى ئېيتالمىغان بولسىمۇ ، زەيتۇنەمنىڭ : «بۇ يانتاقنى نېمە قىلىسىز ؟» دېگەن سوئالىغا «نېمە قىلاتتىم ، سىزگە ئالغاچ كەلدىم» دەپ جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭدىن : «ۋىيەي...... نېمە دەيدىغانسىز ؟ ماڭا ئالغاچ كەپتىمىش تېخى...... » دېگەن «مۇكاپات» نى ئالدى . تېخى بۇنى ئاز دەپ ، زەيتۇ-

نەم ئۆنىڭ نېپىنى ئاڭلىماقچى بولدى .

«زەيتۇنەم نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ؟» قۇتلۇق بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى .

قۇتلۇق قاپاق تېرەكلىك هويلىغا بارىدىغان چىغىر يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەن چېغىدىلا ئېسىنى يىغدى . ئۇ ئاجايىپ زور ئۈمىدلەر بىلەن قاپاق تېرەكلىك هويلا تەرەپكە كۆز تىكتى . كۈتتى ، كۈتتى ، لېكىن زەيتۇنەم كۆرۈنمىدى .

ئاللىقاچان كۆز باغلانغانىدى .

قۇتلۇق مۇرىسىدىكى يانتاقنى يول ئۈستىدىن 50 قەدەمچە نېرىدىكى قىغ دۆۋىسىنىڭ يېنىغا قويدى- دە ، قوي - ئۆچكىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ، مەهەللىگە يول ئالدى .

ئەتىسى ئەتىگەنلىك «دولقۇن» دىن يانغان زەيتۇنەم كونا كۆل ئورنىغا دۆۋىلەنگەن يانتاقلار ئارىسىدا بىر دۆۋە يانتاقنىڭ باشقىلىرىدىن يېڭى ۋە يېشىللىقى بىلەن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ، قاتتىق بىر ئەندىكتى-يۇ ، هايال ئۆتمەي «پىسسىڭگىدە»كۈلۈمسىرىدى .

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇتلۇقنىڭ كېلىشكەن بەستى نامايان بولغانىدى !

«توۋا ، خەقتە كۆز بولسا ، ئۇنى ‹مۆك› دەرمۇ !»

## ئانىنىڭ ئەندىشىسى

—ۋاي ئۆلەي ، نېمە دەيدىغانلا ، يەڭگەم ! جاهاندا ئەركىشى ئەۋلادى تۈگەپ كەتكەندەك ، زەيتۇنەمگە ئاشۇ جاڭگال ياۋايىسى ياراپ قاپتىمۇ ؟ توۋا قىلدىم خۇدايىم ، توۋا...... مەن بۇ بالىنى : تۇخۇمدىن ئاق ، سېغىزخاندىن ساق ، دەپ يۈرسەم ، ئۆتۈپ تېشىپ ئاشۇ نېمىگە ئۆزىنى بۇلغاپتۇ- دە ! ئۆچىمىزغا سېرىق ئاپتاپ چۈشۈپ ، يېگىنىمىز تېنىمىزگە ئەمدى سىڭگىلى تۇرغاندا ، بۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان ! يۈرت - جامائەت ئالدىدا يۈزىمىزنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەر-

مىز ، جېنىم يەڭگەم ؟ ! ۋاي ئۆلەي ، ۋاي ئۆلەي ! مەنغۇ مەزلۇم كىشى ، بىر ئىلاج قىلىپ چىداپ كېتەرمەن ، دادىسى بىچارە······ئۇ-ھ - ھ ، يۈرىكىم ! قىز بالا تۇغقۇچە······

— ئوبدان خان ئاچا ، خۇدا ھەققى بۇنداق نا شۇكۇرلۇك قىلمى-سىلا ! بەزى خەقنىڭ بالا-ۋاقىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىغا نى -نى كۈلپەتلەرنى سېلىۋاتىدۇ ، زەيتۇنەم تېخى ئۇنداق ئىشلاردىن مىڭ-دىن بىرىنىمۇ قىلغىنى يوقتۇ !

— قانداق قىلسا بولاتتى ؟ باياتىن ئۆزلىرى ئېيتتىلا : ئىككىسى ئىككى يىلدىن بۇيان جاڭگالدا «مۇھەببەت باغلىشىپ» يۈرۈپتۇ ، «مۇ-ھەببەت باغلىغان» قىز بالا مۇشۇكنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ كەتكەن بەز دېسىلە ، جېنىم يەڭگەم ! ۋاي ئىسىت ، ۋاي ئىسىت !······ ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە ! نەچچە ۋاقتىن بېرى مەن ئۇ شۇم نەگە بارسا ، نەدە تۇرسا كارىم بولماپتىكەن ئەمەسمۇ ! ۋاي نەدىن بىلەي ، ئەستەغپۇرۇللا شەيتان !······بۇ رەسۋاچىلىقنى دادىسى بىچارىگە قايسى ئاغزىم بىلەن دەمەن ؟ ! جېنىم يەڭگەم ، ئۇ شۇمقۇشنىڭ بويىدا بار - يوقلۇقىنى سوراپ باقسىلىمۇ بوپتىكەن !

— سورىماي قالامدىمەن ، سورىماقتا يوق······

— جېنىم يەڭگەم ! ھە ، ئۇ شۇمقۇش نېمە دەيدۇ ؟

— ئىزا تارتقىنىدىن ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى .

— ۋاي ئاللا······ماۋۇ شەرمەندىچىلىكنى !······بۇ رەسۋانىڭ قورسىقىدا بار ئىكەن دېسىلە !······

— ئوۋۇش ! نېمانداق شۇم ئېغىزلىق قىلىدىغانلا······ ئانا تۇ-رۇپ گۆھەردەك پاكىز قىز بالىغا نەدىكى بەتنامنى چاپلىغىلى تىللىرى قانداق باردى ؟

— نېمە ! ئۇ تىنچلىقمىكەن ؟

— تىنچلىق بولمىدىغان ، سىلى قانداق تۇغقان بولسىلا ، ھازىر-مۇ شۇنداق تۇرۇپتۇ ؟

— ئۇ - ھ - ھ ! خۇدايىم بىر جانلىرىغا مىڭ جان بېرەر ، ئوبدان يەڭگەم ! تېخىمۇ كۆكلەپ كېتەلا ! ھەرنېمە بولسا ، زەيتۇنەم······

ھۆسنەرىخان ھۇقىيتىپ يىغلىغىنىچە ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نىساخاننىڭ باش - كۆزىنى سىلىدى . كۆز ياشلىرى بىلەن يۈز-كۆزىنى نەمدىدى .

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار ؟— ھۆسنەرىخان سەل ئۆپكىسىنى بېسىپ ، نىساخاندىن مەسلىھەت سورىدى ، — بىر ئىلاج قىلىپ ، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرغىلى بولماسمۇ ؟

— تۇزۇك گەپ قىلسىلا ،خان ئاچا !— نىساخان ئاچچىقلاندى ، — زەيتۇنەم يا يامان يولغا ماڭمىسا ، ئۇنى خۇدا قوشقان جۇپتىدىن ئايرىۋېتىپ ، نېمە ھالاۋەت تاپىمىز ؟

— نېمە دەيدىغانلا ! كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇپ ، ئايدەك بىر قىز بالىنى ئاشۇ ئىگە - چاقىسى يوق دەلتىگە چېتىپ قويساق ، خەلقئالەم نېمە دەيدۇ ؟ !

— ئىگە - چاقىسى بولمىسا نېمە بوپتۇ ! زەيتۇنەمنى چىناردەك بەستى ، قاپاق تېرەكنى يۇلۇۋالغۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتى بار ، قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش قۇتلۇق ئاخۇندەك يىگىتكە چاتماي ،كىمگە چاتاتتۇق !؟ خەق كىمنىڭ كەينىدىن نېمىلەرنى دېمىگەن؟...... سىلى تېخى قۇتلۇق ئاخۇننى : «دەلتە» دەيلا ، ئەگەر ئۇ راستىنلا دەلتە بولسا ، نى - نى يىگىتلەرنى ئىككى پۇلغا ئالمىغان زەيتۇنەمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالالامدۇ ؟ زەيتۇنەم سىلى بىلەن مەندەك ئون خوتۇننىڭ ئەقلى بار قىز بالا ئۇ !

— قويسىلا ، جېنىم يەڭگەم ، ئەقلى قۇرۇسۇن ئۇنىڭ ! زەيتۇنەم راستىنلا قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ !

— ئۇنداق دېمىسىلە ! قاراپ تۇرۇپ ، يۈرەكلىرىنى يېرىپ چىققان بالىغا ئۇنداق ئاھانەت قىلمىسىلا ! ئىككىمىز مەزلۇم - ئاجىز ، ئۆزىمىزنىڭ قەدرىنى ئۆزىمىز يەرگە ئۇرمايلى . سىلىمۇ بىر چاغدا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ رايىغا باقماي ، ئاكام بىلەن ئۆي تۇتۇپ قاپتىلە ، خۇشلۇقنىمۇ ، خاپىلىقنىمۇ بىللە كۆرۈپ ، مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشلا ، زەيتۇنەم دىيانەتلىك قىز بولغاچ......

— دىيانىتى قۇرۇسۇن ئۇنىڭ !— ھۆسنەرىخان ئەمدى يۈرىكىدى-

كىنى ئېيتىشۇەتتى ، — ئۇنىڭدا دىيانەت بولىدىغان بولسا ، دادىسىنىڭ دۈشمىنىگە كۆڭۈل بېرەمدۇ ! ؟ يائاللا...... ئىككى كۆزۈم مۆلدۈرلەپ-لا تۇرىدىكەن ، قۇتلۇق دېگەن نائەھلىگە زەيتۇنەمنىڭ بىر تال موينىدىمۇ بەرمەيمەن !

— ئۇبدان خان ئاچا ، ئاچچىقلىرىغا هاي بەسىلە !— نىساخان جىددىي تەلەپپۇزدا چۈشەندۇردى ، — ئەر كىشى پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىسىمۇ ، قولىدا پۇل بولسىلا ، تاللاپ - چېكىپ يۈرۈپ ، كۆڭلىدىكى خوتۇننى ئالالايدۇ . مەزلۇم خەق دېگەن ئاجىز ، مىڭدىن بىرى كۆڭلىدىكى كىشىگە تېگەلىسىمۇ ، قالغىنى «پېشانىسىگە پۈتۈلگەن» گە تەگمەي ئىلاجى يوق ، گېپىمگە كىرىپ......

— روزاخۇننىڭ گېپىنى قىلسىلا ، مىڭ قۇلىقىم بىلەن ئاڭلايمەن . قۇتلۇق دېگەن بۇ نائەھلىنى......

— ئۇنداق دېمىسىلە ! قۇتلۇق ئاخۇنىنىڭ يېتىملىكى بولمىسا......

— هە ، مۇنداق دېسىلە ، سىلىگە دەپ قوياي : قۇتلۇق زەيتۇنەمنىڭ ئېلىشۇەتكەن تىرنىقىغىمۇ لايىق ئەمەس ، ئەگەر ئۇ نائەھلىگە بەك ئىچلىرى ئاغرىپ كەتكەن بولسا......

هۆسنەرىخان يەنە نېمىدۇر دېمەكچىدى - يۇ ، دەرھال ئاغزىغا يۆگەن سالدى . ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان كۆڭلى تۇيغان نىساخان ئاچچىق كۇلۇمسىرىدى- دە ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ تەنە ئارىلاش دېدى :

— ئەگەر بىزنىڭ ئەختەرنىسا ئىككى - ئۈچ ياش چوڭراق بولۇپ قالغان بولسا ، ئاللىقاچان قۇتلۇق ئاخۇننى كۈيئوغۇل قىلىۋالاتتىم . بوپتۇ ، گېپىمگە كىرمىسىلە ، ئۆزلىرى بىلگەننى قىلسىلا !— ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، زېغىر رەڭ تور روملىنى قولىغا ئېلىشۇېتىپ قوشۇپ قويدى ، — ئىشقىلىپ ، زەيتۇنەمنىڭ بەختىگە ئۇلتۇرۇپ قويمىسىلا مەيلى...... هە راست ، ئاكام قايتىپ كەلگەندە ، بۇ گەپنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسىلا . ئاكامنىڭ كۆڭلى نازۇك ، كېيىن سىلىدىنمۇ ، مەندىنمۇ ئاغرىنىپ يۈرمىسۇن .

نساخان هۆسنەرىخان بىلەن چالا - پۇچۇق خوشلىشىپلا كېتىپ قالدى. ئۇنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققان هۆسنەرىخان بىر باغلام چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى يۇدۇپ كېلىۋاتقان زەيتۇنەمنى كۆرۈپ قالدى- دە: «ئەگەر بۇ شۇم گەپكە كىرمەي، دادۇيگە هال ئېيتىپ بارسا قانداق قىلارمىز؟» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچتى. ئۇلىشىپلا، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى قوتلۇقنىڭ بوشىنىپ كەتكەن ئېشەك-نى ئەكىلىپ بېرىش باهانىسى بىلەن بۇ هويلىغا تۇنجى قېتىم كىر-گەنلىكى، زەيتۇنەم ساقىيىپ، ئورنىدىن تۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم تۇخۇم ،قەنت - ناۋات كۆتۈرۈپ يوقلاپ كەلگەنلىكى؛ دادىسى سۇچىلىقتا بەلگىلەنگەندىن كېيىن، زەي-تۇنەمنىڭ هەدېسىلا جاڭگالغا چاپىدىغان بولۇۋالغانلىقىنى بىر - بىر-لەپ ئېسىگە ئالدى. «قېنى ئۇ شۇم يامان بولسا، دادۇيگە بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن هال ئېيتىپ باقسۇنچۇ، كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بويىنىغا تاش باغلاپ، ئۆزىنى تەلۋچۇككە تاشلاپ ئۆلۈپ بېرەرمىنا!»دەپ كەسكىن خىتاب قىلدى ۋە ئىتتىك كەينىگە بۇرۇ-لۇپ هويلىغا كىرىپ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا ئورۇن سالدى - دە، ئۈستىبېشى بىلەنلا يوتقانغا كىرىپ، مەهكەم يۆگىنىۋالدى. سىياقىدىن ئۇ بىر ئاي كېسەل تارتقاندەك كۆرۈنەتتى.

## ئاي چىللايدۇ

زەيتۇنەم نساخان كېلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىككى هەپتىنى تىكەننىڭ ئۈستىگە دەسسەپ يۈرگەندەك تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. ئانىسى-نىڭ يېنىچە، قىرىچە تېگىشلىرى، هەتتا ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىنمۇ هارسىنىپ، ئىما - ئىشارەت قىلىپ ئىشقا بۇيرۇشلىرى زەيتۇنەمنى بىر ئىلىك ئېتىدىن چۆشۈرۈۋەتتى. بۇنى ئاز دەپ، زەيتۇنەمنى هۆددە يەرنىڭ قونىقىنى ئۇزۇش، شېخىنى ئورۇپ ئۆيگە توشۇش قاتارلىق ئىشلاردىن باش كۆتۈرگۈزمەيتتى، هەتتا ئىشلەۋېتىپ زەيتۇنەم تۇيۇق-سىز توقاي تەرەپكە قاراپ سالسا تومشۇقىنى بىر غېرىچ ئۇچلاپ:

—هه ، ئۇ لۇكچەكنىڭ دەردىدە يۈرىكىڭ پىژىلداپ ، جاڭگالغا
ئۇچۇپ كەتكۈڭ كېلىۋاتامدۇ ؟— دەپ تەئەددى قىلاتتى ياكى كۆزىنىڭ
پاختىسىنى چىقىرىپ ، — هوي يۈزسىز ! داداڭ بىچارىگە ئىچىڭ
ئاغرىمامدۇ ؟ ئۇنى خەلقئالەم ئالدىدا نومۇسقا ئۆلتۈرمەكچىمۇ ؟ سەن-
دەك زېدى پەس بىرنېمىنى «يالغۇز قىز» دەپ ئارزۇلاپ باققۇچە ،
بۆشۈكتە بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسەم بوپتىكەن ! سېنىڭ كاساپىتىڭدىن
يۈرەك - باغرىم خۇن بولۇپ كېتىدىغان بولدى !— دېگىنىچە ئۆزىنى
كاچاتلاپ ، هۆقىيتىپ يىغلاپ كېتەتتى .

ئېسىنى بىلگەندىن بۇيان ،ئانىسى ياكى دادىسىدىن بىرەر ئېغىز-
مۇ قاتتىق - يىرىك گەپ ئاڭلاپ باقمىغان زەيتۇنەم ، دەسلەپ بۇنداق
دەشنامىلارنى ئاڭلىغىنىدا خىجالەتچىلىكتە قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ،
سائەت - سائەتلەپ ياش تۆكتى . كېچىلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن
ياستۇقنى نەمدەپ ، تاڭلارنى ئۇيقۇسىز ئاتقۇزدى . «هەسەلنى كۆپ
يېسە ، ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەندەك ، تىل - دەشنامىلارنىڭ تولىلىقى
زەيتۇنەمنىڭ يۈرىكىنى قاتۇرۇپ قويدىمۇ ، كېيىنچە ئۇ ئانچە كۆپ
يىغلىمايدىغان ، ئانىسى تىللىغىلى تۇرسا ، قاتۇرۇپ قويغان بۇتتەك
غادىيىپ ، زادىلا زۇۋان سۈرمەيدىغان بولۇۋالدى . ئۇ بۇنداق جاهىل-
لىق قىلغانسېرى ، ئانىمۇ ئۇنى هەر جەهەتتىن قىسىدىغان ، تالا -
تۈزگە چىقارمايدىغان ،هەتتا تەلۋىچۇكتىن سۇ ئەكىلىشكىمۇ ئەۋەتمەي-
دىغان بولۇۋالدى . سۇنى ئانا ئۆزى توشۇيتتى . ئانىسىنىڭ يوغان
قاپاقنى يۈدۈپ ، دەرۋازىدىن ئىككى يېنىغا دەلدەڭشىپ كىرگىنىنى ،
قاپاقنى يەرگە قويۇپلا «ئۇھ - ھ ، يۈرىكىم……» دېگىنىچە زوڭزى-
يىپ ، كۆپكە يۆلىنىپ بىرهازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆر-
گەندە ، زۇيتۇنەمنىڭ يۈرىكى چايان چاققاندەك ئېچىشىپ ، كۆز چاناق-
لىرى ئىختىيارسىز نەمدىلەتتى . كۆڭلىدە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ
باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ :«جېنىم ئانا ، بىتەلەي قىزىڭنىڭ گۇناهىدىن
كەچكىن ، ئۆمۈر بويى ئايىغىڭغا پېتەك بولۇپ خىزمىتىڭنى قىلاي ،
ئەركەك جىنسقا تىكىلىپ قارىماي !……» دەپ ۋەدە بەرگۇسى ؛ قۇت-
لۇقتىنمۇ ، كەلگۈسىدىكى شېرىن هايات ، ئانا بولۇش ئارزۇسىدىنمۇ

كەچكۇسى ، قىسقىسى ، تەگرى تەرىپىدىن ئىنسان ئۇچۇن يارىتىلغان ھەممە ـ ھەممە خۇشاللىقلارنى ئانىسىنىڭ ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ بىرلا كۇلۇشىگە ، ئۆزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن پېشانىسىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۇشىگە تېگىشكۇسى كېلەتتى . بىراق……

مۇشۇ «بىراق» نىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان مەنىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى ۋە تەگرىلا بىلەتتى .

مۇشۇ «بىراق» يەنە ئەقىدە ـ ئىخلاس ، ۋىجدان ، غۇرۇر ، ئار-نومۇس ، سۆيگۇ ـ مۇھەببەت ، لەۋزى ھالاللىق……ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى .

بۇلاردىن ۋاز كېچىش — ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلۇم بىلەن باراۋەر ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ھازىر بېشىغا چۇشكەن ۋە قاچان ئاخىرلىشىشىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئاداققىچە بەرداشلىق بېرىشكە بەل باغلىغانىدى .

زەيتۇنەم تۇنۇگۇن كۇن بويى ھويلىدا قوناق سوقتى . ئۇ چوگلۇ-قى• پاچاقتەك ، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچتىن ئاشىدىغان دۇمبانى بىر غېرىچ قېلىنلىقتا يېيىلغان پاتاقلىق قوناق دۆۋىسىگە ھەربىر ئۇرغى-نىدا ، دۆۋە بىراقلا تۆت قولدەك پەسلەپ كېتەتتى . راستىنى ئېيتقان-دا ، بۇ ئەسلىدە قىز بالا قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . ئۇ قىلمىسا كىم قىلىدۇ ؟ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۇزۇمى يولغا قويۇلغان-دىن بۇيان ، تەگرىنىڭ سىخىيلىقى تۇتۇپ كەتتىمۇ ، ئۇلار ھۆددە يەرلىرىگە نېمىلا تېرىسۇن ، ھەممىسى ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئوخشا-ۋەردى . توختامنى نەچچە قاتلاپ ، مۇكاپاتمۇ ئېلىشتى ، «ھاۋاز پوم ، ئۇياققا بار !……ھاۋاز پوم ، بۇياققا كەل !…… »دەپ دوق قىلىشلار-مۇ ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى . تېخى بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى ، سېكرىتار ئەزالارنى دادۇيگە يىغىپ مەجلىس ئېچىپ ، بىرنەچچە پو-مېشچىك ، باي دېھقاننىڭ قالپىقى ئېلىنۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى ، ئاندىن ھاۋاز «پوم» ئۇستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ، ئەيىنى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا «باي دېھقان» دېگەن قالپاقنى كىيدۇرۇش تۇپتىن خاتا بولغان-

لىقى؛ بىراق، دادوي رەھبەرلىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا تاڭغان بەتنامنى ۋاقتىدا، سىياسەتنىڭ روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلىۋەتمەستىن، تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭغا پومپىچىكلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارا ئىقرار قىلدى ھەم دادوي رەھبەرلىكى نامىدىن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇنىڭ بىلەن سەممىمىي قول ئېلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنى «ئاكا» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاۋاز «پوم» بىرھازاغىچە ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن، خۇشاللىق ياشلىرىنى بۇلاق سۈيىدەك تۆكتى.

ھاۋاز «پوم» ئەمدى ئەركىن پۇقرا، تولۇق ھوقۇقلۇق گىراژدان ئىدى. ھۆسنەرىخانمۇ، زەيتۇنەممۇ ئەمدى قانداقتۇر «پومپىچىكنىڭ بىرنېمىسى» ئەمەس ئىدى! شۇڭا، بۇ ئائىلە كىشىلىرىگە ھېرىش - چارچاش دېگەن نەرسە پۈتۈنلەي يات ئىدى، ئىشلەيتتى، ئىشلەيتتى، ئىشلىگەنسېرى ئىشلىگۈسى كېلەتتى. ھاۋاز «پوم» (ياق، ھاۋاز ئاكا!) ئەتىگەندە تورغاي «چۇ - چۇ»لىماستا ئېتىز بېشىغا چىقىپ كەتسە، ئاخشىمى قانداق چاغدا ئۆيگە ئۇنىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھۆسنەرىخانمۇ، زەيتۇنەممۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى.

مانا، ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، ھۆسنەرىخان زەيتۇنەمنىڭ قورسقى ئاچسىمۇ، پۇت - قولى تالسىمۇ، قىلچە كارى بولمىدى. زەيتۇنەممۇ ئۆز غېمىنى ئۆزى قىلىپ يۈرەتتى. ئىشنىمۇ ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدىن كۆچەپرەك قىلدى. بېلىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى، ئۇزۇمدەك - ئۇزۇمدەك قاپىرىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنىڭ لازا سۈيى قۇيىغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىشلىرى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

ئاخشام، ھاۋازئاخۇن يورۇق ناماز شامدىلا ئۆيگە ياندى، ئۇ بورداق قوينىڭ بىر سان گۆشىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ئوھوي…… تورغا يۇمىلانغان پوستەكچىگىلا ئوخشاپ قاپسەنغۇ، بالام!— دېدى ئۇ بەرجەس يىگىتلەردەك قوناق سوقۇۋاتقان زەيتۇنەمگە چاقچاق قىلىپ، — بولدى، ئەتىمۇ خۇدايىمنىڭ كۈنى

بار . باش - كۆزۈڭنى تازىلا ، بۈگۈن ئۆزىمىزنى ئوبدان بىر مېھمان قىلايلى !

— ھوي دادىسى ، نېمە ئىش بۇ ! «چايدىن كېيىن زاغرا ، تويدىن كېيىن ناغرا » دېگەندەك ،ئاش پىشىپ بولغاندا گۆش كۆتۈرۈپ كەپلە-يا ؟ — ھۆسنەرىخان ئوچاق ئالدىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — ئەجەب سېمىز گۆش ئىكەن . نەدىن ئاللا ؟

— ساپان بىلەن ئۇيلارنى ئاپىرىپ بېرەي دەپ ئەترەتكە بارسام ، نەق قوي سويۇۋاتقاننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتىمەن . قارىسام ، كەسكەن يېرى ياغ ئىكەن ئەمەسمۇ كاساپەتنىڭ ! كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۈچ كىلو ئالدىم .

— سەل بالدۇرراق كەلسىلىچۇ ، تىترەپ تۇرغۇدەك پېتىر مانتا ئېتىدىكەنمەن ! تازا ھاردۇق يەتكەندە تۆتتىن يېۋالساق......

— مانتىمۇ يەمىز ، ھاۋاز ئاخۇن گۆشنى ئۇنىڭغا سۇندى ، — نېمە تاماققا قوپقانتىڭلار ؟

— چامغۇر توغراپ ئۆلۈك قوپۇپ ئىچكۈدەك بىر خولۇپ ئاش ئېتەي دەپتىم .

— چۆپنى سالمىغانسىلە ؟

— ياق ، سىلى كەلگەندە سالاي دەپ ، سۇيىنى پىشۇرۇپ ئولتۇ-رۇپتىم ، خېمىرنى تاشلىسام بىردەمدە پىشىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، گۆشنىڭ يېرىمىنى سېلىپ ، يىلىكتەك بىر نېرىن چۆپ ئەتمەمسىلە .

— ماقۇل ، مانتىنى ئەتە ئېتەمەن .

ھۆسنەرىخان سۆزلىگەچ ، دۆشە بىلەن قىڭراقنى قولىغا ئالدى . ھاۋاز ئاخۇن پاتاق ئارىلاش گۆجىگە سانجىپ قويۇلغان ئارىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن چاقناقلارنى سىلكىپ ، گۆجىسىدىن ئايرىشقا باشلىدى .

— بالام ، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟—دۇمباغا تايانغىنىچە ھاڭۋې-قىپ تۇرغان زەيتۇنەمگە قارىدى ،— يۈگۈر ، باش- كۆزۈڭنى ئادالاپ ، جىندەك ھاردۇق ئېلىۋال !— زەيتۇنەم كۆزى قىيمىغان ھالدا دۇمبا-

نى تامغا يۆلەپ قويۇپ ، پۇتلىرى ئاستىدا تۇرغان پىپەك سۇپۇرگىنى كۆتۈرگىنىچە دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كەتتى ، ھاۋاز ئاخۇن ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى : «قاپاق تېرەكتەك بىر ئەرنىڭ ئىشىنى ئۆزى يالغۇز قىلىۋاتقىنىنى قاراڭلا ، بۇ بالىنىڭ ! خۇدايىم بەختىڭنى بەرگەي !...... ئاقتارما قىلىدىغان يەرمۇ تۈگىدى ، ئەتە بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ ، ئۆگۈنلۈككە توقاينىڭ بويىدىكى يەرگە بۇغداي چۆكۈرۈۋالسام ،ئۇنىڭياغى دۇمبانى ئۆزۈم قولۇمغا ئالىمىسام...... » .

زەيتۇنەم : «قۇتلۇق ئاخۇن ، ئەجەب مۇڭلۇق چالدىڭىز ، يەنە بىر پەردە چېلىپ بېرىڭە»دەپ جۆيلۈگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى . ئەسلىدە ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچماي ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، قۇتلۇق بىلەن بىردەم غايىبانە مۇڭدىشىۋالماقچى ، يۈرىكىدىكى ئەڭ يېڭى سىرلىرىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ ، ئۇنىڭ ئورۇنلۇق مەسلىھەتلىرى ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماقچىدى . بىراق ، ئۇ- دۇللا كۆزگە چۈشۈپ تۇرغان قانداقتۇر بىر يورۇقلۇق ئۇنىڭغا : «تاڭ ئاتتى !» دېگەندىن بېشارەت بەردى - دە ، لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى ، ئاچتى- يۇ ، ھاڭ - تاڭ قالدى : ھەمەك ناندەك تولغان ئاي ھويلىدىكى قاپاق تېرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغانىدى ! ئۇنىڭ نۇرى شالاڭلاشقان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۇدۇللا زەيتۇنەمنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى !

«كۆز كېچىسى شۇنداق بولامدىكىنا ؟ »

زەيتۇنەم پىسسىڭىدە كۈلدى .

ئاي ئىككى تەرەپكە كەڭ يېيىلغان ئىككى تال شاخ ئارىسىدىن ئۆز جامالىنى زەيتۇنەمگە تولۇق كۆرسەتتى .

بۇ زەيتۇنەمنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاينى ئۆز ھويلىسىدا ، ھەتتا ئۆز خانىسىدا تۇرۇپ كۆرۈشى ئىدى !

زەيتۇنەم كۈلۈمسىرەيتتى ، ئايمۇ كۈلۈمسىرەيتتى .

زەيتۇنەم ئايغا تىكىلگىنىچە ، ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ شې- رىن خاتىرىلەرنى ، بولۇپمۇ تەلۋىچۈك سۆيىنىڭ دولقۇنلىرى ، بۈز- غۇنلىرىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قۇتلۇق بىلەن پىچىرلاشقان قىسقا ، ئەمما ئىنتايىن شېرىن مىنۇتلار ، جاڭگالدا بىر - بىرىگە مۇرىسىنى

چاپلاپ ئولتۇرۇپ قىلىشقان يۈرەكنى ئويناتقۇچى تاتلىق پاراڭ ، خۇش-خۇي كۈلكىلەر ، تا بۇگۈنگىچە زەيتۇنەمدىن بۆلەك كىشىگە ئاڭلاش نېسىپ بولمىغان يېقىملىق نەي ئاۋازى…… يەنە……يەنە قۇتلۇقنىڭ ھېچقانداق بىر يىگىتكە نېسىپ بولمىغان كېلىشكەن بەستى ، يالقۇنى يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى ، ئېغىر - بېسىق ، مۇلايىم تۇرقى ، ئىلىپتەك تۈز ، ئەمما تاڭسۇق - تاڭسۇق گەپ-لىرى…… بۇلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلەتتى .

«ئەستا ، بۇ ئانامنى…… مېنى مۇشۇنداق بىر يىگىتتىن ئاي-رىپ ، زادى كىمگە بەرمەكچىدۇ ؟ »

زەيتۇنەمنىڭ بۇ سوئالىغا ئوتتۇرىدىكى شادىلىق دېرىزىدىن چىق-قان ماۋۇ ئاۋاز جاۋاب بەردى :

— نىساخان توغرا ئېيتىپتۇ ،— بۇ دادىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى ، — ھېچنېمىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن قىز بالىنى قاراپ تۇرۇپ ، ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ بىر ئادەمگە چاپلاپ قويساق ئەپلىشەمدۇ ؟

— قۇتلۇق كىچىكمۇ ؟— بۇ ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى ، — ئۇمۇ زەيتۇنەمدىن ساق - سالامەت يەتتە ياش چوڭ ، دەڭلا !

— چوڭلۇقىنى مەنمۇ بىلىمەن . بىرىنچىدىن ، ئۇنى بالىمىز ئۆزى تاللاپتۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇمۇ ئۆزىگە ئوخشاش كۆزى ئېچىلمىد-غان بالا ، ئاندىن ئالدى - كەينىدە ھېچنېمىسى يوق قارا يېتىم .

— مەن مۇشۇ تەرىپىنى دەيمەن- دە ، دادىسى ! ئون قولى گۈل بىر قىز بالىنى قۇتلۇقتەك ئىگە - چاقىسى يوق بىرىنېمىگە بەرسەك ، قىزىمىزنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى بولامدۇ؟خەق بىزنى زاڭلىق ئەتمەمدۇ؟ !

— قويۇڭلا ، ئۇنداق مەقامغا كەلمەيدىغان گەپنى ! خەق نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى . ھۆكۈمەتمۇ ئەركىن نىكاھنى قوللايدۇ . شۇنچە يامان كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ئەمدى تېخى ئۈستىد-مىزدىكى توقى - لەنەتلەردىن قۇتۇلۇپ ، يېگىنىمىز چىرايىمىزغا چىقىدىغان كۈنلەر كېلىش بىلەنلا ، ھۆكۈمەتكە كەينىمىزنى قىلىۋال-ساق ئەپلىشەمدۇ ؟ ! شۇنداق بولسۇن ، روزاخۇننىڭ گېپىنى يەنە ئاغزىڭلىغا ئالماڭلا .

— شۇنداق قىلىپ، ئۇنى قۇتلۇققا بېرەلمىز؟

— خۇدا رىزقىنى قوشقان بولسا بەرمەي نېمە ئىلاجىمىز؟!

— مۇنداق دېسىلە، شۇنداق قىلىپ، دادىمىزنى ئۆلتۈرگەنگە ئانىمىزنى ئېلىپ بېرىمىز دېسىلە...... تۇۋا، ماۋۇ ئادەمنى، دادىسى دادىمىزنىڭ بېشىغا چىققان، ئۆزى خەلقئالەم ئالدىدا ئېغىز - بۇرۇن-لىرىنى قان قىلغان بىر لۈكچەككە قىزىمىزنى ئۇستەك قىلىپ بېرد-ىمىز دېسىلە! سىلى ئۇنتۇپ قالغان بىلەنچا، مەن ئۇ خەقنىڭ بىزگە قىلغانلىرىنى ئۆلسەممۇ ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن! «باي دېھقان»، «پومېشچىك» دېگەن قالپاقلارنىمۇ شۇ خەقنىڭ كاساپىتىدىن كىيمىد-ۇقمۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى، پارتىيە ئادىل ئىكەن، بىزنى بۇ توقى-لەنەتتىن قۇتۇلدۇردى، بولمىسا نەۋرە - چەۋرىلىرىمىزمۇ......

ھۆسنەرىخان گېپىنى ئاياغلاشتۇرالماي خىتىلداپ يىغلاپ كەتتى. زەيتۇنەم كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا شەپە چىقارماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە تۈۋىگە كەلدى- دە، جەينەكلىرىنى دېرىزە تەكچىسىگە تىرەپ، ئېڭەكىنى ئالىقانلىرىغا قويدى. قۇلىقى ئايۋاندا ئىدى.

خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن، ھاۋاز ئاخۇن ئېغىر تىندى - دە، ھەسرەتلىك ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— مەن سىلىگە بىر گەپنى دەي: ئېسىڭلىدە باردۇ؟ دادام رەھمەتلىك ئۆلگەن چاغدا، مىرزىمەت ئاخۇن ئون ئوغۇللۇق ھازا ئاچتى. ئۇنىڭ نالىسىگە يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىمۇ چىدىماي، ئۇنىڭ-غا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشتى. كېيىن ئۇلار مېنى شاڭ[1]غا چاقىرتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مىرزىمەت ئاخۇن دادام ئۆلۈشتىن نەچچە سائەت ئىلگىرى شاڭغا كېلىپ، كىمنىڭدۇر پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ دادامنى قورقۇتۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ھەتتا ئۆزىنى بىز-نىڭ ئائىلىنىڭ يىللىقچىسى ئەمەس، بەلكى ئاسىرىۋالغان پەرزەنتى دەپ ئىسپاتلاپ، تەركىبىمىزنى ئۇستۈن قىلىپ قويماسلىقنى تىلەپ-تۇ. كادىرلارمۇ بىزنى ھېچقاچان «باي» لار قاتارىغا قوشۇش نىيىتى

① شاڭ — يېزىلىق ھۆكۈمەت.

يۇقلۇقى، بۇ ھەقتە ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلىشمىغانلىقى ياكى مۇزاكىرە ئېلىپ بارمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن دادامنى قورقۇتقان پىتنە - ئىغۋاچىنى چوقۇم تېپىپ چىقىپ، جازالاشقا ۋەدە بېرىپتۇ ھەم بۇ گەپنى دادامغا ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. ئۆزۈڭلىمۇ بىلەسىلە، مىرزىمەت ئاخۇن بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندە، دادام...... ئۇ-ھ-ھ !...... كېيىن، كادىرلار ماڭا قانچە يالۋۇرسىمۇ، مىرزىمەت ئاخۇننى «ئۇكام» دېگىلى ئۇنىماي، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىم. ئەگەر شۇ چاغدا ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ،كادىرلارنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسام، كېيىنكى مۇشەققەتلەرنىمۇ تارتمايتتۇق.

— ھەببەللى !...... ھەممە ئىشنى تازا ئوبدان بىلىدىكەنلىغۇ؟ مىرزىمەت ئاخۇننىڭ بىزدىن ئۆچ ئېلىشنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە تېخى ئۇنىڭ كۆچۈكىنىمۇ ئۆيگە ئەكىرمەكچى بولۇۋاتىلىغۇ!

— ئۇنداق دېمەڭلا خوتۇن، ئۇنداق دېمەڭلا! مىرزىمەت ئاخۇن ھېچقاچان بىزگە يامانلىق قىلغان ئەمەس، سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرى بىرنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرزىيەت ئېيتىشقا قىستىغاندا، ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ، «سىنىپىي مەيدانىنى يوقاتقان ئۇنسۇر» دەپ پىپەن قىلىنغانمۇ شۇ مىرزىمەت ئاخۇن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا قۇتلۇق ئاخۇن خىلىل دېگەن لۈكچەكنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ماڭا مۇشت سالغاندا، خەلقئالەم ئالدىدا ئۇنى تەستەكلەپ، خىلىلنىڭ رەسۋاسىنى چىقارغانمۇ، «ئۇنسۇر» لار بىلەن بىللە «كۇرس»قا سولانغانمۇ يەنە شۇ مىرزىمەت ئاخۇن! ئويلاپ بېقىڭلا، ئاشۇ ئىشتىن كېيىن قۇتلۇق ئاخۇن قانداق بولۇپ كەتتى؟بىچارە بالا نومۇس كۆچىدىن قىش - ياز جاڭگالدىن كەلمەيدۇ. تەڭ دېمەتلىكلىرىگىمۇ ئارىلاشمايدۇ.

— تۇۋۇرۇكتىن ئايرىلغاندىكىن، نېمە بولسا بولىدۇ- دە! سىلى تېخى......

— ئۇنداق دېمەڭلا خوتۇن، يامان بولىدۇ! ئۇ بالا مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بىزگە ئاز ياخشىلىق قىلمىدى. ئەتىيازدا ئۈچ يۈز كويغا

سېتىپ ، پـولىغا قـوي ئـالغان چـوچوكبويىنىمۇ شۇ بالا كولىغان . يانتاق……

— ۋاي ئۆلەي ! نېمە دەيدىغانلا ؟

— پەسرەك گەپ قىلىڭلا ، زەيتۇنەم ئويغىنىپ كېتىدۇ .

— زادى قانداق گەپ بۇ ؟

هاۋاز ئاخۇن بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى :

كېسەل يانقان هاۋاز ئاخۇن هۆسنەرىخاننى زەيتۇنەمنىڭ «سىرى»نى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ بولۇپ ، دەرهال يالتايدى ۋە نەچچە كۈندىن كېيىن زەيتۇنەمنى يانتاق چېپىشقا ئەۋەتمىدى . ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپتىكەنتاڭ ، ئۇ سۇ نۆۋىتىنى قوشنا دادۇيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، نامازشام بىلەن قوشكۆل تەۋەسىگە كىردى . ئەترەتنىڭ جىگدە ئورمانلىقىنى ئارىلاپ مېڭىپ ، ئەمدىلا يول بويىغا كېلىشكە ، زەيتۇنەمنىڭ كىم بىلەندۇر سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. دە ، ئىتتىك توختاپ ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى . هايال ئۆتمەي ، يەنە بىرەيلەننىڭ قۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئاۋازىدىن تونۇدى .

— زەيتۇنەم !— دېدى قۇتلۇق ، — قايسى كۈنكى گەپنى ئويلاندىڭىزمۇ ؟

— قايسى گەپنى دەيسىز ؟— بۇ زەيتۇنەمنىڭ ئاۋازى ئىدى ، — ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامدىمەن .

— هېلىقى…… ئىككىمىزنىڭ ئىشچۇ !

— ئۇ…… ئۇ……

— تېخى ئويلانمىدىڭىز ؟

— ئادەمنى خىجىل قىلمىسىڭىزچۇ ، قۇتلۇق ئاخۇن !

— ئەمىسە ، باشقا بىر كۈنى جاۋاب بېرەمسىز ؟

— جاۋاب بەرمىسەمچۇ ؟

— جاۋاب بەرمىسىڭىز ئۇمۇ ئىختىيارىڭىز .

— شۇنداقمۇ ، ئۇنداق بولسا ، هازىرلا جاۋاب بېرەي !

— ئۇنداق قىلسىڭىزغۇ ، دوپپامنى ئاسمانغا ئاتىمەن !

— خاپا بولمايدىغانسىز ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ . مەن دېگەن خاپىلىقتىن ئون يىل بۇرۇن تۇغۇلغان . كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا دەۋېرىڭ ! تىڭلىسىڭىزمۇ مەيلى .

ئارىغا بىر پەس جىمجىتلىق چۈشتى . ھاۋاز ئاخۇن قولىقىنى دىڭ قىلىپ ، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى . ئاخىر زەيتۇنەم مۇنداق دېدى :

— ھەرقانچە ئويلانساممۇ بولمايدىكەن !

— نېمىشقا بولمايدىكەن ؟

— بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ ؟

— نېمىنى ئۆزۈم بىلىمەن .

— مېنىڭ كىملىكىم ، ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىز !

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىمغۇ ، زەيتۇنەم ؟ !

— ئەمىسە مەن چۈشەندۈرۈپ قوياي : بۇ زاماندا كەمبەغەل بىلەن پومېشچىك بىر داستىخاندا ئولتۇرالمايدۇ . شۇڭا ، ھەرقانچە ئويلانـ ساممۇ ، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كۈنلەرنىڭ سىزنىڭ بېشىڭىزغا چۈشۈشىنى خالىمىدىم .

— ھە...... مەن تېخى نېمە گەپكىن دەپتىمەن . مەن سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشكەن كۈنلەرنى بىللە تارتىشقا ئاللىقاچان بەل باغلاپ قويغان !

— ئۇنداق دېمەڭ ، سىزگىمۇ ئۆز خىلىڭىزدا بىرىكىم تېپىلىپ قالار . مەن......

— مېنىڭ خىلىم سىز ! ئەگەر سىز مېنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرمىسىڭىز ، ئۆلگۈچە بويتاق ئۆتۈپ كېتىمەن !

— ئۇنداق دېمەڭ ، قۇتلۇق ئاخۇن ! مۇشۇنداق دەۋەرسىڭىز ، مەن بەكمۇ خىجالەتچىلىكتە قالىدىكەنمەن .

— خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار ؟ مەن يۈرىكىمدىكىنى ئېيتـ تىم . قوشۇلمىسىڭىز ، ھەرگىزمۇ خاپا بولمايمەن . ئۆتمۈشتە ھاۋاز ئاكاملار دادامغا نۇرغۇن ياخشىلىق قىپتىكەن . رەھمەتلىك ئۇنى يادـ دۇرالمىغىنىغا ھەسرەت چېكەتتى...... مەن......

قۇتلۇقنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى . زەيتۇنەم چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ ، ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا دېدى :

— كۆڭـلـگـىزنى بـۇزمـاڭ ، مەن يەنە بىر ئۆيلىنىپ باقاي ، سىزمۇ……

— مەن ئۆيلىنىپ بولغان ! ئەگەر مېنى ياراتمىسىڭىز……

— ئۇنداق دېمەڭ ، قۇتلۇق ئاخۇن ! مەن……

— ئەگەر سىز خىجىل بولىدىغان ئىش بولسا ، بۇنىڭياغى مەن بۇ گەپنى ھەرگىزمۇ ئاغزىمغا ئالماي . يۈرىكىم سىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىسىڭىزلا بولدى .

— خوش ، قۇتلۇق ئاخۇن !

— خوش ، زەيتۇنەم !

زەيتۇنەم يانتاقنى يۇدۇپ ، ئەمدى بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا قۇتلۇق ئۇنى چاقىردى :

— زەيتۇنەم ، ماڭا قارىڭە !

— ھە ، نېمە دەيسىز ؟

— ئەتە يانتاققا كېلەمسىز ؟

— قانداق قىلسام بولىدىكىن ؟

— ئىلاجى بار كېلىڭ . مەن چۇچۇكبۇيا يىلتىزىمۇ كولاپ قويى-مەن .

— رەھمەت ، ئاۋارە بولماڭ .

— نېمە ئاۋارىچىلىك بولسۇن ، بىكارمۇ ئولتۇرىدىكەنمەن . ياي-ناق قالىغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ !

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى……رەھمەت ، مەن كېتەي .

— زەيتۇنەم ، ئەتە……

— كەلمەيمەن !

— نېمىشقا كەلمەيسىز ؟

— بىلمەيمەن !

— كەلمىسىڭىز ، كېچىسى ئۆزۈم……

— شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز ، ئىككىنچى يۈزىڭىزگە قارىماي-مەن ! قايسى كۈنىمۇ يانتاقنى ئىشىك تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ-سىز . ھېلىمۇ ياخشى ، ئانام بىلەن دادام تۇيماي قالدى . مېنىزە ،

ئانام بىلەن دادامنىڭ ئالدىدا نومۇسقا ئۆلسۇن دەيدىكەنسىز ـ دە !
— خاپا بولماڭ . ئەمىسە ، كۆندە قويىدىغان يەرگە قويۇپ قوياي .
— مەيلىڭىز !
— ......
— مانا بۇ ئىشقا هازىر توپتوغرا ئىككى يىل بولدى ،— دېدى هاۋاز ئاخۇن هېكايىسىنى تۈگىتىپ .
— ئەسلىي ئۆزلىرى سۆكۈت قىلغان ئىش ئىكەن ـ دە ،بۇ !— هۆسنەرىخان تېرىكتى ، — نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق دېمەيلا ؟
— قايسى كۈنى دېدىمغۇ .
— نېمە دەيدىغاندۇ ما ئادەم ، قاچان دېلە ؟
— نىساخان ئەلچىلىككە كەلگەن كۈنىچۇ ؟
— ۋاي ئانام...... شۇ كۈنى نېمانچە دۇدۇقلايدىغاندۇ دېسەم ، ئەسلىي شۇ گەپ ئىكەن ـ دە ، ئەزمىلىرىنى ئېزىپ ، پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە دېگۈچە ، بالدۇرراق دېسىلىچۇ !
— بالدۇرراق دەي دېسەم ، سىلىنى ئاللا ـ بارىكاللا سالمىسۇن دەپ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم ، ئاندىن كىچىك بالا دېگەن ئۇچمە كۆڭۈل بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ كىچىككىنە بىر ئىشنى باهانداپ ، بىر ـ بىرىنى تاشلىۋېتىپ قالسا ، سىلىنى ئازار يەپ قالامدىكىن دەپ......
— يائاللا...... مۇنداقمۇ بىخەستە دادا بولىدىكەن ، خۇدايىم ! رەسىدە بولغان قىزىنىڭ ياتباش ئەركىشى بىلەن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا غۇمۇڭلىشىپ يۈرگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئىككى يىلغىچىمۇ سۆكۈت قىلامدىغان ؟ ! توۋا خۇدايىم...... ئەمدى قانداق قىلساق قىلىساق دەيلا ؟
— قۇتلۇق ئاخۇندىن ئەلچى كەلسىلا ، شۇنىڭغا بەرسەك دەيمەن .
— ئۇنىڭغا كىممۇ ئەلچى بولار ؟
— ......
— ئەستا...... تازا باش قېتىنچىلىقى بولدى ـ دە ، بۇ ! يا خەقنىڭ داستىخىنىنى قوبۇل قىلالمىساق ، يا ئۇ بالا......
زەيتۇنەم هەددىدىن زىيادە هاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ هەرقانـ-چە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدى . يۈرىكى

ئايەم ناغرىسىدەك دۈكۈلدەيتتى . ئۈمىد ، خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرى بۇلۇتسىز ئاسماندا ئەركىن سەيلە قىلىۋاتقان تولۇن ئايغا تىكىلگەنىدى ، ئاي ئۇنى سەيلىگە چىللىماقتا ئىدى .

زەيتۇنەم ئۆزىمۇ تۇيماستىن ، پىسىڭگىدە كۈلدى . كۈلكە بىلەن تەڭلا ، كىرپىكلىرىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ «غىلدىرىرىدە» تۆۋەنگە سىرغىدى......

## «يېزىلمىغان بابنىڭ مۇقەددىمىسى»گە خاتىمە

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! كەلسىلە ، سېكرېتار !

— سالامەت تۇرلىمۇ ، هاۋاز ئاكا ؟

— خۇداغا شۈكرى ، ئۆزلىرىچۇ ئۇكام ؟

— مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتۇق . نەچچە قېتىم نىيەت قىلساممۇ ئىشىمىزنى تۈگىتەلمەي ، بۇ تەرەپلەرگىمۇ ئۆتەلمىدىم . بۈگۈن سەل قولۇم بوشاپتىكەن ، «دىككىدە» يوقلاپ كېلەي ، دەپ يولغا چىقسام ، مۇسلىم ئاكامۇ مۇشۇ تەرەپكە مېڭىپتىكەن ، بىللە كېلىپ قالدۇق .

— بەك ئوبدان قىپلا ، سېكرېتار ! قېنى ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا .

— خوش ، مۇسلىم ئاكا ، ئۆزلىرى......

— يوقسۇ ، سېكرېتار ، ئۆزلىرى مېڭىپ بەرسىلە !

— سۇ دېگەن باشتىن كېلىدۇ . قاچانغىچە مەنسەپ تۆرگە چىقىدىغان كونا پەدىنى سۆرەپ يۈرىمىز ؟ ! ئۆزلىرى دادىمىزدەك ئادەم ، قېنى ، باش بولۇپ مېڭىپ بەرسىلە !

— ئەستا ، تازا بىئەدەپلىك قىلىدىغان بولدۇم- دە !

— ئەمىسە ، مەنلا ئەدەپسىزلىك قىلىۋەرسەم بولىدىكەن- دە ؟ !

— ها- ها- ها- !......

ئۈچەيلەن كۈلۈشكەچ هويلىغا كىرىشتى . هويلىدا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى . هەممىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان هاۋاز ئاخۇن

پېشايۋاندىن پۈتىنى ئېلىشىغا ، چىرايىدىكى تەبەسسۇم قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ ، كۆڭلى بىر قىسمىلا بولدى ، پۈتلىرى قېرىلىق يەتكەندەك بوشىشىپ ، قەدىمى ئاستىلاپ قالدى . لېكىن ، هايال ئۆتمەي ئۆزىنى ئوڭشاپ ، مېهمانلارغا بۇرۇلدى :

— قېنى ، ئۆيگە كىرىلى .

ئاۋۋال مۇسلىم ئاكا ، ئاندىن سېكرېتار ئايۋانغا ، ئاندىن سارايغا كىرىشتى . جەنۇبقا قارىغان دېرىزىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن بۇ ئۆيدە بەزىلىرى بىر - بىرى بىلەن نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ ، بەزىلىرى چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقان ئون نەچچە كىشى ئۇلارنى پەگاهتا كۆرۈشى بىلەنلا بەزىلىرىنىڭ چىرايى ئۆڭدى ، بەزىلىرى زورىغا كۈلۈمسىرىدى ۋە ئالدىراش ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، ئۇلارغا هۆرمەت كۆرسىتىپ جاي بوشاتتى .

چىرايى بوزىرىپ كەتكەن هاۋاز ئاخۇن بوسۇغىدا تۇرۇپ : «ئەس-تا ، تازا ئەپلەشمىگەن ئىش بولدى - دە ، بۇ !......مۇسلىم ئاكام خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ ۋەدە بەرگەن تۇرۇقلۇق ، سېكرېتارنى باشلاپ كەلگىنى نېمىسى ؟» دەيتتى ئىچىدە قايتا - قايتا تەكرارلاپ ، كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر ۋەقە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى :

هېلىقى ئايدىكى كېچىدىن ھەپتە كېيىنكى بىر ئەتىگىنى ، هېچقا-چان بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمايدىغان مۇسلىم ئاكا هاۋاز ئاخۇننىڭ ئېتىزىدا پەيدا بولۇپ قالدى . هاۋاز ئاخۇن ئۇنى كۆرۈپلا ئۇيلارنى توختىتىپ ، سۆرەم ئۇستىدىن چۈشتى- دە ، ئالدىغا بېرىپ سالاملاش-تى . ئىككىيلەن قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇيان - بۇياندىن پاراڭلاش-تى . كۈتۈلمىگەندە ئۇ زەيتۈنەمنىڭ لايىقى بار - يوقلۇقىنى سوراپ قالدى . هاۋاز ئاخۇن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە بىرهازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى . كېيىن :

— قانداق دەيلا ؟— دەپ سورىدى .

— ئۆزۈمچە بىر سوراپ باققۇم كەلدى ، — دېدى مۇسلىم ئاكىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك تىكىلىپ ، — ئۇ بالا ئون توققۇز ياشقا كىرىپ قالدىغۇ دەيمەن ؟

— شۇنداق ، يىل ئۆرۈلسە يىگىرمىگە كىرىدۇ .
— مۇنداق دېسىلە...... ۋاجىپاتى ئىمان قىلىپ ، ئۇنى بىر كىمگە چېتىپ قويساق بولماسمۇ ؟
— بولىدۇ . ئېپىدە لايىق بولسا......
— مەن ئۇنىڭغا بىرسىنى لايىق كۆرۈۋىدىم .
— ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن كىشىگە مېنىڭ تاش چىشلەيدىغان يېرىم يوق ، — ھاۋاز ئاخۇن شۇنداق دېدى- يۇ ، چىرايى «لاپپىدە» ئۆڭۈپ ، ئالدىراش قوشۇپ قويدى ، — بالىمىز رازى بولسا ، بىزدە گەپ يوق ، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، ھازىر «نىكاھ ئەركىنلىكى» دەيدىغان گەپ بار .
— ھا - ھا - ھا !......ھاۋاز ئاخۇن ، مانا مۇشۇنداق يەرلىرى يارايدۇ- دە ، ماڭا !—مۇسلىم ئاكا ئۇستىرىدا پاكىز قىرىلغان ئېڭە- كىنى سىلىۋېتىپ ، ئاپئاق بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويدى ، كۆڭۈللىرىدە مېنى «نىكاھ سودىسى قىلغىلى كەپتۇ» دەپ ئويلاپ قاپلا- دە ؟
— يوقسۇ...... ئەمدى......بۇ كۈنىنىڭ ياش باللىرى......
— توغرا ئېيتتىلا ، ئۇلارنىڭ رايىغا باقماي بولمايدۇ ، — ئۇ سەل توختاپ قوشۇپ قويدى ، — «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەيدىغان گەپ بار . كۆڭلۈمدىكىنى دەپ باقسام......
— دېسىلە ، دېسىلە !
— مىرزىمەت ئاخۇننىڭ ئوغلى قۇتلۇق ئاخۇن ئەدەپ - ئەخلاق- لىق ، شۇدى بار بالا بولدى ، — مۇسلىم ئاكا قۇتلۇقنى بىرمۇنچە تەرىپلىگەندىن كېيىن ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەتتى ، — ئاخشام ئۇيياندىن - بۇياندىن گەپ ئېچىپ ، زەيتۇنەمنىڭ ئېتىنى چىقار- سام ، پىلىكتەك يۇمشاپلا كەتتى . شۇڭا ، سەھەردىلا ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كەلدىم .
تەڭرىنىڭ بۇ ئويۇنلىرىغا بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىنىۋاتقان ھاۋاز ئاخۇن دەرھال بۇ «بەخت ئەلچىسى»نىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ : «ھېلىغۇ بىر زەيتۇنەم ئىكەن ، ئون زەيتۇنەم بولسىمۇ ، قۇتلۇق ئاخۇنغا تۇت-

تۇم !······ »دەپ ۋارقىرىۋەتكەنمۇ بولاتتى ، ئەمما ئۆزىپ - ئادەتنى يادىغا ئېلىپ ، مۇجمەلرەك قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئۆزلىرى ئېغىز ئاچقان ئىشقا مەن نېمە دەيتتىم ؟ ئاۋۋال بالىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىر گەپ ئاڭلاپ باقساق ئوبدانراق بولارمىكىن ؟

— شۇنداق قىلىلى ، مۇسلىم ئاكا ئورنىدىن تۇردى ، — ئەمىسە مەن ئەتە يەنە بىر كېلەي ، ئاڭغۇچە سىلى ھۆسنەرىخان ئارقىلىق زەيتۇنەمنىڭ گېپىنى ئېلىپ باقسىلا ، خۇداۋەندى كېرىم بۇ ئىككى بالىنىڭ يۇلتۇزىنى بىر - بىرىگە قوشقان بولسا ، لەۋزىمىزنى ئىلىك ئېلىپ قالار .

— ئىنشائاللا ، دېگەنلىرىدەك بولار .

ئۇلار خوشلاشتى .

زەيتۇنەمدىن گەپ ئالالماي ئىككى ھەپتە ئۆتتى ، مۇسلىم ئاكىمۇ قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن تۆت قېتىم كىرىپ ، تۆت قېتىم چىقتى ، بۇنى ئىنس - جىن تۇيمىدى . ئۇ بەشىنچى قېتىم كەلگىنىدە زەيتۇنەمنىڭ رازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى . ئۇ ھەممە ئىشنى بىراقلا پۇتكۇزۇپ قايتىش نىيىتىدە ، تويلۇق ۋە توي كۈنى ھەققىدە گەپ ئاچقانىدى ، ھاۋاز ئاخۇن :

— تويلۇق دەملا ؟ قۇتلۇق ئاخۇننىڭ بىزگە بالا بولغىنىدىنمۇ ئارتۇق تويلۇق بولامدۇ ؟ زەيتۇنەمنىڭ سەپ - سىرىقىنى ئانىسى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان . ئاش - سۈيىگە كېتەرلىك ئامادا ئۆيىمىزدە بار . قۇتلۇق ئاخۇنغا بىر قېتىم يېپ ، بىر سىقىم دان سېلىق سالمايمىز . ئاندىن قالسا ، ھە······قۇتلۇق ئاخۇن خاتىرجەم بولسۇن ، گېپىمىز گەپ ، توينى چوقۇم قىلىمىز . ئەمما ، يەنە ئاز كۈن سەۋر قىلساق ، مىرزىمەت ئاخۇنمۇ يۇرتقا ئۇنۇپ قالار······تويدا ئۆزى باش بولۇپ تۇرۇپ بەرسە ، ئەھلى يۇرت ئالدىدا بىزگىمۇ ، قۇتلۇق ئاخۇنغىمۇ ئوبدان بولارمىكىن ؟

بۇ مەسلىھەت مۇسلىم ئاكىغا ماقۇل كەلدى ، ئەمما قۇتلۇق قوشۇلمىدى . ئۇنىڭ غەرىزى — دادىسىنى بىر بويتاق پادىچىنىڭ

ئۆيىدە ئەمەس ، بەلكى توققۇزى تەل ، بەختلىك ئائىلىدە كۈتۈۋېلىش ئىكەن . دەسلەپ هاۋاز ئاخۇن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ، خېلى كۆپ تېرىكەشتى . مۇسلىم ئاكىنىڭ قايتا - قايتا چۈشۈندۈرۈشى ، مىرزە-مەت ئاخۇن ياكى ئەھلى يۇرتتىن ھەرقانداق گەپ چىقسا ، پۈتۈن جاۋابكارلىقنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مەيدىسىگە مۇشتلىغاندىن كېيىنلا ، هاۋاز ئاخۇن نائىلاج ماقۇل بول-دى . ئەمما ، ھېچقانداق داغدۇغا قىلمايلا ، ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن 10 — 15 كىشىنى ئۆز ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلىش ، ئاخىرىدا ئۇلارغا ئەسلىي مۇددىئانى ئېيتىپ ، پاتىھە ئوقۇتۇش ، مىرزىمەت ئاخۇن قاچان يۇرتتا پەيدا بولسا ، ھەممە چىقىم-نى ئۆزى قىلىپ ، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە چىڭ تۇردى .

قۇتلۇق بۇ تەلەپكە نائىلاج كۆندى . توي خېتى داۋراڭسىزلا ئېلىندى . بۈگۈن نىكاھ ئوقۇلىدىغان كۈن ئىدى . مېھمانلار ئاللىقا-چان كېلىپ بولغان بولسىمۇ ، «توي ئىگىسى» مۇسلىم ئاكا بىلەن كۈيئوغۇل قۇتلۇق تېخىچە كەلمىگەنىدى . شۇڭا ، هازىرغىچە داستى-خان سېلىنمىغان ، ھەتتا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇمۇ بېرىلمىگەنىدى . مانا ئەمدى......

— هاۋاز ئاكا ، مۇبارەك بولسۇن ! تويغا قوپۇشۇپلا......— دۇئادىن كېيىن ، سېكرېتارنىڭ ئۇشتۇمتۇت قىلغان بۇ گېپى هاۋاز ئاخۇننى قاتتىق مەڭدەتتى . ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن مېھمانلارمۇ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىشتى ،ھەتتا بەزىلىرى ئاغزىنى بىر-بىرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ نېمىلەرنىدۇر كۇسۇلدىغىلى تۇر-دى .

مۇسلىم ئاكا تۆرنىڭ كاللىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ، ھەممەيلەنگە تەبەسسۇم قىلاتتى .

ئاخىر ، هاۋاز ئاخۇن تىلغا كىردى :

— قۇللۇق......

سېكرېتار چاقچاق قىلدى :

— ئاڭلىسام ، «يەرلەرنى قولىمىزغا ئېلىپ پايدا - زىيىنىمىزغا

ئۆزىمىز ئىگە بولىدىغان بولدۇق ، ئەمدى سېكرېتار ، دادۇيجاڭ دېگەن-
لەر قانچىلىك بىرنېمىتى » دەپ ، بىزنى تويغا ئېيتماپتىكەنلا ، «ئۆ-
گەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە» دېگەندەك ، مۇسلىم ئاكىدىن بۇ
خەۋەرنى ئاڭلاپلا نەپسىم تاقىلداپ ، ئۇدۇل بۇ يەرگە ئۇچتۇم ، قانداق ؟
مېنى مېھمانلار قاتارىدا قارشى ئالامىلا ، يا ؟

ھاۋاز ئاخۇن شۇنداق ئۇسال ئەھۋالدا قالغانىدىكى ، شۇ تاپتا ئۇ-
نىڭغا ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق كەلمەكتە ئىدى . خىجالەتچىلىكتە
تىلى گەپكە كەلمەيتتى ، مۇسلىم ئاكىغا يەر ئاستىدىن تىكىلگەن
كۆزلىرى غەلىتە چاقنايتتى .

ئاخىر سېكرېتارنىڭ ئۆزى ئۇنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى :

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، ھاۋاز ئاكا !— دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتال-
ماي قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — يولۋاستىن قورقۇپ كەتكەن توشقاننىڭ
كۆزىگە مۇشۇكمۇ يولۋاس كۆرۈنگەندەك ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى
قورقۇنچ يۈرەكلىرىدىن تېخىچە چىقىپ كەتمەپتۇ- دە ؟ ! قورقمىسىلا
ئاكا !— ئۇ كۆپچىلىككە بۇرۇلۇپ سورىدى ، — قانداق دېدىم- ھە ،
كۆپچىلىك ؟

— توغرا ئېيتتىلا ، سېكرېتار !

— مۇشۇ كۈندىمۇ قورقۇنچاقلىق قىلىپ ، يەڭ ئىچىدە قىز
چىقىرىمەن دېگەنلىرى پەقەت ئەپلەشمەپتۇ ! سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىپ
قېلىشى ، كادىرلارنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەملا ،يا ؟

بۇ گەپ ھاۋاز ئاخۇننىڭ دەل ئېچىشقان يېرىنى يەنە بىر قېتىم
تاتىلىۋەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكىلىپ ، تۇكۇ-
رۇكىنى بىر يۇتۇۋالدى- دە :

— ئەمدى——······ دەپ پىچىرلىدى .

— بولدى ، ھاۋاز ئاكامنى خىجىل قىلىۋەرمەيلى !— سېكرېتار
كۈلكىسىنى تەسلىكتە بېسىپ ، ھاۋاز ئاخۇنغا مەنىلىك قاراپ قويدى ،
— سىلىگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتسام ، سۆيۈنچىسىگە نېمە بېرىلا ؟

«خۇش خەۋەر » دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھاۋاز ئاخۇننىڭ رەڭگىگە
قان يۈگۈرۈپ ،كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى .

— ئۆزلىرىدىن سۆيۈنچە ئايلانسۇن ، سېكرېتار !— دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا ، — بىساتىمدا بارنىڭ ھەممىسىنى تۇتتۇم !

— پاھ ...... ھاۋاز ئاكامنىڭ نوچىلىقىنى كۆرۈشلىمۇ !— سېكرېتار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — بىساتلىرىدىكىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىۋېتىپ ، ئۆزلىرى قۇتۇلدۇرۇشقا تايىنىپ جان باقاي دەملا ؟ مۇنداق قىلىلى : ئاۋۋال مەن خۇش خەۋەرنى ئېيتىپ باقاي ، كۆڭۈل- لىرىگە ئەرزىپ قالسا ، سۆيۈنچىسىگە كۆپچىلىك بىرنېمە پىچىپ قوي- سۇن ، بولامدۇ ؟

— تازا بەلەن گەپ بولدى !

— قېنى ئېيتسىلا ، سېكرېتار !

كۆپچىلىكنىڭ كەيپى چاغ ئىدى . ھاۋاز ئاخۇننىڭ شادلىق ئۇچ- قۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى سېكرېتارغىلا تىكىلگەن بولۇپ ، ئۇ كۆزلەردىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى .

ئىككى جۈپ كۆز ئۇچراشتى . ئىككىلى جۈپىدە تەبەسسۇم ، ئىك- كىلى جۈپىدە سىنچى نەزەر .

ئاخىر سېكرېتار كۆكرەك يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقى- رىپ ، ھاۋاز ئاخۇنغا ئۇزاتتى :

— شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇندىن كەپتۇ .

— شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇندىن كەپتۇ ؟ !— ھاۋاز ئاخۇن تىزلانغان پېتى سېكرېتارنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى . يوپيۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەتنى ئالدى- يۇ ، لېكىن نېمىشقىدۇر سېكرېتارنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىك نەزەرى بىلەن تىكىلدى .

— ئۇكام ، راست گەپ قىلىۋاتامىلا ؟...... شېرىپ بىلەن زېرىپ راستىنلا ھاياتمىكىن ؟ !

— نېمىشقا ھايات بولمايدۇ ؟ !— سېكرېتارنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، — ھايات بولمىسا ، ئۇلاردىن خەت كېلەمدۇ ؟

— ۋاي ئوبدان سېكرېتار ، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن ، دۆ- لەتلىرىنى زىيادە قىلسۇن !— ھاۋاز ئاخۇن سېكرېتارنىڭ قوللىرىنى كەينى - كەينىدىن سۆيۈپ ، يۈزلىرىگە سۈركەپ ، كۆز ياشلىرى بىلەن

يۈياتتى ، — كۆكلەپ ـ ياشناپ ، مىڭ ياشقا كىرسىلە ئىلاھىم !مەن : «بۇ يىل نېمىشقا ھويلىمىزدىكى تېرەككە سوپىسوپىيالاڭ ئۈۋا سالدى- كىن» دېسەم ، ئەسلىدە مۇشۇ گەپ ئىكەن- دە !...... ۋاي جېنىم باللىرىم ، ۋاي جېنىم قوزىلىرىم !— ئۇ بىردىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى- دە ، بېشىنى ئىشىك تەرەپكە بۇراپ ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقى- رىدى ، — ئانىسى ، ھوي ئانىسى ! ئىتتىك بولۇڭلا ! زەيتۇنەم ، قېنى سەن ؟ بول ئىتتىك !

بېشىغا ئاق داكا رومال سېلىپ ، بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنى قىيا دالدا قىلىۋالغان ھۆسنەرىخان بوسۇغىدا پەيدا بولدى :

— مانا مەن ، نېمە دەيلا ؟

— بولۇڭلا ، زەيتۇنەمنى قىچقىرىڭلا ، — ھاۋاز ئاخۇن تېخىچە ھاياجىنىنى باسالمىغانىدى ، — ئاكىلىرىدىن خەت كەپتۇ !

— نېمە دېلە ؟ ئاكىلىرىدىن خەت كەپتۇ ! شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇندىنمۇ ؟

— ھەئە ، بولۇڭلا ، زەيتۇنەمنى توۋلاڭلا ! ئۇمۇ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسۇن !

— ۋاي ، جېنىم بوتىلىرىم ! تىرىك ئىكەنسىلە قوزىلىرىم ! زەيى- تۇنەم ، بول تاتلىق قىزىم ! ئاكىلىرىڭدىن خەت كەپتۇ !

ھۆسنەرىخان ھۇقىيتىپ يىغلىغىنىچە ، ئايۋاندا بىردەم ئالدىغا مېڭىپ ، بىردەم كەينىگە يېنىپ ، بىرھازا تەمتىرىگەندىن كېيىن ، ئاخىر زەيتۇنەمنى يىتىلەپ ، سارايىنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولغان چاغ- دا ، خەت قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، مۇسلىم ئاكىنىڭ قولىغا كېلىپ توختىغانىدى .

— ئوقۇسىلا ، جېنىم ئاكا !— ئەر ـ خوتۇن تەڭلا مۇراجىئەت قىلىشتى . ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى خامىپىدىن چۈشكەن قوناقتەك ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دومىلايتتى .

مۇسلىم ئاكا خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى . ئۆي ئىچى پاشا ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە سۈكۈتكە چۆمگەنىدى .

قوشكۆل پارتىيە ياچېيكىسى نامىغا يېزىلغان بۇ خەتتە شېرىپ

بىلەن زېرىپ يۈرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن خوشۇت ناھىيەسىگە بار-
غانلىقى ۋە ھازىرغىچە شۇ يەردە ساق ـ سالامەت ياشاۋاتقانلىقى ، ئۇ
يەردىكى كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىر ـ
بىرلەپ بايان قىلىنغاندىن كېيىن ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ
ھايات بار ـ يوقلۇقى سورالغان ، ئاندىن ئەگەر داۋۇي رەھبەرلىكى
ئۆزلىرىنىڭ يۇرتتىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن «گۇناھى»نى ئەپۇ قىد-
لىپ ، بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىدىغان بولسا ، پات ئارىدا قوشكۆلگە
قايتىپ ، ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇشنى بەكمۇ
ئارزۇ قىلىدىغانلىقى...... يېزىلغانىدى .

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆيدە يەنە بىر قېتىم يىغا ـ
زار كۆتۈرۈلدى ، ئەمدى مېھمانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىمۇ كۆز يېشى
قىلىشماقتا ئىدى .

— ھاۋاز ئاكا ، — دېدى سېكرېتار مەنىلىك كۈلۈپ ، ئۇنىڭ
ئاۋازىدا چاقچاق تەلەپپۇزى بار ئىدى ، — قانداق ؟ ئەمدى ماڭا ئات
مىندۈرەملا ؟ يا پىيادە كېتەمدىمەن ؟

— مىندۈرمەمدىغان ؟ جېنىم سېكرېتار ، مىندۈرمەن ؟ جېنىم
تېنىمدە ئامان بولسا ، ئۆزلىرىگىلا ئەمەس ، بىزگە باشپاناھ بولۇۋاتقان
كادىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە مىندۈرىمەن !

ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى .

— مېنىڭ نېسىدىن تەلىيىم يوق ،— دېدى سېكرېتار كۈلۈپ ،
— ھازىرلا بىر ئات مىنىپ ، بوسۇغىلىرىدىن ئاتلىق چىقىپ كەتمىسەم
ھېساب ئەتمەيمەن !

ھاۋاز ئاخۇن مەيدىسىگە ئۇردى :

— گېپىم گەپ ! سىلىنى بوسۇغامدىن ھەرگىزمۇ پىيادە چىقىرى-
ۋەتمەيمەن !

— ھا ـ ھا ـ ھا- !......مانا بۇ گەپلىرى تازا جايىدا بولدى ،
ھاۋاز ئاخۇن !

— مۇنداق قىلايلى ، — دېدى سېكرېتار ، كۆپچىلىك سەل بې-
سىققاندىن كېيىن ، — ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ نەسرىدىن ئەپەن-

دىمىنىڭ بىر ئېغىز ياخشى مەسلىھەتىنى مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتىكەن ، مەنمۇ بىر ئېغىز مەسلىھەت بەرسەم قانداق دەيلا ؟

— مىڭ مەررە «ماقۇل» دېمەمدىغان ! قېنى ئېيتسىلا ، سېكرېتار .

— مۇنداق گەپ ، — دېدى سېكرېتار جىددىي تەلەپپۇزدا ، — باياتىن شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇنغا پارتىيە ياچېيكىسى نامىدىن خەت يېزىپ ، گۇڭشېنىڭ پوچتىكىشىدىن بېرىۋەتتىم .

— ئەجەب ئوبدان قىپلا ، خۇدايىم بىر جانلىرىغا مىڭ جان بەرسۇن ، سېكرېتار !

— بەك كېچىكىپ كەتسىمۇ ، ئۇ باللار ئون - ئون بەش كۈن ئىچىدە كېلىپمۇ قالار .

— دېگەنلىرىدەك بولار ، ئىلاھىم !

— بۇ — بىر گەپ ؟ يەنە بىرسى ، قۇتلۇق ئاخۇن مىرزىمەت ئاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلى .

— شۇنداق !

— مانا بۈگۈن شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇننىڭ خەۋىرى كەلدى ، كىم بىلىدۇ ، يەنە نەچچە ۋاقىت ئۆتسە ، مىرزىمەت ئاخۇندىنمۇ بىر ئۇچۇر بولۇپ قالامدۇ .

— شۇنداق !

— شۇڭا ، بۈگۈنكى چايلىرىنى ماڭا بېرىدىغان سۆيۈنچىگە ئاتىۋېتىپ ، تويغا يوغانراق تەييارلىق قىلغانلىرى تۈزۈكمىكىن ؟

— ئەجەب بەلەن گەپ قىللا ، سېكرېتار !

— ھەر ئىككى ئوغۇل ھەم قۇدا تويىنىڭ تۆپىسىدە تۇرسا ، توي شۇ چاغدا قىزىيدۇ ، تازا !

— تېخى ، سېكرېتارمۇ تۆپىدە تۇرۇپ ئاتا بولۇپ بېرىدۇ !

— ......

— يۈرىكىمدىكى گەپنى قىللا ، سېكرېتار ! — دېدى ھاۋاز ئاخۇن تىترەپ ، — ئادەمگە بىر ئوغۇلنى چوڭ قىلىپ ، تويىنى كۆرمەسلىك-تىنمۇ يوغانراق ئەلەم بولامدۇ ؟ ! مىرزىمەت ئاخۇن مېنىڭ كاساپىـ

تىمدىن يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن .مەن······— ئۇ مۇسلىم ئاكى-
غا يەر ئاستىدىن نەزەر تاشلىغاچ ، سەل دۇدۇقلىدى ، — مەن بۇ
گەپنى مۇسلىم ئاكامغا دېسەم······

— مېنىڭ ھەممىدىن خەۋىرىم بار ، — سېكرېتار ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلدى ، —شۇڭا ئۆزۈم كەلدىم······

— رەھمەت ، سېكرېتار .

— رەھمەتنى كېيىن دەيلا ، تېخى ! ئەمىسە گېپىمىز گەپ بول-
سۇن ، ئۈچ توينى بىرلا ۋاقىتتا قىلىمىز .

— ئۈچ توي ؟

كىمدۇر بىرى ھەيران بولۇپ سورىغانىدى ، سېكرېتار كېسىپلا
جاۋاب بەردى :

— ھەئە ! بىرىنچىسى ، قۇتلۇق ئاخۇن بىلەن زەيتۇنەمنىڭ تويى ؛
ئىككىنچىسى ، بالا - چاقا ، قۇدا - باجىلارنىڭ ئۇچرىشىش چېيى ؛
ئۈچىنچىسى ، ھە ، ئۈچىنچىسى ، ئۆزلىرىنىڭ ئون نەچچە يىللىق
توقى- لەنەتتىن قۇتۇلۇپ ، يۇرتداشلارنىڭ قوينىغا كىرگەنلىكلىرىنىڭ
خۇشاللىق چېيى······مانا بۇ ئۈچ توي بولماي ، نېمە ؟ !

— خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن ، سېكرېتار !

— يېڭى سىياسەتنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش تويىنىمۇ قو-
شۇپ ، تۆت توي قىلىۋېتەيلى !

— ھەببەللى !······بۇمۇ جايىدا گەپ بولدى !

كۇلكە - چاقچاقلار بىلەن بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى .
مېھمانلارغا تېخىچە داستىخان سالمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان ھاۋاز
ئاخۇن ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلەنگىنىچە ئۆرە تۇرغان ھۆسنەرىخان-
غا قاراپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى :

— خوتۇن ، بولۇڭلا ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ تەييارلاڭلا !

## ۋىسال پەيتىدىكى مۇسىبەت

سېكرېتارنىڭ مۆلچىرى خاتا چىقمىدى : دەل ئون بەشىنچى كۇ-

نى ، شەھەرلىكلەردەك كىيىنىپ ، بىلىكىگە قىممەت باھالىق سائەت-
لەرنى تاقىۋېلىشقان شېرىپ بىلەن زېرىپ قوشكۆلدە پەيدا بولدى .
قاپاق تېرەكلىك ھويلا ئەمدى شاد - خۇراملىققا تولدى . ياقا يۇرتتىكى
سەرسان - سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۆز يۇرتى ، ئۆز
ماكانى ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىغا قايتىپ كەلگەن بىر جۈپ
ئوغۇل بىلەن دىدارلاشقىلى كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان ، يۇرت - مەھەل-
لە ، يار - بۇرادەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . بۇ ھال ھاۋاز ئاخۇن
بىلەن ھۆسنەرىخاننى شۇنداق خۇشال قىلىۋەتتىكى ، بىر ھەپتە ئىچىد-
دىلا ئىككى بورداق قويىنى سويۇۋەتتى . زەيتۇنەم بىلەن نىساخان كۈن
بويى قازاننى ئايلىنىپ ، ئوچاق تۈۋىدىن قوپمايتتى . ھاۋاز ئاخۇن
بىلەن ھۆسنەرىخان مېھمان كۈتۈپ ، مېھمان ئۇزىتىپ ، قونۇپ قالغان
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ، تاڭ ئېتىپ كەتكىنىنىمۇ
تۇيماي قېلىشاتتى . ئۇيقۇسىزلىق ، ھارغىنلىق بۇ ئائىلە كىشىلىرى-
نىڭ پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرىنى يەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ۋىسال
شادلىقى ئۇلارغا پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى .
قىسقىسى ، قاپاق تېرەكلىك ھويلا ئەمدى بىر چاغلاردىكى كۆز يەتكۈ-
سىز ئېتىزلىقلار ئوتتۇرىسىدا يەككە - يېگانە چوقچىيىپ تۇرىدىغان ،
ئايدا - يىلدىمۇ ئادەم قەدىمى يەتمەيدىغان مۇساپىرنىڭ قەبرىسىدەك
مىسكىن ۋە جىمجىت ئەمەس ئىدى . بۇ ھويلا كىشىلىرى ئىلگىرى
مەھكۇم بولغان نەرسىنى يىراق - يىراقلارغا چۆرۈۋېتىپ ، مەھرۇم
بولغان نەرسىسىگە تەلتۆكۈس ئېرىشكەنىدى !

ئەمما ، دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن مۇرەككەپ ، تەڭرىنىڭ
ئويۇنلىرى تېخىمۇ قىزىق بولىدىكەن : يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى
سەل ئۈزۈلۈپ ، قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ ئىگىلىرى يالغۇز قالغان
بىر ئاخشىمى ، كەچلىك تاماقنىڭ داستىخىنى يىغىلىش ئالدىدا ، شېـ-
رىپ ئاخۇن ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەنگە ۋاكالىتەن ، ئاپئاق ياغلىققا
ئورالغان بىر دەستە پۇلنى داستىخانغا قويدى- دە :

— دادا ، ئانا ، ئاز بولسىمۇ تاپقىنىمىز مۇشۇكەن ، دۇئا قىلىڭ-
لار !— دېدى .

بۇ پۇللار شىرىپ بىلەن زىرىپ ئون يىلدىن بۇيان يىغقان 10 نەچچە مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىدى .

ئاتا - ئانا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ۋە بەختىنى تىلەپ ، ئۇزاقدىن- ئۇزاق دۇئا قىلىشتى . ئاخىرىدا ، مۇشۇ بازار كۇنى بىردانە تورپاق ، 10 چارەك گۇرۇچ سېتىۋېلىپ ، پۇتۇن دادۇيگە نەزىر بېرىشنى مەسلىھەت قىلىشتى .

تورپاق قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىگە باغلىنىپ ، تۇغقانلار مەسلىھەتكە چاقىرىلغان كۇنى سېكرېتار ھەممىدىن كېيىن كەلدى . كىم بىلسۇن ، مەسلىھەت پىشىپ ، ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا خىزمەت تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، سېكرېتار غەلىتە بىر تەكلىپنى ، يەنى مۇشۇ نەزىرنى زەيتۇنەمنىڭ تويىغا ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى . بۇ تەك- لىپ ھاۋاز ئاخۇندىن باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى .

— قۇتلۇق ھازىر چارۋىلىرىنى باشقۇرالماي ، ناھايىتى تەس كۇن- گە قېلىۋاتىدۇ ، — دېدى سېكرېتار چۈشەندۈرۈپ ، — كۇندۈزى جاڭگالغا ئاپىرىپ بېقىش ، ئاخشىمى ھەلەپ ئېتىش ، يەم - بوغۇز سېلىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ بولالماي ، ئون جېنىنىڭ بىرى قېلىۋاتىدۇ . ئەگەر زەيتۇنەم ئۇنىڭغا ياردەملەشسە ، بۇ جاپالارنى ئىك- كىيلەن تەڭ تارتىپ ، راھىتىنىمۇ تەڭ كۆرىدۇ . كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، مىرزىمەت ئاكام كېلىپ قالسا ، ئوغلىنىڭ بېيىپلا قالماي ، گۇلدەك چىرايلىق چوكانغىمۇ ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ھەممە خاپى- لىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالار .

بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ :

— تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ ۋاقتىدا سېكرېتار ، دادۇيجاڭلىرى- مىز ئەتىگەندە بەرگەن ۋەدىسىدىن ئاخشىمى يېنىۋالاتتى . ھازىر ئاشۇ كونا كېسەللىرى يەنە قوزغىلىپ قالدىمۇ-نېمە سېكرېتار ؟ ! — دېگەنىدى ، ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى ، سېكرېتارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ، كۆزلىرىدىن ياش چىققىپ كەتكۇچە كۇلدى . ئاندىن :

— توغرا ئېيتتىڭلا ، راستتىنلا كونا كېسىلىم قوزغىلىپ قالدى . ئەمما ، شۇنىمۇ دەپ قوياي : بۇ قېتىم ئاران بىر ئېغىزلا گېپىمدىن

يېنىۋالدىم . قالغان گېپىم يەنە جايىدا ، ئىنساب بىلەن گەپ قىلىڭ-
لار ، تۆغقانلار !
شۆنداق قىلىپ ، نەزىر تويغا ئۆزگەردى .
بۆگۆن — توي كۆنى ئىدى . ئەر مېھمانلار چۆشكە يېقىن ئاران
ئۆزاپ بولدى . توي بېشى — سېكرىتار ۋە ئەتىگەندىن بېرى نەغمە
قىلىپ ، قاپاق تېرەكلىك ھويلىدىن چاڭ چىقىرىۋەتكەن دادۆي مەدەنى-
يەت پونكىتىنىڭ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ۋە باشقا خالىس خىزمەت
قىلغۆچىلار ئايۋانغا يىغىلىپ «تۆغقان ئېشى» يېيىشكە ئولتۆردى .
سېكرىتار ئەمدى تېخى لېگەنگە قول ئۆزىتىشىغا ، دادۆينىڭ ئامانلىق
ساقلاش ھەيئىتى ئالدىراش كىرىپ كەلدى- دە ، ئۆنى گۆڭشېدىن
چاقىرىپ تېلېفون كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى . سېكرىتار
كۆپچىلىكنى داستىخاندىن قوزغالماسلىققا دەۋەت قىلىپ ، ئالدىراش
ئورنىدىن تۆردى .
ئايالللارنىڭ ئەزەلدىن شۆنداق جېدىلى تولا بولامدۆ ياكى بۆگۆنكى
تويدا شۆنداق جېدەلخور بولۆپ كەتتىمۆ ، ھېچقايسىسىنىڭ ئاغزى
بېسىلمايتتى . كىمنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايت-
تى . بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۆدەك ۋارقى-
رىشاتتى ، قاقاقلاپ كۆلۆشەتتى . بىر - بىرىنى نوقۆشۆپ ، چىمدى-
شىپ ، چىرقىرىشاتتى . ئۆلارنىڭ قىيا - چىياسى ئۆنئالغۆدىن ياڭرا-
ۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەنىدى .
ئەسلىي تاماشا ئوغۆل تەرەپنىڭ مېھمانلىرى كېلىپ ، ئاش تار-
تىپ بولغاندىن كېيىن چىقتى : دەسلەپ ھەممەيلەن ئايۋاننىڭ ئىككى
سۆپىسىغا يىغىلىپ ، قوشكۆللۆك قوشاقچى ھەشىخان «راۋاب» چال-
غان پەدىلەرگە ئۆسسۆل ئويناپ ، «ئۆرۆمە» قىلىشتى . تېخى توي
كىيىملىرى كىيدۆرۆلمىگەن زەيتۆنەممۆ ئۆسسۆلغا تارتىپ چىقىلدى .
بۆ چاغدا ھەشىخان «راۋاب» نىڭ ئالدىدىكى پەتنۆسقا يەنە نەچچە دانە
بەش كويلۆق ، 10 كويلۆق پۆللار قوشۆلدى . خۆشاللىقتىن كۆزلىرى-
گە ياش تولغان ھۆسنەرىخان ئوتقاشتەك ۋالىلداپ تۆرىدىغان بىر
كىيىملىك خاڭجۆ دۆخاۋىسى ، نىساخان بىر كىيىملىك كاۋا چېچىكى

ئەنگىلىشىم ، قوتلۇق ئاخۇننىڭ ھاماچىسى زىۋىدىخان بىر كىيىملىك شاپتۇل چېچىكى شىفىڭ تاۋارنى زەيتۇنەمنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ، ھەشىخان «راۋاب»نىڭ ئالدىغا قويىدى ۋە زەيتۇنەمگە جور بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ، ئايۋاننى بىر - ئىككى قېتىمدىن ئايلىنىشتى .

كېيىن جىگدىلىكنىڭ قوشاقچىسى لەيلىخان «ۋات - ۋات» بىلەن ھەشىخان «راۋاب» قوشاق ئېيتىششىتا بەس - بەسكە چۈشتى . بۇلار ھەر ئىككىسى 50 ياشتىن كەم ئەمەس ئىدى . لەيلىخان بىلەن ھەشىخان سۇپىدا بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشاتتى . ھەرقايسى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى بەزىلىرى ئولتۇرۇشقان ، بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇشقان ھالدا ئۆز قوشاقچىلىرىنى چۆرىدىۋېلىشقانىدى . ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇلاردا ، قۇلىقى ئاغزىدا ئىدى .

ئىشنىڭ «بىسمىللاسى» مۇنداق باشلاندى :

— قېنى ، لەيلىخان ، — دېدى ھەشىخان ، — خېنىم ، ئىككى ئېغىز بىرنېمە دېمەملا !

— ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن كەلسۇن !

— سىلى دېگەن ئوغۇللۇق ، ئۆزلىرى باشلاپ بەرمىسلە ، بىز قانداق بىرنېمە دېيەلەيمىز ؟ !

— قىزلىق دېگەن خان كۆۋرۈكى ، خان كۆۋرۈكىدىن خان ئۆزى باش بولۇپ ئۆتۈپ بەرمىسە ، پۇقرا قانداق ئۆتەلەيدۇ ؟ !

— پۇقرا بولمىسا ، خان كىمگە خان بولىدۇ ؟ «خاننىڭ ھۆرمىتى پۇقرا بىلەن» دېگەن گەپ بار . ئۆزلىرى بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ بوسۇغىمىزغا كەپلا ، ئۆزلىرىنى ھۆرمەت قىلىپ تۆرگە باشلىمىساق سەت تۇرار !

— ئەستا...... نېمانداق ناز قىلىدىغاندۇ . ماۋۇ خوتۇن !

— ئاز - تولا ناز قىلمىسىچا ، ئادەمنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ خېنىم ! ئانىلىرى سىلىگە ناز قىلىشنى ئۆگەتمىگەنمىدى ؟

— ۋاي ئۆلەي...... نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ سەت چوقۇر !

— «سەتنىڭ ھالى يامان ، چىرايلىقنىڭ دەردى» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىلە ؟ ئاز - تولا ھالىمىز بولمىسىچا ، سىلىدەك چىراي-

لىق ئاشىق ھۆرىلقالار بىردەمدە ئادەمنى كەشمگە پېتەك قىلىۋالىدۇ ، خېنىم !

— مەنمۇچا ، بۇ يەرگە كەشمگە پېتەك ئىزدەپ كەلگەن . ئۆزلىرىنى پېتەك قىلمىسام ، ئاخشامىلىققا ئۆيۈمگە قانداق كېتىمەن ؟ !

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان سېرىق ئاسلان ، تېخى مېنى «كەشمگە پېتەك قىلىمەن» دەۋاتقىنىنى قاراڭلار ، كۆپچىلىك ! كىمنى كىم كەشگە پېتەك قىلىدۇ ، ھېلى كۆرىمىز تېخى !

خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان كۈلكە - چاقچاقلاردىن كېيىن ، لەيلىخان دەس ئورنىدىن تۇردى- دە ، قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ ، قوشكۆللۈك مېھمانلارغا مەغرۇر تىكىلگەچ ، بېشىدىكى كەمچەت تۇمىقىنى چېكىسىگىرەك سۈرۈپ قويدى ۋە قولىقىدا ھارۋىنىڭ چاقىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان كۈمۈش زىرىسىنى تۈزەشتۈردى . ئاندىن :

— قانچە - قانچە ئاچ كۆز شىر - يولۋاسلارنىڭ چاڭگىلىدىن زەيتۇنەمدەك بىر ئاينى يۇلۇپ ئالالىغان ئادەم ھەشىخاندەك ئۆلۈكى داۋان قېرىدىن قورقامدىكەن ! ؟ ئىززىتىنى بىلمىگەن سەت چوقۇرنى بىر چوقۇپلا «ۋاك...... »دېگۈزمىسەم ، «ۋات - ۋات» دېگەن ئېتىمنى بوغۇزلاپ ، خامتالاش قىلىۋېتەرمىنا !

يەنە بىر قېتىم كۈلكە كۆتۈرۈلدى . ھەممىدىن بەكرەك ھەشىخان كۈلدى . لەيلىخان كۈلمەستىن ، گېلىنى قىرىپ يۆتىلىۋالدى- دە .

— ئەمىسە ،ئوڭ قولاق ، سول قولاق ئاڭلاپ تۇرۇشسىلا ، — دەپ قويۇپ ، ماۋۇ بىر كۇپلېت قوشاقنى ئېيتتى .

جىگدىلىكنىڭ قىزلىرى ،
جىگدىدە باغ ئېتىدۇ .
غازىڭىدا قوي بېقىپ ،
ئاغزىنى ياغ ئېتىدۇ .

جىگدىلىكنىڭ چوكان - جۇۋانلىرى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . قوشكۆللۈكلەر بولسا زورىغا كۈلۈمسىرەشتى .

— قېنى ، ھەشخان ، نۆۋەت ئۆزلىرىنىڭ !
— ئوبدان ، ئەمىسە ئاڭلاپ تۇرسىلا :

جىگدىلىكنىڭ قىزلىرى ،
ئۆزىنى داڭ ئېتىدۇ .
بورىدا ئىشتان كىيىپ ،
كۆلىدا باغ ئېتىدۇ .

— ۋاي ئۆلەي ، ۋاي ئۆلەي !...... «ئۆزى سەتنىڭ گېپى سەت» دەپ ، بۇ چوقۇرنىڭ ئەسكىلىكىنى !
— ھى - ھى - ھى !......
ھەشخان لەيلىخان بىلەن يېڭىباشتىن بەسكە چۈشتى .
ھەشخان :

بىر ئۆۋىدا چوڭ بولغان ،
كاككۇك بىلەن غورىلاي .
قوش كۆللۈكنىڭ قىزلىرى ،
ئون بەش كۆنلۈك تولۇن ئاي .

قوشكۆللۈك مېھمانلار :
— تازا جايىدا گەپ قىللا ھەشخان !
— خۇدايىم دەرد بەرمىسۇن !
—......
لەيلىخان :

قوشكۆللۈكنىڭ قىزلىرى ،
پو ئاتىدۇ چاغلىماي .
پولۇ ئېتەر كۆمەكتە ،
سۇيېغىنى داغلىماي .

جىگدىلىك مېھمانلار :

— ئەجەب ئوبدان ئەدىپنى بەردىلە ، لەيلىخان !
— لەيلىخان ، بوش كەلمىسىلە ، جۆمۆ !
—......

ھەشىخان :

راۋاق سالار ئاسمانغا ،
تاڭ سەھەردە بوز تورغاي .
ناخشا ئېيتىپ ماختايدۇ ،
قوشكۆللۈكنى توختىماي .

ۋاي ، ۋاي ، ۋاي !...... ئەجەب يۈرىكىمىزدىكى گەپنى قىللا ، ھەشىخان !

— مۇشۇنداق يەرلىرىنى ئارزۇلايمىز- دە ، سىلىنىڭ !
—......

لەيلىخان :

قوشكۆللۈكنىڭ قىزلىرى ،
چىش يېمىگەن توسۇن تاي .
كۆيدى زەيتۇن قۇتلۇققا ،
قوشكۆللۈكنى ياراتماي .

— كۆكلەپ كەتسىلە ، لەيلىخان !
— ۋاي ئۆلەي !...... ئەمدى چىشلەپ تارتىمىغان زەيتۇنەم قاپتىد-كەنمۇ ، بۇ سەت داقىيغا ؟
— يالغانمىدى ؟ قوشكۆلدىن زەيتۇنەمگە يارىغۇدەك يىگىت چىق-قان بولسا ، بىزنىڭ قۇتلۇق ئاخۇنغا ئاشارمىدى ! ؟
— شۇنى دېسىلە ، جېنىم تۇغقىنىم ! زەيتۇنەمنىڭ تازىمۇ كۆزى بار قىز بالىكەن !
— قۇتلۇق ئاخۇننىڭ كۆزى يوقمىكەن ؟ كۆزى بولغاچ ، جىگدى-لىكنىڭ قىزلىرىنى ياراتماي ، بىزنىڭ زەيتۇنەمنى تاللاپتۇ ، دېيىش-سىلە !

— «ئاي بىلەن كۈن جۈپ بولىدى ، يۇلتۇز داغىدا ، خوپ بولدى !» دېگەن شۇ - دە !

ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى ئاشۇنداق چاقچاقلىشىپ ، كۈلۈشۈپ ، خۇشاللىقتىن ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقاندا ، ئىشىككە يېقىنىراق تۇرۇشقان نەچچەيلەننىڭ رەڭگى تۇيۇقسىز ئۆڭۈپ ، ئۈنى ئۈچۈپلا كەتتى . قىسقىغىنا داۋام قىلغان «كۈت - كۈت» تىن كېيىن ، زىۋىدىخان ئىككى مەڭزىگە ۋاقىقىدە كاچات سالدى - دە :

— ۋاي قېرىندىشىم !— دەپ ئۈنلۈك تووۋلاپ يىغا باشلاپ ، ئۆينى بېشىغا كىيدى .

نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ھۆسنەرىخان ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلەنگىنىچە قېتىپ قالدى .

زەيتۇنەمگە تويلۇق كىيىمى كىيدۈرۈۋاتقان ئىساخان ۋە قىز قولداشلىرى بۇ يىغا- زارنى ئاڭلاپلا ،ئالمان- تالمان سىرتقا چېپىشتى .

بۇ زادى قانداق ئىش ؟

بۇ مۇنداق ئىش ئىدى : بۇ يىل تومۇزدا ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا قوشكۆل داۋىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ، خەلقنى قاڭغىرقاقشاتقان ، كېيىن ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ ، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئوغرىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۈچار ئوغرى — سەمەت بەڭگە قوشنا داۋىيدىكى بىر ئائىلىگە ئوغرىلىققا كىرگەن . ئۆي ئىگىسى ئايال تۇيۇپ قالغىنى ئۈچۈن ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ چىققاندا ، قانۇن تورىغا چۈشكەندى . يېقىندا سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان ، ھۆكۈمنامىنى ئوقۇپ بېرىپ ، قول قويۇشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە نېمە ئارزۇ - ئارمانلىرى بارلىقىنى سورىغان . ئۇ ھۆكۈمنامىگە دەرھال قول قويغان ، ئاندىن ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ، ئىلگىرى ئۆزى بىلەن بىللە جىنايەت ئۆتكۈزگەن يەنە بىر قاتىلنىڭ تېخىچە

قانۇن تورى سىرتىدا ياشاۋاتقانلىقى؛ ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بېرىلمەيدىغان بولسا، ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدىغانلىقىنى پاش قىلغان.

بۇ قاتىل — خېلىل ئىدى.

سەمەتنىڭ خۇدانىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ پاش قىلىشى نەتىجىسىدە، ناھىيەلىك خەلق سوت مەسكىمىسىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، ئۇلاردىن ھۆكۈمنى بىرئاز كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق ئالدى ۋە بىر تۈركۈم قانۇن خادىملىرىنى بۇ گۇڭشېغا ئەۋەتتى. چۈشتىن بۇرۇن سېكرىتارنىڭ ئۇشتۇمتۇت گۇڭشېغا چاقىرتىلىپ كېتىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

ئۆلگۈچى — مىرزىمەت ئاخۇن بولۇپ، ئاشۇ يىلى كەچقۇرۇن، جاڭگالدىن مالنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، خېلىل بىلەن سەمەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بويىنىغا تاش باغلاپ، توقايدىكى زەيكەشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ساراي بۇلاق»دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاققا تاشلىنىپ، «ئۆچ» ئېلىنغانىكەن.

چۈشتىن كېيىن، ئىككى دانە سۇ پومپىسى بېسىلغان قول تىراكتورى بىلەن ئون نەچچە نەپەر كادىر، ساقچى «ساراي بۇلاق» بويىغا يېتىپ كەلدى-دە، بۇلاقنى ئايلاندۇرۇپ زەيكەش ئويۇپ، بۇلاققا داۋاملىق ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مەنبەسىنى كېسىپ تاشلىدى، ئاندىن سۇ پومپىسى تىراكتورنىڭ موتورىغا چېتىلىپ ئىشقا چۈشۈرۈلدى.

بۇلاقنىڭ تېگى كۆرۈندى. بىر سائەتتىن ئارتۇق ھەپىلىشىش ئارقىلىق، پاختىلىق تون ئىچىدە ئاللىقاچان ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ كەتكەن جەسەت پاتقاق ئىچىدىن ئېلىپ چىقىلدى:

تونۇش ئۇستىباش، تونۇش ئارغامچا.

ئۇستىباش — مىرزىمەت ئاكىنىڭ: سېرىق ئۆچكە چۇپۇرىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا — خېلىلنىڭ ئىدى.

بۇ ئىش شۇنچە مەخپىي تۇتۇلغىنىغا قارىماي، بۇنىڭدىن بىر سائەتچە ئىلگىرى قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى.

ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا «قىز كۆچۈرۈش» دېگەن گەپتىن ئە-
سەرمۇ قالمىغان ھالدا، داد - پەرياد چېكىپ دادىسىنىڭ ھازىسىنى
ئاچماقتا......

# قاپاق تېرەكلىك ھويلا ھەققىدە ئەڭ يېڭى بايان

«ھۆرۈننىڭ ئېتىمۇ ھارغاق كېلىدۇ» دېگەن گەپ راست بولسا
كېرەك: ھېكايىمىز پۈتكۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن قوش-
كۆلگە بارغىنىمدا، قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيا
بىلەن ۋىدالاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

— بۇ ئىشتا بىز پۈتۈنلەي ھاۋاز ئاكىنىڭ رايىغا باقتۇق، —
دېدى سېكرېتار ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا، بىز
مۇزاكىرە قىلىپ، شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇنغا ئايرىم -
ئايرىم ئۆيلۈك، باغلىق يەر كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولدۇق. بۇ گەپنى
ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن ھەممەيلەننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئەمما،
ھاۋاز ئاكام ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. دە، كۆزلىرىمگە غەلىتە بىر
نەزەردە قادىلىپ: «ئۇكام، يەرنى نەدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان بو-
لۇشلا؟» دەپ سورىدى. «مۇشۇ ھويلىنىڭ يېنىدىن كۆرسىتىپ بې-
رەرمىز» دېدىمەن كۈلۈمسىرەپ، «نېمە؟— دېدى ئۇ رەڭگى ئۆ-
ڭۈپ، ئاۋازى بولسا يىغلامسىراۋاتقاندەك تىترەيتتى، — رەھمەت
ئۇكام، ھەربىرلىرىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت! بولدى، بىزگە ئۆيلۈك
يەر كېرەك ئەمەس. ھېلىمۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى يۇرت - مەھەل-
لىدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ ھۇقۇشنىڭ ئۇۋىسىدەك يالغۇز ھويلىدا دەك-
كە- دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇق. ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا
ھەربىرلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، ھازىر ئوغۇللىرىمىزمۇ قېشىمىز-
دا، كېلىنلىك، قۇدا - باجىلىقمۇ بولۇپ قالدۇق. قولىمىزنى نەگە
ئۇزاتساق شۇ يەرگە يېتىدۇ، يېگىنىمىز ئالدىمىزدا، يېمىگىنىمىز
كەينىمىزدە تۇرۇپتۇ. ئەمما، ھەي...... بىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ

مۇشۇ قاقاسلىققا باغلاپ قويماقچى بولغان بولۇشسىلىرى ، ئۆي سالدىمىز ، باغ چۆرۈيمىز ، دەپ ئاۋارە بولماي ، مۇشۇ ھويلىغا پېتىشىپ ياشاپ تۇرارمىز . مەن...... مەن تەتۈر پېشانە ، پالاندى قېرى ئۆلگەندىن كېيىن ، بالىلار ئۆزلىرى ئۆي سالامدۇ ، باغ چۆرۈمدۇ ، قولىدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلار ، بولمىسا ، ئۇلارمۇ بالىسىدىن بالىسىغا يۇرت - مەھەللىدىن ئايرىلىپ ، بىزگە ئوخشاش مۇشۇ قاقاسلىقتا تىمىسقىلاپ جان باقار ! »

ئۇنىڭ كىرپىكلىرى نەملەنگەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم- دە ، «بۇ گەپلىرىچە ، مەھەللىگە كۆچۈپ كەتسەك دەيدىغان ئوخشىمامىلا ؟ » دەپ سورىدىم .

ھاۋاز ئاكام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ ، ئاستا تىلغا كىردى . چىرايى بەكمۇ ئايانچلىق ئىدى :

«ئۇكام ، سېكرىتار ، سىلىگە يۇرىكىمدىكىنى دېسەم ، ئادەمگە دۇنيادا ، بىرسى ، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالماق ؛ يەنە بىرسى ، يۇرت - مەھەللە ، قولۇم - قوشنىسىز ، يەككە - يېگانە ياشىماقتىن ئەلەملىك ئىش يوقكەن . بىز «خەلق » بولغىلى نىكەم ، ئەمدى ھېچكىممۇ بىزنى «ئۇچى - بۇچى » دېيەلمەيدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا بىزگە مەھەللىدىن يەر كۆرسىتىپ بېرىپ ، خەلق قاتارىغا قوشماي ، يەنە مۇشۇ قاقاسلىقتا قويۇشىلا ؟

مەن كۆلكەمنى تەسلىكتە بېسىپ : «ئەگەر ئۇنداق نىيەتلىرى بولسا ، جان دەپ قوللايمىز ! بىز سىلىنى قەدەم جايدىن كۆچكىلى ئۇنىماسمىكىن ، دەپ مۇشۇنداق قارارغا كەلگەنىدۇق .مەھەللىگە كۆچۈپ كەتىكۈلىرى بولسا ، دەل بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدەك ئىش بولىدۇ ! »دەپ جاۋاب بەردىم .

——......

— شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قۇتلۇق ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يانداپ ئۈچ ئائىلىلىك يەر كۆرسىتىپ بەردۇق ، —دېدى سېكرىتار سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن ئۇمىننىڭ ئارىلىقىدا قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ ، ياغاچ - تېشىدا بۇ ھويلىنى

پۈتكۈزۈپ، ھاۋاز ئاكام بىلەن ھۆسنەرىخان ئاچام ئولتۇردى. ماۋۇ ھويلىلار، —سېكرېتار بېشى بىلەن ئىككى ياندىكى قوشنا ھويلىنى ئىشارەت قىلدى، — شېرىپ ئاخۇن بىلەن زېرىپ ئاخۇننىڭ ھويلىسى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى ئۈچ ئائىلىگە بۆلۈۋەتتۇق، دېسىلە. بۇ سوئالىم سېكرېتارغا غەلىتە تۇيۇلدىمۇ، ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىز كېيىنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۈچ ھويلىغا ئىگە قىلغان بولساقمۇ، قازىنى ھېلىمۇ بىر، تېخى قۇتلۇق ئاخۇن بىلەن زەيتۇنەممۇ بۇ ئۆيگە قىستۇرۇلۇۋالدى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى! ھازىر بۇ تۆت ئائىلىنىڭ قولىدا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق چارۋا، ئالتە يۈز موغا يېقىن يەر بار. ئەسلىدە، بىز ئۇلارغا توقسان ئالتە مو يەرنى ھۆددىگە بەرگەنىدۇق. ئۇلار ئۆتكەن يىلى ئومىدا بىر كۆك ئېلىپلا، نەپسى يوغىناپ كەتتى، — سېكرېتار «نەپسى يوغىناپ كەتتى» دېگەن سۆزنى بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئېيتتى، — شۇنىڭ بىلەن كونا ئۆيگە يېقىن دەريا بويىدىكى بەش يۈز مو كەلگۈدەك سۇ چىقمايدىغان يارلىقنى ئېچىپ، كۈزدە بۇغداي تېرىدى.

— بۇنچە كۆپ يەرنى قانداق تېرىپ بولالىدى؟

— ئاسانلا تېرىدى، —دېدى سېكرېتار كۈلۈپ، — ئۇلار دەسلەپ بىر قول تىراكتورى بىلەن سۇ پومپىسى سېتىۋېلىپ، تەلۋىچۆكنىڭ سۈيىنى تارتىپ، يارلىقنى ئوسا قىلدى- دە، گۇڭشې تىراكتور پونكىتىنىڭ تىراكتورىنى ئىجارىگە ئېلىپ ھەيدەتتى. گۇڭشې رەھبەرلىكى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە تېخىمۇ ئىلھام بېرىش نىيىتىگە كەلدى- دە، بىر دانە يەل تاپان تىراكتورنى نېسى سېتىپ بەردى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپى يىگىرمە مىڭ يۈەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بەردى.

مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— تىراكتورنى نېسى سېتىپ بەرگەن تۇرۇقلۇق ، يەنە بۇنچە
جىق قەرز بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

سېكرېتار تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈردى :

— بۇ پۇل ئۇلارنىڭ ئېغىل - قوتان ياسىشى ، دېھقانچىلىق بىلەن
چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ، تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن بېرىلـ-
دى ، — سېكرېتار سەل توختاپ قوشۇپ قويدى ، — بۇ پۇللارنىڭ
قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېلى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرد-
ىلا !

— بىز دۆئا قىلىپ ، داستىخاندىن تۇردۇق . قولىدا بىر ياشلار-
دىكى ئوغۇل بالىنى كۆتۈرۈۋالغان ھۆسنەرىخان ئاچا بىزنى ھويلىنىڭ
دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

بىز ئەمدى ھاۋاز ئاكىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتاتتۇق ، سېكرېتاردىن
يول بويى يەنە ماۋۇلارنى ئۇقتۇم : بۇ يىل ئەتىيازدا ، ھاۋاز ئاكا
بەشكېرەمدىن 500 تۈپ ھەر خىل مېۋە كۆچىتى ئەكىلىپ ، تۆت
ھويلىنىڭ بېغىغا تىكىپ چىقىپتۇ . بۇ كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر
تۈپمۇ زايە بولماي تۇتۇپتۇ . تېخى بەزىلىرى مېۋە بېرىپمۇ ئۈلگۈرۈپ-
تۇ . زەيتۇنەم بىلەن قۇتلۇق ئاخۇن قوي بېقىشنى ئۈستىگە ئاپتۇ .
شېرىپ ئاخۇن ، زېرىپ ئاخۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھاۋاز ئاكا بىلەن
بىللە ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىكەن . ھۆسنەرىخان بولسا ،
ئۇلارنىڭ «ئاشپەز »لىكىنى قىلغاندىن تاشقىرى ، زەيتۇنەمنىڭ ئوغلى
بەختاخۇننى باقىدىكەن .

يەڭگىل گۈرۈلدىگەن موتور ئاۋازى سۆھبىتىمىزنى بۆلۈۋەتتى .
قاپاق تېرەكلىك ھويلىغا يېقىنلاپ قالغاندۇق .

«قىزىق ئىش ، باياتىن سېكرېتار قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ
چېقىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى ، ئەمەلىيەتتە ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە
ھەسسە يوغىناپ كېتىپتىغۇ ! ؟»

سېكرېتار كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ، ئالدىراش ئىزاھات
بەردى :

— بۇ ھاۋاز ئاكاملارنىڭ قوتىنى ، — دېدى ئۇ ،— ئۇلار ئوغۇت

يۈتكەشكە كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ، قوتاننى كونا ئۆيىنىڭ ئورنىغا سالدى . ئەر خەقلەر كېچىسى نۆۋەت بىلەن قونۇپ ماللاردىن خەۋەر ئالىدۇ . ھاۋاز ئاكام قاپاق تېرەكنى «شۇم دەرەخ» دەپ كېسىۋەتمەكچى بولغانىكەن ، مەن ئۇنى توسۇپ قالدىم . نېمىشقا دېسىلە ، دادۇيىمىزدە ئاران مۇشۇ بىر تۈپ قاپاق تېرەك تۇرسا ، ئۇنى كېسىۋەتسە ، نەسلى قۇرۇپ كەتمەمدۇ ؟ !»

مەن يەڭگىل نەپەس ئېلىپ ، كۆلۈمسىرىۋىدىم ، سېكرېتارمۇ كۆلۈمسىرىدى .

بىز قوتاننىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتكىنىمىزدە ، كۆز ئالدىمدا مەن زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر مەنزىرە گەۋدىلەندى : قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىدا موتورى تىنماي ئايلىنىپ تۇرغان قول تىراكتورى ۋە ئۇنىڭغا چېتىلغان خامان تېپىش ماشىنىسى تۇراتتى . بىر يىگىت تۇتام - تۇتام ئۆنچىلەرنى ماشىنىنىڭ «ئاغزى» غا تىقىپ ، دېنىنى دان ، مەڭگىنىنى مەڭگەن قىلىپ ئايرىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە نەچچە مو كەلگۈدەك يەردە ئۆنچە دۆۋىسى ، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە دۆۋە - دۆۋە مەڭگەن تۇراتتى . ئوخشاشلا شاپتۇل چېچىكى دۇردۇن ئۇستىباش كىيىپ ، بېشىغا مايسا رەڭ نىلۇن رومال چىگىۋېلىشقان بىر جۈپ چوكان ئۆنچە دۆۋىسى يېنىدا ئارغامچىدا ئۆنچە تېڭىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ قولى جىددىي ئىشتا بولغاچ ، بىزنى كۆرمەي قېلىشتى . مەن ئۇلارنى ھاۋاز ئاكىنىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنلىرى بولسا كېرەك ،دەپ قىياس قىلدىم .

سېكرېتار ئۇلارغا نېمىدۇر دېمەكچى بولغانىدى . قاياقتىندۇر ھاۋاز ئاكا پەيدا بولۇپ قالدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئۇكىلىرىم !—دېدى ئۇ ئاۋۋال سېكرېتارغا ، ئاندىن ماڭا ئىككى قولىنى تەڭلا سوزۇپ ، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ، چىرايى خۇشخۇي ئىدى .

— سالامەت تۇرلىمۇ ، ھاۋاز ئاكا ؟

— خۇداغا شۇكرى !

سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ قوغۇنلۇقىغا باشلى-

دى . كېتىۋېتىپ ، زېرىپ ئاخۇن بىلەن قىسقىغىنا پاراڭلاشتۇق ، ئايگۇل ، سانىيەملەر بىلەن سالاملاشتۇق .

قوغۇنلۇق ئۆنچە دۆۋىسىنىڭ كەينىدە ئىكەن . بۇ يەرنىڭ قەدىمدىن داڭلىق ، ئەمما ئۇرۇقى يوقىلىپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىل بولغان چاچۇرۇك ، قارىقاش ، تۇرنا ، خامانچى ، چۆگۈنباش ، مەككە ، ئەنجان قوغۇنى ، پوستى پىياز ، ھۆرەيلى ، بېشەكشېرىن قاتارلىق قوغۇنلىرى ياپيېشىل پىلەكلەر ئارىسىدا سايىنىڭ تېشىدەك تىزىلىپ ياتاتتى . ئادەمنىڭ تېخىمۇ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغىنى شۇكى ، بىر چۆنەكتە بىر خىللا قوغۇن بولۇپ ، باشقا خىلدىكى قوغۇندىن بىرەر تۇپمۇ ئارىلىشىپ قالمىغانىدى . قوغۇنلۇق ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ئۇ چەت - بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى . راستىنى ئېيتسام ، گاڭگىراپلا قالغانىدىم ، كۆزۈم قوغۇنلارغا تىكىلگەن .

— ھاۋاز ئاكا ، بۇنچە جىق قوغۇننى قانداقمۇ يىغىشتۇرۇپ بولالا ؟— دەپ سورىدىم .

— «جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن ، ئۇكام ! — ھاۋاز ئاكا ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا مەغرۇر تىكتى ، — خۇدا بۇنچىلىك نېمەتنى بېرىپتۇ ، ئۇنى يىغىشتۇرالماسلىقتىنمۇ ئەنسىرەمدىكەن ، كىشى ! بىر چاغلاردا ئۆزىمىز قوغۇن تېرىپ ، يۇرتىمىز چىلاشقۇدەك يېيەلمەي ھەسرەت چېكەتتۇق . ئەمدى تويغۇدەك يەپ - ئىچىپ ھۇزۇرلىنىمىز . بۇ بىر ؛ ئىككىنچىدىن ، سېتىپ پۇل قىلىمىز .

— سېتىپ بولغۇچە بۇزۇلۇپ كەتمەمدۇ ؟

— بۇزمايمىز ،ئۇكام !خۇدايىم بۇيرۇسا ،بىرىنىمۇ بۇزمايمىز !

— ھاۋاز ئاكا ئالدىراش چۈشەندۈردى ، — سېكرېتار بىزگە قەشقەر شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن توختام تۈزۈپ بەردى . يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كۆرىلا ، ماشىنا ، تىراكتورلار بىلەن توشۇغىلى تۇرسا ، بىزگە پىلەك بىلەن پۇللا قالارمىكىن ! ؟

بىز كۇلۇشتۇق ، كۇلۇشكەچ باراڭغا يېقىنلىدۇق . باراڭ ئىچى شۇنداق پاكىز ، شۇنداق سالقىن ئىدىكى ، ئۇ يەرگە باش تىققان

ئادەمنىڭ يۈرىكى سەگىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى.
هاۋاز ئاكا بىزنى گۈللۈك تەگنىمات ئۈستىگە سېلىقلىق كۆرپىگە باشلىدى. مەن ئالدىراش ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم: بىر ئوتتۇرا هال چوڭلۇقتىكى ئاق ياغاچ ساندۇق توختىتىلغان، ئۈستىدە بىرنەچچە يوتقان - كۆرپە ۋە تەكىيە، قازان - قومۇچ، چىنە - چەينەك...... قىسقىسى، پۈتۈن بىر يۈرۈش ئائىلە جاندۇقى قويۇلغانىدى.
هاۋاز ئاكا بىزگە قىسقىلا چۈشەندۈردى:
— كۈنلۈكى چۈشلۈك تاماقنى مەشەدە يەيمىز، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، — كىم چارچىسا، بىردەم - يېرىمدەم يانپاشلىۋالىدۇ. شۇڭا، باراڭنى پۈختا ياساپ، بىر ئۆيلۈك سەرەمجانمۇ قىلىپ قويدۇق.
ئاندىن ئۇ ئۆز ئىگىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.
«قالتىس پەمى بار ئادەم ئىكەن - بۇ!» دەپ ئويلىدىمەن. ئاخىرىدا، هاۋاز ئاكا بۇ يىل دۆلەتكە 300 مىڭ جىڭ بۇغداي سېتىپ بەرمەكچى ئىكەنلىكى، هازىر 200 مىڭ جىڭنى ئۆتكۈزۈپ بولغانلىقىنى، تېپىش - ئادالاش ئۈلگۈرمەي، قالغىنىنى تېخىچە ئۆتكۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى بىر خىل ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن سۆزلىگەندە، كاللامدا «300 مىڭ؟» دېگەن يوغان بىر سوراق پەيدا بولدى. ئىلگىرى، بۇنچىۋالا جىق بۇغداينى پۈتۈن بىر دادۇيمۇ سېتىپ بېرەلمەيتتى ئەمەسمۇ!
مەن هاياجىنىمنى باسالماي، ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدىم.
— هاۋاز ئاكا، — دېدىمەن كۈلۈپ تاشلىماسلىققا تىرىشىپ، — مۇنداق قارىسام، پۇلنى يىغىشتۇرغۇدەك يەرمۇ تاپالمايۋاتقاندەك قىلىلا، هازىر ھۆكۈمەت ئادەم ياللاشقا رۇخسەت قىلغاندىكىن، تازا قاۋۇل ئادەمدىن ئون - يىگىرمىنى ياللىسىلا بولمامدۇ؟
— ياق ئۇكام، ھەرگىزمۇ ئادەم ياللىمايمەن! — ئۇ سەل توختاپ، ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى، — باياتىن كۆردىلە، بىچارە كېلىندىلىرىم كۈن بويى توپا- تۇماننىڭ ئارىسىدىلا يۈرۈۋاتىدۇ. هازىرقى كۈنلەر بىر چاغلاردىكى تاغار يۈدكەن، دولقۇنغا سەل - پەل كېچىكىپ

قالسا ئەترەت بېشىدىن تىل ـ دەشنام ئىشىتىدىغان كۆنلەردىنغۇ مىڭ چەندان ياخشى . ئەمما ، لېكىن…… راستىمنى ئېيتسام ، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ . قايسى كۈنى كىنودا كومبايىن دەيدىغان بىر نېمىنى كۆردۈم . بۇغداي دېگەننى ئۆزى ئورۇپ ، ئۆزى تېپىپ ، دېنى بىلەن مەڭگىنىنى بۆلەك ـ بۆلەك ئايرىپ چىقىدىكەن ئەمەسمۇ ، كاساپەت ! مىڭ ئادەمنىڭ كۈچى بار نېمىكەن دېسىلە ، ئۇكام ! ئىككى كېلىنىمنى ئۇنىڭغا چىقىرىپ قويىدىغان بولسام ، يۈرەكلىرى يايراپ كەتمەمدۇ ؟ !ها ـ ها ـ ها !……شۇ نەرسىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرەي دەپ ، ئۆتكەن يىلدىكى قەرزنى تۆلەپ ئاشقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى سېكرېتارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم . خۇدايىم بۇيرۇسا ، كېلەر يىلى مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرگە كېلىپ قالسىلا……

ھاۋاز ئاكا يۈرىكىدىكى سىرلىرى ۋە پىلانلىرىنى ئالدىمىزغا تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن :

— سېكرېتار !— دەپ ئىلتىجا قىلدى ، — ئۆزلىرىنى باش بولۇپ قوغۇنغا قول قويۇپ بېرەرمىكىن ، دەپ ئىككى قېتىم بالا ئەۋەتسەم تاپالماي كەپتۇ . ئۆزلىرىنى تۆپىدە قويماي ئۇزۇشكە قولىمىز بارمىدى . چاچۇرۇك ، مەككە دېگەنلەر ئانچە ـ مۇنچە يېتىشىپ قاپتۇ . مۇخبىر ئۇكىمىزنى باشلاپ ، ئوبدانمۇ كېلىپ قاپلا ، ئىككىلىرى ئۆز قوللىرىچە نەچچىدىن ئۈزۈپ ، بىز بىلەن بىللە ئېغىز تېگىشىپ بېرىشىسىلە قانداق ؟

سېكرېتار سەل ئوڭايسىزلىنىپ ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندى ، مەن ئۇنى تەكلىپنى رەت قىلىپ سالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ :

— ئوبدان گەپ بولدى . قوغۇن دېگەننى ئۆز قولىچە ئۈزۈپ يېگەنگە يېتەمدۇ ؟ يۈرسىلە ، سېكرېتار !— دېدىم- دە ، دەس ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، باراڭدىن چىقتىم . سېكرېتارمۇ كەينىمدىن ئەگەشتى . شۇچاغ ، يىراقتىن نەي ئاۋازى كەلدى ، بۇنى قۇتلۇق چالغان نەي ، دەپ قىياس قىلدىم . نەي ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ ، ئاخىر ئۆچتى . بۇ چاغدا بىز تازا مۇرادىغا يەتكەن چاچۇرۇكتىن بىرنى تاپقاندۇق . سېكرېتار مۇشتلاپلا ياردى . قىزغۇچ ئەت كۆزۈمگە ئوت كۆ-

روندى . خۇشبۇي ھىد دىمىغىمنى غىدىقلاپ ، ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلدى ، سېكرېتار كىچىكرەك بىر پارچىسىنى ماڭا سۇنۇپ ، قولۇمدىكىنى يەنە ئۇچكە بۆلدى . بىرى چوڭ ، ئىككىسى ياڭاقچىلىكلا بار ئىدى . بىرسىنى ھاۋاز ئاكىغا سۇنۇپ :

— بۇنى باشقىلارمۇ تېتىپ باقسۇن ، —دېگەنىدى ، ھاۋاز ئاكا :

— ئۇلار ئۆزلىرى ئۇزۇپ يېمەمدۇ ؟ !—دەپ كۈلدى .

— قوغۇن تېرىغان ئادەملەر بىر ياندا قېلىپ ، باش بۇرنىنى بىز يېۋالساق ئەپلىشەمدۇ ؟ ! بۇنى ھەممىمىز تەڭ يەيلى . بۇ مېنىڭ ھەم ئاتا - بوۋىمىزنىڭ تەقسىماتى . ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىلە ، ئۆزلىرى يېۋەتسىلە !

ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى ھاۋاز ئاكىنى كۈلدۈرۈۋەتتى ، مەنمۇ كۈلدۈم ، ئەمما كۆڭلۈم سەل بىئارام ئىدى . چۈنكى ، بىرىنچى بولۇپ ئۈزۈلگەن قوغۇندىن ماڭا تەگكەن نېسىۋە ھاۋاز ئاكامنىڭ ئائىلىسىدىكى 7 — 8 جانغا قالدۇرۇلغان نېسىۋىدىنمۇ جىق ئىدى .

— ھەسەل ، ھەقىقەتەن ھەسەل ئىكەن !

ھاۋاز ئاكا يەنە بىر قوغۇننى ئۈزۈشكە ئېڭىشكەندە ، يۈرەكنى ئويناتقۇچى شوخ ناخشا ساداسى كەلدى . ئۇ ماڭا تونۇش ناخشا «جانەي» بولۇپ ، ئىككىيلەن — بىر ئەر ، بىر ئايال بىر كۆپلېتتىن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىۋاتاتتى . تەبىئىيكى ، بۇلار قۇتلۇق بىلەن زەيتۇنەم ئىدى !

قۇتلۇق :

قوزا ، ئوغلاق ، قوي قىلدىم ، جانەي ،
يارنى تاللاپ توي قىلدىم .
يۈرەكتىكى شادلىقنى جانەي ،
ياڭراق ناخشا - كۈي قىلدىم .
يارىم بار — نىگارىم بار ، جانەي ،
جانىم بار — مادارىم بار .

زەيتۈنەم :

هويلامدا قاپاق تېرەك ، جانەي .
تېرەك باشىدا لەگلەك .
هارغىنىمنى بىلمەيمەن ، جانەي ،
يار بىلەن قىلىپ ئەمگەك .
سۆيگەن يارىم قاشىمدا ، جانەي ،
بەخت قۇشۇم باشىمدا .
......

ناخشا ئاۋازى ئەۋجىگە چىققاندا ، ناخشىنى تىراكتورنىڭ قاتتىق گۈركىرىگەن ئاۋازى بېسىپ كەتتى . سېكرىتار سورىدى :

— شېرىپ ئاخۇن ئىشنى يىغقان ئوخشىمامدۇ ؟

— هەئە ، — هاۋاز ئاكا قوغۇنغا مۇشت سېلىۋېتىپ ، قىسقىلا جاۋاب بەردى ، —يەرنى شۇدىگەرلەپ بولغان ئوخشايدۇ .

دېگەندەك ، كۈن غەربكە قايرىلغانىدى . مەن ئالدىراپ قالدىم ، يەنە سەل كېچىكسەم ، تاشيول بويىدا توختايدىغان ئاخىرقى ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيتتىم .

بىز قاپاق تېرەكلىك هويلىنىڭ (ياق ، قاپاق تېرەكلىك قوتاننىڭ ياكى قاپاق تېرەكلىك خامانىنىڭ ! ) قېشىغا كەلگىنىمىزدە ، بىزنى ئۈچ يىگىت ، ئۈچ چوكان قىزغىن قارشى ئالدى . ئۇلار بىرسى بىرسىدىن كېلىشكەن ، بىرسى بىرسىدىن روھلۇق ئىدى . ئۇستىبېشى توپا - تۇمان بولسىمۇ ، چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى .

تۇيۇقسىز سوپىسوپىياڭ سايرىدى .

مەن قۇتلۇق بىلەن زەيتۈنەمگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن سەپسالدىم : زەيتۈنەم تېخىمۇ تولۇپ ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ . يەڭگىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش رەڭدىكى ئۇستىبېشى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا يارىشىپتۇ . ئۇ ئاللىقاچان بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغىنىغا

قارىماي ، چېچىنى «قىرىق كوكۆل» قىلىپ ئۆرۈۋالغانىدى . ئۇ نەچچە ئۆرۈم چېچىنى بارماقلىرى ئارىسىدا ئوينىغاچ ، قۇتلۇققا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتاتتى……

1984- 9- ئاي ، قەشقەر شەھىرى




# جاھىل مەھبۇس

ئۇ ئەزەلدىن شۇنداق جاھىلمۇ ياكى تۈرمە ۋە پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان سوراق، قىيىن - قىستاقلار شۇنداق جاھىل قىلىپ قويدىمۇ، بەش ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭغا: «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش» توغرىسىدىكى سىياسەت قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن يۈرىكى زادىلا يۇمشىمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ قاتتى. سوراقچىلارمۇ، ئادۋوكاتمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئوخشاشلا رەقىب ئىدى. ئاخىر ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن بەزدى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالمايدىغان، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايدىغان بولدى.

ئۇ بۇ قېتىم جاھىللىقىنىڭ دەردىنى خېلى ئوبدان تارتتى، لېكىن كىچىككىنىمۇ چۆچۈگىنى يوق. قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن پۈتۈن كەنت ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئوغرى، بۇلاڭچىلار ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. ئۇستىخىنى تۆمۈردىن ياسالغان جىنايەتچىمۇ ئۇنىڭ

ئالدىدا بىر دەمدىلا پىلىكتەك يۇمشاپ كېتەتتى ، ئۇنىڭ تەمكىن تۇر-
قى ، تاشنى ئېرىتكۈدەك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە گەپ - سۆزلىرى
ھەرقانداق جىنايەتچىنىڭ پىيىنى سىرقىرىتىپ ، ئىچ باغرىنى بىراقلا
تۆكۈشكە مەجبۇر قىلاتتى . ئۇششاق - چۈششەك جېدەل - ماجىرا
چىقارغۇچىلار ئۇنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن نەچچە كۈن ئىچىدىلا
قەدىناس دوستلارغا ئايلىنىپ كېتەتتى . شۇڭا ، كىشىلەر ئۇنى ھەم
ھۆرمەتلەيتتى ، ھەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى . گەرچە ئۇ كەنتنىڭ ئاماندا-
لىق ساقلاش ھەيئىتى ، قوشۇمچە خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىنىڭ لىيەن-
جاڭى بولسىمۇ ، ئەل - يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيى كەنت پارتىيە ياچېيكا
شۇجىسى بىلەن كەنت باشلىقىنىڭ ئابرۇيىدىن قېلىشمايتتى . ئۇنىڭ
كەنتنى ناھىيە بويىچە «قانۇن تۈزۈمگە رىئايە قىلىشتا نەمۇنىچى
كەنت » ئىدى .

ھازىر ئۇ جىنايەتچى . جىنايەتچى بولغاندىمۇ ھەممە ئادەم سەسكە-
نىدىغان ، ھەممە ئادەم غەزەپلىنىدىغان ، «باسقۇنچى ۋە سەۋەبچى قا-
تىل » . شۇڭا ، ئۇ قولىغا ئېلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن ، خوتۇنى قۇندۇز
ئىككى بالىسى بىلەن ئۇنىڭدىن خېتىنى ئالدى .

ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ، بالىلىرىمۇ ، دوست - بۇرادەرلىرىمۇ
يوق . ياشىنىپ قالغان ئانىسى پەرزەنت داغىدا كېچە - كۈندۈز ئۆرتەن-
سىمۇ ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئوغلىنى بى-
رەر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدى . تېخى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن تەنبىھ
ئاڭلاپ ، يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلگەن بەزى كىشىلەر قولىدىن كېلىشىچە
ئۇنىڭغا ئورا كولاپ ، ئۇنى مەڭگۈ تۈرمىدە سېسىتىۋېتىش
كويىدا .

ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇپ تۇرسىمۇ ، پەسەنتىگە ئالغىنى
يوق . سوتچى ، باش سوتچىلار ئاۋازىنى يوغانراق چىقىرىپ سۆزلەپ
تاشلىغان چاغلاردا ، ئۇ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ قايسىدۇر ماددا ،
قايسىدۇر پاراگرافلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنى بولۇشىغا ئەيىب-
لەپ كېتىدۇ . قاماقخانىغا قايتىپ كىرىش بىلەنلا قولىغا قەغەز -
قەلەم ئېلىپ ، ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ، خەلق سوت

مەھكىمىلەرگە ئەرز يازغىنى يازغان . ئۇنىڭ نەچچە يۈز ۋاراق قەغەز-نى بويىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلىسا مۇنداق ئىككى جۈملە ھاسىل بولىدۇ : بىرى ، «مەن باسقۇنچى ئەمەس !»يەنە بىرى ، «بىز دائىم : ‹ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت › دەيمىز ۇ ، قانۇن ئورۇنلىرى نېمە ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەيدۇ ؟ » لې-كىن ، بۇ قىيقىرىل ئۆكتەملىك ئىدى .

ئۇ نومۇسغا تەگكەن ھېلىقى قىز ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر بوي ئىدى . قىزنىڭ دومبىيىپ تۇرغان قورسىقى پولاتتەك پاكىت سۈپىتى-دە ئۇنى تۇرمىگە ئۇزاتقانىدى .

بۇ پاكىتنى ئۇنىڭ : «ھەقىقەت» دېمەسكە نېمە ھەددى ! ؟ ئۆزى-نىڭ باسقۇنچى ئەمەسلىكىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايدۇ ؟ھېچنېمە بى-لەن !......

جاھىللىق - ئۆكتەملىكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان بەزى كى-شىلەر ئاغزىدا «ھەقىقەت» نى سۆزلىگەن بىلەن ، ئەمەلىيەتتە «ھەقى-قەت» نىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى «ھەقىقەت »— تۇمشۇقى ئاستىدا پۈتلىشىپ تۇرغان رېئال پاكىتقا كۆز يۇمۇش بەدىلىگە ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىش ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقلاپ ، چوڭ - چوڭ سىياسىي ئۇقۇملارنى داۋراڭ قىلىپ باشقىلارنى قورقۇتۇش !

ئۇنىڭ بەش ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان قىلغىنى دەل مۇشۇنداق ئۆكتەملىك ، خالاس !

بىر ھەپتە بولدى . ئۇنىڭ بارلىق ئۆكتەملىكلىرىنى بېسىپ چۈ-شىدىغان رەھىمسىز رېئاللىق مەيدانغا كەلدى : ئەركەك چىۋىن قونمى-غان بىر قىزنىڭ نومۇسىنى بۇلغىغان بۇ ئىپلاس ئادەمنىڭ پۈشتىدىن تۆرەلگەن بىر بەختسىز ئىنسان دۇنياغا كۆز ئاچتى . بۇ ئىنسان ئۆزى بىلەن بىللە ئانىسى ۋە بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان چوڭ دادىسىغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەد - ئەلەم ئېلىپ كەلدى . ئانىسىنىڭ تۇغۇتى تەتۈر كېلىپ ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى . بوۋاي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلىدى ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق

تىقىلدى . ئۆزىگە ۋە نەۋرىسىگە ئۆلۈم تىلىدى . لېكىن ، ئۆزىمۇ ، نەۋرىسىمۇ ئۆلمىدى . ئۆزىنىمۇ ، نەۋرىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولـ-غاندى- يۇ ، قولى بارمىدى . ئادەم ئەمەسمۇ ؟ ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە ، رەھىمدىل نەرسە ، ئەگەر ئادەم ئادەمنى ئۆلتۈرسە ، ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى قالىدۇ ؟ !

بوۋاي ئەقىللىق ئادەم ئىدى . دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، غەزىپىنى باستى . بوۋاقنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ياندى . ئەمما ، ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى . ئۇ قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بەش ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ، ئالتۇندەك پاك بىر قىزنىڭ نومۇسىنى بۇلغىغان بىر جىنايەتچىگە تېگىشلىك جازا بەرمەي كەينىگە سۆرەۋاتقاند-لىقىدىن نارازى ئىدى . قىز بوشىنىش بىلەنلا ئۇ ھەممە ئىشنى تاشلاپ ، قانۇن ئورۇنلىرىغا چاپتى ، جىنايەتچىنى تېزەك جازالاشنى تەلەپ قىلدى . بۇ چاغدا ناھىيەلىك ، ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىـ-لىرى ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغانىدى . ھۆكۈمنامە يېزىلىپ ، جىنايەتچىگە قول قويدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىلىش ئالدىدا تۇرغانـ-دا ، جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى «گۇناھسىز» دەپ جاكارلاشنى تەلەپ قىـ-لىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز يازغانلىقى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىككى كۈندىن بۇيان ئاچلىق ئېلان قىلىپ ، ئاغزىغا گىياھ سالمىغانلىقى ، بىر يۇتۇم سۇ ئوتلىمىغانلىقى مەلۇم بولدى .

ھازىر سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپە — ئۇنى ھۆكۈمنامىگە قول قويدۇرۇش ئەمەس ، بەلكى بارلىق چارىلەر بىلەن ئۇنى تاماق يېيىشكە كۆندۈرۈش ، ھايات ساقلاپ قېلىش ئىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىنىدىكەن ، ئەمەلىيەتتە قانۇن ئاياغ ئاستى قىلىناتتى .

ئېھتىمال ، ئۇمۇ بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشەنسە كېرەك . «يېمەسـ-لىك ، ئىچمەسلىك ، سۆزلىمەسلىك » تە چىڭ تۇرۇپ ، سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىغا بېسىم ئىشلەتمەكتە ئىدى .

بۇنداق جاھىللىق ئۇنىڭغا زادى قانچىلىك پايدا بىرەر ؟ !

## «چۈشىمكىن» دېسە……

جەننەت مانا مۇشۇ بولسا كېرەك ! ھەممە يەر مېۋىلىك دەرەخ ، ھەممە يەر كۆكىل مەيدان ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە پاتماي ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلارنىڭ تىنىمسىز شىلدىرلىشى بەئەينى يېقىملىق مۇزىكا . خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ شاختىن - شاخقا سەكرەپ يۈرۈپ سايراشلىرى — پانىي دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان يېقىملىق ناخشا . زۇمرەتتەك سۈزۈك ، كۆل سۈيىدەك تىنىق ئاسماندا بۇلۇت دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق . ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە شۇنداق چىرايلىق . شۇنداق جەزبىلىك . رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلاردىن تارالغان خۇش پۇراق دىماغلارنى غىدىقلاپ ، كۆڭۈللەرنى مەست قىلىدۇ .

ئاھ ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە ، نېمىدېگەن ساپ ھاۋا !

ئۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن نەزەر تاشلايتتى ، ھېچ نەرسىنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرماسلىققا تىرىشاتتى . لېكىن ، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆرۈپ بولمايتتى . گۈللەرنى ئۈزۈپ پۇراپ باققۇسى ، مېۋىلەرنى ئۈزۈپ تەمىنى تېتىپ باققۇسى كېلەتتى . لېكىن ، ئۈزۈشكە قولى بارمايتتى . قىزىقى شۇكى ، نەزەرى قايسى گۈلگە چۈشسە ، ئاشۇ گۈلنىڭ پۇرىقى دەرھال دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ ، يۈرىكىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى . قايسى مېۋىنى تېتىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن بولسا ، شۇ مېۋىنىڭ تەمى دەرھال تامىقىدا پەيدا بولاتتى . قورسىقى تويۇپ جىسمى يايرايتتى .

شۇنداق تۇرۇقلۇق ، نېمىدەپ ئۇلارنى ئۈزىدۇ ؟ تۇرسۇن ، شېخىدا تۇرۇپ ھەممە كىشىگە ، ياق ، بارلىق مەخلۇقاتقا ھۇزۇر بەخش ئەتسۇن !

ئۇ ھېچ نەرسىگە قول تەگكۈزمىدى . گۈلزارلار ، مېۋىزارلارنى ئارىلاپ ماڭغىنى ماڭغاندى . ماڭغانسېرى ماڭغۇسى ، كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كېلەتتى !

ئۇ كېتىۋېتىپ ، گۈلگە ئوخشاش چىرايلىق ياسانغان ، چىرايە-

مۇ ، بوي - قەددىمۇ گۈلگە ئوخشاش چىرايلىق ، خۇش پىچىم بىر توپ قىزنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلار گۈللەر ئارىسىدا بۇلبۇلدەك سايرى-شىپ ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى . ئۇلارنىڭ يۈرەكلەرگە ئوت ياققۇچى يېقىملىق ئاۋازى ، جاراڭلىق ، شوخ كۈلكىلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى مەست قىلدى . گۈلدەك چىرايلىرى بىر تال غايىب يىپ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە چېتىۋالدى . ئۇ قارايتتى ، قارايت-تى ، تويمايتتى ، يۈرىكى قىنىغا پاتماي ، ئۆركەشلەۋاتقان قېنى مېڭى-سىگە تەپچىپ ، ۋۇجۇدىدا ئوت ياناتتى . ئۇ ئاشىق - بىقارارلىق ئوتىدا كۆيمەكتە . نېمىگىدۇر ئىنتىلمەكتە ئىدى .

«نامەھرەمگە قاراش گۇناھ !......»

بۇ غايىب سادا ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى ، ئۇ بىلدىكى ، پانىي دۇنيادىلا ئەمەس ، باقىي دۇنيادىمۇ «نامەھرەمگە قاراش گۇناھ» ئى-كەن !

ئۇ ھايات چېغىدا ، ئايال زاتىغا بۇنچىلىك تىكىلىپ قارىغان ئەمەس . ئەگەر «قارىدى» دېيىلسە ، بىرلا قىزغا يوشۇرۇن نەزەر سېلىپ ئايلارنى ، يىللارنى ئۆتكۈزگەن ، كېيىن بۇ ئىشى چېنىپ قېلىپ ، خىجالەتچىلىكتە يەرگە پېتىپ كەتكۈدەك بولغان .

بۇ بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن ، يەنى ئۇنىڭ ھەربىي سەپتىكى ۋاقتىدا بولغان ئىش ئىدى . ئۇ شۇ يىلى يازدا ئائىلىسىنى يوقلاپ يۇرتىغا كەلدى . بۇ ئۇنىڭ بەنجاڭلىقتىن مۇئاۋىن پەيجاڭلىققا ئۆستۈ-رۈلگەنلىكىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان چاغ ئىدى . نەچچە كۈنگىچە ئۇرۇق - تۇغقان ، يار - بۇرادەرلىرىنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا باردى . ئۇ نەگىلا بارمىسۇن ، بىرمۇنچە ئۇششاق باللار كەينىگە كىرىۋالاتتى . ئۇنىڭدىن تۈرلۈك سوئاللارنى سورايتتى . بىر كۈنى ئۇ بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ، دادۈي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئاخىرقى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىنىپ ، باللار يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەندەك قىيا - چىيا بىلەن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن سەلدەك ئېقىپ چىقىشقا باشلى-دى . بىردەمدە ئەتراپ توپا - چاڭغا تولدى . ئۇ باللارنىڭ ئۆتۈپ

بولۇشنى كۈتۈپ ، يولنىڭ چېتىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا تۇردى .
ئاخىردىراق چىققان نەچچە بالا ئۇنى كۆرۈپ قالدى-دە ، ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئۇنى - بۇنى سوراشتى . ئاردىن بىر بالا ئۇنىڭ شەپكىسىنى
كىيىپ بېقىشنى ئۆتۈندى . ئۇ بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا
كىيدۈرۈپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن شەپكىنى ئۇنىڭدىن بۇ ، بۇنىڭدىن
ئۇ ئېلىپ كىيىپ بېقىپ ، شەپكە 7 — 8بالىنىڭ قولىغا ئۆتتى . يەنە
قانچە بالىنىڭ قولىغا ئۆتەتتىكىنتاڭ ، توققۇز باشلاردىكى بىر ئوغۇل
بالا شەپكىنى بېشىغا بىر كىيىۋالغانچە ، باشقىلارغا بەرگىلى ئۇنىمە-
دى . تېخى قېچىپ كېتىپ ، باشقىلارنى قوغلاشقا سالغىنىنى دېمەم-
سىز !

— نادىر ، نېمانداق قىلىسەن ؟ ھۇ ئەسكى !

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بالا دەرھال توختىدى . ئۇنى قوغلاۋاتقانلارمۇ
تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشتى .

بۇ يەردە ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىلا كىشى — بۇ مەكتەپنىڭ
ئوقۇتقۇچىسى قۇندۇز بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى نادىر قالغانىدى . قۇندۇز
تولىمۇ چىرايلىق قىز ئىدى . چىرايلىقلىقىغا كىشلەرنىڭ ھەسەت
قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىنمۇ ياكى تەبىئىتى شۇنداقمۇ ، باشقا كە-
سىپداشلىرىدەك كىيىم - كېچەككە قىزىقمايتتى ، پەرداز بۇيۇملىرىنى
ئەسلا يېقىن يولاتمايتتى . پۈلى ئەرزان ، كۆركەم رەختلەردىن يارد-
شىملىق كىيىملەرنى تىكتۈرۈپ كىيەتتى . بۇ ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق
كۆرسىتەتتى . بەزىلەر ئۇنى دوراپ كىيىنىپ بېقىشقانىدى ، «چاققا
چورۇق ئاسقاندەك» زادىلا ياراشماي كۈلكىگە قېلىشتى . قۇندۇز بۇنى
بىلمەيتتى ، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى بالا
ئوقۇتۇش ، تىرىشىپ ئۆگىنىشتىلا بولۇپ ، دەرستىن بىكار بولسىلا
ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنەت-
تى . ياخشى مالنىڭ بازىرى ئىتتىك ، چىرايلىق قىزنىڭ خېرىدارى
كۆپ بولىدۇ . قۇندۇز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى
گۇڭشې شۇجىسىنىڭ ئۇنى كېلىن قىلىۋالغۇسى كەلدى . ئاتا - ئانىسى
بۇنداق «ئامەت»نى كۆرۈپ ، خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپال-

ماي قېلىشتى . ئەكسىچە ، قۇندۇزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇسى ، «پۇتۇن ئادەم» بولغۇسى بار ئىدى . ئەرگە تېگىشنى رەت قىلدى . ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى بىكارغا كەتتى . تىل ئىشتتى ، تاياق يېدى ، ھېچقايسىسى كار قىلمىدى . ئۇنى «توي خېتى» ئېلىشقا كۆندۈرەلمىگەن ئاتا - ئانا قۇدىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، گۇگۇمدا ئۇنى كۆرۈشكە بارغۇزمايلا ئىشنى پۈتكۈزدى . قۇندۇز بۇنى تۇيۇپ قېلىپ . ئۆيدىن قېچىپ چىقتى . 2 — 3 كۈنگىچە كۈسەن دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈردى ، ئاتا - ئانىسىنى تازا قورقۇتتى . ئۇلار ماتەم قايغۇسىغا چۆمگەن بىر ئاخشىمى ، قۇندۇز ئامراق مۇئەللىمىنىڭ ئۆيىگە «غىپپىدە» كىردى-دە ، باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، ھالىنى ئېيتتى . مۇئەللىمى باشتىلا ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالغانىدى . ئەمدى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە بەردى . ئۇنى ئۆيىدە قوندۇردى . كېچىلەپ شۇجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، قۇندۇزنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ناھىيەلىك ، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا ئەرز يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەش قىلىپ قورقۇتتى . بۇ 73- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىش بولۇپ ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ھوقۇق تارتىۋېلىپ تەختكە چىققان كاتتىباشلارنىڭ «پاچىقىغا پىت چۈشكەن» چاغ ئىدى . قۇندۇزغا قېيىنئاتا بولغۇچىمۇ ئەنە شۇنداقلاردىن ئىدى . ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، نىيىتىدىن ياندى ، لېكىن قۇندۇزدىن ئۆچ ئېلىشنى ئېسىدىن چىقارمىدى . قۇندۇز تولۇقسىزنى ئىككى يىل قاپ يۇدۇپ ، كەتمەن چېپىپ ، «كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيەسى»نى ئالغان بولسىمۇ ، «ئاممىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتەلمەي» ئالىي مەكتەپكە بارالمىدى . ئوقۇتقۇچىلىرى تەرەپ - تەرەپكە پالاقلاپ يۈرۈپ ، ئاران دېگەندە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە يولغا سېلىشتى . ئەسلىدە قۇندۇز مۇشۇ بىلىمگە قانائەت قىلسىمۇ بولاتتىغۇ ، ئۇنىڭ «كاج» تەبىئىتى ئۇنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە ، كۆڭلەرنىڭ بىردە چوقۇم ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىشقا قىستايتتى . شۇڭا ، يىگىتلەر «قانات سۆرەپ» ھاردى ، ئاتا-ئانىسى تەقدىرگە تەن بەردى . قۇندۇز ھازىر ئازاد ئىدى……

كوت ـ كوت خوتۇنلارنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن «قىرى قىز» دەپ مەسخى-
رە قىلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىگە ئۆزى غوجا ئىدى. ھەر
جەھەتتىن خاتىرجەم ئىدى. كۈندىن- كۈنگە ھۆسنىگە تولۇپ، «كۆز-
نىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق» لىشىپ كېتىپ باراتتى. ھازىر
ئۇنىڭ توغاچتەك مەڭزى خىجالەتچىلىكتە تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن:
«ئەدەپسىز» ئىنىسىگە تىكىلگەن كۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ چاقنىشى،
ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىگەن پېتى ئوۋچىدىن ئۇركۈگەن كېـ-
يىكتەك ئەنسىزلىك بىلەن تۇرۇشى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق-
لاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

قۇندۇز ئىتتىك نادىرنىڭ ئالدىغا كەلدى- دە، قولىدىكى شەپكى-
نى ئاۋايلاپ ئېلىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئەسكىلىك قىلما جۇمۇ، ئۇكام!
— دەپ نادىرنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى، —شەپكىنى مەيەت
قىلىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟

قۇندۇز كەينىگە بۇرۇلۇپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى:
— رۇستەم ئاكا، بۇ ئۇكام...... — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.
— ئۇنىڭغا بىكار ئازار بەردىڭىز، — رۇستەم ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلدى، —شەپكىنى مەن ئۆزۈم بەرگەن.
— ھە!......

قۇندۇز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ تاشلىدى. رۇستەمنىڭ
كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم، قۇندۇزنىڭ كۆزلىرىدە ئەندىشە.
ئىككى كۆز بىر- بىرىگە ئۇزاق قارىشىپ تۇرۇشمىدى. لېكىن،
بۇ كۆزلەردىن ئوقچۇغان غەلىتە سىرلىق نۇر بىر جۇپ يۈرەكنى
«چىمىدە» چېقىپ ئۆتتى.

رۇستەم ھودۇققىنىدىن شەپكىسىنى قۇندۇزنىڭ قولىدىن قانداق
ئېلىپ، بېشىغا قانداق كىيگىنىنى تۇيمايلا قالدى. قۇندۇزنىڭ رو-
ھىي ھالىتىمۇ ئۇنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

ئىككىيلەننىڭ يولى بىر ئىدى. بىللە مېڭىشتى. قۇندۇز ئىنى-
سىنى يېتىلىۋالدى. ئۇيان ـ بۇياندىن گەپلەشكەچ ماڭغان بولىسمۇ،

گەپلىرى زادى قولاشمايتتى . رۇستەم كېتىۋېتىپ ، قۇندۇزنىڭ خۇش پىچىم بەستىگە ، تولغان كۆكرەكلىرىگە يوشۇرۇن نەزەر تاشلايتتى . قۇندۇزنى تۇيۇپ قالارمىكىن دەپ يۈرىكى ئەنسىز دۇكۇلدەيتتى . قۇندۇز بېشىنى يەردىن ئۇستۈن قىلمايتتى . قوللىرى ئۇكىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى بىلەن ھەپىلەشكىنى ھەپىلەشكەندى .

ئۇلار قوندۇزنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە قۇندۇز قورۇنۇپراق :

— بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئۆتەرسىز ؟— دېگەندى ، رۇستەم بىر پەس شۈك تۇرۇۋېلىپ :

— باشقا بىر كۈنى كېلەي ، مەن تېخى بۇ يەردە ئۇن - يىگىرمە كۈن بار ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، خوش ئەمىسە .

— خوش .

ئۇلار خوشلاشتى .

رۇستەمنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتتى . كېچىسىمۇ ، كۈندۈزىمۇ قۇندۇزنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى بولمايتتى . پۇتلىرى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن چىقسىلا ، كۆزلىرى قۇندۇزنىڭ ئۆيى تەرەپكە تىكىلەتتى . قۇندۇز مەكتەپكە بېرىپ - كېلىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىدا سائەتلەپ - سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى . يۈرىكى قۇندۇزنىڭ جامالىنى ، ھېچ بولمىسا ئەۋرىشىم بويىنى بىر كۆرۈۋېلىشقا تەشنا ئىدى . ھەر قېتىم كۆرگەندە ، بۇ تەشنالىق تېخىمۇ ئۇلغىياتتى . كۆپىنچە قۇندۇزنى يىراقتىن كۆرەتتى . قېشىغا باراي دېسە ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقانلارنىڭ «گەپ تېپىشى» دىن ئەنسىرەيتتى . بۇ قېتىملا ئەمەس ، مۇنداق ھالەت قۇندۇز تېخى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا رۇستەمگە ھەمراھ بولغانىدى . قۇندۇزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئېقىپ ، كۈنلەرنى - تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋەردى .

بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى . قۇندۇز ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈپ ، خىزمەتكە چىققىلىمۇ ئىككى يىل بولدى . رۇستەمنىڭ دەرىجىسى ئۆسكەنسې-

رى ، ئىرنافىنا ئوختىغۇدەك چىرايلىق قىزلار گۇلگە ئولاشقان ھەسەل ھەرىسىدەك چۆرىسىگە ئولاشقىلى تۇردى . بۇ قېتىم ئۇنى ئۆيمۇئۆي چايغا تەكلىپ قىلىشلارمۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىدى .

رۇستەم ھەممىنى رەت قىلدى . ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى رەنجىتتى ، ئانىسىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى . رۇستەم ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ، ئاللىقاچان مۇنداق نىيەتكە كەلگەنىدى : مۇۋاپىق پەيت تېپىپ ، قۇندۇزغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش ، ئەگەر ئۇ رەت قىلسا ، مۇۋاپىق لايىق تاللاپ ، بۇ يىل كۈزدىن قالدۇرماي توي قىلىۋېلىش .

رۇستەمنىڭ كۈندە دېگۈدەك قۇندۇزنىڭ يولىغا تەلمۈرۈشى دەل مۇشۇ ۋەجدىن ئىدى .

بىر ھەپتىلىك تەلمۈرۈپ كۈتۈش ئاخىر ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزدى . بىر قولىدا دەرسلىك ماتېرىيال قاچىلانغان خورما رەڭ سومكا كۆتۈرۈۋالغان قۇندۇز مەكتەپتىن ئۆزى يالغۇز قايتقانىدى . رۇستەم يوشۇرۇنۇپ تۇرغان دەرەخلىكتىن ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى . خىيالەتتە كېلىۋاتقان قۇندۇز ئاھۇدەك چۆچۈپ :

— ۋىيەي ، ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىز ، — دېگىنىچە كۆكسىنى تۇتتى ، چىرايىدا ھەم خىجىللىق ، ھەم تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى ، — نەگە ماڭدىڭىز ؟

— تۇگمەن بېشىغا ماڭغانتىم ، يولنى قىسقارتاي دەپ .

— كىمنىڭكىگە بارىسىز ؟

— ئاچامنى يوقلاپ كېلەي دەيمەن . ئەتە - ئۆگۈن كېتىپ قالسام......

— ۋىيەي ، شۇنچە ئالدىراشمۇ ؟ قايسى كۈنى «ئون - يىگىرمە كۈن تۇرىمەن» دەۋاتاتتىڭىزغۇ ؟

— ئۇ گەپنى قىلغىنىمغىمۇ ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ ؟

قۇندۇز «ۋىللىدە» قىزارغانىدى ، رۇستەمنىڭ كۆزلىرىگە ئەتىراپقا «ۋىللىدە» نۇر چېچىلغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ :

— ئەجەب كېيىن قايتىپسىزغۇ ؟— دېگەنىدى . قۇندۇز چۈشەن-دۈردى :

— يىللىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى ئەمەسمۇ ؟ ئوقۇشى ناچارراق نەچچە بالىنى ئېيپ قېلىپ ، دەرس تەكرار قىلىپ بەردىم .

— ئوبدان قىپسىز ، مەن تېخى...... — رۇستەم دۈدۈقلىدى ،

— ئۈيگە قايتارسىز ؟

— ھەئە .

ئۇلار بىللە مېڭىشتى . ئالدى تەرەپتىن ئۇرغان غۇر - غۇر شامال قۇندۇزنىڭ قاپقارا چېكە چاچلىرىنى ئۇسسۇل ئوينىتىپ دەم يۈزىگە ، دەم قۇلاقلىرىغا ئۇراتتى ، يۇمران بوينىنى غىدىقلايتتى . ئۇنىڭ بوش قولى چېكە چاچلىرىنى تۈزەپ بولالماي ئاۋارە ئىدى . باش چىقىرىپ پوقاق بولغان بۇغداي مايسىلىرى ، تۈۋىگە توپا يۆلىنىپ ، گەجگە سۈيى ئىچكۈدەك بولۇپ قالغان قوناق مايسىلىرى ئۇلارغا تىنىمسىز سالام بېرەتتى . كەچكى شەپەق نۇرى ئۇدۇللا قۇندۇزنىڭ يۈزىنى يورۇتقان-دەك ، ئۇنى تېخىمۇ جەزبىلىك كۆرسىتەتتى . ئۇلار بىرئاز ئارىلىق قالدۇرۇپ ، يانمۇيان كېتىپ باراتتى . تۇنۇگۇن كېچە ياغقان يامغۇردا تاراڭگىدەك قېتىپ كەتكەن شورتاڭ ، كاتاڭ ھارۋا يولى ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا غەلىتە ئاۋاز چىقىراتتى .

ئۇلار قورۇنۇپراق بولسىمۇ ئۇيان - بۇياندىن سۆزلىشىشكە باش-لىدى . بەختىگە بىرەر يولۇچىمۇ ئۇچراپ قالمىدى . رۇستەمنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى : «سېنىڭ قەيىرىڭ ئوغۇل بالا ؟— دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە كايىپ ، — بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئەپلەپ ئاغزىڭدىن چىقىرالمىساڭ !...... »

رۇستەمنىڭ خىيالى ئاخىرلاشماستىن يول ئايرىشقا كېلىپ قې-لىشتى . بىرسى شىمالغا ، بىرسى غەربكە كەتمەكچى . ئەمدى قاچان كۆرۈشىدۇ ؟ يەنە مۇشۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى تاپقىلى بولامدۇ ؟ رۇس-تەم راستتىنلا ئەخمەق ئىكەن .

لېكىن ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدىكەن : ئۇلار ئۈچ يولنىڭ دوقمىشىدا توختاشتى . قۇندۇز بىر ئۆرۈم چېچىنىڭ

ئۆچىنى ئويناۋاتاتتى . سىياقىدىن بەكمۇ ياۋاشلىشىپ قالغاندەك كۆ-
رۈنەتتى . رۇستەم ئەمدى ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە ئەمەس ، ئۇدۇل تىكى-
لىپ قاراپ تۇراتتى . قۇندۇز بۇنى سەزمەيۋاتقاندەك قىلاتتى . رۇستەم
تۇيۇقسىز سورىدى :

— قۇندۇز ، — قۇندۇز ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىدى ، — سىز نېمىشقا ياتلىق بولمايسىز ؟

قۇندۇز ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق تىكىلىپ قارىدىكى ، رۇستەم
ئوڭايسىزلانغىنىدىن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى . قۇندۇز بىر
پەس شۈك تۇرغاندىن كېيىن ، ياندۇرۇپ سورىدى :

—بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالى رۇستەمنى خېلىلا تېتىكلەشتۇرۇپ قويدى .

— سورىسام بولمامدىكەن !— رۇستەم چاقچاق تەلەپپۇزىدا سۆز-
لەيتتى ،—مەخپىيەتلىكىڭىز ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقامسىز ، يا ؟

— ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورققۇدەك نېمە مەخپىيەتلىكىم
بار ئىكەن ؟— قۇندۇز كۈلۈپ تاشلىدى ، —ھەممە ئىشتىن ئۆزىڭىز-
نىڭ خەۋىرى بارغۇ ! ؟

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى رۇستەم دەرھال چۈشەندى .

— ئۇ دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغۇ ؟—دېدى ئۇ ئىمكانقەدەر
ئۆزىنى تەمكىنرەك تۇتۇشقا تىرىشىپ ، — مېنىڭ سوراۋاتقىنىم ھا-
زىرقى گەپ .

— شۇنداقمۇ ؟— قۇندۇز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — ھازىر مەن
بۇ ھەقتە ئويلانمىدىم ، بۇ يىل ئىمتىھان بېرىپ ، داشۆدە ئوقۇماقچى-
مەن .

ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسىڭىزچۇ ؟

— ئۆتەلمىسەم كېلەر يىلى يەنە ئىمتىھان بېرىمەن .

— كېلەر يىلى ؟......

قۇندۇز دۇدۇقلاپ يەرگە قارىدى . رۇستەم ئۆزىنى تۇتالماستىن ،
كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى :

— ئاۋۋال توي قىلىپ ، ئاندىن ئوقۇسىڭىز بولمامدۇ ؟

— نېمە؟ گېپىڭنىڭ قىزىقلىقىنى قارا! — قۇندۇز ئەمدى كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقارغاندەك، كۆڭلىدە بارىنى بىراقلا تۆكۈۋەتتى، — ئاۋۋال توي قىلىپ، ئاندىن ئوقۇيدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن!

ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى نەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈردى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ راست ئىدى: بىرى، تۇرمۇش قۇرغان ياشلار ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ يەنە بىرى، بولۇپمۇ قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئەرلىرىنىڭ رايىغا بېقىشى كېرەك. كىممۇ توي قىلىپ ئالتە كۈندىن كېيىن خوتۇنىنى نەچچە يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ؟ بولۇپمۇ بۇ نامىرات، قالاق يېزىدىن مۇنداق ئەرلەر چىقامدۇ!

— ئەگەر شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىسىز؟

رۇستەمنىڭ سوئالى قۇندۇزنى خېلىلا مەڭدەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن:

— شۇنداق ئىش بولۇپ قالسىغۇ، — دەپ سېلىپ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

رۇستەمنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلدى:

— مەسىلەن، مەن…… ئەگەر مەن……

— ۋىيەي، نېمەدەۋاتىسىز؟ قېلىنلىقىنى!

قۇندۇز يۈزلىرىنى تۇتۇپ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە نارەسىدە قىزلاردەك يۈگۈرۈپ، مەھەللە تەرەپكە كەتتى. يىراقلاشقانسېرى، ئۇ رۇستەمنىڭ كۆزلىرىگە تاغ كەينىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان شەپەققە قوشۇلۇپ كەتكەندەك بىلىندى.

شۇ كېچىسى رۇستەم نەچچە ۋاراق قەغەزنى بوياپ، ئۆزۈن بىر پارچە خەت يازدى. خەتتە ئۆزىنىڭ قۇندۇزغا بولغان ئۇزاق يىللىق مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاش بىلەن بىللە، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، ئۇنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكى، تويدىن كېيىن ئوقۇيمەن دېسە تېخىمۇ خۇشال بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەنىدى.

خەت قۇندۇزنى تولىمۇ خۇشال قىلدى . ئۇنىڭ بۇ خەتنى كۈتۈۋات-قىنىغا ئۇزاق يىل بولغانىدى . ئاخىر ئۇنىڭ كۈتكىنى بىكار كەتمە-دى . قۇندۇز 17 — 18 ياش چېغىدىلا رۇستەمگە كۆيۈپ قالغانىدى . پەقەت ئۇنى ساقلاپ ، نۇرغۇن خورلۇق ۋە تاپا - تەنىلەرگە چىداپ بۇگۈنگىچە كەلگەنىدى . ئەمدى مۇرادىغا يەتتى .

ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى . قۇندۇز قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ ، گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇ-چى ، ئىككى بالىغا ئانا بولدى . رۇستەممۇ......

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن . بىز رۇستەمنىڭ قېشىغا قايتايلى : رۇستەم ئاچلىقتىن ئۆلگەنىدى . ئۇ هايات چېغىدا نامەھرەم-گە — ئايال زاتىغا بۇنچىۋالا تىكىلىپ قارىغان ئەمەس ، ئەگەر «قارىد-دى» دېيىلسە ، ئاشۇ بىرلا قۇندۇزغا قارىغان . هاياتىنى ، ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن . مانا ئەمدى كېلىپ......

رۇستەم قىزلاردىن نەزەرىنى يۆتكەشكە تەييارلىنىۋاتقاندا ئۇلار ئارىسىدىكى بىرسى ، يەنە كېلىپ ئەڭ چىرايلىقى ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى .

ئۇ قۇندۇز ئىدى .

رۇستەم بىر تەرەپتىن ئۇنى باغرىغا بېسىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن هەيران بولۇپ سورىدى :

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ؟

قۇندۇز دۇدۇقلىماي جاۋاب بەردى :

— سىزنى سېغىنىپ كەلدىم .

— قانداق كەلدىڭ ؟

— سىز قانداق كەلگەن بولسىڭىز ، مەنمۇ شۇنداق كەلدىم .

— مەن قانداق كەپتىمەن ؟

— تۈرمىدە ئاچلىق ئېلان قىلىپ كەپسىزغۇ ؟

— سەنمۇ ئاچلىق ئېلان قىلدىڭ ؟

— ياق ، كۆسەن دەرياسىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم .

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ ؟

— سىز ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسىڭىز ، ماڭا ئۇ دۇنيادا نېمە بار ؟ !
رۇستەم ئۇنى ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ، ئۆزىدىن سەل يىراقلاشتۇردى. دە ، كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ سورىدى :
— ئۇنداق ئادەم مەندىن نېمىشقا خېتىڭنى ئالغان ؟
— ئۇ چاغدا مەن ئازغان······ خەق سىزنى : «باسقۇنچى» دېسە ، راستىكەن دەپتىمەن . ئويلاپ بېقىڭە ، مەندەك خوتۇنىڭىز ، گۆھەردەك ئىككى بالىڭىز تۇرۇپ ، ئاشۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلسىڭىز ، مەن قانداق تاقەت قىلىپ تۇرالايمەن ؟ كىشىلەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ! ؟
— ئەمىسە يەنە نېمىدەپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭ ؟
— سىزنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ······
— قانداق بىلدىڭ ؟
— ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلگەنلىكىڭىزدىن بىلدىم . ئەگەر سىزدە راستىنلا گۇناھ بولسا ، ھەرگىزمۇ مېنى تۇل ، بالىلارنى يېتىم قىلىپ ، بۇ يەرگە كېلىۋالمايتتىڭىز .
— بالىلار قېنى ؟
— بالىلار······ بالىلار······ — قۇندۇز بىردەم دۇدۇقلىغاندىن كېيىن ، كۆزلىرىگە «غىلىلدە» ياش ئالدى ، — بالىلار ئۇ دۇنيادا قالدى . ئۇلارنى ياشىسۇن دېدىم . ئەمگەن سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرغان تارەسىدىلەرنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىشكە چىدىمىدىم ، ئاھ جېنىم رۇستەم······
قۇندۇز ئۇن سېلىپ يىغلىدى . رۇستەمنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى . يۈرىكى قۇندۇزغا ئاشۇ بىر چاغلاردىكىدەك ئامراقلىق ئوتى بىلەن ياندى . ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ ، پۇت - قولى بوشىشىپ ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپ باراتتى . قۇندۇزنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆرە تۇرۇپلا ئۇخلاپ قالىدىغاندەك قىلاتتى . لېكىن ، غەلىتە بىر تۇيغۇ ئۇنى سەل ئويلاندۇرۇپ قويدى ، ئۇ باياتىنقى قىزلارنى ئېسىگە ئالغاندى ، ئادەم دېگەندە شەرم - ھايا بولغىنى تۈزۈك . شۇنچىۋالا جىق قىزلارنىڭ كۆزىچە······

رۇستەم كۆزلىرىنى «لۆممىدە» ئاچتى. يۇ، ئىتتىك يۇمدى. چۈنكى، ئۇ باغدا ياكى ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «جەننەت» تە ئەمەس، بەلكى پانىي دۇنيادا، يەنى بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى ئۆزى قامالغان، ئاشۇ ئىسلىنىشىپ كەتكەن يالغۇز كىشىلىك قاماقخانىدا يوتقاننى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتاتتى. رۇستەم قولغا ئېلىنغاندىن بۇيان ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى پەقەت بىرلا ئوي، يەنى قانداق قىلىپ قۇندۇزنى ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەندۈرۈپ، بالىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە بېقىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، قۇندۇز ئىنتايىن غۇرۇرلۇق، ديانەتلىك ئايال بولۇپ، ئىپلاسلىقتا چېكىگە يەتكەن بىر باسقۇنچى بىلەن يېڭىباشتىن بىر تەكىيەگە باش قويۇشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلەتتى.

بەلكى ئۇ شۇ تاپتا دەرس مۇنبىرىدىن چۈشۈپلا ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان دالدا جايغا بېرىۋېلىپ پۇخادىن چىققۇچە كۆز يېشى قىلىۋاتقاندۇ؟

بەلكى ئۇ شۇ تاپتا زېھنى چېچىلغىنىدىن، ئۆتىۋاتقان دەرسىدىن ئېزىپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىچىر - پىچىرلىرى ۋە مەسخىرىلىك كۈلكىسىگە قېلىۋاتقاندۇ؟

بەلكى ئۇ شۇ تاپتا ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا جەينەكلىرىنى شىرەگە تىرىگىنىچە شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ، رۇستەم بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتكەن 10 يىللىق ئۆمرىگە لەنەت - نەپرەتلەر ئوقۇۋاتقاندۇ؟

بەلكى ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئايدەك گۈزەل ھۆسنىنى، تەڭرى كەمدىن - كەم ئايال زاتىغا نېسىپ قىلغان خۇش پىچىم بەستى بىلەن رۇستەم نومۇسىنى بۇلغىغان ھېلىقى قىزنى غايىبانە سېلىشتۇرۇپ، ھەسرەت ئۇستىگە ھەسرەت چېكىۋاتقاندۇ ياكى ئۆزىنى مۇشۇنداق خورلۇققا مۇپتىلا قىلغان تەڭرىدىن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەۋاتقاندۇ؟ شۇنداق، چوقۇم شۇنداق!

شۇنداق ئىكەن، رۇستەمنىڭ كېچە - كۈندۈز ئۇنىلا ئەسلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى —

ئاسماندىكى ئاينى قول بىلەن ئۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىق ئەمەسمۇ؟

رۇستەم بۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. بىلىپ تۇرۇپ «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش» كويىدا ئىدى. قىسقىسى، ئۆزىنى يەنىلا «پاك» سانايتتى. قۇندۇزنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى بىر خىل «ئۇقۇشماسلىق» دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ بەش ئاينى ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزدى. يېقىندا ئۇ نومۇسىغا تەگكەن قىز تۇغۇپ قويدى، بۇ ھەممىدىن يوغان پاكىت ئىدى. رۇستەم ئەمدى بۇ پاكىت ئالدىدا ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۆزىنى ئاقلىيالمايتتى. كەم دېگەندىمۇ 15 — 20 يىل تۈرمىدە يېتىشى مۇمكىن. رۇستەم ئويلىنىپ - ئويلىنىپ ئاخىر ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. بىراق، تۈرمە نازارەتچىلىرى ئۇنىڭ ئىلكىدە بىر قېتىم يىپ، بىر تال تۈگمە چاغلىق نەرسە قالدۇرۇشمىغانىدى. دېمەك، ئۆلۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىردىنبىر چارە ئاچلىقتىن ئۆلۈش. بۇنىڭدىن بۆلەك يولمۇ يوق ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ، ئۇدا ئۈچ كۈن غىزالانمىدى. تۆتىنچى كۈنى، يەنى تۈنۈگۈندىن باشلاپ دوختۇرلار ئۇنىڭغا قارشى «جەڭ»گە ئاتلاندى. ھازىر ئۇنىڭ تېنى يەڭگىللەپ، پۇت - قولىغا ماغدۇر پەيدا بولۇپ قالدى. قارىغاندا بۈگۈن - ئەتە ئۆلىدىغانىدەك قىلمايتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇ ساقچىلاردىن كۆرە دوختۇرلارغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر دوختۇرلار ئارىلاشمىغان بولسا، ئۇنىڭ جېنى ئاللىقاچان ئارام تاپقان، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇستىلەپ - ئۇستىلەپ ئەيىبلىشى ۋە مۇزدەك سوغۇق نەزەر بىلەن تىكىلىشىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلاتتى ئەمەسمۇ!؟

— ئەستا ······ — رۇستەم يىلاندەك تولغىنىپ، ئۇنلۇك ۋارقىرىۋەتتى ۋە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى.

«نېمە، بۇ چۈشۈممۇ؟ يا، — رۇستەم ئىچىدە پىچىرلىدى، — ياق، ھەرگىز چۈشۈم ئەمەس! ئۇ······» رۇستەم كۆزلىرىنى ئىتتىك يۇمدى-يۇ، يەنە ئاچتى. ئۇ چۈشتىن ھالقىپ كەتكەن رېئاللىققا دۇچ كەلگەنىدى.

## رەقىبمۇ ، «ئادۋوكات؟»

رۇستەم ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى . ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى ، ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئاۋۇ ئادەمنىڭ گېلىنى بوغۇپلا جېنىنى ئالماقچى بولغاندى ، بىرەر ئەزاسىنىمۇ مىدىرلىتال-مىدى ، ۋۇجۇدى جالاقلاپ تىترەپ ، ھەممە ئەزاسىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى . كۆزلىرى ئاشۇ ئادەمگە بىرھازا قادىلىپ تۇرغاندىن كې-يىن ، ئىختىيارسىز يۇمۇلدى .

«ئۇ بۇ يەرگــە نېمىدەپ كەلگەنــدۇ ؟ — دېدى ئىچىدە پىچىر-لاپ ، — يەنە بىر شۇملۇق ئويلاپ تېپىپتۇ- دە ، بۇ ئەبلەخ !ھىم...... قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن .»

رۇستەم چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلى-ۋالدى . ئۆمۈچۈك تورىدەك گادىرماچلىشىپ كەتكەن خىياللىرى ئۇنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم رۇستەمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يېقىن سەپدىشى ھەم ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى رەھبىرى لاۋرېن بولۇپ ، رۇستەم ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش ھەم قەدىناس دوست ئىدى . لاۋرېن رۇستەمدىن بىر يىل بۇرۇن ھەربىي سەپكە كىرگەن ، ئۇنىڭ بىلەن بىر بەن ، بىر پەي ، بىر لىيەندە ئۇزاق يىل بىللە ئىشلىگەن ، رۇستەمنى پارتىيەگە تونۇشتۇرغان ئادەم ئىدى . ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا بەكمۇ راۋان سۆزلەيتتى . مەركەزنىڭ زور تۈركۈم ئەسكەر قىسقارتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇ-شىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئىككىيلەن تەڭلا ھەربىي سەپتىن چېكىن-دى . لاۋرېن رۇستەمنى پاناھ تارتىپ ، ئۇنىڭ كەنتىگە قوشنا بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «شەرق» دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ ، قوغ-داش بۆلۈمىگە باشلىق بولدى . شۇ يەردە ئۆيلەندى . ئىككىيلەننىڭ ، تېخىمۇ ئېنىقراقى ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ يېقىن ، بار-دى- كەلدىسى قويۇق ئىدى . ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئۇلارنىڭ ئارىسى

ئۇشتۇمتۇت بۇزۇلۇپ ، لاۋرېن ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۇشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى . ئۇ دۇشمەنلىكتە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، رۇستەمنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىش كويىدا قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى . يېپىق سوتتا (باسقۇنچىلىق دېلولىرى ئوچۇق سوت قىلىنمايدىكەن ) لاۋرېن باش سوتچى ۋە سوتچىلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ، رۇستەم بىلەن ئەڭ كەسكىن زاكونلاشتى .

— سەن بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچقۇرۇن ياڭ دابەينىڭ تاۋۇزلۇقىغا باردىڭمۇ - يوق ؟— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ دەۋاگەر نامىدا سۆزگە چىقىپ ، دەۋاگەر سوتقا قاتناشتۇرۇلمىغان بولۇپ ، لاۋرېن ئۇنىڭغا ۋەكالەتچى بولغانىكەن .

رۇستەم ھاڭ - تاڭ بولغىنىدىن ، يا «ياق» ، يا «ھە» دېيەلمىدى .

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن !— لاۋرېن تەرىنى تېخىمۇ سەت تۈرۈپ ، بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى ،— باردىڭمۇ - بارمىدىڭمۇ ؟

— مەن ئۇ چاغدا ھەر كۈنى دېگۈدەك باراتتىم ،— رۇستەم ئاخىر تىلغا كىردى ،— لېكىن خاتىرە دەپتەر تۇتمىغىنىم ئۈچۈن ، ئاشۇ كۈنى بارغان ياكى بارمىغانلىقىمنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن .

ئۇ بۇ گەپلەرنى تەنە ئارىلاش ئېيتتى ھەم ماۋۇلارنى غىل - پاللا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى : ئۆتكەن يىل 5 - ئايدا رۇستەم لاۋرېننىڭ دالالىتى بىلەن مەيداننىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى ياڭ دابەينىڭ 10 مو تاۋۇزلۇقىنىڭ كۆكىنى سېتىۋالغانىدى . تاۋۇزلارنىڭ يېرىمى جاغدا ، يېرىمى چىلگە تاۋۇز بولۇپ ، تاكى تاۋۇزلار ۋاشاڭ قىلىنغۇچە تاۋۇزلۇقنى ساقلاپ بېرىشنى ياڭ دابەي ئۈستىگە ئالغانىدى . شۇڭا ، رۇستەم ھەر كۈنى دېگۈدەك تاۋۇزلۇققا كېلىپ تۇراتتى . ئۇدۇللۇق پىشقان تاۋۇزلارنى ئۇدۇللۇق ئۈزۈپ (بۇ ئىشقا ياڭ دابەي ۋە ئۇنىڭ كەنجى قىزى ياڭ لىلى ياردەملىشەتتى ) تىراكتور بىلەن ناھىيە بازىرى ، ھەتتا قەشقەر شەھىرىگىچە ئاپىرىپ ساتاتتى . ھازىر بولسا لاۋرېن تىلغا ئالغان ئاشۇ كۈنى تاۋۇزلۇققا بارغان ياكى بارمىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئەسلىيەلمەيۋاتاتتى .

— ھىم...... شۇنداقمۇ ؟— لاۋرېن دىمىغىنى قىقىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى ، — ئۇنداق بولسا ، مەن ئېسىڭگە سېلىپ قوياي ، — لاۋرېن نەزەرىنى رۇستەمدىن قولىدىكى قەغەزلەرگە ئاغدۇردى ۋە قۇرلارغا غىل - پال كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن دېدى ، — شۇ كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىغان چاغدا سەن تاۋۇزلۇقا كەلگەن ، شۇنداقمۇ ؟

رۇستەم 6- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئاشۇنداق ئىش بولغانلىقىنى ئىتتىك ئېسىگە ئالدى- دە ، كېسىپلا ئېيتتى :

— شۇنداق .

— مۇشۇ گېپىڭ راست- ھە ؟

— راست .

— سائىتىدا كىم بار ئىكەن ؟

— رۇستەم دۇدۇقلىماي جاۋاب بەردى :

— لىلى بار ئىكەن .

— سەن ئۇنىڭ قېشىغا كىردىڭ ، بىردەم گەپلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلدىڭ ، ئاندىن ئۇنىڭغا پىچاق تەڭلەپ ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقا كۈندۈردۈڭ .

— تۆھمەت !— دەپ ۋارقىرىدى رۇستەم ، — مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقىنىم يوق !

— تۆھمەت ؟ ھىم !— لاۋرېننىڭ قارىمۇتۇق چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى . رۇستەمنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغاندى . ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە يېۋەتكۈدەك غەزەپلىك تىكىلەتتى ، — ئۇنداق بولسا لىلىنىڭ قورسىقىدىكى بالا كىمنىڭ ؟

— ئۇنى لىلىدىن سورا !......

—......

ئىككىيلەن مۇشۇ تەرىقىدە ناھايىتى ئۇزاق تاكاللاشتى ، لېكىن ھېچكىممۇ ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى . ئاخىرىدا رۇستەم ئۆزىنى ئاقلاپ مۇنداق دېدى :

— ئۇ كۈنى مەن مىڭ يۈەن پۇلنى يېنىمغا سېلىپ ، ئەمدىلا

تاۋۇزلۇقنىڭ قىرىغا كېلىشىمگە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى . ساتمىغا قارىسام لىلى بار ئىكەن ، مېنى كۆرۈپلا چاقىردى . ياڭ دابېينى سورىسام : «دادام ئۆيگە كەتكەنىدى ، كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدى ، ساتمىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ» دېدى . مەن ساتمىغا كىرىپ پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپلا قايتماقچى بولغانىدىم ، لىلى : «دادام كەلگەندە ئۆزىگە بېرىڭ» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى . مەنمۇ نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم . ياڭ دابېي كەلگەندە پۇلنى بېرىپلا قايتتىم . ئىشەنمىسەڭلار ئاتا - بالا ئىككىيلەن بىلەن يۈزلەشتۈرۈڭلار !

ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ھېچكىممۇ قۇلاق سالمىدى . قۇلاق سالغان تەقدىردىمۇ نەتىجە بەرىبىر ئوخشاش بولاتتى . يەنى رۇستەم گەدىنىدىكى قەرزنى تاپشۇرۇش باھانىسىدە قەستەن ئاشۇنداق پەيتنى تاللاپ تاۋۇزلۇققا بارغان . لىلىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى راسا قورقۇتۇپ ، ئاغزىنى ئاچالماس قىلىپ قويغان پەيتتە ياڭ دابېي كېلىپ قالغان .

تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاخىرقى يەكۇنىمۇ دەل مۇشۇنداق بولدى . رۇستەم ھۆكۈمنامىگە قول قويۇشنى رەت قىلىپ ، ئۆلۈۋېلىش كويىدا يۈرۈپتۇ . لاۋرېنچۇ ؟

— يولداش رۇستەم ، ماڭا قارىڭە .

بۇ — لاۋرېننىڭ ئاۋازى ئىدى . رۇستەم سەسكىنىپ كەتتى . چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلايتتى . ئۇ پۇتلىرىنى تەسلىكتە يىغىپ ، تېخىمۇ بەكرەك تۈگۈلۈۋالدى . ئىچىدە : «يولداش رۇستەم !— دەپ پىچىرلاپ ، ئۆزىگە تەكرار - تەكرار سوئال قوياتتى ، — مەن قاچاندىن بېرى ‹يولداش› بولۇپ قالدىم ؟......»

كۇتۇلمىگەندە ، ئىسسىق بىر قول رۇستەمنىڭ پېشانىسىگە يۇمشاققىنا تەگدى . بۇ تەبىئىيكى ، لاۋرېننىڭ قولى ئىدى . رۇستەم پېشانىسىدە چايان ئۆمىلەۋاتقاندەك شۈركۈنۈپ ، بار ئاۋازى بىلەن :

— ھۇ ئىپلاس ! تارت قولۇڭنى !— دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئۇ قولنى پۇتۇن كۈچى بىلەن سىلكىپ پېشانىسىدىن نېرى قىلدى ، كۆزلىرىنى

ئاچمىدى . ئاچاي دېسىمۇ ئاچالىغۇدەك مادارى قالمىغانىدى .

— يولداش رۇستەم ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ .

لاۋرېن مۇشۇ جۈملىنى نەچچە قېتىم تەكرارلىدى .

ئوخشاشلا رۇستەمنىڭ كاللىسىدىمۇ شۇ سوئال :

«يولداش رۇستەم»

رۇستەمنىڭ «يولداش» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغىنىغا بەش ئاي بولغانىدى ، «سىز» دېگۈچىلەر تېخىمۇ يوق ئىدى . بۈگۈن تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان بۇ سۆز رۇستەمنى بەكمۇ ھەيران قىلدى .

بۇ سۆزنىڭ بالدۇرمۇ ئەمەس ، كېيىنمۇ ئەمەس ، ئۇ دەل ئۆلۈش-كە بەل باغلىغان بىر پەيتتە ئېيتىلىشى دەسلەپ رۇستەمنى ھەيران قىلغان بولسا ، ئەمدى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى .

«ھىم...... ئەمدى مېنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالداپ ، نىيە-تىمدىن ياندۇرماقچى بولۇشۇۋېتىشىپتۇ. دە ! ئۇخلاپ چۈشى ! ! !»

رۇستەم كۆزلىرىنى تېخىمۇ مەھكەم يۇمدى ، ھېلىقى قول ئەمدى ئۇنىڭ دولىسىنى تىنىمسىز سىلىماقتا .ھېلىقى سۆزلەر قايتا - قايتا تەكرارلىنىۋەردى . رۇستەمنىڭ تاقىتىمۇ چېكىگە يەتتى . ئۇ بىرلا يۈلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى ، تۇرالمىدى . كۆزلىرىنى چانقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيتىپ :

— ھە ، نېمە دەيسەن !— دەپ ۋارقىرىدى .

لاۋرېن تېرىكمىدى ، كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ، رۇستەمنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى . ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى . رۇستەم سەسكىنىپ كەتتى . كۆزنى يۇمۇپمۇ ئالمىدى . بەلكى چىش-لىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئىچىدە پىچىرلايتتى :

«ئۇ يەنە نېمە ئويۇن ئوينىماقچى ؟»

— ھە ، نېمە دەيسەن ؟— رۇستەم قاپىقىنى ئاچماستىن يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى ، — ھۇ ئىپلاس ! دەيدىغىنىڭنى دەپ ، كۆزۈمدىن يوقال !......

لاۋرېن ئۈنچىقمىدى ، چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى ، تۇرقى بەكمۇ سەمىمىي ۋە خىجالەتمەن ئىدى . خېلىدىن كېيىن :

— يولداش رۇستەم ، —دېدى تىترەك ئاۋازدا ، ئالدىڭىزدا خىد-جىلمەن . پارتىيە ئالدىدا ، قانۇن ئالدىدا جاۋابكارمەن......

— نېمە !—رۇستەم قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە چۆراپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — سەن خىجىل بولۇشنى بىلىدىغان ئادەم-مۇ ؟پارتىيە ئالدىدا ، قانۇن ئالدىدا جاۋابكارمىش تېخى ! ھۇ ، سەندەك ھايۋاننى ! ! !

ھەرقانچە ئۇستا ئارتىسمۇ مۇنچىۋالا قاملاشتۇرالماس ئىدى : لاۋ-رېن يەنىلا چىرايىنى ئۆزگەرتمىدى ، «ئۆزگەرتتى» دېيىلسە چىرايىدا خىجىللىق ئىپادىسى تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىشكە باشلىدى . رۇس-تەم بۇنى ناھايىتى ئېنىق پەرق ئېتىپ تۇرغان بولسىمۇ ، يۈرىكى قىلچە يۇمشىمىدى . غەزەپتىن ئوت چاقناۋاتقان كۆزلىرى لاۋرېنغا مىختەك قادالغانىدى .

خېلىدىن كېيىن لاۋرېن مۇنداق دېدى :

— ئۆتكەندە مەن لى‌لىبىنىڭ شىكايىتىنى ئاساس قىلىپلا سىزنى «باسقۇنچى» دەپ ئەيىبلەپ ، ناھايىتى چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان ئىكەنمەن . يېقىندا مەن ئىگىلىگەن بەزى پاكىتلار باسقۇنچى سىز بولماي ، باشقا بىرسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . شۇڭا......

— ھىم...... رۇستەم ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ، —يەنچۇ ؟ بى-لىپ قوي لاۋرېن ، مەن ئەمدى قايسىبىر كۈنى «گۇناھسىز» دەپ جاكارلانمىغۇچە ئەۋلىيانىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنمەيمەن !

— ھازىر مەن سىزنى «سۆزلىرىمگە جەزمەن ئىشىنىڭ» دېمەك-چى ئەمەسمەن ، — لاۋرېن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆزلەيتتى ، — ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئىختى-يارىڭىزدا . مەن پارتىيە ئالدىدا ، قانۇن ئالدىدا ، ۋىجدانىم ئالدىدا ئۆتكۈزگەن كەچۈرگۈسىز خاتالىقىمنى تۈزىتىش ئۈچۈن سىزگە ئادۋو-كات بولۇشقا تەييارلاندىم .

— ماڭا ؟— رۇستەم مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا لوقما سالدى ، — ھىم...... گېپىڭىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆر بۇنىڭ ...... مەندەك بىر «باسقۇنچى »غا ساراڭمۇ ئادۋوكات بولماس !

— مەيلى نېمە دېسىڭىز دەڭ ، مەن قىلچە كۆڭۈلۈمگە ئالمايمەن ، — لاۋرېن بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈردى ، تەلەپپۇزىمۇ كەسكىنلەشتى ، — ئەكسىچە سىزنى ئاقلىغىنىم ئاقلىغان ! ئەمما ، مۇنداق ئىككى شەرتىم بار .

— «ئىككى شەرت ؟» قانداق ئىككى شەرت ئۇ ؟

— بىرى ، مېنى «قانۇنلۇق ئادۋوكاتىم» دەپ ئېتىراپ قىلىسىز ؛ يەنە بىرى ، ماڭا ھەر جەھەتتىن زىچ ماسلىشىسىز ، — لاۋرېن پاختىلىق چاپىنىنىڭ كۆكرەك يانچۇقىدىن مەتبەئەدە بېسىلغان بىر ۋاراق تامغىلىق قەغەزنى ئېلىپ رۇستەمگە ئۇزاتتى ، ئاندىن قەلىمىنىمۇ چىقاردى ، — مانا بۇنىڭغا قول قويسىڭىزلا قالغان ئىشىڭىزغا پۈتۈنلەي ئۆزۈم ئىگە بولىمەن .

رۇستەم دەسلەپ ئۇ قەغەزنى يىرتىپ - يىرتىپ ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتماقچى بولغانىدى ، بىراق يەنىلا ئاچچىقىنى سەل بېسىپ ، قەغەزگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا تىكىلدى . بۇ لاۋرېنغا بېرىلگەن ئادۋوكاتلىق گۇۋاھنامىسى ئىدى .

بەش ئايدىن بۇيان ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋاتقان باش - ئايىغى يوق سوئال - سوراقلار ، بىر - بىرىدىن قوپال ، بىر - بىرىدىن سېسىق تاپا - تەنىلەر يۈرىكىنى مۇزدەك قاتۇرۇۋەتكەن ، ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىمگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغان رۇستەم لاۋرېننى پۈخادىن چىققۇچە تىللىدى . ئاخىر ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇش مەقسىتىدە گۇۋاھنامىگە قول قويدى-دە ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى . لاۋرېن يەنىلا چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن گۇۋاھنامىنى يەردىن ئېلىۋېتىپ ئىككىنچى شەرت توغرۇلۇق گەپ ئاچقانىدى ، رۇستەم كەسكىن رەت قىلدى ، ھەتتا «ئويلىنىپ باقاي» مۇ دەپ قويمىدى .

لاۋرېن ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتتەك ھەپىلىشىپ گەپكە كۆندۈرەلمىگەنلىكتىن سالپىيىپ چىقىپ كەتتى .

ئىشىك يېپىلىپ ، سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىنغاندىن كېيىن ، رۇستەم ئۆزىنىڭ توڭلاۋاتقانلىقىنى سەزدى . دەرۋەقە ، تام مەشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغاندەك قىلاتتى . سىرتىغا تۆمۈر رېشاتكا بېكىتىلگەن

كىچىككىنە رۇجەكنىڭ ئەينىكى يېڭىباشتىن مۇز پەردىسى بىلەن قاپلىنىشقا باشلىغانىدى . رۇستەم يوتقانغا مەھكەم يۆگىنىۋالدى . تو-رۇسقا ، ئىسلىشىپ ، تور باغلاپ كەتكەن جەگە ، ۋاسا ، بورىلارغا تىكىلىپ يېتىپ بېقىپ زېرىكتى . كۆزلىرىنى شۇنداق يۇمۇشىغا ، ئەتىگەندىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى : چۈشىدە كۆرگەنلىرى بىلەن لاۋرېننىڭ ئويىنىغان ئويۇنى نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە؟ ھەر ئىككىسى ئۇنىڭغا شەپقەت قىلماقچى . تۇفى !...... ئۇنى ئەڭ چوڭقۇر ئويغا سالغىنى لاۋرېننىڭ ئۇشتۇمتۇت قاماقخانىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى بولدى . «نېمىشقا ئۇنى بۇ يەرگە يالغۇز كىرگۈزىدۇ؟ بۇنىڭدا زادى نېمە سىر بار؟»

ئاخىرقى يەكۈننى يەنە ئۇنىڭ ئۆزى چىقاردى :

«ساقچىلار ماڭا تاماق يېگۈزۈشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن ، لاۋرېننى يالغاندىن ئادۋوكات سۈرىتىدە ياساپ ، مېنىڭ قېشىمغا كىر-گۈزگەن گەپ . ھىم...... رۇستەم ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس . قېنى ، ماڭا بىر تال ناننىڭ ئۇۋۇقىنى يېگۈزۈپ باقسۇنچۇ !»

رۇستەم ئەمدى لاۋرېن كۆتۈرۈپ كىرگەن ھېلىقى بىر ۋاراق قەغەزگە قول قويغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلماقتا ئىدى .

## سىرلىق ئويۇن

تولا ئوقۇپ يادا بولۇپ كەتكەن تۆت تاختا گېزىتتىن بۆلەك ھېچ نەرسە بولمىغان بۇ قاراڭغۇ ، زەي ئۆيدە بەش ئاينى يالغۇزچىلىقتا ئۆتكۈزگەن رۇستەم لاۋرېن بىلەن چۈشىدىكىدەك ئۇشتۇمتۇت ئۇچ-راشقاندىن بۇيان ، تېخىمۇ خىيالپەرەس بولۇپ قالغانىدى . مۇنداق بىر ۋەقە ئۇنىڭ ئەسەبلىرىگە زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى :

ئۆتكەن يىلى قوناق ئورمىسى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەر-نىڭ بىرى ئىدى . رۇستەم كۈن بويى تاۋۇز ۋاشاڭدىدى . خۇپتەندىن يانغۇچە تاۋۇزلۇقنىڭ ساتمىسىدا ياڭ دابەي بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇ-رۇپ ، ئەتە قىلىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى ، ئۆيىگە

قايتمۇپتىپ ، جىلغىدىن ئۆتۈپ بىلىق كۆلىگە يېقىنلاشقاندا قولىقىغا :
— كۆل بويىدا تىمسقىلاپ يۈرگەن قايسىڭ ؟ توختىغىنا !
—دېگەن غەزەپلىك ئاۋاز ئاڭلاندى . خىيالەتتە كېلىۋاتقان رۇستەم ئىتتىك قەدىمىنى توختىتىپ :
— سىدىق ئاكا ، مەن······ رۇستەم ، — دېدى .
سىدىق ئاكا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمۇ ، ئۇ تەرەپكە قاراپمۇ قويماستىن ، كۆلنىڭ يەنە بىر چېتىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى . رۇستەممۇ نېمە ۋەقە بولغىنىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى .
— سىددىق ئاكا ، نېمە بولدى ؟ — دېدى ئۇ بوۋايغا يېقىنلىشىپ ، — كىمگە ۋارقىراۋاتىلا ؟
سىدىق ئاكا ھاسىراپ كەتكەنىدى . بىردەم دېمىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن دېدى :
— خېلى بولدى ، قاراپ ئولتۇرسام ، جىلغا تەرەپتىن بىرنەرسە چىقىپ ، ئاۋۇ يەرگە كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . دەسلەپ ئىتمىكىن دەپتىمەن ، كېيىن تازا سەپسالسام ئادەم ئىكەن . ھېلى كېتەر ، مانا كېتەر دېسەم ، مىت قىلماي ئولتۇرىدۇ . بۇ كۆلدە ساپلا يوغان بېلىق بار ئەمەسمۇ ؟ ئىككىنى تۇتۇۋالسا 10 كوي زىيان تارتتۇق دېگەن گەپ ! پوپوزا قىلىپ قوغلىۋەتتىم . تاۋۇزلۇقتىن كېلىشىڭ ئوخشىمامدۇ ؟
— ھەئە .
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆلدىكى بېلىقلار قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى . كېرىم دېگەن نەرسىدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى . تېخى بەزى كادىرلار كۆلنى بۇزۇپ ، شاللىققا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە تەكلىپ بەردى . بۇ تەكلىپ زور كۆپچىلىك كادىر ۋە دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . بۇ تەكلىپ ئىشقا ئاشسا ، ئاران بىر مىڭ نەچچە يۈز مو تىرىلغۇ يېرى بار بۇ كەنتتىكى ئۇزاق يىل گۈرۈچ قارىسى كۆرمىگەن يۈز نەچچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ ھەربىرى يېرىم مودىن شال يېرىگە ئىگە بولاتتى . لېكىن ، بۇ تەكلىپ ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى . چۈنكى ، بۇ كۆلنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ،

ئەينى ۋاقىتتا كەم دېگەندىمۇ ئون نەچچە مىڭ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنغان، نۇرغۇن پۇلغا بېلىجان سېتىۋېلىنغان. بېلىقلارنى بىر مەزگىل گۈڭشېنىڭ مەسئۇللىرى ناھىيە مەسئۇللىرىغا، ناھىيەنىڭ مەسئۇللىرى ۋىلايەتنىڭ مەسئۇللىرىغا ماشىنا - ماشىنىلاپ توشۇغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېھقانلار بېلىق گۆشىنى نېزىگە ئەڭكۈزۈپمۇ باقمىغان. زادى قانچە پۇلغا بېلىق سېتىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قىسقىسى، ئۇ چاغلاردا يالغۇز بېلىق كۆلى ئەمەس، بارلىق قوشۇمچە ئىگىلىكلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلغان. ھازىر دەۋر ئوخشىمايدۇ، ئادەملەرمۇ ئوخشىمايدۇ. سىياسەت ئېنىق، دېھقانلارنىڭ قولىقى رادىيودا، كۆزى گېزىتتە، نېمە قىلىش، نېمە ئېيتىشنى گېزىت بىلەن رادىيودىنلا بىلىۋالالايدۇ. نەچچە سائەتلەپ مەجلىسكە يىغىۋېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. شۇڭا، دېھقانچىلىقنى ئاقسىتىپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەدەپ قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، بېيىۋاتىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئۇلار نېمىشقا بېلىق كۆلىنى بۇزۇپ، شاللىققا ئايلاندۇرۇۋېتىش كويىدا بولىدۇ؟

قورقۇدۇ، ئەللىك نەچچە مو يەرنى ماكان تۇتۇپ ياتقان تىرىك جاننى ھۆددە ئېلىپ زىيان تارتىشتىن قورقۇدۇ. چۈنكى جېنىدا شىرنىسى بار نەرسىگە قونىدۇ - يۇ، كۆپ يىل ئاچ - زېرىنلىق دەردىدە ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان دېھقانلار دەرھال نېپ تەگمەيدىغان ئىشقا ئۆزىنى جورىتامدۇ؟

بىراق، رۇستەم خېلى بۇرۇنلا بېلىق كۆلىنى قانداق باشقۇرۇش، قانچىلىك نەپ ئېلىشنى كۆڭلىدە بوداپ قويغان بولسىمۇ، بەزىلەرنىڭ «پارتىيەلىك كادىر تۇرۇپ، يوغانراق نەپ چىقىدىغان يەرگە ئۆزىنى ئاتتى» دەپ غەيۋەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغاندىن كېيىن، پېشقەدەم بېلىق باققۇچى سىدىق ئاكىنى ئۆزىگە شېرىك بولۇشقا كۆندۈردى. بالىجانلىق، نامرات دېھقان ئىسرائىلنىمۇ ئىندەككە كەلتۈردى، ئاندىن كەنت بىلەن

ھۆددە توختامى تۈزدى ۋە تۈنجى قىلغان ئىشى بېلىقلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تۇغەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىش بولدى . ئەسلىدە باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن چوڭ بېلىقلار كىچىكلىرىنى يەپ تۈگىتىۋەتكەنىدى . سىدىق ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رۇستەم بىلەن ئىسرائىل كۆل بويى سۇدىن چىقماي ، بېلىقلارنى ئەركەك ، چىشى ۋە چوڭ-كىچىكلەرگە قاراپ تۆرگە ئايرىپ ، بىر خىل چوڭلۇقتىكىسىنى بىر كۆلگە يىغدى . بېلىقلار تۇخۇم چاچىدىغان پەيتتە تېخىمۇ جان قېقىشتى . نەتىجىدە 12 كۆلنىڭ ھەممىسى بېلىق كانىغا ئايلاندى ، يەنى شۇ يىلىلا توختامدىكى پۇل كەنتكە تۆلەنگەندىن تاشقىرى ، سىدىق ئاكا بىلەن ئىسرائىلنىڭ قولى 4 — 5 يۈز يۈەندىن پۇل كۆردى . رۇستەم بىر تىيىنمۇ ئالمىدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشى پۈتۈن كەنتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتقۇچىلارمۇ ، ھەسەت قىلغۇچىلارمۇ بولدى . قىسقىسى ، بۇ ئىش ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيىنى چەندان ئۆستۈرۈۋەتتى . بۇ يىل يەنە ئۈچ نامرات ئائىلىنى ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالدى ، ھەر ئائىلە بىر كېچىدىن كۆل ساقلايتتى . بۈگۈن سىدىق ئاكىنىڭ نۆۋىتى ئىدى .

— بۈگۈن قەشقەردىن بېلىق سودىگىرى كەپتىكەن ، — دېدى سىدىق ئاكا گەپ ئارىسىدا ، — «كىلوسىغا ئىككى يۈەندىن بەرسەم» دەيدۇ . قانداق قىلسام بولار ؟

— قانچىلىك ئالىدىكەن ؟

— «قانچىلىك بەرسەڭلار ، شۇنچىلىك ئالىمەن» دەيدۇ .

— سىلىنىڭچە ، بۇ قېتىم قانچىلىك بېلىق ساتقىلى بولار ؟

— بىر توننا ساتقىلى بولارمىكىن .

— شۇنداقمۇ ؟— رۇستەم كۈلۈمسىرىدى ، — مەن ئۇنچىۋالا جىق بېلىق ساتقىلى بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىمەن . ئۇنداق بولسا «گاچچىدە» سېتىپ ، پۇلىنى ئىسرائىل ئاخۇنغا بېرىپ تۇرايلى ، خوتۇنىنى دوختۇرخانىدىن ئاچىقىپ ، ئاشقىنىغا بەش - ئالتە قوي ئېلىۋالسۇن .

— جايىدا گەپ قىلدىڭ ، بىچارە بىرئاز پىتلىنىۋالسۇن !—

سىدىق ئاكا سەل ئويلىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى ، — ئەتە سەن «شاققىدە» قەشقەرگە بېرىپ ، بېلىق بازىرىنى بىر چۆگىلەپ كەلسەڭ قانداق ؟

رۇستەم ھەيرانلىق ئىلكىدە سىدىق ئاكىغا بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى :

— نېمىشقا ؟

— ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆستى ئەمەسمۇ ؟ خېرىدارنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن بوسۇغىمىزغا كەلگىنىگە قاراپ قەشقەردە بېلىقنىڭ باھاسى ئۆستىمىكىن دەيمىنا .

— توغرا ، شۇنداق بولسىمۇ بولغاي ، قەشقەرگە قاچان بارسام بولار ؟ ئەتىلا بارايمۇ ،يا ؟

— تاۋۇزلىرىڭنى قانداق قىلىسەن ؟

— بىرەر كۈن تۇرسا تۇرمامدۇ ! ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ ياڭدابېگە دەپ قويسام بولدى .

— مەيلىڭ ، ئىلاجى بار بولدۇرراق بېرىپ كەل . بۇ خېرىدار كېتىپ قالسا ، خېرىدار ئىزدەپ ئۆزىمىز پالاقلايدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن يەنە .

— ئەمىسە ، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېتىپ ، ئۆگۈنلۈككە چۈشكە قالماي يېنىپ كېلەي .

— ماقۇل ، ئۇنداق قىلساڭ تېخى ياخشى .

ئۇلار خوشلاشتى .

* * *

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەنىدى . پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ياتقان رۇستەم راسا بىر كېرىلىۋېلىپ ، ئەتىگەننىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى- دە ،كىيىنىشكە باشلىدى . خوتۇن- بالىلىرى ئۆيدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى ، تۇيۇقسىز دەرۋازا قېقىلدى .

— كىم ؟

— مەن ، بالام رۇستەم ، مەيەگە چىققىنا !
بۇ سىدىق ئاكىنىڭ ئاۋازى ئىدى . رۇستەم ھەيران قالدى .
«سىدىقكام شۇنچە ئەتىگەندە نېمىدەپ كەلگەندۇ ؟ »
رۇستەم خىيال سۈرگەچ ئالدىراپ كىيىندى. دە ، دەرۋازىنى ئاچتى .
سىدىق ئاكىنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ ، كۆزلىرىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى .
— ئۆيگە كىرسىلە ، سىدىق ئاكا !— رۇستەم ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، بوۋاينى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .
— ئۆيگىمۇ كىرەمىز ، — سىدىق ئاكا كەينىگە ياندى ، —يۈر ، كۆل بويىدا گەپلىشەيلى .
رۇستەم ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇر سورىماقچى بولدى. يۇ ، سوردىمىدى .
جىددىيرەك بىر ئىش بولمىسا بوۋاينىڭ بۇنچىۋالا پەرىشان بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى رۇستەم ئوبدان بىلەتتى . ئۇنى گەپكە تۇتمايلا كەينىدىن ماڭدى .
— ماۋۇ ئىشنى كۆردۇڭمۇ ؟
بوۋاي بېلىق كۆلىگە يېتىپ كەلگەندىلا ئېغىز ئاچتى . رۇستەم بوۋاي قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدى . ئاخشام نامەلۇم بىرسى تىمىسقىلاپ يۈرگەن ھېلىقى يەردە بىر پاي ئەسكى لاتا خەي بىلەن يېڭىلا كېسىلگەن سۆگەت بادرىسىدا ياسالغان قارماق ھاسىسى تۇراتتى . كۆل يۈزىدە بىرمۇنچە بېلىق قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتاتتى .
رۇستەم بىر قاراپلا چۈشەندى . كۆلگە قارا قول تەگكەنىدى .
«قارماق بىلەن لاتا خەي...... »
رۇستەم قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئەندىكىپ ، خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى . ئاقيار كەنتىدە لاتاخەي كىيىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى . بۇ رۇستەمگە بەش قولدەك ئايان . دېمەك ، خەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «شەرق » دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىرەر خەنزۇ

يولداشنىڭ ئىكەنلىكىدە شەك يوق .

«شەرق » دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن ئاقيار كەنتىنى ئاقيار جىل-غىسى ئايرىپ تۇرىدۇ . جىلغىنىڭ كەڭلىكى 200 مېتىرچە بولۇپ ، ئاقيار كەنتىگە يېقىن تەرىپىدە 3 — 4 تاشلىق قارا سۇ ئاقىدىغان بىرلا ئېقىن بار . ئېقىننىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئۇششاق - ئۇششاق بۇلاق ۋە نەچچە زەيكەشمۇ بار . كەلكۈن بولغان مەزگىللەردە جىلغىنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك سۇ بېسىپ كېتىدۇ . سوقا- تۇگمەنلەرنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ . لېكىن ، ئاقيارلىقلارمۇ بوش ئەمەس ، كەلكۈن تىنجىغان ھامان سوقا - تۇگمەنلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالىدۇ . ئېقىن-نىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇق سۆگەت قويۇۋېتىلگەچ ، خېلى چوڭ كەلكۈنمۇ ئېقىننى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ . ئاشۇ بىر ئۆستەڭ سۇ قىش - ياز توختىماي ئېقىپ تۇرغاچ ئاقيارلىقلار يېرىك ئاشلىقلىرىنى باشقا يېزا - كەنتلەرگە سۆرەپ يۈرمەيلا يۇمشىتىپ يېيەلەيدۇ . يامىنى : قىسمەن كىشىلەرنىڭ تەۋەككۈل قىلىپ جىلغا ئىچىگە ئاز - تولا شال تېرىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، جىلغىنىڭ سۈيىدىن دېھقانچىلىقتا پايدىلىنىشنىڭ ئىلاجى يوق . «داجەيدىن ئۆگىنىش » دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە نۇرغۇن پۇل ۋە ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىپ ، چاقپەلەك ياسالغان ، ئېقىننىڭ سۈيى يار ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلغان-دى . يەرلەر تېخىمۇ شورلىشىپ مەھسۇلات يىلدىن - يىلغا كەملەپ كەتتى . نەتىجىدە چاقپەلەك ئىشتىن توختىدى ، ئەمما ئۇنى بۇزۇۋې-تىشكە ھېچكىممۇ جۈرئەت قىلالمىدى . تۇردى ، تۇردى ، ئاخىر «مە-دەنىيەت ئىنقىلابى »دا كىملەرنىڭدۇر ئوچىقىغا تۇتۇرۇق بولۇپ كەت-تى . بۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى . ئاقيارلىقلار بۇ-رۇنقىدەكلا ھەپتىدە بىر نۆۋەت كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ سۇ بىلەنلا جان ساقلاپ كېلىۋاتاتتى . «شەرق » دېھقانچىلىق مەيدانى يېڭى قۇرۇل-غان چاغدا ، كونى ئاقيارلىقلارنىڭكىدىن جىق تەس ئىدى . بىر ئېرىق سۇمۇ يوق ئىدى . ئۇلار بىر دانە ماشىنىلاشقان قۇدۇق بىلەن ئىش باشلاپ ، ئەسىرلەردىن بۇيان ياتتاق ، قامغاق ماكان تۇتقان نەچچە مىڭ مو شورتاڭ چۆللۈكنى ئېكىنزارغا ئايلاندۇردى . ئۇلار ھازىرمۇ ماشى-

نىلاشقان قۇدۇقتا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ . قوشۇمچە ئېگىلىك تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ . پەقەت بېلىق بېقىش كۆلى يوق . بېلىق گۆشى سېغىنغانلار يا جىلغىدىكى ئېقىندىن تۇتۇپ يەيدۇ ، يا ئاقيار-لىقلاردىن سېتىۋالىدۇ . رۇستەملەر ئۆتكەن يىلى بېلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەنە شۇلارغا سېتىپ بەرگەن . بۈگۈنكى بۇ ۋەقە……

رۇستەم ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى . بىر پاي لاتا خەي بىلەن بىر دانە قارماق ھاسىسىنىڭ كۆل بويىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى بىلەنلا ، نەچچە يۈز كىلوگىرام كەلگۈدەك بېلىقنىڭ ، يەنە كېلىپ بوغاز بېلىق-لارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى زادىلا ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئەمەس . شۇڭا ، رۇستەم خەي بىلەن قارماقنى بېلىقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئايرىپ قاراشقا تىرىشاتتى .

— سىدىق ئاكا ، — دېدى ئۇ بىرھازا داۋام قىلغان سۈكۈتتىن كېيىن ، — بېلىقلارغا يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ئوخشىمامدۇ ؟

— ياق ، — دېدى بوۋاي ئىشەنچ بىلەن ، — بېلىققا كېسەل تەگسە ، ئاۋۋال بىر - ئىككىسى ، كېيىنچە كەينى - كەينىدىن ئۆلۈشكە باشلايدۇ ، مەن شۇنچە يىل بېلىق بېقىپ ، مۇنداق ئىشنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ، — بوۋاي بىر پەس شۈك بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قولى بىلەن ئەتراپنى كۆرسەتتى ، — قارا ، — دېدى ئۇ ، — ئەگەر كېسەل تەگكەن بولسا ، ئاۋۇ كۆللەردە نېمىشقا ئۆلۈك بېلىق كۆرۈن-مەيدۇ ؟ مۇشۇ كۆلنىڭ ئۆزىگىمۇ تازا سىنچىلاپ قارىغىنا ، مۇشۇ يەردىن باشقا يەردە بىرمۇ ئۆلۈك بېلىق يوق . بۇنىڭدىن چىقتى .

— بېلىقلار زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ، دېمەكچىمۇ سىلى ؟

— ھەببەللى ، ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن ! ئاخشامقى گۆي مۇ-شۇ يەرگە زەھەر تاشلاپتۇ .

رۇستەم تالىشىپ ئولتۇرمىدى . ئەمەلىيەت بوۋاينىڭ پىكرىنى ئەستىقلاۋاتاتتى . ئۆزىمۇ مۇشۇنداق گۇماندا بولغانىدى . ئۇنى قىينا-ۋاتقىنى ۋەقەنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا چېتىلىپ قېلىنىۋاتقىنى ئى-دى . ئۇ خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن كەسكىن قارارغا كەلدى . پاكىت ئېنىق تۇرۇپتۇ . يوشۇرغاننىڭ زىيىنى باركى ، پايدىسى يوق .

بىراق ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرمەي بولمايدۇ . بۇ ۋەقە يۇرت ئىچىگە تارىلىپ كەتسە تەسىرى ئىنتايىن يامان بولىدۇ .

رۇستەم بۇ ئويىنى ئېيتقانىدى ، بوۋايمۇ دەرھال قوشۇلدى .

— مۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئۇ ، — ماۋۇ بېلىقلارنى دەرھال سۇزۇپ ئېلىپ ، خەقنىڭ كۆزىدىن يىراقراق بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئىشنى پۈتتى قىلايلى ، بۇنچىلىك بېلىقنىڭ نابۇت بولغىنىغا خۇدايىم رىزقىمىزنى كېمەيتىۋەتمەس .

رۇستەم ئۇنىڭ دەسلەپكى پىكرىنى قوللىدى . «ئىشنى پۈتتى قىلىش» نى رەت قىلدى . چۈنكى ، بېلىقلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا جىنايى قىلمىش . جىنايەت سادىر بولغانىكەن ، ئۇنى ئاخىرغىچە سۈرۈشتە قىلىپ ، جىنايەتچىنى تېپىپ چىقىش ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى . ئۇ ھەرگىزمۇ ھېسسىياتىنى قانۇن ئورنىغا دەسسەتمەيدۇ .

— مەيلىڭ ، — دېدى سىدىق ئاكا تەن بېرىپ ، — ئازغىنا بىرنېمىنى دەپ ، كەنتىمىز بىلەن مەيدان ئوتتۇرىسىدا يىرىكچىلىك پەيدا قىلىپ قويمىساڭلا بولىدۇ .

— خاتىرجەم بولسىلا ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي بىر تەرەپ قىلىمىز .

ئەتىگەنلىك شەپەق پۈتۈن ئەتراپنى قىزىللىققا پۈركىگەن چاغدا ، ئۆلگەن بېلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆلدىن سۇزۇپ چىقىلدى ۋە ئازگالغا كۆمۈپ بولۇندى . رۇستەم خەي بىلەن يوتىدەك چوڭلۇقتىكى بىر بېلىقنى بىر باغلام بېدىنىڭ ئارىسىغا يۆگەپ ، قولتۇقىغا قىسقان پېتى جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى .

*　　　*　　　*

لاۋرېن رۇستەمنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى . ئۇ ئەمدىلا ئىشقا چۈشكەن بولۇپ ، ئىشخانىدا ئۆزى يالغۇز ئىدى . رۇستەمگە تاماكا تۇتتى ، چاي قۇيدى ، چاقچاقلاشتى . ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى . ئۇيان - بۇياندىن سۆزلىشىپ 10 مىنۇتچە ۋاقىتنى ئۆتكۈ-

زۇشتى . ئاخىرىدا رۇستەم بېلىق كۆلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى .

— ناھايىتى ئوبدان قىپسىز ، — دېدى لاۋرېن جىددىي تەلەپپۇزدا ، — بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ چوڭراقى چىقسا قانداق قىلىمىز ؟ بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئەسكى ئادەملەر خېلى بار . ئاۋۋال بېلىقنى لابوراتورىيەگە تاپشۇرۇپ تەكشۈرتۈپ كۆرەيلى ، ئاندىن......

— بۇنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ ، — رۇستەم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — ئەمما مەيدان بىلەن كەنتىمىز ئوتتۇرىسىدا يىرىكچىلىك پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ھازىرچە بۇ ئىشنى بىزدىن بۆلەك ھېچكىم ئۇقمىسۇن .

لاۋرېن چوقۇم ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش قىلىشقا ۋەدە بەردى .

چۈشتىن كېيىن لاۋرېن رۇستەمنى ئىزدەپ كەلدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بېلىقلار «يۇتېڭجىن» دېگەن دورا بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، قورسىقىدىن كېپەكمۇ چىقىپتۇ .

دېمەك ، قانداقتۇر بىر ئادەم بېلىقلارنى كېپەك بىلەن ئالداپ كۆلنىڭ لېۋىگە يىغىپ ، بېلىقلار كېپەكنى بەس - بەس بىلەن يېيىشكە باشلىغاندا ، «يۇتېڭجىن»نى سوغا قويۇۋەتكەن . بېلىقلارنىڭ پىلتىڭلىشى نەتىجىسىدە ، «يۇتېڭجىن» بارغانسېرى يىراققا تارىلىپ ، تېخىمۇ كۆپ بېلىقلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن . سىدىق ئاكا تۇيۇپ قالغانلىقتىن ، بېلىقلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن ، بۇ بىر تەرەپ ؛ يەنە بىر جەھەتتىن بېلىق ئوغرىسى ئىنتايىن ھىيلىگەر بولۇپ ئاساسىي مەقسىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، قارماقمۇ كۆتۈرۈۋالغان . قارماقنىڭ يوتقان يىڭنىسىنى ئېگىپلا ياسالغانلىقى ، ھاسىنىڭ قوۋزىقىمۇ سويۇلمىغان ھۆل سۆگەت بادرىسى ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا ، بېلىق ئوغرىسى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جىلغىدا داۋاملىق بېلىق ئوۋلايدىغان ئادەتتىكى «بېلىق مەستانىلىرى» ئەمەس ، بەلكى مەلۇم جىنايى مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن قارا نىيەت ئادەم . شۇڭا ، بۇ ئىشنى شۇ پېتى باسۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ .

لاۋرېننىڭ بۇ پىكرىگە رۇستەممۇ قوشۇلدى . رۇستەم كەنت

ئىچىدە، لاۋرېن مەيداندا ئىز قوغلاپ رازۋېدكا قىلىدىغان بولدى. لاۋرېن قايتىدىغان چاغدا، قارماق ھاسىسىنىڭ چوڭ ئۇچىدىن بىر غېرىچ كېسىپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «يوتېڭ-جىن» بىلەن زەھەرلەنگەن بېلىقنى يېيىشكە بولىدىكەن. شۇڭا، ئۆلۈك بېلىقنىڭ ھەممىسىنى لاۋرېن مەيدانغا ئېلىپ كېتىپ، بازار نەرخى پۇل قىلىپ بەردى. بىراق، «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەندەك، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا: «مەيداندىكى خەنزۇلار بېلىق كۆلىگە زەھەر تاشلاپتىكەن، رۇستەم ئۇلار بىلەن دەۋالىشىۋې-تىپتىمىش» دېگەن مىش - مىشلار ئاقيارنى بىر ئالدى.

## تېپىشماق

رۇستەم بىلەن سىدىق ئاكا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتى. بۇ ۋەقەگە «ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگۈچى»لەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. لېكىن، لاۋرېن كېچە - كۈن-دۈز مۇشۇ ئىشنىڭ كويىدا ئىدى. مەيدان مەسئۇللىرى بىلەن مەسلە-ھەتلىشىپ، گومىنلىق ئادەملەرنىڭ ئاشۇ بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنى مەخپىي ئىگىلەپ چىقتى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان-دىن كېيىن، خەينىڭ ئىگىسىنى ئىزدەشكە چۈشتى. پارتىيە، ئىتتىد-پاق ئەزالىرى ۋە ئاكتىپلارغا خەينى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىگىسىنى تېپىشتا ئۆزىگە ياردەملىشىشنى ۋە بۇ ئىشنى ھېچ-كىمگە تىنماسلىقنى تاپىلىدى.

ئەمما، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئۇنىڭ بارلىق مۆلچەرلىرىنى پۇتۇنلەي بەربات قىلىۋەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ياڭ دابەي ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. لاۋرېن ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بو-ۋاي ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

— شياۋرېن، بۇ خەينى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكىلىۋالدىڭ؟

—لاۋرېن چەملىرى تىتىلىپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، باشلىقى ئېگىلىپ

ئاسمانغا قاراپ قالغان ، شىرە ئۈستىدە كۆرگەزمىگە قويۇلغاندەك چوقچىيىپ تۇرغان خەيگە قاراپ قويۇپ ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىۋىدى ، بوۋاي غەلىتە بىر قىزىقىش بىلەن خەينى ئىتتىك قولىغا ئالدىدە ، سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن :

— بۇ مېنىڭ خېيىمغۇ…… — دېدى .

لاۋرېننىڭ چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى غەلىتە چاقناپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ھەيران بولغان بوۋاي ئالدىراش چۈشەندۈردى :

— مانا كۆرمەيۋاتامسەن ؟ ماۋۇ ياماقنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن سالغان ، — بوۋاي قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن خەينىڭ باشلىقىغا سېلىنغان سېپتا ياماقنى كۆرسەتتى ، — بۇنى مەن ئون يىلدىن كېيىنمۇ تونۇۋالالايمەن !……

خەينىڭ ئىگىسى ئۆز پۇتى بىلەن لاۋرېننىڭ ئالدىغا كەلدى . لېكىن ، خەي قانداق بولۇپ كۆل بويىغا بېرىپ قالدى ؟ ئۇنىڭ قارماق ۋە زەھەرلەنگەن بېلىقلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟

مانا بۇلار لاۋرېننىڭ ئالدىغا قويۇلغان يېڭى مەسىلە ئىدى . لاۋرېن ياڭ دابەي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى غىل - پاللا ئەسلەپ ئۆتتى . ياڭ بوۋاي ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان بولۇپ ، جيۇچۈەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئارمىيەگە قاتنىشىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن . ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن ، 1959 - يىلى ئەنخۇي ، جېجياڭ ، جياڭسۇلۇق ياشلار ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىشچى بولغان . 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم نەمۇنچى بولۇپ تەقدىرلەنگەن . كىشىلەر تەرىپىدىن «ياڭ دابەي» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى .

لاۋرېن ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن بۇنچىۋالا چوڭ ئەسكىلىكنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمىدى . ياڭ بوۋاي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ماۋۇلارنى سۆزلەپ كەتتى : بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى ياڭ دابەي مەيداننىڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ ، ناھىيە بازىرىغا بارماقچى بولدى . ئاپتوموبىل ناھىيەدىن ئاقىيار كەنتىگە خىد-

مېيەۋى ئوغۇت يۆتكىمەكچىدى . شوپۇر ماشىنىنى قۇرۇق ھەيدىمەس-
لىك ئۈچۈن ، بىر ئۇيغۇر دېھقاننىڭ بازارغا ساتقىلى ئاپىرىدىغان
ياغاچلىرىنى بېسىۋالماقچى بولدى . باشقىلار ئاپتوموبىلغا ياغاچ بېسى-
ۋاتقاندا ياڭ دابەينىڭ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرغۇسى كەلمىدى-
دە ، ئاپتوموبىل ئۈستىگە چىقىپ ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەملەشتى .
ئاخىرقى بىرتال ياغاچ بېسىلىۋاتقاندا ياغاچ بىر تەرەپكە سىيرىلىپ
كېتىپ ، ئۇنىڭ پۇتىنى بېسىۋالغىلى تاسلا قالدى . خەيرىيەت ، پۇتىغۇ
بېسىلمىدى ، بىر پاي خېيى ياغاچنىڭ پۇتىقىغا تېگىپ ، چەمى باشلى-
قىدىن ئاجراپ كەتتى . ئەمدى ئۇ خەي بىلەن بازارغا بارغىلى بولمايدى-
تى . بوۋاي كەنتنىڭ ماگزىنىدىن بىر كىشىلىك چۈخەي سېتىۋېلىپ
كىيدى- دە ، خېيىنى ماگىزىنىنىڭ يېنىدىكى ئازگالغا چۆرۈۋەتتى .
مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ ئەسكى خەينىڭ بىر پېيىنى لاۋرېننىڭ ئىشخانىسى-
دا ، سىرلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان خىزمەت شىرەسى ئۈستىدە كۆرۈ-
ۋاتاتتى......

ياڭ دابەي ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى
ئېيتتى : ئۇ كەنجى قىزى ياڭ لىلىنىڭ نىكاھ ئىشى توغرۇلۇق
لاۋرېندىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلگەنىدى . لاۋرېن بولغۇسى كۈيئو-
غۇل جاڭ لورەننىڭ ھەممە ياخشى تەرەپلىرىنى چالا قويماي سۆزلىدى .

— جاتىرجەم بولۇڭ ، — دېدى ئۇ ياڭ دابەينىڭ دولىسىغا
يەڭگىل قېقىپ ، — جاڭ لورەن ئالتۇندەك يىگىت ، ھەرگىز كەين-
ڭىزگە قارىماڭ ! كېيىن چاتىقى چىقىپ قالسا ، مېنى تىللاڭ .

بوۋاي ئۇنىڭ بىلەن خۇشال - خۇرام خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى .
لېكىن ، لاۋرېننى غەم باستى ، نەچچە كۈندىن بۇيان «جىنايەتچى
چوقۇم مەيداندا» دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى ، ياڭ دابەيدىن ئاڭلىغانلىرى
ئۇنى قېيىن كېچىككە باشلاپ قويدى . «خەينى كىم كۆل بويىغا
ئەكىلىپ تاشلاپ قويغاندۇ ؟» ، «ئەگەر ئۇنى بىرسى كىيىپ كۆل
بويىغا كەلگەن بولسا ، يەنە بىر پېيى قېنى ؟» ، «كىچىك باللار
ئويناپ ئەكىلىپ تاشلىۋەتكەن بولىسچۇ ؟»

مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىدىن چىگىش سوئاللار بىرىنىڭ كەينى-

دىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىلىۋالدى . ئۇ ھەتتا رۇستەمدىن رەنجى-
دى ، چۈنكى رۇستەم ئۇزاق يىل ھەربىي خىزمەت ئىشلىگەن ، ئۇنىڭ
ئۇستىگە كەتتىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم تۇرۇقلۇق كۆل
بويىغا چۈشكەن ئاياغ ئىزىغا دىققەت قىلمىغان . ئەمدى ئىزدىن ئەسەر-
مۇ قالمىدى . خېيگە قانچىلاپ ئادەمنىڭ قولى تەگدى . خېيگە چۈشكەن
بارماق ئىزىدىن ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ . ھازىر لاۋرېن-
نى ئۇمىدلەندۇرۇپ تۇرغان نەرسە ئىككى : بىرى ، خېينىڭ يەنە بىر
پېيى ، ئۇنىڭغا ياڭ دابېي بىلەن نامەلۇم جىنايەتچىدىن بۆلەك ئادەم-
نىڭ بارماق ئىزى چۈشمىگەن ، ئۇنى تېپىۋالسا كېيىنكى قەدەمنى
بىرقەدەر ئوڭايراق باسقىلى بولىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ھېلىقى قارماق
ھاسىسى ، ئۇنىڭ قەيەردىن كېسىلگەنلىكى ئېنىقلانسا ، كىم تەرىپىدىن
كېسىلگەنلىكىنى تاپماقمۇ تەسكە چۈشمەيدۇ . يەنە......

بۇلارنىڭ ھەممىسى لاۋرېننىڭ قىياسى . قىسقىسى ، ئىش ئۇنىڭ
ئويلىغىنىدىن كۆپ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى .

لاۋرېن خېينى جاۋەنگە سېلىۋېتىپ ، ئىشخانىدىن چىقتى . ئۇنىڭ
كۆڭلىدە يېڭى بىر پىلان پەيدا بولغانىدى .

## بېشارەت

لاۋرېننىڭ بىر ھەپتىلىك تەكشۈرۈشى يىپ ئۇچىنىڭ مەيداندا
ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى . خېينىڭ يەنە بىر پېيى ياڭ دابېي تاشلىۋەت-
كەن ئازگالدىن تېپىلدى . ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى مەيداندىكى «بېلىق
مەستانىلىرى»نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيلىرىدىن مىدىرلىمىغان .
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار پۈتۈنلەي بامبۇك ھاسا ئىشلىتىدىكەن . مەيداندا
بىرەر تۈپمۇ سۆگەت بولمىغاچ ، كىمنىڭدۇر بادرا كېسىپ قارماق
ھاسىسى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . مۇشۇنداق رېئاللىقمۇ لاۋرېننى
قانائەتلەندۇرەلمىدى . ھەرخىل ئېھتىماللارنى نەزەرگە ئالماي بولمايد-
تى . ئادەم سىرلىق مەخلۇق ، بىر ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتى ياكى
ئاشكارا سورۇنلاردىكى ئىش - ھەرىكىتىگە قاراپلا ئۇنىڭ ياخشى -

يامانلىقىغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ . بەزى ئادەملەر شۇنداق سىرلىق ، شۇنداق قۇۋ كېلىدۇكى ، دائىم كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن پەيدا بولىدۇ . ئۆمۈر بويى كىچىككىنە يامان ئىش قىلىپ باقمىغاندەك كۆرۈنىدۇ . ھۆرمەتكە ، ئىشەنچكە سازاۋەر بولۇۋالىدۇ . ۋاقتى كېلىپ ، تاسادىپىي سەۋەب بىلەن ئىچكى سىرى ئاشكارىلانغاندا ، ئۇنىڭ رەزىل قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن ئادەم چۆچۈيدۇ ، سەسكىنىدۇ . بۇنداق ئىشلار لاۋرېنىڭ 40 يىللىق ئۆمرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرىغان . شۇڭا ، ھەرقانداق بىر كىشىگە ئالدىراپ باھا بەرمەسلىك ، ھەرقانداق ئىشتىن ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق ئۇنىڭ ئىزچىل ئادىتى ، شۇنداقلا خىزمەت مىزانى . لاۋرېن يۇقىرىدىكى پاكىتلارنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا ، يەنە بىرخىل ئېھتىماللىقنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى : ئاقيار جىلغىسىدىكى ئېقىننىڭ بويىدىكى سۆگەتلەر ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان بىر سوراق قويغاندى . بۇ سۆگەتلەرنى ساقلايدىغان مەخسۇس ئادەم قويۇلمىغان . ئەگەر كىمدىكىم پەيلىنى بۇزسا ، بىر تال بادرا ئەمەس ، بىرەر تۈپ سۆگەتنىمۇ ئوغرىلىقچە كېسىپ كېتىشى مۇمكىن . ئىلگىرى مۇنداق ئىشلار بولغان بولۇپ ، ئاشۇ سۆگەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەي تۇرۇپ «جىنايەتچى مەيداندا ئەمەس»دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ . شۇڭا ، لاۋرېن ئايلىنىپ يۈرۈپ تاماشا قىلىۋاتقان قىياپەتتە جىلغىغا چۈشۈپ ، ئېقىن بويىدىكى ھەربىر تۈپ سۆگەتنى شاخ سانىغۇچەتەك بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . نەتىجە شۇ بولدىكى ، سۆگەتلەردىن بىرەر چىۋىققىمۇ سوغۇق قول تەگمىگەن .

دېمەك ، جىنايەتچى مەيداندا ئەمەس . ئەمدى رۇستەم بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش جەريانىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىش ، بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك .

ئۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن جىلغىدىن يار ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى . خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان لاۋرېن ھاردۇق يەتكەن پۇتلىرىنى ئېغىر يۆتكەيتتى . ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ ، ئەپچىللا ئورۇۋلاپ قال-

غان ، ياش قۇرامى بىرمۇنچە چوكـﯩيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۇ ئاز ئۇخلىدى ، كۆپ يول ماڭدى ، كۆپ ئويلىدى . جىسمانىي جەھەتتىن خېلىلا چارچىغان بولسىمۇ ، روھى تېتىك ، ئۈمىدۋار ئىدى . ئۈمىد ئۇنىڭ باشلىغان ئىشىنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشىغا ئۈندىمەكتە ئىدى .

لاۋرېن قىيالىقتىن يار ئۈستىگە چىققان چاغدا ، بىرىنچى بولۇپ كۆزگە چېلىققىنى يىراقتا كۆزنگە تاشلىنىپ تۇرغان بېلىق كۆلى بولدى . غەربكە قىڭغايغان تومۇز قۇياشىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى سۇپ-سۇزۇك سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتەتتى . سۇدىن يۇقىرىغا ئوقچۇغان بېلىق-لار كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ، ھايال ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولاتتى . لاۋرېن ئېغىر تىندى . ئۇ ئۆزىنى گۇناھكاردەك سېزەتتى .

— مە- مە- مە......

كىچىك بالىنىڭ قوينى چاقىرغان ئاۋازى لاۋرېننىڭ دىققىتىنى بۆلدى . ئۆزىدىن 50 قەدەمچە نېرىدا ، يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا 10 — 11 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بوز ساغلىقنىڭ بوينىغا باغلانغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى كۈچەپ ئالدىغا تارتقىنىچە تىرەجەپ ، ئۆزمەي «مە- مە- مە......» دەيتتى . ئىككىنچى قوي بولسا كۆرۈنمەيتتى . تۇيۇقسىز لاۋرېننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قويۇق ئۆسكەن ، يۇمران قاغا جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن قاپقارا ، بۇدۇر يۇڭلىرى يالتىراپ تۇرغان سېمىز بىر پاقلان يۇگۈرۈپ چىقتى ۋە تۆت پۇتىنى جۇپلەپ ، ئويناق-لاپ سەكرىگەن پېتى بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ساغلىقنىڭ يېنىدا تىزلان-دى- دە ، چاترىقىغا بېشىنى تىقىپ ، ئىشتىھا بىلەن ئېمىشكە باشلى-دى . شۇ چاغ بالا ئۇنى شۇنداق قاتتىق تەپتىكى ، پاقلان نەچچە يىقىلىپ ، نەچچە قوپۇپ ، 50 قەدەمچە يۈگۈرگەندىن كېيىن توختاپ ، كەينىگە قاراپ مەرىدى . ساغلىق بىرلا يۇلقۇنۇپ ، بالىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى- دە ، ئارغامچىنى سۆرىگەن پېتى يۈگۈرۈپ پاقلاننىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى . بالا يىقىلىپ چۈشكەنىدى . لاۋرېن ئىتتىك بېرىپ ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى . كىيىم - كېچەكلىرىدىكى توپىلارنى قاقتى ، ئاندىن :

— شۇنداقمۇ قاتتىق تېپەمسەن؟ بىر يېرى سۇنۇپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟— دېگەنىدى، بالا:

— سۇنسا سۇنامدۇ!— دەپ دومسايدى. تۇرقىدىن هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى،— قورسىقىم ئېچىپ كېتىۋاتسا، ماڭغىلى ئۇنىماي ئاۋارە قىلغىنىغا تويسۇن تازا!......

لاۋرېن قوينى تۇتۇپ، ئارغامچىسىنى بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە قولىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ، يانمۇيان ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئۇنى گەپكە سالدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

بالا چاقماقتەك سۆزلەيتتى.

— زىياۋۇدۇن.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— شاۋدۇن شاڭخەيچىنىڭ !

— «شاۋدۇن شاڭخەيچىنىڭ»؟لاۋرېن هەيران بولغىنىدىن بالىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى. كېيىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئىچىدە سودا - سېتىق بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەرنى «شاڭخەيچى»، «شاڭگاڭچى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت شەكىللەنگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرهال گېپىنى ئوڭشىۋالدى،— شاۋدۇن ئاخۇننىڭ بالىسىكەنسەن- دە؟

— هەئە، دادامنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن.

لاۋرېن شاۋدۇننى تونۇيتتى، هەتتا ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئائىلە تارىخىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. شاۋدۇننىڭ دادىسى گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېشقەدەم خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «گومىنداڭنىڭ داشقىلى»دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، بولۇشىغا دۇمبالاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كېسەل چىرمىۋېلىپ، 50 يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى. كەنجى ئوغلى شاۋدۇننى ئۆزىگە ئىز باسار قىلىش ئۈچۈن، مەيداندىكى خەنزۇچە مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەنىدى. دادىسىدىن ئايرىلغان شاۋدۇن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرال-

ماي 9 - سىنىپتىن قايتىپ چىقىپ دېھقان بولۇپ كەتتى . سودا - سېتىق ئىشلىرى ئەركىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ، شاۋدوۇن دېھقان چىلىقتىن قول ئۈزۈپ سودىگەر بولۇۋالدى . ئۇ مەيداننىڭ نەرسە كېرەك سېتىۋالغۇچىسى ۋاڭ ۋېي بىلەن ساۋاقداش ھەم يېقىن دوست ئىدى . ئۇنىڭ ئۆيىگە پات - پات بېرىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە نەچچە قېتىم ئۈرۈمچى ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كەلگەندى . ھازىر ئۇ ئاقياردا سودا - سېتىق بىلەن بېيىغان بىردىنبىر ئادەم سانىلاتتى .

لاۋرېن سورىدى :

— يەنە نەچچە قويۇڭ بار ؟

— مۇشۇ ئىككىسى بار ، — زىياۋدوۇن ۋىچىرلاپ سۆزلەپ كەتتى ، — بىر ئېنىكىمىز بار ئىدى ، ئۆلۈپ قالدى . دادام : «ئەمدى ئېنەك باقمايمىز» دەيدۇ .

تۇيۇقسىز لاۋرېننىڭ كۆزلىرى زىياۋدوۇننىڭ قولىدىكى سېۋەتكە چۈشتى . سېۋەت دوپپىدىن چوڭراقلا بولۇپ ، تۇنۇگۇن - بۈگۈنلەتىن توقۇلغاندەك يېپيېڭى ئىدى . لاۋرېننىڭ خىيالىغا نېمىدۇر كەلدى - دە ، گەپنى بۇرىۋەتتى :

— سېۋىتىڭ ئەجەب چىرايلىقكەنغۇ ، نەچچە پۇلغا ئالدىڭ ؟

— ئۆزۈم توقۇدۇم .

— ئۆزۈم توقۇدۇم ؟

— ئۆزۈم توقۇماي ئەمسە !— زىياۋدوۇن مەغرۇر ھىجايدى ، — سىزگە بىرنى توقۇپ بېرەيمۇ ؟

— ماقۇل ، قاچان توقۇپ بېرىسەن ؟

زىياۋدوۇن خىجالەت بولغاندەك «ۋىلىلىدە» قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى لاۋرېندىن ئېلىپ قاچتى . خېلىدىن كېيىن :

— قاچان تال تېپىپ بەرسىڭىز ، شۇ چاغدا توقۇپ بېرەي ، — دەپ دۇدۇقلىدى .

لاۋرېن قىزىقسىنىپ ، سوراشنى داۋام قىلدى :

— تالنى ئۆزۈڭ تاپساڭ بولمامدۇ ؟

— نەدىن تاپىمەن ؟
— جىلغىدىكى سۆگەتتىن ئالىمسەن ؟
— مۇئەللىم : «خەقنىڭ نەرسىسىنى ئالماڭلار» دېگەن تۇرسا .
— ئەمىسە ، بۇ سېۋەتنى توقۇغان تالنى نەدىن ئالدىڭ ؟
— دادام كەسكەن بادرىدىن ئالغان .

زىياۋۇدۇننىڭ بۇ گېپى لاۋرېنغا نېمىدىندۇر بېشارەت بەرگەندەك قىلدى . ئۇ ھېلىقى قارماق ھاسىسىنىڭ كېسۋېلىنغان كىچىككىنە پارچىسىنى يانچۇقىنىڭ سىرتىدىن سىلاپ قويدى . لاۋرېن زىياۋۇدۇن-نىڭ ئاغزىدىن ماۋۇلارنى ئۇقتى : شاۋدۇن ئۆتكەن ھەپتە تال باراڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتقا پاشىلىق ياسىماقچى بولۇپ ، ھويلىدىكى سۆگەتتىن بەش تال بادرا كەسكەن . تۆت تېلىنى پاشىلىققا ئىشلەتكەن بولىسمۇ ،بىر تېلى نەگە كەتكەنلىكىنى زىياۋۇدۇن بىلمەيدىكەن......

لاۋرېن نەچچە كۈن ئىچىدە بىر سېۋەتلىك تال تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ، زىياۋۇدۇن بىلەن خوشلاشتى .

## قۇزغۇن ئۇۋىدا

لاۋرېننىڭ ئېيتقانلىرى رۇستەمنى ئانچىۋالا ھەيران قالدۇرمى-دى . ئۇ بېلىق كۆلى ۋەقەسىدە شاۋدۇندىن گۇمانلانمىغان بولىسمۇ ، شاۋدۇن ئۆزى ئىزچىل كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرگەن يامان ئادەملەر-نىڭ بىرى ئىدى . شاۋدۇن رۇستەمگە ئانا جەمەت تۇغقان ئىدى . دادىسى زوردۇن ئەپەندى ئۆلگەندىن كېيىن ، شاۋدۇن بىر مەزگىل دۈينىڭ ئەمگەكلىرىگە ناھايىتى ياخشى قاتنىشىپ يۈردى . كېيىن خوراز سوقۇشتۇرۇش ، قىمار ئويناشتەك ناچار ئىللەتلەرنى يۈقتۇرۇ-ۋېلىپ ، تۇل ئانىسىنى قاڭغىرقاقشاتتى ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئاچىقىپ سېتىپ ئۇتتۇرۇپ تۇگەتتى . ئانىسىنى قاقشاتقىنى ئاز كې-لىپ ، ئاچىلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ سوغۇق قول تەگكۈزدى . قىمارۋازلار بىلەن جېدەللىشىپ ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇش جازاسىغىمۇ ئۇچرىدى . دادۈي دىكتاتورا دۈيى تەرد-

پىدىن كۆرەش - پىپەنمۇ قىلىندى . 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شاۋدۇن يۈگەنسىز ئاتتەك
تەرەپ- تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى ۋە
بىر يېرىم يىلدىن كېيىن چېچىنى گەدىنىگىچە ئۆستۈرۈپ بۇدۇر
قىلدۇرغان ، توق شەلپەر رەڭ سارجىدىن شىم - كاستۇم كىيىپ ،
بوينىغا گالىستۇك ، كۆزىگە قىممەت باھالىق قارا كۆزەينەك تاقىغان
ھالەتتە يۇرتتا پەيدا بولدى . ئاقيارلىقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ بىر
قالتىس مۆجىزە ئىدى . ئۇششاق باللار قاياقتىندۇر كېلىپ قالغان
ئەجنەبىينى كۆرگەندەك ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشتى . چوڭلار ئۇنى
ئۇشتۇمتۇت «مەدەنىي» لىشىپ ۋە بېيىپ كەتكەنلىكىنىڭ سىرىنى
بىلگۈسى كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چەگىدەشتى ، گەپكە سالدى . ئۇ-
نىڭ ئېيتىشىچە : «شاڭخەيچى» سودىگەرلەر بىلەن ئىچكىرىگە كى-
رىپ ، دەسلەپ ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىپتۇ . كېيىن سودىگەرلەرگە
مال يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆستىگە ئاپتۇ . ياتىقى ، تامىقى سودىگەرلەر-
نىڭ گەدىنىگە بولغاندىن تاشقىرى ، كۈنلۈكىگە 20 كويدىن ئىش
ھەققى بېرىپتۇ . قىلىدىغان ئىشى — ئۇ زاۋۇت ، بۇ شىركەتكە بې-
رىپ ، يېڭى ئىشلەنگەن مال تۈرلىرىنى ئۇقۇشۇش ، ئۇزۇن يوللۇق
تېلېفون ئارقىلىق قەشقەردىكى خوجايىنلىرىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىن-
لەش ۋە ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مال سېتىۋېلىپ ، پوچتىدىن
يوللاپ بېرىش ئىكەن . بىرەر كىلومېتىر ئارىلىقنىمۇ پىكاپ بىلەن
ماڭىدىكەن . مانا ئەمدى «دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ ،
ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا بوشاڭ ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش»
ئۇچۇن يۇرتقا كەپتۇ . لېكىن ، ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگىنىگە
نەچچە ئايلا بولغان رۇستەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەربىر باسقان قەدىمىنى
سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى .

يىللار ئۆتتى . شاۋدۇن كۈندىن - كۈنگە بېيىدى ، روناق تاپتى .
«ياماخا» ماركىلىق موتوسىكلىتنى ئېشەكنىڭ ئورنىدا مىندى . «ماۋ-
تەي» ، «ۋۇلياڭيې» ماركىلىق ھاراقلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن «ئۆستەڭ-
نىڭ سۈيى !» زىياۋۇدۇننىڭ ئانىسىنىڭ خېتىنى بەرگەندىن بۇيان ،

بەش يىلدا بەش قېتىم خوتۇن يەڭگۈشلەپ بولدى . پۇلنىڭ كۈچى ئاشۇنداق زور ئىكەن ! 17 — 18 ياشلىق ئۈچ قىز ، 20 ياشلىق بىر چوكان ئۇنىڭ قولىدا نابۇت بولدى : ئىچكىرىگە بىر قېتىم بېرىپ كەلسە ، بىرسىنىڭ كۆتىگە تېپەتتى . بەشىنچىسى ھەشخان «گىلدىڭ» ئۇنىڭغا ياراپ قالدى . ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ كەلمەكتە .

ھەشخان «گىلدىڭ» قاسساپنىڭ قىزى ئىدى . ئۇ كىچىكىدىنلا جېدەلخور ، ئۇششۇق ، كىشىلەر بىلەن گەپلەشكەندە قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ «بوينىدا شاپتۇل قېقىپ» كۆرەڭلەيدىغان ، ئەرلەر ئالدىدا غىلجىڭلاپ ، سۈيۈلۈپ كېتىدىغان تۇتۇرۇقسىز قىز بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا «گىلدىڭ» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى . ئۇ 15 يېشىدىلا «بۇزۇق» دېگەن نامغا ئېرىشتى . ئاتا - ئانىسىنىڭ تىل - تايىقىمۇ ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى ، دۈيجاڭنىڭ تىل - دەشناملىرىمۇ كار قىلمىدى . ئۇ پات - پات قەشقەر شەھىرىگە قېچىپ كېتەتتى ، يىغىۋېلىش پونكىتلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتى . 20 ياشقا كىرگەن يىلى ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىپ ، نەچچە يىل «تىجارەت» بىلەن جان باقتى . كېيىن ئۇ شاۋدۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا تېگىۋالدى . ئىككىسىنىڭ «تىنىقى - تىنىقىغا كېلىپ قالغان» ئىدى . ئۇلار يۇرتقا قايتىپ كېلىشتى . بۇ چاغدا شاۋدۇننىڭ ئانىسى ، ھەشخان «گىلدىڭ» نىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى . شاۋدۇن ئۆيلىرىنى يېڭىلىۋالدى . ئۇنىڭ شەھەرلىك مېھمانلىرى شۇنداق كۆپ ئىدىكى ، بەزىدە شۇنچە كەڭ - تاشا ھويلا- ئارامىمۇ تارلىق قىلاتتى . مېھمانلارنىڭ يېرىمى ئەر ، يېرىمى ئايال بولاتتى . كۈن بويى يەپ - ئىچىپ ، كەچقۇرۇن يېرىم كېچىگىچە تانسا ئوينىشاتتى- دە ، قونۇپ قالاتتى . ھەشخان «گىلدىڭ» بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى . شاۋدۇن بەزىدە ئۇنىڭ كۆزىچىلا بەزى ئايال مېھمانلارغا يېقىنچىلىق قىلسا پەرۋايىغا ئالمايتتى . ئۆزى تۇغماس بولغاچقىمۇ زىياۋدۇننى ئۆگەيلىمەيتتى . شاۋدۇن «تاغ ئارقىسى» غا كەتكەن چاغلاردا ھەشخان «گىلدىڭ» موتوسىكلىتقا قونۇۋېلىپ شاۋدۇننىڭ شەھەردىكى سودىگەرلەر بىلەن بولغان

ئالغۇ - بەرگۈسىنى بىر تەرەپ قىلاتتى . ئۇلارنىڭ دۇكىنى يوق ئىدى . نېمە ئېلىپ ساتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

لېكىن ، «تام - تورۇسىنىڭمۇ كۆزى بار» . يۇرت - مەھەللە بارا-بارا ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىشكە باشلىدى . بەزىلەر تومتاقلا : «شاۋدۇن ئەتكەسچىلىك قىلىدىكەن »دېسە ، يەنە بەزىلەر : «شاۋدۇن چەتئەل پۇلى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن» دەيدىغان بولۇشتى . بۇنى ئىسپاتلىغۇدەك ئاساس يوق ئىدى . شۇنداقتىمۇ رۇستەم بۇ بىر جۈپ «مەدەنىي» ئەر - خوتۇننىڭ ھەربىر باسقان قەدىمىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتتى . خوتۇن خەقلەرنىڭ كۆزى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۆتكۈر بولىدىكەن ، بىر كۈنى بىر ئايال رۇستەمگە ھەشخان «گىلدىڭ» نىڭ سەيدۇللا ئىسىملىك بىر كىشىدىن بىر كاللەك نەشە سېتىۋالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى .

سەيدۇللا رۇستەمنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىدى . بۇ ئادەم ھەم ھاراقكەش ، ھەم نەشىكەش بەڭگە ئىدى . ئۇ ئەسلىدە دۇينىڭ ھارۋىكىشى بولۇپ ، ھۆددە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان چاغدا رېزىنكە چاقلىق ھارۋا بىلەن بۇلماقتەك سېمىز ئات ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندى . لېكىن ، ئۇ يەنىلا راۋاج تاپمىدى . كىراكەشلىك قىلىپ قانچىلىك پۇل تاپسا ، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا يەپ - ئىچىپ تۈگىتەتتى . ئۆي بىلەن ئەسلا كارى يوق ئىدى . خوتۇنى قىش - ياز ئېتىزدىن كىرمەي جاپالىق ئەمگەك قىلسىمۇ ، بالىلىرى بىلەن يېرىم ئاچ ، يېرىم توق كۈن كەچۈرەتتى . سەيدۇللا قايسى كۈنى ھاراق ئىچسە ، شۇ كۈنى جېدەل چىقارماي قويمايتتى . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۆلگۈدەك مەست بولۇپ كېلىپ ، كېچىچە خوتۇن- بالىلىرىنى سۇر-توقاي قىلىپ چىقتى . ئەتىسى ئەتىگەندە خوتۇنى نەسىھەت قىلسا ، ئىشىك تاقايدىغان دەم بىلەن ئۇرۇپ ، بىلىكىنى غۇچ - غۇچ قىلىۋەتتى . قورسىقىغا دەسسەپ ، تۆت ئايلىق بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى . ئەھۋال بۇ يەرگە يەتكەندە ئىشقا قانۇن ئارىلىشىپ ئۇنىڭغا ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بەردى . جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندە خوتۇن - بالىلىرى ئۇنىڭغا قارىغىلى ئۇنىمىدى . رۇستەمنىڭ ئىشلە-

گەن خىزمەتلىرى ، بالىلىرىنىڭ نالىسى جاھىلى قاتقان ئانىنىڭ يۈرد-ىكىنى ئېرىتەلمىدى .
سەيدۇللا بۇ ئىشنى رۇستەمدىن كۆردى . دەل بېلىق كۆلىدە ھېلىقى ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ئاخشىمى ، سەيدۇللا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ ، رۇستەمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىردى . رۇستەمنىڭ بىر مەز-گىل سەۋر - تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇش توغرىسىدا قىلغان نەسىھە-تىنى ئىككى پۇلغا ئالمىدى . ئۇنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللى-دى ، ھەتتا : «بىر ھەپتە ئىچىدە سىڭلىڭنى ئۆيگە ئەۋەتىپ بەرمەيدىغان بولساڭ ، ئۇنىمۇ ، سېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، بىر پاي ئوقنىڭ پۇلىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن !»دەپ پوپوزا قىلدى .
«مەستلىك — پەسلىك »ئەمەسمۇ ؟ رۇستەم ئۇنىڭ بۇ پوپوزىلى-رىغا پىسەنت قىلمىدى . «ئادەم ئۆزگىرىدۇ ، ئۆزگەرمەيدىغان كىم بار ؟— دەيتتى ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ، — بىر مەزگىل ئۆتسە ، سىڭلىممۇ يۇمشاپ قالار ، ئۇمۇ ئۆزگىرىپ ئادەم بولار . ئىككى يىل تۇرمە ئازابىنى تارتقان بۇ ئادەمگە ھازىر ئەڭ زۆرۈرى خوتۇن - بالىلىرى بىلەن جەم بولۇش . سىڭلىم بۇنى چۈشىنىشى ، ئۆتكەننى ئۇنتۇپ ، تۇرمۇشقا يېڭى كۆز بىلەن قارىشى كېرەك . قاراپ تۇرۇپ تۆت بالىنى يېتىم قىلسا ، ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ، ئائىلىمىز ئۇچۇن-مۇ ياخشى ئەمەس . سەيدۇللامۇ خاراب بولۇپ كېتىدۇ » .
رۇستەم ئەمدى ئۇنىڭ كونا كەسپى — نەشە ئېلىپ - سېتىشنى يەنىلا تاشلىمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . ياخشى نىيەتلىرى بىر مەھەل تۇتەك ئىچىدە قالدى . خەيرىيەت ، ئۇنىڭ ئىشىنىغۇ كېيىنچە بىر تەرەپ قىلار . «مەدەنىي باي »ھەشىخان «گىلدىڭ» نەشىنى نېمە قىلى-دۇ ؟ چېكەمدۇ ياكى ئېلىپ - ساتامدۇ ؟ بۇنىڭدىن شاۋدۇننىڭ خەۋىرى بارمۇ-يوق ؟
كېيىنكى كۆزىتىشلەر ھېلىقى ئايالنىڭ ئىنكاسى توغرا ئىكەنلى-كىنى ئىسپاتلىدى . ھەشىخان «گىلدىڭ» غا نەشە ساتىدىغانلار خېلى بار ئىدى . رۇستەم بىر قېتىملىق ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

مانا ئەمدى بېلىق كۆلى ۋەقەسىنىڭ بىر ئۇچىمۇ شاۋدۇنغا تۇتاش-
تى . شۇنداقكەن ، لاۋرېننى يەنە ئاۋارە قىلىشقا بولمايتتى .

— سىزنى تازا ئاۋارە قىپتىمەن ، —دېدى ئۇ لاۋرېنغا ئۆزرە ئېيتىپ ، — بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر باشقا ئېلىپ چىقاي . نەتىجىسىنى چوقۇم سىزگە مەلۇم قىلىمەن .

— ماقۇل ، — لاۋرېن ئورنىدىن تۇردى ، — ئىشىڭىزغا مۇۋەپ-پەقىيەت تىلەيمەن !

رۇستەم لاۋرېننى ئۇزىتىۋېتىپ ، ئىشىك تۈۋىدە بىر پەس خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتتى . كۈن تېخى يورۇق ئىدى . ھاۋانىڭ ئىسسىقلى-قىدىن ئەتراپ تونۇردەك لاۋۇلدايتتى . شامالدىن ئەسەرمۇ يوق . توپا-چاڭ باسقان دەرەخ يوپۇرماقلىرى غوللارغا يېپىشىپ جىمجىت تۇرات-تى . بوغدايلىقلاردا چېكەتكىلەر تىنىمسىز چىرىلدايتتى . نەدىندۇر تورۇلغۇنىڭ سايرىغان ئاۋازى كەلدى . كىمدۇر «لاي - لاي» ئېيتتى . رۇستەم ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتتى- دە ، كەنتنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئەتراپى قاتار سۆۋادان تېرەك بىلەن ئورالغان يېگانە باغلىق ھويلىنى كۆزلەپ يول ئالدى . ئۇ خېلى يىراقتىنلا ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا سېلىنغان يوغان قۇلۇپنى كۆردى . ئۇنىڭغا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ چۈشتىن بۇرۇن ئورما ئورۇۋېتىپ شاۋدۇننىڭ موتوسىكلىت بىلەن ناھىيە بازىرى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرگەن . قارىغاندا ، ھەشخان «گىلدىڭ»مۇ قاياققىدۇر كەتكەندەك قىلاتتى .

رۇستەم خاتىرجەم بولدى . ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ ، باغنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى ۋە ئەتراپنى كۆزەتكەندىن كېيىن ھەش- پەش دېگۈچە تامدىن ئارتىلىپ ، باغ ئىچىگە چۈشتى . باغ بىر موچە كېلەت-تى . مېۋىلىرى سەرخىل ھەم كاداڭ ئىدى . يېڭىلا ئاقلانغان كۈنگۈر-لىك تام باغنى تاشقىرىقى ھويلىدىن ئايرىپ تۇراتتى . باغنىڭ شادىلىق ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىدى . ئىشىكنىڭ تۈۋىدە چاققانغىنا كۆل بو-لۇپ ، چۆرىسىدە ئادەمنىڭ قوچىقى يەتمىگۈدەك تۆت تۈپ سۆگەت بار ئىدى ، رۇستەم مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تام-نىڭ كۈنگۈرىسىدىن تاشقىرىقى ھويلىغا خېلى ئۇزاق نەزەر سالدى .

هويلىدا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. قوينىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى. رۇستەم نەزەرىنى سۆگەتلىككە ئاغدۇردى. شاخلىرى ھويلىغا ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تۇپ سۆگەتنىڭ نەچچە تال بادرىسى كېسىلگەنلىكى «مانا مەن»دەپلا كۆزگە تاشلاندى. رۇستەم يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، سۆگەت تۈۋىگە كەلدى- دە، باللىق چاغلىرىدىكىدەك چاققانلىق بىلەن سۆگەتكە ياماشتى. يىراق - يېقىنغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن، كېسىلگەن بادرىلارنىڭ كۆتىكىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. دەرۋەقە، بىرىگە ئىككى تەرەپتىن كەكە سېلىنغاچ، ئۆردەكنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىغىلا ئوخشايتتى. رۇستەم يانچۇقىدىن قارماق ھاسىسىنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ «ئۆردەك ئاغزى» غا كەپلىدى. مانا، قارا قول نەدە ئىكەن!؟

ئەمدى بۇيەردە ئۇزاقراق تۇرۇشقا، نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر باش قاتۇرۇشقا بولمايتتى. رۇستەم ئالدىراش سۆگەتتىن چۈشتى- دە، باياتىن كىرگەن يېرى بىلەن تاشقىرىغا چىقتى. كۆڭلەك - تامبىلىغا يۇققان توپىلارنى ئالدىراش قېقىشتۇرۇپ، ئەمدىلا شاۋدۇننىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە يەر ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولۇپ قالغان ھەشخان «گىلدىڭ» بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ۋىيەي، ئادەمنى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭىزا، رۇستەمجان!— ھەشخان «گىلدىڭ» ئۇستا ئارتىسلاردەك قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ناز - كەرەشمە بىلەن سۆزلەيتتى، —مەن تېخى كىمكىن دەپتىمەن. قانداق بولۇپ بۇ تەرەپلەرگە قەدىمىڭىز يېتىپ قالدى؟

رۇستەم سەل ھودۇققاندى. ئۆزىگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان شەھۋانىي كۆزلەردىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا قەستەن چاقچاق قىلدى:

— خەق كەلگەن يەرگە مەن كەلسەم بولمامدىكەن؟

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز!— ئۇ رۇستەمگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. لىپتىك بىلەن بولۇشىغا يۇقىرى كۆتۈرۈۋالغان يوغان كۆكرەكلىرى رۇستەمنىڭ مەيدىسىگە تېگەي - تېگەي دەپ قالدى. ھەممە

يېرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەتىرنىڭ پۇرىقى دىمىغىنى غىدىقلىدى . ساختا تەبەسسۇم ئۇرغۇپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنى «يەپ كەتكۇدەك» تەلمۈرەتتى . رۇستەم سەل كەينىگە داجىدى ، — سىز قاچان كەلدىڭىز ، مەن قاچان ئالدىڭىزغا چىقمىدىم ؟ «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك ، قىلىۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ ! ئېسىڭىزدە باردۇ ، ئۆتكەندە يۇرتقا چاي بەرگەندە ، سىزدىن بۆلەك ھەممەيلەن كەلدى . «خەق كەلگەن يەرگە ، مەن كەلسەم بولمامدىكەن ؟» دەيدۇ ، تېخى ! كېلىڭ ، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئوتلاڭ .

— رەھمەت ، باشقا بىر كۈنى كېلەرمەن .

ھەشىخان «گىلدىڭ» ئۇنى جەزمەن ئۆيگە باشلاشقا نىيەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى . شەھەر ئاياللىرىنى دوراپ مۇرىسىگە يانتۇ ئېسىۋالغان چاققانغىنا سۇنئىي خۇرۇم سومكىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى چىقىرىپ ، ئارىسىدىن بىرىنى تاللىۋالدى .

— شاۋدۇن كېلىپ قالسا ئاچچىقى كېلىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتامسىزيا ؟ بىزنىڭ شاۋدۇنچۇ ، ئۇنداق كۈنلۈكچى ئەرلەردىن ئەمەس ! ھېلىغۇ سىز ئۆز ، يات ئادەملەردىنمۇ كۈنلىمەيدۇ دەڭە ، مېنى !

رۇستەمنىڭ ئۇنىڭ غىلجىڭلاشلىرىغا مەغۇل بولۇپ ، بۇ يەردە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېرىشكە رايى يوق ئىدى . ئۇ بۇ يەردىن يېنىپلا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يېزىلىق ساقچىخانىغا بېرىشى ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرۇلۇق يول-يورۇق - مەسلىھەت ئېلىشى كېرەك . بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماسلىق ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمەت مىزانى . بۇنىڭغا ھېچقاچان خىلاپلىق قىلغان ئەمەس . ھازىر ئۇ تېخىمۇ ئالدىراپ قالغانىدى . چۈنكى كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . يېزىلىق ساقچىخانا بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ . بېرىپ - كېلىشكىلا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ .

— شاۋدۇن سىزنى كۈنلىمىگەن بىلەن ، بالىلارنىڭ ئانىسى مېنى كۈنلەيدۇ !— رۇستەم زورلاپ كۈلۈپ ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى ، — ئۇ خانىم مەكتەپتىن كېلىپ بولغۇچە ئۆيگە بېرىۋالسام ، كېچىچە

تالادا تونەيدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن !......

— ھى-ھى-ھى- !— ھەشىخان «گىلدىلىڭ» ھەدەپ يوتىسىغا كا-چاتلاپ ، ئەتراپنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك ھى- ھىلاپ كۇلدى ، — تالادا قالسىڭىز ، ئۇدۇللا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ ! ئۆز ئۆيىڭىزدەك بەخىرا-مان ياتقۇزالايمەن !

ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەپ غىلجىڭلىغىنى رۇستەمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۇ قەدىمىنى تېز - تېز ئېلىپ ، بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپ باراتتى .

يىرتقۇچ ھايۋان ئوۋچىدىن قورقىدۇ ، جىنايەتچى ساقچىدىن . ھەشىخان «گىلدىلىڭ»بىلەن شاۋدۇن كەنت باشلىقى ، سېكرىتار دېگەن-لەرنى «پوش» دېمەيتتى . باشقا كادىرلارنىڭغۇ گېلىنى ياغلاپ ، ئۆز-لىرى توغرۇلۇق قىلچە ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويغان . پەقەت رۇس-تەملا ئىندەككە كەلمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن ئۆلگۇدەك قورقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى . باياتىن ئۇنى ئۆز بوسۇغىسىدا كۆرگەن ھەشى-خان «گىلدىلىڭ» تازا خوش بولغانىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ھەرقانداق ئەركىشى ئەتراپىدا ئىنس - جىن بولمىغان يەردە بىرەر خوتۇن كىشىگە ئۇچراپ قالسا ، چوقۇم كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ ، ئەگەر خوتۇن كىشى ئۇستىراق كېلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا سەللا سۇيىنى چىقىد-رىپ قويىدىمۇ ، بولدى ، شۇ زامانلا يېلىمدەك ئېرىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىدۇ . ئۇ شاۋدۇننى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن قولغا چۇشۇر-گەن . بىرمۇنچە بايۋەچچە[1]لەرنىڭ چۆنتىكىنى قۇرۇقدىغانىدى . لې-كىن رۇستەم......

«ئۇ بەلكى خوتۇنىدىن قورقىدىغاندۇ ؟— دېدى ھەشىخان ‹گىل-دىلىڭ› ئىچىدە ، بوسۇغىدىن پۇتىنى ئىچكىرىگە ئېلىۋېتىپ ، — خەپ ، توختاپ تۇرسۇنچۇ ، ئۇنىمۇ بىر كۇنى...... »

لېكىن ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا سېلىنغان يېكەندازغا ئۆزىنى تاشلاپ ، بېشىنى ياستۇققا قويۇشىغا ، نېمە ئۇچۇندۇر كۆڭلى چىۋىن

---

① بايۋەچچە— باي بالىسى .

يېۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، كاللىسىدا:

«ئۇ بۇ يەرگە زادى نېمە دەپ كەلدى؟» دېگەن سوئال پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولغىنىدىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ باقتى. هويلىدا ئۇيان - بۇيان ماڭدى. قويلارغا بىر تۇتام ئوت تاشلاپ بېرىپ، نەپسىنى ئارام تاپتۇردى. نەگىدۇر يوقالغان زىياۋۇدۇننى ئىچىدە قارغىدى. يالغۇز هويلا ئۇنى تۇتۇپ «يېمەكتە» ئىدى.

موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، ئىشىك تۈۋىگە چىقتى. شاۋ- دۇن كەلگەنىدى.

— بىرنەرسە ئەتمىدىڭمۇ؟— دېدى ئۇ.

— ياق، سىزنى بازاردىن بىرنەرسە يەپ كېلەمدىكىن دەپ.

شاۋدۇن موتوسىكلىتنى هويلىغا ئەكىرىپ، بۇلۇڭدىكى لاپاس ئاستىغا توختاتتى. ھەشخان «گىلدىڭ» ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قورسىقى- نى تويدۇرۇپ كەلگەنىدى. زىياۋۇدۇننى دەپ تاماق ئېتىشكە قولى يوق ئىدى، بۇنى يوشۇردى، تېخى:

— رۇستەم دېگەن بىرنېمە ئىشىك ئالدىدا چەگىدەپ يۈرىدىكەن، يۈرىكىم ئاسقۇپ، گېلىمدىن سۇمۇ ئۆتمەيۋاتسا، ئاش ئەتكۈدەك ھەپسىلە نەدە!؟— دەپ دومسايدى.

— نېمە؟!......شاۋدۇننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، — ئۇ نېمىدەپ كەپتۇ؟!

— نېمىدەپ كەلگىنىنى مەن نېمە بىلەي! پېشايۋاندا ئولتۇرسام، ماۋۇ تەرەپتە بىركىم ماڭغاندەك زايە بولدى، — ئۇ بېشى بىلەن باغنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ئىشارەت قىلدى، — پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ تۇرسام، رۇستەم ئۆتۈپ كەتتى.

خوتۇنىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋەرگەنسېرى شاۋدۇننىڭ چىرايىنىڭ قېنى قېچىپ، كۆزلىرى چەكچەيگىلى تۇردى. ئۇ «شارتتىدە» كەيند- گە بۇرۇلدى- دە، تالاغا چىقىپ كەتتى. باغنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، تامغا ياندىشىپ دېگۈدەك ئېقىۋاتقان تارغىنا ئېرىقنىڭ ئىككى

تەرپىگە دىققەت بىلەن تىكىلگىنىچە ئالغا ئىلگىرىلىدى . مانا ، باغنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ ئۆسكەن بىر تۈپ سۆۋادان ، سۆۋادان تۈۋىدىكى پوركاپ توپا ۋە تامغا چۈشكەن كېلەڭسىز پۇتنىڭ ئىزى ! شاۋدۈننىڭ چېكىسىدىن «پۇررىدە» تەر چىقىپ ، پۇتلىرى گىلدىڭلاپلا قالدى . كۆز ئالدى خىرەلىشىپ ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى . ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغىنى — ئادەتتە چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆكسۈمەيدىغان ، مۆرىتى كەلگەندە ، ئەزرائىلدىنمۇ ھېيىقمايدىغان رۇستەم بولدى ! ئەنە ، رۇستەم تېرەككە يامىشىپ چىقىپ كېتىپ بارىدۇ ، تېرەكنىڭ شېخى ئارقىلىق باغنىڭ تېمىغا ئۆتتى . ئاندىن……

شاۋدۈن خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى . ئۇ ئېتىز ئارىلاپ قاياققىدۇر كېتىۋاتقان سەيدۇللانى كۆرۈپ قالغانىدى . كۆڭلىگە غەلىتە بىر ئوي كەچتى - دە ، ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ، ئىچىدە پىچىرلىدى : «خەپ ، ئىتتىن تۆرەلگەن مۇناپىق ! مەن بىلەن ئېيتىشقىنىڭغا تويغۇزمايدىغان بولسام !……»

* * *

رۇستەم ئۆزىنى مۇنچىۋالا زور پېشكەللىكنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . قۇندۇز پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا تىنماي «ۋاي - ۋاي»لاپ ، قورسىقىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۇياقتىن- بۇياققا دومىلايتتى ، ھەرتال مويىدىن مىڭ تاللاپ تەر قۇيۇلاتتى . قورسىقى ناغرىدەك ئېسىلىپ ، تىلى تۈزۈك گەپكە كەلمەيتتى . كەنت دوختۇرى بىلەن بالىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى . دوختۇرنىڭ ئىچۈرگەن دورا ، ئۇرغان ئوكۇللىرى قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك قىلاتتى . رۇستەم خوتۇنىنىڭ كېسىلىنىڭ ئادەتتىكىچە كېسەل ئەمەسلىكىنى تۇيۇپ ، قوشنىسىنىڭ قول تىراكتورىنى ئوت ئالدۇرغۇزدى- دە ، قۇندۇزنى ئۇنىڭغا ياتقۇزۇپ ، ئاۋۋال مەيدان دوختۇرخانىسىغا ، ئاندىن ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا

يول ئالدى . يېزىلىق ساقچىخانىغا بېرىش ئىشىنى كېيىنگە قالدۇردى .

## ئۆكتەم بوشاشتى

رۇستەم ئاچچىق كۆلۈمسىرىدى . بۈگۈن لاۋرېنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت تۇرمىدە پەيدا بولۇپ : «سىزنى ئاقلايمەن» دېگەن ۋەدىسى رۇستەمگە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى . مانا ئەمدى بۇ بىر يېڭى ئويۇن ، ھەتتا يېڭى سۇيىقەستتەك تۇيۇلدى . ھازىر ئۇ باياتىن لاۋرېنىنى بولۇشىغا تىللاپ ، يۈز - كۆزىگە تۈكۈرمىگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى . تەلىيى كاج ئادەملەر كېيىنرەك ئەقىل تاپىدۇ . رۇستەم ھازىر ئەقىل تاپقاندەك قىلاتتى . ياق ، ئۇنىڭغا ئەقىللىقلىق بالاسى تەگكەنىدى ! ھەقىقىي ئەقىللىق ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قايتا ئەسلەپ يۈرىكىنى ئەزمەيدۇ . ئاچچىقلىنىپ ، پۇشۇقۇنۇپ جېنىنى ئېكەكلىمەيدۇ . دائىم كەينىگە قاراپ ، كونا خامانىنى سورۇش سېپى ئۆزىدىن نادانلىق ، ئەخمەقلىق ! بۈگۈن ئەتىنى ، ئەتە- ئۆگۈن نېمە قىلىشنى ئويلاش ۋە ئويلىغىنىنى كېچىكتۈرمەي بىر ياققا ئېلىپ چىقىش ئاقىل ، دانالارغىلا خاس خىسلەت . رۇستەم بىر چاغلاردا ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن ئىدى . تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ، بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان پۈتۈنلەي خېمىغا يېنىپ ، ئاغزىدىن بىرەر جۈملە داناراق سۆز چىقمايدىغان بولۇپ قالدى . «ئىشتانىغا چىققان ، كۆڭۈلگە تايىن» بولغاندا ئېھتىمال ،ئادەم ئەقلىدىن ئازسا كېرەك ؟ !

ئۇ پۇشايمان ئۇستىگە پۇشايمان يەپ ، ئۆزىگە تازا كايىۋاتقاندا ، قورسىقىنىڭ ۋاژىلداپ ئېچىۋاتقىنىنى سەزدى . ئاغزى قۇرۇپ ، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ كېتىپ باراتتى . شۇ تاپتا بىر قازاننىڭ ئېشىنى ، بىر تونۇرنىڭ نېنىنى پاك - پاكىز يەپ بولغۇدەك ئىشتىھاسى قوزغالغانىدى . تۈرمە خادىملىرى بىلەن دوختۇرلار ئۇنىڭ بىلەك ۋە پۇت تومۇرلىرىدىن زادى نەچچە شىشە بەدەن قۇۋۋەتلىگۈچى ئوكۇل كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى ئۇنىڭغا نامەلۇم . دوختۇرلار تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل بەرمەكچى بولغان چاغدا ، ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق

كۆرسەتتى . پۇت ـ قولـىنى ھەر تەرەپـكە سىلـكىپ ، دوختۇرلارنى يېـقىن يـولاتـمىدى ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى . ئۆزىنى كارىۋاتتىن يەرگە ئاتتى ...... لېكىن ، نازارەتچىلەر بىلەن دوختۇرلارمۇ بوش كەلمىدى . نەچچەيلەن ئولىشىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى كارىۋاتقا باغلىۋەتتى ، بۇمۇ ئەپلەشمىگەندە ، كۈچلۈك تىنچلاندۇرغۇچى ئوكۇللارنى ئۇرۇپ ، ئۇنى «ياۋاش»لاشتۇردى . ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى دورىلارنى تومۇرىدىن كىرگۈزۈپ ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى ، ماغدۇرىنى ئاشۇردى . رۇستەم ھازىرقى ئەھۋالدا كۈن بويى كەتمەن چاپسا ياكى ئورما ئورسا قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇنى خاپا قىلىۋاتقىنىمۇ ئۆلمەكچى بولۇۋېتىپ ، ئۆلۈمدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقىنى ئىدى . ئۇنىڭچە بولغاندا بۇگۈنگىچە ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولۇش ياكى پۇتۇنلەي ھالىدىن كېتىپ ، كۆزىنى يۇمغان پېتى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىش ئىدى !

دوختۇرلار ئۇنى بۇ مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى .

ئۇلارغا نېمە كېرەك ؟

رۇستەمنىڭ : «مەن باسقۇنچى» دەپ ئېتىراپ قىلىشى !

رۇستەم مۇشۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈنلا ئۆلۈۋېلىشقا تەييارلانغان تۇرسا ، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشسۇن ! ؟

رۇستەم دېرىزىگە تىزىۋېتىلگەن ھەرخىل يېمەكلىكلەرگە قاراپ قويۇپ ، ئىچىدە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى .

«مېنى ئالداپ ، نىيىتىمدىن ياندۇرۇش — ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشى ، — رۇستەم ئىچىدە شۇنداق دەيتتى ، —ياكى مېنى ‹گۇناھسىز › دەپ جاكارلاپ ، پۈتۈن يۇرت ئالدىدا نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ، ياكى بولمىسا ئۆلۈكۈمنى ئانامنىڭ قولىغا بېرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ! »

رۇستەم غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى......

يەنە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى . رۇستەم تېخىچە ئاغزىغا گىياھ

سالغىنى يوق . لېكىن ، ئۇنىڭ رەقىبلىرىمۇ نىيىتىدىن يانمىدى . ئۇلار ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ كۆلپەتلىرىنى داۋاملىق تارتىشقا قىستىماقتا ، ھەرباب بىلەن ئۇنىڭدىن غالىب كەلمەكتە ئىدى !

تۇنۇگۇندىن بۇيان «يېڭى پەدە» چىقىرىشتى : سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يوقلاپ كىرىپ ، ئۇنى نەچچە قېتىم «يولداش» دېدى !

نېمىدېگەن قىزىق ئىش- ھە ! ئەگەر ئۇ راستىنلا «يولداش» بولسا ، نېمىشقا ئۇنى دەرھال قويۇۋەتمەيدۇ ؟

رۇستەم ئۇلاردىن مۇشۇ سوئاللارنى سورىماقچى بولدى- يۇ ، سورىمىدى ، ھەتتا قۇلاقلىرىنى يوتقان بىلەن چۈمكەپ ، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ يېتىۋالدى . ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابمۇ بەرمىدى .

لېكىن ، بۈگۈن ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى : لاۋرېن ئۇنىڭ قېشىغا يەنە كىرىپ كەلدى . بۇ لاۋرېننىڭ ئۈچىنچى قېتىم قاماقخانىغا كېلىشى ئىدى . بۇ قېتىم ئۇ گېپىنىڭ بېشىدىلا :

— يولداش رۇستەم ، —دېدى ئېچىنغان تەلەپپۇزدا ، — ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسىڭىز ، پارتىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشىڭىز ، مېنىڭ بەزى ئىشلارنى ئوڭشۇلۇق بىر تەرەپ قىلىشىمغا يېقىندىن ماسلىشىشىڭىز كېرەك ئىدى . لېكىن سىز......

— سىز مېنى ھېلىمۇ كوممۇنىست دەپ تونۇمسىز ؟

رۇستەم بۇ سۆزلەرنى ئاچچىق تەنە بىلەن ئېيتقان بولسىمۇ ، لاۋرېننىڭ رەڭگى قىلچە ئۆزگەرمىدى . ئەكسىچە تەبەسسۇم قىلدى :

— ئەلۋەتتە شۇنداق دەپ تونۇيمەن !

رۇستەم مەسخىرىلىك كۈلدى .

— پاتىيەدىن چىقىرىلىپ ، تۈرمىگە قامالغان ئادەمنىمۇ كوممۇنىست دېگىلى بولامدۇ ؟ !

لاۋرېنمۇ بوش كەلمىدى :

— يولداش ليۇشاۋچىمۇ پارتىيەدىن چىقىرىلغان ، تۈرمىگە قامالغانغۇ ! مەن سىزگە يولداش ليۇشاۋچىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز تەقدىرى-

گىزگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتى تەۋسىيە قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئورۇن-سىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن ، ئۇ چاغدا پارتىيەمىز خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدى . بۇ قېتىم مەن بىر كىشىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى تۈپەيلى-دىن ، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىمىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ، سىزنى ناھەق قولغا ئالدى ، ئازابلىدى . ئېيتىپ بېقىڭە : ئەگەر سىزگە ئار-تىلغان جىنايەت ھەقىقەتەن سادىر بولغان بولسا ، سىز مۇشۇنداق قارشىلىق كۆرسىتەتتىڭىزمۇ ؟

— نېمىشقا قارشىلىق كۆرسىتىدىكەنمەن ؟ ئېتىۋەتسىمۇ رازى بولاتتىم !

— ئەگەر باشقا بىرسى ئاشۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزسىچۇ ؟

— بىرىنچى بولۇپ جازالاشنى تەلەپ قىلاتتىم .

رۇستەم خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى . چۈنكى ، لاۋرېنىنىڭ سۆز-لىرىدە ئازراق بولسىمۇ سەمىمىيەت بارلىقىنى سەزگەنىدى .

— مانا مۇشۇ گېپىڭىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكى-ڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرامدۇ !

— راست گەپ قىلىۋاتامسىز ؟

— ئەلۋەتتە راست گەپ قىلىۋاتىمەن !— لاۋرېن ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى ، — ھازىر مەنلا ئەمەس ، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىمۇ ئالدىڭىزدا خىجىل . لېكىن ، سىزگىمۇ ئايان ، جىنايەتچى قانۇن تورى-نىڭ سىرتىدا تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا سىزنى قويۇۋەتكەندە ، جىنايەت-چىنى قولغا چۈشۈرۈش تېخىمۇ قىيىنغا توختايدۇ .

— جىنايەتچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟

— بەك قىستاپ تۇرۇۋالسىڭىز ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن . ئەڭ ياخشىسى ، ھازىرچە بىلمەي تۇرۇڭ . ئەگەر گېپىمگە كۆنسىڭىز ، مېنىڭ پارتىيە ئالدىدا ۋە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن ئىنتايىن ئېغىر گۇناھىمنى يۇيۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىڭىز .

— شۇنداقمۇ ؟— رۇستەم بوشاشتى ، — ئەگەر مېنى ئالدىمىسى-ڭىزلا......

— خاتىرجەم بولۇڭ . يىگىرمە يىللىق پارتىيە ئىستاژىمدىن

كېچىشنى ۋەدە قىلىپ ھۆججەت بېرىشكە تەييارمەن .

— ھۆججەتمۇ بېرىپ يۈرمەڭ . قېنى ، ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىشىڭىزغا قاراپ باقارمەن .

— ماقۇل ، ئوبدان گەپ قىلدىڭىز . ئۇنداق بولسا ، مەن بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققۇچە ھايات تۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىمەن . مەن سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىزغا قاراپ ، ھەقىقىي جىنايەتچىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى كۆرەلمەسلىكىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن .

— مېنى نېمە قىل دېمەكچىسىز ؟

— دەرھال تاماقىا كىرىشىپ ، تېنىڭىزگە كۈچ توپلاڭ . ئەگەر مەن راستتىنلا ئالدامچىلىق قىلماقچى بولسام ، سىزنىڭ ئۆلۈشىڭىز مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پايدا ئەمەسمۇ ؟ يا مەن ئۆزىمنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلمەيدىغان ئەخمەق بولمىسام !

ئەمدى رۇستەمگە ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنمەكتىن بۆلەك چارە قالمىغانىدى . ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى . تەكچىدىن بىر نانىنى ئالدى - دە ، لاۋرېنىڭ كۆزىچىلا قاساپ - قاساپ يېيىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشى لاۋرېنىنىڭ يۈرەك يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى . ئۇ خىيالغا پاتقان ھالدا رۇستەم بىلەن خوشلاشتى . ئۇ ماۋۇلارنى ئەسكە ئالغانىدى :

## ئىسمسىز خەت ، تۈگىمەس دەرد

لاۋرېن ئۆزىنىڭ بىلىق ۋەقەسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى رۇستەمگە ئېيتىپ قويۇپ ئۆيىگە كەلگەندە ، خوتۇنى كەچلىك تاماقنى پىشۇرۇپ ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى . تاماقتىن كېيىن لاۋرېن ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ، ياتما ئورۇندۇققا قاڭتايدى - دە ، گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى .

— ۋاڭ دوختۇر ، رېن كېجاڭنى چاقىرىپ قويسىڭىز .

— لاۋرېن ، شياۋجاڭ سىزنى چاقىرىدۇ .

لاۋرېن گېزىتنى كۆتۈرگەن پېتى ئىشىك تۈۋىگە چىققاندى ، خوتۇنى ۋاڭ لىخۇا بىلەن نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر سۆزلىشىپ تۇرغان جاڭ لورەننى كۆردى . «قايسى كۈنى ياڭ دابەي كەلگەنىدى . بۈگۈن شياۋجاڭ كەپتۇ . ھەقىچان شۇ توي ئىشىغۇ……»لاۋرېن ئۇنىڭ بىلەن ئىللىق سالاملاشتى .

— كەل ،ئۆيگە كىر .

— سىزگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى ، — قاچا يۇيۇۋاتقان ۋاڭ لىخۇاغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى جاڭ لورەن . ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىشنىڭ بىئەپلىكىنى سەزگەن لاۋرېن ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن ، ئىشخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى . جاڭ لورەن يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . لاۋرېن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ ئوساللىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ، گەپ سوراپمۇ ئولتۇرمىدى .

ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ ، شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئولتۇرۇشتى . جاڭ لورەن قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ ، مەيدە يانچۇقىدىن ئىككى پۈكلەنگەن بىر كونۋېرتنى چىقاردى- دە ، ئۈن - تىنسىزلا لاۋرېنغا ئۇزاتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى شۇنداق بىچارە ، شۇنداق ئايانچلىق ئىدىكى ، لاۋرېننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى . جاڭ لورەننىڭ قولىدىن كونۋېرتنى ئېلىۋاتقاندا قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى . كونۋېرتقا جاڭ لورەننىڭ ئادرېسى ، ئىسىم - فامىلىسى ئېنىق يېزىلغان بولۇپ ، خەت يازغۇچىنىڭ ئادرېسىمۇ ، ئىسمىمۇ يېزىلمىغانىدى . كونۋېرتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە چاپلانغان سەككىز پۈڭلۈق ماركا ۋە قەشقەر شەھەرلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تامغىسىغا قاراپلا ، خەتنىڭ پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى . لاۋرېن كونۋېرتتىن يانچۇق دەپتىرىنىڭ بىر ۋارىقىغا يېزىلغان خەتنى چىقىرىپ ، چالا - پۇچۇق كۆز يۈگۈرتۈپلا ئۇجۇقۇپ كەتتى .

«يولداش جاڭ لورەن :

ئۇزاق يىللىق ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ، سى-

نى مۇنداق بىر ئىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن : ياڭ لىلى-
نىڭ قورسىقىدا تۆت ئايلىق بالا بار . ئىشەنمىسەڭ دوختۇرغا تەك-
شۈرتۈپ باق !......

دوستۇڭ×××

1986- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنى »

خەتتە يېزىلغىنىنىڭ بارى - يوقى مۇشۇلا ئىدى . ئەگەر بۇنىڭدىن ئۆزۈنراق بولغان بولسا ، لاۋرېن قانداق ئوقۇپ بولار ئىدىكىنتاڭ ؟ كۆزلىرى خەتتە ، كاللىسىدا ماۋۇلار ئۆچۈپ يۈرەتتى :

ياڭ لىلى ياڭ دابەيىنىڭ كەنجى قىزى ئىدى . ئۇ تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن . سەككىز يېشىدا مېنىنگىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ، ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغان . جىددىي داۋالاش نەتىجىسىدە ھاياتى ئامان قالغان بولسىمۇ ، كاللىسى بۇرۇنقى-دەك ساز بولمىغاچقا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغانىدى . ياڭ دابەي ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى . كۆپ ئىشلاردا ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، باشقا بالىلىرى ئوقۇشقا ، ئىشچىلىققا ، ھەربىيلىككە يېزىلىپ كېتىپ ، ياڭ دابەيىنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى لىلى بولۇپ قالدى . لىلى ئىشچان ، ياۋاش قىز ئىدى . دادىسى بىلەن تەڭ ئەمگەك قىلاتتى . دادىسىنىڭ ئاچقان يېرىگە باراتتى . مەيداندا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ، ئاتا-بالا ئىككىيلەن 10 مو يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلمەكتە . تۇرمۇ-شىمۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلانماقتا ئىدى . لىلىنىڭ نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتى كىشىلەرنىڭ : «بۇ قىز چىرايلىق بولغىنى بىلەن ، كاللى-سىنىڭ دەردى بار » ، «بىر ئۆيىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ » دېگەن قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى . ئۇنىڭ كېلىشكەن ھۆسنى ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشچانلىقى بەزى يىگىتلەرنىڭ مېھرىنى ئويغاتتى . جاڭ لورەن ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى . 25 ياشلىق يىگىت بىلەن 21 ياشلىق قىز توي قىلسا ، نېمىدېگەن بەلەن بولىدۇ-ھە ! ھەر ئىككى تەرەپ جىددىي توي تەييارلىقىدا ئىدى . مانا بۇ خەت......

لاۋرېن خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، جاڭ لورەنگە قارىدى : يى-

گىنى يەرگە پېتىپ كەتكەندەك خىجىل ، هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك مەيۈس ئىدى . لاۋرېن ياڭ لىلىنى قانچىلىك چۈشەنسە ، جاڭ لورەن شۇنچىلىك ئوبدان چۈشىنەتتى . جاڭ لورەن ياۋاش ، ئىشچان ، ئەخلاقلىق ، راستچىل يىگىت ئىدى .

لاۋرېن ئۇنى چېكىپ بېقىش مەقسىتىدە سورىدى :

— بۇ خەتنى لىلى كۆردىمۇ ؟

— ياق ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىم .

— نېمىشقا كۆرسەتمىدىڭ ؟

— ئاۋۋال سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالاي دېدىم .

— ئوبدان قىپسەن ،— لاۋرېن ئۇنى ماختىدى ،— ئەقىلىڭ بىلەن ئىش قىپسەن ! ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئىش ئۆتكەنمىدى ؟

— نېمە دەيدىغانسىز ، رېن كېچاڭ !— جاڭ لورەن تېرىكتى ،

— ئۇنداق ئىش بولسا ، سىزنى ئىزدەپ سارالىمۇ مەن ؟ !

— مۇنداق قىلايلى ،—دېدى لاۋرېن قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋې-لىپ ،— بۇ خەت مەندە تۇرۇپ تۇرسۇن ، مەن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر ياققا ئېلىپ چىققۇچە ئىككىمىزدىن بۆلەك ھېچكىم ئۇقماي تۇر-سۇن ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

*　　　*　　　*

— راست ئىكەن ، لاۋرېن !— دېدى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئۆيگە بىر ئاز كېچىكىپ كەلگەن ۋاڭ لىخۇا ئېرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ ، قاسقانغا جىگموما تىزىۋاتقان لاۋرېننىڭ قولى ئىشتىن توختىدى ، — لىلىنىڭ قورسىقى راستتىنلا تۈت ئايلىق بوپ قاپتۇ !

— بالا كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتتىمۇ ؟

— ياق ، ھەرقانچە يالۋۇرساممۇ ئېيتقىلى ئۇنىمىدى . ئۇنى ئەي-ۋەشكە كەلتۈرەلمەي مۇشۇ ۋاق بولۇپ كەتتى !

— ئۇ ھازىر نەدە ؟

— تاۋۇزلۇقتا قالدى .

— چۈشتىن كېيىن زۆرۈر ئىشىڭ يوقتۇ ؟

— بار ، هازىر لىلىنىڭ قېشىدىن كېلىۋاتسام ، بالىسى تۇنجۇ-قۇپ قالغان بىر ئايالنى ياتاقتا ئالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى . ئوپېرات-سىيە تەييارلىقى پۈتسىلا ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىمەن .

— ئەستا ، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى…… بۇ ئىشنى بۇگۈندىن قالدۇرماي ئېنىقلىۋەتسەك ئوبدان بولاتتى . كېيىنكە سۈرۈلۈپ كەت-سە ، لىلى…… بۇ قىز بالا……

لاۋرېن لىلىنىڭ نومۇس كۈچىدە ئۆزىنى بىرنەرسە قىلىۋېلىشى-دىن ئەنسىرەيتتى . ۋاڭ لىخۇانىڭ ئەندىشىسىمۇ ئۇنىڭكىدىن كىچىك ئەمەس ئىدى . ۋاڭ لىخۇا قانداق قىلىپ بولسۇن ، لىلىنى بۈگۈنلا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە ۋەدە بەردى .

*　　　*　　　*

— «رۇستەم ئىكەن ؟……» هۇ ئىتتىن تۆرەلگەن هايۋان !— خوتۇنىنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا ، لاۋرېننىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ ، شىرەنى قاتتىق مۇشتلىدى ، — مەن ئۇنى ئادەم دەپ يۈرۈپ-تىمەن ئەمەسمۇ…… ئۇنىڭ ياڭ دابەيگە يېقىنچىلىق قىلىپ ، تاۋۇزنى خېرىدار بولۇشى……خەپ ، سەن هايۋاننى !

لاۋرېن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ،ئۇدۇللا ئىشخانىسىغا چاپتى ۋە ناهىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار راز-ۋېدكا بۆلۈمىگە تېلېفون بەردى .

## ئوۋچى قاپقاندا

ئېچىرقاپ كەتكەن رۇستەم بىر ناننى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يەپ بولۇپ ، ئىككىنچى نانغا قول ئۇزاتقاندا ، خىيالىغا شاۋدۇن كېلى-ۋالدى . «ئۇ هازىر نەدىدۇ ؟ ئۇنىڭ توغرىسىدىكى هېلىقى گەپنى

نېمىشقا ھازىرغىچە بىركىمگە دەپ باقمىدىم؟» بۇ مۇنداق ئىش ئىدى:
قۇندۇز ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن تىنچ - ئامان چىقتى. تېزلا ساقىيىشقا باشلىدى. تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن رۇستەم بالىلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىدىن ۋېلىسىپىتلىك يولغا چىقتى. يېرىم سائەتمۇ ماڭماستىن ۋېلىسىپىتنىڭ ئىچ كامېرى ئېتىلىپ كەتتى. رۇستەم كەينىگە يېنىپ كامېرنى يامىتاي دېسە، ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدىغان دۇكانلار ئاللىقاچان تاقىلىپ كەتكەنىدى. ئەتە ئەتىگەندە ماڭغانمۇ بولاتتىغۇ، لېكىن كۆڭلى ئۇنىمىدى. قۇندۇز ئۇنى بالىلارنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. قايتىپ بارمىسا، چوقۇم قۇندۇزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. رۇستەم كەينىگە يانمىدى. يولنى پىيادە داۋام قىلدى. كېچىسى يول ئاۋۇيدۇ. رۇستەم 12 كىلومېتىر يولنى قانداق مېڭىپ تۈگەتكىنىنى تۇيمايلا قالغانىدى. يولدا موتوسىكلىتنىڭ قويرۇقىدىن ئىس چىقىرىپ، يېنىدىن ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كەتكەن شاۋدۇن ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن بىرەيلەندىن بۆلەك ھېچكىمنى ئۇچراتمىدى. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، ئەل ئايىغى جىمىقىپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى. مانا شۇ چاغدىلا، رۇستەم ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكى، ئۇگە - ئۇگىسىنىڭ ئۇرۇپ رېزە- رېزە قىلىۋەتكەندەك قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دېمىسىمۇ، تۆت كېچە - كۈندۈزنى ئۇيقۇسىزلىق ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزمەك ئاسان ئەمەستە! تېخى شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە باسقىنىچۇ! ئۇنىڭ جېنى قالتىس چىڭ ئىكەن!

رۇستەم قەدىمىنى ئاستىلاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىتتىكرەك ماڭغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى. قەدىمى قانچە ئاستىلىسا، ئۇستىخانلىرى شۇنچە ئېغىرلىشىپ، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتەتتى. ئەگەر شۇ تاپتا بالىلىرىنى دېمەيدىغان بولسا، ئۆستەڭ بويىدىكى قۇمىلاڭغا ئۆزىنى تاشلاپلا تاتلىق بىر ئۇخلىۋالغان بولاتتى. ئۇنى بالىلار چاقىرىۋاتاتتى. ئۆيىگە 500 قەدەمچە ئارىلىق قالغانىدى. ئۇ بۇ ئارىلىقنى ئۆمىلەپ بولسىمۇ مېڭىپ تۈگىتىشى كېرەك. ئۇ كەنتنىڭ بېشىغا يېقىنلىشىشىغا، ئەڭ چەتتىكى

ھويلىنىڭ تېمىغا كىمنىڭدۇر يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ سەيدۇللانىڭ ئۆيى ئىدى. رۇستەم ھارغىنلىقىنىمۇ، ئۆيقۇسىزلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، قەددىنى رۇسلىدى. نەزەرىنى ھېلىقى گەۋدىدىن ئۈزمەي، ۋېلىسىپىتىنىڭ رولىغا تايانغىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى. كېيىن ۋېلىسىپىتىنى قۇملاڭغا ياتقۇزۇپ قويدى-دە، دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. قەدىمىنى قانچە ئاۋايلاپ يۆتكىسە، پۇتلىرى ئاستىدا نېمىلەردۇر شۇنچە قاتتىق قاراسلاۋاتقاندەك ياكى ھازىرلا تۇۋى يوق ئازگالغا تىقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكى بەزىدە توختاپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلسا، بەزىدە ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز دۈكۈلدەيتتى، شاخلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن قويۇق، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر ئاي نۇرىنى توسۇۋالغاچقىكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاشۇ گەۋدىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى······ ئاخىر ھويلىغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم ھويلىغا چۈشۈپ كېتىپ بولغانىدى. رۇستەم ئىشىك زەنجىرىنىڭ شاراقلىغىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

«سەيدۇللا ئاكام ئاچقۇچنى چۈشۈرۈپ قويغان ئىكەن-دە، — ھايال ئۆتمەي رۇستەم بۇ ئويىنى ئىنكار قىلدى، — ئاچقۇچنى چۈشۈرۈپ قويغان ئادەم نېمىشقا سىرتىدىن قۇلۇپلاقلىق دەرۋازىنى ئىچىدىن زەنجىرلايدۇ؟»

كەينىگە يېنىشقا تەييارلانغان رۇستەم پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دەرۋازىغا يېقىنلاشتى ۋە دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى: ھېلىقى ئادەم ئۆينىڭ قۇلۇپى بىلەن بىردەم ھەپىلىشىپ بېقىپ، دېرىزە تۈۋىگە كەلدى ۋە دېرىزىنىڭ ئەينىكى سۇنغان كۆزىگە چاپلانغان قەغەزنى يىرتىپ، قولىنى ئىچكىرىگە تىقتى. دېرىزە ئېچىلدى. ئۇ ئالمان - تالمان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۆيدە «پىلىلىدە» سەرەڭگە يېقىلىپ، قويۇق، قاپقارا ساقاللىق بىر چىراي غىل - پال كۆرۈندى-يۇ، غايىب بولدى. ئۇ سەيدۇللا ئەمەس ئىدى. رۇستەم تېخىمۇ سەگەكلەشتى. ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئادەم ئۆيدىن چىقىپ، دېرىزىنى ئەتتى - دە، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

رۇستەم دەرۋازىدىن ئىككى قەدەمچە كەينىگە داجىپ ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . دەرۋازىنىڭ زەنجىرى شاراقلاپ پەسكە چۈشتى ھەم ھېلىقى ئادەم تام ئۈستىدە پەيدا بولدى . ئۇ تامدىن چۈشۈۋاتقاندا رۇستەم ئۇنىڭغا ئېتىلغانىدى ، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈش- كىلى تاس قالدى ، يەرگە دەسسىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن ھېلىقى ئادەم ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئۆزىنى تۈن قوينىغا ئالدى . رۇستەم :

— توختا !— دەپ ۋارقىرىغىنىچە ، قول چىراغنىڭ نۇرىنى ئۇ- نىڭغا توغرىلاپ ، كەينىدىن قوغلاشقا باشلىدى . رۇستەم بۇ ئادەمنىڭ ئۆيدىن ھېچ نەرسە ئالماي ، قۇرۇق قول قايتىپ چىققانلىقىدىن ھەي- ران ئىدى . شۇڭا ، ئۇ تېخىمۇ غەيرەت بىلەن قوغلايتتى . ھېلىقى ئادەممۇ بارغانسېرى قەدىمىنى ئىتتىكلەتمەكتە ئىدى . ئەگەر ئۇ يەنە 5 — 6 قەدەملا يۈگۈرۈپ ئىككى مېتىر كەڭلىكتىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپلا ئالسا ، 2 — 3 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسكەن قويۇق قەلەمچە ئورمانلىققا كىرىپ كېتەتتى-دە ، غايىب بولاتتى . بۇ ھال رۇستەمنى بىر ئاز ھودۇقتۇردى .

— توختا دەيمەن !—دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ ، — ئەگەر يەنە بىر قەدەم مىدىرلىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن !……

«ئېتىپ تاشلايمەن !» بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق سۆز- ھە ! ھېلىقى ئادەم قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، پۈتۈن كۈچى بىلەن سەكرىگىنىگە قارىماي ، پۇتلىرى قارشى قىرغاققا ئەمەس ، ئۆستەڭگە چۈشتى .

رۇستەم ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆ- رۈنمىدى . رۇستەم قارشى قىرغاقنى قولچىراغ بىلەن يورۇتقىنىچە ئۆستەڭنىڭ ئېقىشىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى . 50 قەدەمچە يۈ- گۈرگەندىن كېيىن ، تېرەكلەر ئارىسىدا ئۆسكەن قويۇق جىغانغا دۇچ كەلدى . جىغان ئۆسكەن بۇ ئارىلىق كەم دېگەندىمۇ 10 غۇلاچ كېلەت- تى . جىغانلار شۇنچە زىچ ، شۇنچە باراقسان ئۆسكەنكى ، ئۆستەڭنىڭ ئۈستىنى پۈتۈنلەي يېپىۋالغانىدى . قولچىراغنىڭ نۇرى بۆسۈپ ئۆتەل- مەيتتى . رۇستەم ئويلىنىپ قالدى : «ئۇ چوقۇم جىغاننى دالدا قىلىپ

يۈرۈپ ، ئورمانلىققا كىرىۋالىدۇ . ئۇ چاغدا......»
رۇستەم ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى. دە ، كۆكرەككە چىققۇدەك چوڭقۇرلۇقتىكى ناھايىتى تېز ئېقىۋاتقان سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئاياغقا قاراپ سىلجىدى . ئۇزاققا بارماي ، قولچىراغنىڭ ئۆتكۈر نۇرى سۇدا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئالۋاستى-نىڭ بېشىدەك قورقۇنچلۇق كاللىنى يورۇتتى . مانا ، چاچلىرى دەر-ۋىشلەرنىڭكىدەك پاخپىيىپ كەتكەن ، ھاۋانچىنىڭ تېشىدەك سوقچاق كاللا ، قورقۇنچلۇقتا چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان بىر جۈپ كۆز ، ھۆپۈپنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇچلۇق بۇرۇن ، سالپاڭ قۇلاقلىرىغا يۆگىشىپ كەتكەن بۇرۇت ۋە كېلەڭسىز ساقال ، نېمە ئۇچۇندۇر ئاغزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . ئۇ بىر تۇپ جىغاننىڭ كۆتىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى .
«ئويلاپ تاپقان ھۇنىرىنى قارا ، بۇنىڭ !— رۇستەم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ ، ئىچىدە سۆزلەيتتى ، — چەت ئەل كىنولىرىنى دوراپ ، يۈزىگە نىقاب تارتىۋاپتىكەن. دە !......»
رۇستەم ئۇنىڭدىن بىر قەدەم نېرى توختاپ ، ئۇنىڭ «ساقال» نى بىرلا تارتقانىدى ، ساقال «يۇلۇنۇپ» قولىغا چىقتى . بۇ «ساقال» مەزلۇم كىشىنىڭ قىشلىق روملى ئىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس ، دەل شاۋدۇن ئىدى !
— ماڭ !— دېدى رۇستەم كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ .
شاۋدۇن ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى . بىر تۇپ تېرەككە ئېسىلىپ ، قىرغاققا چىقتى . رۇستەم ئۇنىڭ كەينى-دىن چىقىۋاتاتتى . كۈتۈلمىگەندە شاۋدۇن ئۇنىڭ مەيدىسىگە شۇنداق قاتتىق تەپتىكى ، رۇستەمنىڭ قولى تېرەكتىن ئاجراپ «شالاققىدە» سۇغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆستەڭدىن چىققان چاغدا ، شاۋدۇننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى . ئاچچىقىدا ھەممە يېرى جاقىلداپ تىترەۋاتقان رۇستەم ئۇنى داۋاملىق قوغلىماقچى بولدى . كېيىن بۇ نىيىتىدىن ياندى . «شاۋدۇن قېچىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتەلەمتى؟— دەيتتى ئىچىدە ، — مەيلى ، ھازىرچە قاچسا قېچىپ تۇرسۇن ، ھاياتلا

بولسام ، ھەممە ھېساب - كىتابنى ئەتە قىلىشىمەن...... ئۇ نېمىشقا سەيدۇللاكامنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ ؟ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدى ؟ سەيدۇللاكام نەگە كەتكەن بولغىيدى ؟ توختا ، ھازىرلا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ باقاي...... »

رۇستەم ئەتراپقا تازا بىر سىنچىلاپ قارىۋېتىپ ، چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدى - دە ، سۇيىنى سىقىپ ، يېڭىباشتىن كىيىۋالدى . بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يولنى داۋام قىلدى . ئارىلاپ - ئارىلاپ قولچىراغ بىلەن ئالدى تەرەپنى يورۇتاتتى . كۆتۈلمىگەندە ، كۈمۈش تولتىلىق يوغان يېڭىسار پىچىقى كۆزگە چېلىقتى . «شاۋدۇن پىچىقىنىمۇ تاشلاپ قېچىپتۇ - دە !— رۇستەم ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ، ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلايتتى ،— بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ . ئەتە بۇ پاكىتنى كۆزىگە تىقىپ تۇرۇپ...... »

خىيال بىلەن بەند بولغان رۇستەم مەھەللىگە كېلىپ قالغىنىنى تۇيمىدى . ئۇشتۇمتۇت يېقىلغان ئاپتوموبىل چىرىغىنىڭ يورۇقى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى . ئاپتوموبىل يېنىدا ئىككى ساقچى ۋە يەنە كىملەر - دۇر تۇراتتى . رۇستەم خۇشاللىقىدىن ، يۈرىكى دەريادا ئۈزگەن بېلىق - تەك يايراپ كەتتى . ۋۇجۇدى ئۇچتەك يەڭگىللەپ ، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ، ئاپتوموبىلغا يېقىنلاشتى . ئۇ تونۇش ئادەملەر - نى كۆرۈپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !— دەپ سالام بەرگەنىدى ، ھېچكىممۇ ئىلىك ئالمىدى . ئەكسىچە بەزىلەر يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈۋالدى . بەزىلەر دۈشمەنگە قارىغان نەزەر بىلەن تىكىلىپ ، ئۈن - تىنسىز تۇرۇشاتتى . رۇستەم ئىچىدە : «قالتىس چاقچاقچى خەقلەر - دە ، بۇ !...... » دەپ ئويلاپ ئاغزىنى چاقچاققا ئۆمەللەۋاتقاندا ، ساقچىلاردىن بىرسى بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە قولچىراغنىڭ نۇرىنى قەغەزدىكى خەتلەرگە توغرىلاپ :

— بۇنىڭغا قول قوي !— دېدى . يەنە بىر ساقچى تاپانچىسىنى رۇستەمگە تەڭلەپ تۇراتتى . رۇستەم قولىدىكى قەغەزگە يېزىلغان «باسقۇنچى » دېگەن خەتنى كۆرۈپ ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى .

ئۇ ئەمدى ناھايىتى ئېنىق بىلدىكى ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى چاقـ-چاق ئەمەس ئىدى . رۇستەم قول قويۇشنى رەت قىلدى . ساقچىلار ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدى- دە ، گەجگىسىدىن ئىتتەرگىنىچە ئاپتو-موبىلغا چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى . رۇستەم بۇنى چۈشىدە كۆرۈۋاتـ-قان ئىشتەك ، ئۇنچىۋالا «ئاھ - ۋاھ» لاپ كەتمىدى . كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ ، ئىچىدە ئاچچىق كۈلۈمسىرەيتتى . كاللىسىدا : «ئەتىلا ھەق - ناھەق ئايرىلىپ ، ئۇلار مېنى قانداق ئېلىپ كەتكەن بولسا ، شۇنداق ئەكىلىپ قويىدۇ» دېگەن شېرىن خىيال ھۆكۈمران ئىدى . لېكىن ، ئىش ھەرگىز ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى . «ئەتە» دىن 140 نەچچىسى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ھەق - ناھەقنىڭ چېكى كۆرۈنمىدى . ئەمدى ئۇ : «لاۋرېن قانداق بولۇپ ماڭا ئادۇوكات بولۇپ قالدى...... ؟ » ، «لاۋرېن مەندىن سىر تۇتۇۋاتقان ‹ھەقىقىي باسقۇنـ-چى › زادى كىمدۇ ؟ » دېگەن سوئالنى زادى كاللىسىدىن نېرى قىلالـ-مايتتى . لاۋرېننى ئۆزىگە ئادۇوكات بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ماۋۇ ۋەقەلەردىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىدى .

## مىخ

لاۋرېن 40 ياشقا كىرە - كىرمەيلا ، بىرنەچچە خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانىدى . ئۇنى ئەڭ قىينايدىغىنى مەيدە ئاغرىقى ئىدى . بۈگۈن ئۇ قان سەپرا قىلدى . دوختۇرخانىغا تەكشۈرتكىلى كەلگەنـ-دى ، دوختۇر ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۆيىگە «قاماپ» ئاسما ئوكۇل بىلەن «باغلاپ» قويدى . چۈشكە يېقىن ئەمدىلا ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن چىققان ۋاڭ لىخۇا ئۇنى يوقلاپ كىردى ، ئۇ بۇ ئىشتىن ئەمدىلا خەۋەر تاپقانىدى . ئۇ لاۋرېنغا بۇ يەردە ئۇزاقراق يېتىپ ، ئوبدانراق داۋالـ-نىشنى تەۋسىيە قىلدى . لاۋرېن زۆرۈر تېپىلسا ئوپېراتسىيە قىلدۇ-رۇشقىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . ۋاڭ لىخۇا گەپ ئارىسىدا بۈگۈن ئەتىگەن لى لىنىڭ تىنچ - ئامان بوشانغانلىقىنى ئېيتقانىدى ، لاۋرېننىڭ چىرايىغا دەرھال قان يۈگۈرۈپ ، كېسىلى يەڭگىللەپ قالـ-

غاندەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى :
— نېمە تۇغدى ؟
— ئوغۇل .
— ئوغۇل ! ؟— لاۋرېن ھاياجاندا توۋلىۋەتتى . كۆزلىرىدە يوشۇ-رۇپ بولمايدىغان تەبەسسۇم نۇرى چاقنىدى- يۇ ، دەرھال ئۆچتى . كۆز ئالدىدا رۇستەم نامايان بولغانىدى . مەيدىسىنىڭ ئاغرىقى يەنە تۇتۇپ ، چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى . چىشلىرى غۇچۇرلىدى . بۇنى خوتۇنىغا تۇيدۇرماسلىققا تىرىشىپ ، زورلاپ كۇلۇمسىرىدى ، — ھەرنېمە بولسا بىچارە تىنچ - ئامان يەڭگىۋاپتۇ . ئەھۋالى ياخشىدۇ ؟
— يامان ئەمەس ، تۇغۇتى تەتۇر كەلگەنىنىڭ ئۇستىگە ، كۆپرەك خۇن كېتىپتىكەن ، بەدىنىنى قۇۋۋەتلەندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللى-نىۋاتىمىز . ئىككى - ئۈچ كۇن ئىچىدە ھاللىنىپ قالىدۇ .
— بوۋاق قانداقراق ؟
— ئانىسىنى ئېمەمەن دەپلا تۇرىدۇ . تارتىپ كۆرسەڭ سەككىز جىڭ كەلدى .
— ماۋۇ ئىشنى !...... ئانىسىنىڭ ئورۇقلاپ كېتىشى مۇشۇ سە-ۋەبتىنىكەن- دە ؟
— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ .
— شياۋجاڭ يوقلاپ كەلدىمۇ ؟
— تۇنۇگۇن يېرىم كېچىدە لىلىنى شياۋجاڭ ئۆزى ئېلىپ كەپتىكەن . تاكى لىلى بوشىنىپ بولغۇچە تۇغۇت ئۆيىدىن چىقماپتۇ .
— كۆر ، بۇ يىگىتنىڭ ئوبدانلىقىنى !
— شۇنى دېمەمسىز ، ھەقىقەتەن قالتىس بەلەن يىگىت ئىكەن ! ھازىرمۇ لىلىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئايىغىدا مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ .
ئەر - خوتۇن ئەنە شۇنداق مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى تۈگەي دەپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى . ئاسما ئوكۇلمۇ چۈشۈپ بولغانىدى . يىگىنىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن بىللە غىزالاندى . ۋاڭ لىخۇا ئاياللار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ، باشقىلاردىن بەش - ئون مىنۇت بالدۇر ئىشقا چۈشۈش ئۇنىڭ ئۆزاق

يىللىق ئادىتى ئىدى. ئۇ سائەتكە بىرلا قاراپ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. لاۋرېنغا ئۇنى - بۇنى تاپىلاپ قويۇپلا خوشلاشتى.

ئادەمنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كىرىۋالمىغىنى ياخشى. كىرىۋالدىمۇ، ئۇنى بىر ياقلىق قىلىۋەتمىگۈچە ئارام تاپقىلى بولمايدۇ. لاۋرېننىڭ كاللىسىغا لىلىنىڭ بالىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى كىرىۋالغانىدى. بۇ ھەقتە ئويلىغانسېرى قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشاتتى. ئويلىماي دېسە، قانداقتۇر بىر غايىب كۈچ ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. نەچچە كۈن تاقەت قىلسىمۇ بولاتتىغۇ، لېكىن ئۇ زادىلا تاقەت قىلالمىدى. مەيدىسىنىڭ ئاغرىقىمۇ ئېسىدىن چىققانىدى. كۆزىنى يۇمسىمۇ ئاشۇ «سەككىز جىڭ» ئۇنى چاقىرىپ ئارام بەرمەيتتى.

ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن، باش سېستىرادىن يېرىم سائەتلىك رۇخسەت ئالدى-دە، خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى باھانە قىلىپ ئاياللار بۆلۈمىگە باردى ۋە ئۇدۇللا بوۋاقلار ئۆيىگە كىردى. نۆۋەتچى سېستىرادىن سوراشتۇرۇپ، «سەككىز جىڭ»نى تاپتى. ئۇنىڭغا بىر قاراپلا، مىخقا ئۇسۇۋالغاندەكلا ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، لىلىنىڭ بوۋىقىنىڭ چىراي شەكلى باشقىچىرەك بولۇشى كېرەك ئىدى. لاۋرېن بۇ بوۋاقتا ئۆزى ئىزدىگەن نەرسىلەرنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدى. سېستىرانىڭ ئېيتىشىچە: ئۈچ كۈندىن بۇيان مۇشۇ بىرلا بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ. ئوغۇلنى قىز بىلەن، قىزنى ئوغۇل بىلەن ئالماشتۇرۇۋالىدىغان ئىشلار بۇ دوختۇرخانىدا زادىلا سادىر بولۇپ باققان ئەمەس. ئوغۇل بالىنى قىز بالىغا تېگىشىۋالىدىغان ئەخمەقلەرنى تېخىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

شۈبھىسىزكى بۇ بالا......

لاۋرېن خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خارامۇش ھالدا بوۋاقلار ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى. خوتۇنى بىلەن كۆرۈشمەيلا ياتىقىغا كەتتى. ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ خىيالغا كەتتى. كەچلىك تاماقنىمۇ كۆڭلى تارتمىدى. يوقلاپ كىرگەن خىزمەتداشلىرىنىڭ تەسەللى ۋە كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا ياقمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەش، چىرايى تۇتۇق ئىدى. خىزمەتداشلىرى بۇنى «ئاغرىق ئازابى» دەپ چۈشەندى.

دەرۋەقە ، ئۇنىڭ مەيدە ئاغرىقى كۈچىيىپلا قالماستىن ، بېشىمۇ قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى . يۈرىكى سىقىلىپ ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىۋاتاتتى .

ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئاشۇنداق ئۆتتى . ئىككى كۈنلۈك جىددىي داۋالاش لاۋرېنغا ھېچقانداق مەنپەئەت قىلمىدى ، تېخى ئۇيقۇسىنى قاچۇردى ، جۈدىتىۋەتتى . بۇ ھال ۋاڭ لىخۇانىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى . ئۇ لاۋرېننى جېنىدەك ئەزىزلەيتتى . 27 ياشقىچە يىگىت تاللاپ ھېچكىمنى ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەن بۇ «قېرى قىز» لاۋرېننى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولغانىدى . لاۋرېن بىلەن ئاسانلا پۈتۈشتى . تويدىن كېيىنكى كۈنلىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى . بالىلىق بولدى . ئۇلار ھېلىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا ئاشىق ـ مەشۇقتەك ئەدەپلىك ، ئىناق ـ ئىجىل ئىدى . زادىلا قاپاق تۈرتۈشۈپ باقمىغان . ئاۋازىنى چوڭراق چىقىرىپ تاكاللىشىپمۇ باقمىغان . لاۋرېن بىر ئوت بولسا ، ئۇ بىر يالقۇن ئىدى . ھازىر لاۋرېن پۈتۈنلەي باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى .

قېنى ئۇ شوخ ، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلەر؟ قېنى ئۇ تەبەسسۇم ئۆسۈمەيدىغان خۇش چىراي؟ قېنى ئۇ يۈرەككە ئوت ياققۇچى شېرىن ـ سۇخەن ، خۇش چاقچاق ، ئاق كۆڭۈل لاۋرېن؟!

ھازىر كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتقان بۇ ئادەم ھېچنېمىسى بىلەن ئۇنىڭ ئامراق ئېرىگە ئوخشىمايتتى ، بەلكى قانداقتۇر غەمكىن ، تەرى سۆرۈن ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئېيتقان تەسەللىلىرى لاۋرېننىڭ كۆڭلىنى ئاچالمىدى ، چىرايىدىكى غەمكىنلىكنى تۈگىتەلمىدى .

ۋاڭ لىخۇا بۇنىڭدىن ھەيران ئىدى ، سەۋر ـ تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئاخىر ، تەبىئىتىگە قارشى ھالدا ئېرىنى قىستىدى :

— لاۋرېن ، بىر ئىشتىن خاپا بولدىڭىزمۇ؟

لاۋرېن ئېرەنسىزغىنا جاۋاب بەردى :

— ياق .

— ئەمىسە ، نېمانداق جىمىپ كېتىسىز؟

— ئۆزۈمچە شۇنداق……

— «ئۆزۈمچە شۇنداق » ؟ كۆڭلىڭىزدە مەندىن يوشۇرىدىغان بىر ئىش بار ئوخشىمامدۇ ؟

— سەندىن نېمىنى يوشۇراتتىم ؟

ۋاڭ لىخۇا كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ئۇنىڭ لاۋرېندىن كۆڭلى قالغان ، رەنجىگەنىدى . لاۋرېن بۇنى تۇيدى . يۈرىكى چىدىمىدى .

— لىخۇا ، نېمىشقا يىغلايسەن ؟— خوتۇنىنىڭ قولىنى ئاستا سىلىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ كۈلۈمسىرىدى . شۇچاغ لىجۇانىڭ كۆز چاناقلىرىدا ماراپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش «غىلدىر- رىدە» يۇمىلاپ مەڭزىگە كېلىپ توختىدى . ئۇ يېشىنى ئىتتىك سۈرت- تى- يۇ ، لاۋرېنغا سىڭايان قارىۋالدى ، — مەن سەندىن گەپ يوشۇرۇپ ياخشى قىلمىدىم .

— «گەپ يوشۇرۇپ» ؟— ۋاڭ لىخۇا ئېرىگە غەلىتە نەزەردە تىكىلدى ،— تېخى شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ ؟ مەندىن گەپ يوشۇرۇپ……

— مەن هېلىقى بالىنى كۆرمىسەم بوپتىكەن……

— قايسى بالىنى ؟

— لى لىنىڭ بالىسىنىچۇ .

— ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزنى بۇنچىۋالا يوقىتىپ قويغۇدەك بىر ئىش بارمىدى ؟ يا رۇستەم دېگەن هېلىقى لۈكچەك ئېسىڭىزگە كىرىۋالدىمۇ ؟

— ئۇمۇ بار…… سەن لى لىنىڭ بالىسىغا تازا سەپسالدىڭمۇ ؟

— سەپسالدىم ، قانداق دەيسىز ؟

— ئۇنى بىركىمگە ئوخشاتتىڭمۇ ؟

— بىركىمگە…… «رۇستەمگە ئوخشىمايدۇ» دېمەكچىمۇ سىز ؟

— هەئە ، ئۇنىڭ هېچ يېرىنى رۇستەمگە ئوخشىتالمىدىم .

— رۇستەمگە ئوخشىمىغان بىلەن لى لىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخ- شايدىغۇ ؟

— مەن ئۇنى……

— قويۇڭە ، قاملاشمىغان گەپنى !— لاۋرېن بىراۋنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانىدى ، ۋاڭ لىخۇانىڭ مېڭىسىگە مىخ قاققاندەك تۇيۇلدى ،

ئۇ چايان چاققاندەك ئەنسىز توۋلاپ ، چۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ ياتاقتا لاۋرېن يالغۇز ياتاتتى . ۋاڭ لىخۇانىڭ ئەسەبىيلەرچە ھالىتىنى لاۋرېندىن بۆلەك ھېچكىم كۆرمىدى ،— ھېلىدىغۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپتۇ ، سىزگە ئوخشاپ قالسا نېمە بولىدىكەن ؟ ! ھىم…… ئىككى كۈنىڭىزنى نېمانچە تۈگۈلۈپ كەتتىكىن دېسەم ، مۇشۇ غەم ئىكەن- دە ! قويۇڭ ئەمدى ! خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشمەن دەپ ، ئۆزىڭىزگە گەپ تېپىۋالماڭ !

لاۋرېن كۈلۈمسىرىدى . ئۇ خوتۇنىنىڭ بالىلارچە ساددىلىقىدىن كۈلمەكتە ئىدى .

— ماڭا قارا ، لىخۇا ، — دېدى ئۇ ياستۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ ، — مېنىڭ ۋەزىپەم نېمە ؟

— نېمە بولاتتى ؟— ۋاڭ لىخۇا ئويلانمايلا جاۋاب بەردى ، — مەيداندا يۈز بەرگەن يامان ئىشلارغا ئىگە بولۇش ، بىر تەرەپ قىلىش !

— توغرا ئېيتتىڭ . شۇنداقكەن ، بىگۇناھ بىر ئادەمنىڭ تۈرمىدە يېتىپ ئازاب چېكىشى ، ھەقىقىي جىنايەتچىنىڭ قانۇن تورىنىڭ سىرتىدا يۈرۈشىگە يول قويساق بولامدۇ ؟

— ماۋۇ داۋلىنىڭ يوغانلىقىنى !— ۋاڭ لىخۇا ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ،— بۇ گېپىڭىزچە ، رۇستەم جىنايەتچى ئەمەسكەن- دە ؟ !

— بۇ مېنىڭ پەرىزىم……

— مانا ، گەپ تۈگىدىغۇ ! پەرەز بىلەن بىر ئادەمنى ئاقلاپ ، يەنە بىر ئادەمنى قارىلىسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟

ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق دەتالاش قىلىشتى . ئاخىرىدا ۋاڭ لىخۇا ئۆزى بىلىدىغان ياكى گۇمان قىلغان بەزى ئىشلارنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى :

— سىز بىلەمسىز ، — دېدى ئۇ ، — لىلى دېگەن بۇ قىزغا خېلى بۇرۇنلا چوكان سىنچى كىرىپ قالغان……

— بۇنى سەن قانداق بىلىسەن ؟

— بىر ئايال ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇر تۇرۇپ بۇنچىلىك ئىشنى بىلمىسەم قانداق بولىدۇ ؟ !

ۋاڭ لىخۇا بۇنىڭدىن 5 — 6 يىل بۇرۇنلا لىلىغا چوكان سىنچى كىرىپ قالغانلىقى، ئۆزى شۇنچە پايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە تاپالماي، ئاخىر سالامەتلىك تەكشۈرۈش باھانە-سىدا، ئۇنىڭ نومۇسى ئاللىقاچان بۇلغانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقى، لېكىن بۇ ئىشنى تاكى بۈگۈنگىچە ھېچكىمگە تىنمىغانلىقىنى ئېيتىپ، لاۋرېننى ھەيران قالدۇردى.

لاۋرېن سورىدى:

— ئۇنداقتا، بالىنىڭ رۇستەمگە ئوخشىمايدىغانلىقى مۇشۇ سە-ۋەبتىنكەن - دە؟

— مەن بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن، — ۋاڭ لىخۇا چېكە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — بەزى بالا ئانىسىغا ئوخشىسا، بەزىسى دادىسىغا ئوخشايدۇ، ھەتتا بەزىسى ھېچكىمگە ئوخشىمايمۇ قالىدۇ.

— لېكىن، لىلىنىڭ بالىسى دادىسىغا ئوخشايدىغۇ؟

— شۇنداقتەكمۇ تۇرىدۇ، لېكىن……

ئۇلار مۇشۇ «لېكىن» ئۈستىدە خېلى ئۇزاق باش قاتۇرۇشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ۋاڭ لىخۇا چىراغنى يېقىۋەتتى. لاۋرېن مۇنداق بىر قىياسنى ئېيتتى:

— مېنىڭچە، بالا چوقۇم باشقا بىرسىدىن بولغان……

— ئەگەر رۇستەممۇ لىلىغا چېقىلغان بولسىچۇ؟ —ۋاڭ لىخۇا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — رۇستەم ئۇنىڭغا چېقىلمىغان بولسا، لىلى ھەرگىزمۇ ئۇنى ئېغىزغا ئېلىپ يۈرمەيدۇ!

— بۇمۇ بىر گەپ، — لاۋرېن قوشۇمىسىنى تۈردى، — لىلى بىرنى يوشۇرۇپ، بىرنى ئاشكارىلىغان…… ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغاندۇ؟

— بۇنىڭ داۋلىسى بەكمۇ ئاددىي.

— قانداق ئاددىي؟

— لىلى بىرەيلەن بىلەن ئىختىيارىي بىللە بولغان. رۇستەم ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن.

بۇ — ئەقىلگە مۇۋاپىق پەرەز ئىدى . لاۋرېن قايىل بولدى . ئەسلىدە بۇ گەپنى مۇشۇ يەردىلا يىغىشتۇرۇپ قويسىمۇ بولاتتىغۇ ، بىراق لاۋرېننىڭ كۆڭلى مۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى . چۈنكى ، لى-لىنىڭ نومۇسىنى بۇلىغان يەنە بىر شەخسنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇش ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى ئاز - تولا ئۇچۇقداپ ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئەسكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش — لاۋرېننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىدى .

ئۇ بۇ ئويىنى ئېيتقاندا ، ۋاڭ لىخۇا كەسكىن قارشى تۇردى :

— مەن سىزدىن خۇش بولاي ، — دېدى ئۇ — مۇشۇ ئىشنى فاينا تەگەپ خەققىمۇ ، ئۆزىڭىزگىمۇ ئاۋارىچىلىك تاپماڭ . ھازىر شياۋجاڭ بىلەن لى-لى بەكمۇ ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ . قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ ، ئارىسىنى بۇزمايلى !

لاۋرېنمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى :

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، — سەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي بالىنىڭ قان گۇرۇپپىسىنى ئايرىپ ، ئۇنىڭ زادى كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ باققىن . بۇ سېنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىڭنىڭ ئۈسۈشى ، مېنىڭ ئادەملەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمغا پايدىلىق...... قانداق ، ماقۇلمۇ ؟

ۋاڭ لىخۇاغا «ماقۇل» دېمەكتىن باشقا چارە قالمىغانىدى .

* * *

— ئەبلەخ !— دېدى لاۋرېن خوتۇنىنىڭ ئىككى كۈنلۈك مەخپىي تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلىغاندا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، — مېنىڭ قىياسىم ئاخىر توغرا چىقىپتۇ - دە !

— ......

ۋاڭ لىخۇا ئۈنچىقمىدى . لاۋرېن ياندۇرۇپ سورىدى :

— خۇلاسەڭ خاتا چىقىپ قالماس - ھە ؟

— قايتا ـ قايتا تەكشۈرگەن تۇرسام ، نېمىشقا خاتا چىقىدىكەن ؟
ماڭا ئىشەنمىسىڭىز ، باشقا دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ بېقىڭ !

— ئۆزۈڭگە ئىشەنچىڭ بولسا ،باشقىلارغا تەكشۈرتۈپ نېمە قىلىـ
مەن ؟بولدى ، مۇشۇنى ئاساس قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن !

— «ھېسابلىشىمەن — ھېسابلىشىمەن » لا دەيدىكەنسىز !— ۋاڭ
لىخۇا تېرىكتى ، — رۇستەمنىڭ باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئېنىق
تۇرسا ، قانۇن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان ئىشنى سورامدۇ ؟
ئاخىر بېرىپ ، ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلىسىز شۇ !

— نېمىشقا سورىمايدىكەن ؟ قىز بالىغا باسقۇنچىلىق قىلغان
بىلەن ، چوكانغا باسقۇنچىلىق قىلغاننىڭ پەرقى بولىدۇ. دە ! ھېچبولـ
مىغاندا ، رۇستەمنىڭ جىنايىتى بىرئاز يەڭگىللەيدۇ .

— ئۇنىڭ جىنايىتى يەڭگىللىسە ، سىزگە نېمە پايدىسى ؟ رۇستەم
خەنزۇ بولسىچۇ كاشكى…… باسقۇنچى دېگەننى ئېتىۋەتسىمۇ ئاز !

— نېمە ! مۇشۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقىۋاتامدۇ ؟ —
لاۋرېننىڭ چىرايى قارىداپ ، غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى خوتۇنىغا
مىختەك قادالدى . بۇ ئۇنىڭ ئىككىيلەن بىر تەكيەگە باش قويغاندىن
بۇيان ۋاڭ لىخۇاغا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىشى
ئىدى . ۋاڭ لىخۇا ھەيران بولغىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالـ
دى ، — «ئۇيغۇر ، خەنزۇ » دېگەنمۇ گەپمىكەن ؟ ! بەزى نادان ئادەمـ
لەرگۇ مۇشۇنداق دەپ ، قانۇننى ئويۇنچۇق قىلىۋاتىدۇ . ئەمـ
دى سەنمۇ……

لاۋرېن ئاچچىقىدا يەنە نېمىلەرنى دەۋەتتىكىنتاڭ . ۋاڭ لىخۇا
تاقەت قىلالماي چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. دە :

— ماڭا كىيدۇرىدىغان يەنە قانداق قالپىقىڭىز بار ؟ خالىغانچە
كىيدۇرۇڭ ! ھىم…… رۇستەمنى تۇتۇپ بەرمەستە مۇشۇنداق ئىنچىـ
كىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىڭىز ، ۋىلايەت بويىچە مىللەتـ
لەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالامتىڭىز ! ؟ ئەمدى ئۆزىـ
ڭىز تاپقان شالتاقنى ئۆزىڭىز يىغىشتۇرۇڭ !— دېگىنىچە ئىشىكنى
«جاققىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتى .

## ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى

ۋاڭ لىخۇا بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇچىسىغا ئوپېراتسىيە كىيىمىنى كىيىپ، ئوپېراتسىيەگە قول چايقاپ بولغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ سېستراسى كۆتۈرۈپ كىردى. ئوپېراتسىيە ئۈستەلىدە باليانقۇ چىقۇقى بىلەن ئاغرىغان ئاقيارلىق بىر ئۇيغۇر ئايال ياتاتتى. ۋاڭ لىخۇانىڭ چېكىسىدىن «پۇررىدە» سوغۇق تەر قۇيۇلۇپ، پۇتىنىڭ ماغدۇرى كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە بېھوش ياتقان لاۋرېن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان دوختۇر-سېسترالار كېلىۋالغانىدى. ئېرى ھايات - مامات بوسۇغىسىدا ياتقان مۇشۇ پەيتتە ۋاڭ لىخۇا كەم دېگەندىمۇ بىر سائەتتىن بۇرۇن لاۋرېن-نىڭ قېشىغا بارالمايتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنى ئەڭ قىيناۋاتقىنى — ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ياتقان ئاشۇ ئايالنىڭ تەقدىرى ئىدى. ئەسلىدە ئۇنى نەچچە كۈن كېچىكتۈرۈپ ئوپېراتسىيە قىلسىمۇ ياكى باشقا بىرەيلەننى ئوپېراتسىيەگە بەلگىلەپ قويسىمۇ بولۇۋېرەتتى. بۇرۇن نۇرغۇن دېھقان ئاياللىرىنى پىراكتىكانت دوختۇرلار ۋە ياش دوختۇر-لارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى كۆپىنچە تونۇش - بىلىش خەنزۇلار ۋە مۆرەككەپ ئوپېراتسىيەلەرنى ئۈستىگە ئالغاندىمۇ بىرەر ھادىسە يۈز بەرمىگەن. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئابرۇيى، ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشقان. شۇڭا «پارچە - پۇرات» كېسەللەرگە ئۇنچىۋالا جان قېقىپ كەتمەيتتى. تۇنۇگۇنكى ۋەقە، يەنى لاۋرېننىڭ قىلچە يۈز خاتىر قىلماي ئۆزىنى «چوڭ مىللەتچى» دېيىشى ئۇنىڭ بەكمۇ جېنىغا تەگكەنىدى. ئۆيگە كېلىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، يېرىم كېچىگىچە مىشىلداپ يىغلاپ چىقتى. يىغا ئارىسىدا، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئايال بىمارلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈر-دى. ئۇنىڭ رايىچە بولسىغۇ بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش ئوشۇقچە بىر ئاۋارىچىلىك، ھەتتا ئۆز غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق ئىدى. لېكىن قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرقىلىۋا-

تاتتى . بۇ كۈچ — لاۋرېن بىلەن بولغان ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى ئىدى ! ئۇ ناھايىتى ئېنىق بىلەتتىكى ، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق - ئېجىللىقنىڭ تۈپ مەنبەسى نوقۇللا بىر - بىرىگە ئامراقلىق بولماستىن ، ئەڭ مۇھىمى ، مۇستەھكەم ئىدىيە بىرلىكى ، ئىرادە بىرلىكى بولۇشتا ئىدى . ئۇ ئۆزاقتىن بۇيان «لاۋرېن بىلەن چوڭقۇر ئىدىيە بىرلىكىم بار» دەپ قىياس قىلىپ تۇرەتتى . تۈنۈگۈنكى ۋەقە ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭقۇر «ھاڭ» بارلىقىنى ئىسپاتـ لىدى . بۇ «ھاڭ» تۈپەيلى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشكە بولمايتتى . لاۋرېننى ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇش سېپى ئۆزىدىن ئەخمەقلىق ئىدى . لاۋرېن ھەرگىزمۇ پىرىنسىپنى چۆرۈۋېـ تىپ ، ئۇنىڭ رايىغا باقمايدۇ .

ئىككىسىنىڭ بىرسى : يا خاتانى توغرىغا بويسۇندۇرۇپ ئارىنى ياخشىلاش ، يا بولمىسا «مىللىي غۇرۇر» دا چىڭ تۇرۇپ ، ئەر - خوتۇن ئادا - جۇدا بولۇش كېرەك !

ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە لاۋرېننىڭ ماۋۇ نەسىھەتلىرى تەكرار جاـ راڭلايتتى :

— لىخۇا ، ئاڭلىسام ، ئۇيغۇر كېسەللەرگە ئانچە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىكەنسەن ؟

— لىخۇا ، ئۇيغۇرلار تولىمۇ ياۋاش ، ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست خەلق . ئۇلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ قوي !......

— لىخۇا ، ئىلاجى بار ئۇيغۇر كېسەللەرنى ئۆزۈڭ ئوپېراتسىيە قىل . تەجرىبىسىز ياش باللار بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسا ، دوخـ تۇرخانىمىزنىڭ شەنىگە ئوبدان ئەمەس !......

بۇ ئەمەلىيەتتە ، لاۋرېننىڭ ئۇنىڭدىكى «مىللىي غۇرۇر» نىڭ يەنىمۇ ئۆسۈپ قالماسلىقىغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى .

لېكىن ، ۋاڭ لىخۇا بۇ گەپلەرگە ئانچىۋالا پىسەنت قىلىپ كەتمەـ گەنىدى . ئەمدى مۇنداق قىلىشقا بولمايتتى . ئۇ لاۋرېننىڭ تۈنۈگۈنكى ماۋۇ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەنىدى :

«لىخۇا ، —دېگەنىدى ئۇ ، — ئەسلىدە كىشىلەرگە سىياسىي

ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش سىنىڭ ۋەزىپەڭ ئەمەس . لېكىن ، ئۆت-
كەندە سەن ماڭا ياردەملىشىپ ، لىلىنىڭ قورسىقىدا بارلىقىنى ئېنىق-
لاپ بېرىپ ، بەكمۇ ئوبدان قىلغانىدىڭ . بۇ قېتىممۇ گېپىمگە كى-
رىپ ، لىلىگە ئۆزۈڭ خىزمەت ئىشلە . مۇنداق دېيىشىمدە ئىككى
سەۋەب بار : بىرسى ، لىلى بالىسىنىڭ دادىسى رۇستەمدىن باشقا ئادەم
ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلماي قالسا ، بەزىلەر مېنى : «رۇستەمگە يان
بېسىۋاتىدۇ» دەپ قېلىشى مۇمكىن ؛ يەنە بىرسى ، لىلى بىزنىڭ
گۇمانىمىزنى تەستىقلىسا ، ئۇ چاغدا لىلى زىيانلانغۇچى ئەمەس ، بەل-
كى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى بولۇپ قالىدۇ . بۇ گەپ سىرتقا
يېيىلىپ كەتسە ، تەسىرى تېخىمۇ يامان بولىدۇ . ھەر نېمىدېگەنبىلەن
لىلى ھازىر ئەرلىك ئايال ، بىر بالىنىڭ ئانىسى . ئۇنىڭ ئىززەت -
ھۆرمىتىنى قوغدىماي بولمايدۇ . سەن تۇرغان يەردە ، مېنىڭ ياكى
باشقا بىرسىنىڭ لىلى بىلەن بالا ھەققىدە سۆزلىشىشى تولىمۇ بىئەپ ،
ھەتتا لىلى ساڭا ئېيتقانلىرىنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقى ، باشقىلارمۇ
ئىشنى سەندەك قاملاشتۇرالماسلىقى مۇمكىن . شۇڭا ، مەن سېنى
ئۆزۈمگە ياردەمچىلىككە تاللىدىم .

بۇ گەپلەر ۋاڭ لىخۇاغا ياقمىغانىدى . كۆڭلىدە لاۋرېننى رۇستەم
بىلەن ئەزەلدىن يېقىنلىقى ، شۇ تۇپەيلى ئۇنىڭغا يان بېسىۋاتقانلىقىنى
مۇئەييەنلەشتۈردى- دە ، ئېرىنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى .
لېكىن ، ئۆيىگە بېرىپلا ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى .
ئۇنىڭغا ئايانكى ، لاۋرېن بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ رۇستەم بىلەن بولغان
يېقىنلىقى ئۈچۈنلا قىلىۋاتقىنى يوق ، بەلكى ئۆز ۋەزىپىسى ، ئۆز
بۇرچىنى توغرا ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ . ۋاڭ لىخۇا ئويلىنا-
ئويلىنا ، ئاخىر لاۋرېندىن كەچۈرۈم سوراش ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش
قارارىغا كەلدى . مۇشۇنداق قىلغاندا ، ئىككىيلەننىڭ مېھرى تېخىمۇ
چوڭقۇرلىشىدۇ . ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ ،
تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ .

ۋاڭ لىخۇا مۇشۇ نىيەتكە كەلگەندە ۋۇجۇدى يەڭگىللەپ ، كۆڭلى
ئازادە بولۇپ قالدى . باياتىن ئىشقا كېلىپلا لاۋرېننىڭ قېشىغا بارماق-

چى بولغانىدى ، ئاقيارلىق ئۇيغۇر ئايالنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئو-رۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئېسىگە كەلدى . ياشىنىپ قالغان بۇ ئايالنى ياش دوختۇرلارغا تاشلاپ بەرگۈسى كەلمىدى . ئوپېراتسىيەنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ ، لاۋرېنغا خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولدى . لېكىن ، ئوپېراتسىيەگە قول چايقاۋېتىپ لاۋرېن توغرىسىدا شۇم خە-ۋەر ئاڭلىدى : لاۋرېن كېچىچە قاتتىق بىئارام بولۇپ چىقىپتۇ ، ناشتى-دا كىچىككىنە بىرنەرسە يېگەنىكەن ، مەيدىسى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ-تۇ . قورسىقى بارا - بارا ئىششىپ ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپتۇ ، قىزىتمىسى ئۆرلەپتۇ .

ئۇنىڭ ئاشقازىنى تېشىلگەنىكەن . ھازىر ئۇ ئوپېراتسىيە ئۈستى-لىدە يېتىپتۇ . نېمە سەۋەبتىندۇر بۇ ئىشنى ۋاڭ لىخۇاغا خەۋەر قىلىشماپتۇ . بەلكىم ئۇنى ئايىغاندۇ !

ۋاڭ لىخۇا ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوپېراتسىيەگە كىرىشىپ كەتتى .

ۋاڭ لىخۇا ئوپېراتسىيەدىن بوشاپ ، بىتاپنى قانداق كۈتۈش ھەق-قىدە تاپشۇرۇق بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، ئالدىراش تاشقى كېسەللىك-لەر بۆلۈمىگە يېتىپ باردى . بۇ چاغدا لاۋرېن تېخى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن چۈشمىگەنىدى . ۋاڭ لېخۇا ھېلى ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ دېرىزىدىن مارىسا ،ھېلى ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى . ئېچكىرىدىن بىرسى چىقىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇنىڭ كۆز-لىرىگە ئۈن - تىنسىز تەلمۈرەتتى ياكى لاۋرېننىڭ ئەھۋالىنى سورايت-تى . لېكىن ، ھېچقايسىسى ئېنىق جاۋاب بەرمەيتتى . ۋاڭ لىخۇا تىت-تىت بولغىنىدىن ، نەچچە قېتىم يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلىۋالدى . ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى . لاۋرېننىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت تېشىلىپ كېتىشىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تونۇگۈنكى يولسىزلىقىدىن كۆرەتتى .

«ئۇ مېنى كەچۈرەرمۇ ؟ »

ۋاڭ لىخۇا خاتالاشقانىدى . لاۋرېن ھوشىغا كەلگەندە ، ئۇ :

— لاۋرېن ، رۇستەمنىڭ ئىشىدا سىز ھەقلىق ئىكەنسىز ، مەن

سىزگە ياردەملىشىپ ، لىلىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەي ، — دېيىشكە ، لاۋرېن ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلدى . ئۇلار توي قىلغان ئاشۇ كېچىسى مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ ئىشىكنى زەنجىرلىگەندىن كېيىن ، لاۋرېن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەنە شۇنداق تىكىلگەنىدى . يىللاردىن بۇيان ۋاڭ لىخۇا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، مۇشۇ بىر ئىشنى — لاۋرېننىڭ ئاشۇ قېتىمقى تىكىلىشىنى زادىلا ئۇنتۇمىغانىدى . لاۋرېن بۇ قېتىم ئاشۇ كۈننى يەنە ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى . تېخى ئۇنىڭ قوللىرىنى دېمەمسىز ، قوللىرىنى ! خۇددى ئاشۇ چاغدىكىدەك بوشقىنا سىقتى . ئۇنىڭدىن چىققان ئىسسىق ھارارەت ئۇدۇل يۈرىكىگە تەگدى . يۈرىكىنى «پىژژىدە» كۆيدۈردى . سىمابتەك ئېرىتتى . ئاشۇ چاغدىمۇ خۇددى شۇنداق بولغانىدى . ئۇ چاغدا ، ۋاڭ لىخۇانىڭ ۋۇجۇدى ئوت ئېلىپ ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ ، ئۆزىنى مەجنۇنلارچە لاۋرېننىڭ باغرىغا ئاتقانىدى...... ھازىر ئۇ «پاڭڭىدە» يىغلاپ ، ئۆزىنى ئېرىنىڭ باغرىغا ئاتماقچى ، كۆز ياشلىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى نەمدەپ ، شىكەستىلەنگەن يۈرىكىگە مەلھەم بولماقچىدى - يۇ ، ئۇنداق قىلالمىدى . ئۇنداق قىلىشقا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى . لاۋرېننىڭ ئوڭ بىلەك تومۇرلىرىدىن ئاسما ئوكۇل مېڭىۋاتاتتى . بۇرنىغا كىرگۈزگەن يۇمشاق رېزىنكە نەيچىدىن كارىۋات يېنىغا توختىتىلغان داسقا چىپىلداپ زەرداب ئېقىۋاتاتتى .

دېمەك ، لاۋرېنغا تەگكىلى بولمايتتى .

ۋاڭ لىخۇا ئۆزىنى تەسلىكتە باستى . بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆزلىرىگە يىغىپ ، لاۋرېنغا ئۈن - تىنسىز تىكىلدى . ئۇنىڭ قولى ۋە كۆكسىنى ئاۋايلاپ سىلىدى . لاۋرېنغا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى . ھازىر خوتۇنىدىن بۇنىڭدىن چوڭراق بىرنەرسە تەمە قىلالمايتتى . خېلىدىن كېيىن لاۋرېن قول سائىتىگە قارىۋېلىپ ، خوتۇنىغا بېشىنى لىڭشىتتى . بۇ ئۇنىڭ : «دەم ئېلىش ۋاقتى توشتى . ئىشقا كېچىكىپ قالما...... » دېگىنى ئىدى . ۋاڭ لىخۇا چۈشەندى : ئۇ ئىشقا بېرىشى كېرەك . ئۇ لاۋرېننىڭ يۈز - كۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاۋايلاپ

سىلاپ ، كۆزلىرىگە بىر پەس تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. دە :
— مەن ئىشتىن چۈشۈپلا كېلىمەن ، — دېگىنىچە ئىشىك تەرەپ. كە ماڭدى . كارىدورغا چىقىپلا ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى . ئۇ يىغلاپ تاشلىغانىدى .

## «دىياگنوز»

سەھەر ، ھاۋا تۇتۇق . 10 مېتىر يىراقلىقتىكى ئادەمنى تونۇماق. مۇ تەس .

لاۋرېن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەگىن دەرۋازىسىدىن كىرىپ ، موتوسىكلىتتىن چۈشكەندە ، بىرىنچى بولۇپ ئۇچراشقان ئادىمى ئىدارە باشلىقى ياڭ ۋېنبىڭ بولدى . خىزمەتكە چۈشۈشكە ئون مىنۇتچە ۋاقىت بار ئىدى .

— ھوي ، لاۋرېنغۇ بۇ !— دېدى تېخى پەلىيىنى سېلىپ ئۈلگۈر. مىگەن لاۋرېنغا قولىنى ئۇزىتىپ ، — سىزنى دوختۇرخانىدا دېيىشىۋا. تاتتىغۇ ؟

لاۋرېن ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى . ئىككىيلەن سەمىمىي قول سىقىشتى . لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى . ياڭ ۋېنبىڭ لاۋرېننىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن ئىشخانا تەرەپكە باشلاپ ماڭدى . كېتىۋېتىپ سورىدى :

— بىر ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسىز ؟

— ھەئە ، زۆرۈر بىر ئىش بىلەن سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم .

«زۆرۈر بىر ئىش» — بۇ گەپ لاۋرېننىڭ ئاغزىدىن كەمدىن. كەم چىقىدىغانلىقىنى ياڭ ۋېنبىڭ ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى . دېمەك ، لاۋرېن «زۆرۈر بىر ئىش» دېگەنىكەن ، مەيداندا چوڭ بىر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى چوقۇم ، تېخى ئۇنىڭ شۇنچە قېلىن قار ۋە سوغۇققا پىسەنت قىلماي ، 48 كىلومېتىر يولنى موتوسىكلىت بىلەن بېسىپ كەلگىنىنى دېمەمسىز !

ياڭ ۋېنىبىڭ ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ، ئوت يېقىش ئۈچۈن مەشنىڭ يېنىغا كەتتى . لاۋرېن سوغۇقتا ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە جۇۋىسىنى سېلىپ ، ئەمدىلا لۆم - لۆم ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ قويۇپ ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا :

— ھە ، گەپ قىلىڭە ، — دېدى ياڭ ۋېنىبىڭ مەشكە تىزىقلىق ئوتۇنغا ئوت يېقىۋېتىپ ، — نېمە زۆرۈر ئىش بىلەن كەلدىڭىز ؟

— رۇستەمنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەلدىم .

— ئۇنىڭ يەنە يېڭى جىنايەت ئىزلىرى تېپىلدىمۇ ؟

— ياق ، بەزى پاكىتلار ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ .

— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز !— ياڭ ۋېنىبىڭ ھەيران بولغىنىدىن لاۋرېننىڭ كۆزلىرىگە بىرھازا جىمجىت تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن دۇدۇقلىدى ، — بۇ...... پاكىتىڭىز ئىشەنچىلىكمۇ ؟

— ئىشەنچىلىك ، — لاۋرېن كېسىپلا ئېيتتى ، — رۇستەمنى «گۇناھسىز» دەپ جاكارلاشقا يېتىپ ئاشقۇدەك پاكىتقا ئىگە بولدۇق .

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ ، — ياڭ ۋېنىبىڭنىڭ تەقەززالىقى چېكىگە يەتكەنىدى . لاۋرېننى ئالدىراتقىلى تۇردى ، — ئىتتىكرەك دەڭە ، زادى قانداق ئىش بۇ ؟

لاۋرېن ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى : لى لىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى . ۋاڭ لىخۇا دەسلەپ ئۇنىڭغا ئايالاردا بولىدىغان بىرمۇنچە كېسەللەرنى چاپلاپ «دىياگنوز» قويۇپ ، ئۇنى ئايرىم ئۆيگە ياتقۇزدى . بىردەم بوش ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ، تاغدىن - باغدىن گەپكە سالدى . قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ياخشىلىقلارنى قىلىپ ، ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى . ئارىلاپ - ئارىلاپ جاڭ لورەننى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنى بولۇشىغا ماختىدى . جاڭ لورەننىڭ گېپى چىقسىلا ، لى لىنىڭ يۈزى قىزىرىپ ، يەرگە قارىۋالاتتى ياكى گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتەتتى . بىر كۈنى ۋاڭ لىخۇا :

— مەن جاڭ لورەننى بەكمۇ ياۋاش چاغلايتتىم . «ياۋاشنىڭ

مۇڭگۈزى ئىچىدە» دېگەندەك ، بۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان ! — دېگەنىدى ، لىلى ھەيران بولغىنىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى . خېلىدىن كېيىن :

— لىخۇا ئاچا ، شياۋجاڭ نېمە ئىش قىپتۇ ؟— دەپ سورىدى .

— خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى ! — ۋاڭ لىخۇا مەنىلىك تەبەسسۇم قىلىپ ، لىلىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى ، — تېخى مەندىن سورايسىنا...... ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىدىغانسەن ؟

— مەن...... مەن نېمىنى بىلىدىكەنمەن ؟

— ئاۋۇنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىنىچۇ ؟

ۋاڭ لىخۇا كۆزلىرى بىلەن لىلى ئېمىتىپ ئولتۇرغان بوۋاقنى ئىما قىلىپ ، ئۇنىڭ يوتىسىنى بوشقىنا چىمدىپ قويدى . لىلى ئىتتىك پۇتىنى يىغىپ ، تاتلىق كۈلۈمسىرىدى ، ئاندىن «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى . ۋاڭ لىخۇا بىردىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ، دۈمبىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى . ئىككى قولىنى بوينىغا ئۆتكۈزۈپ ، بىر تەرەپتىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى يەڭگىل قىچىقلاشقا باشلىدى . لىلىمۇ بېشىنى ئۇيان - بۇيان مىدىرلىتىپ ، تىنماي كۈلەتتى .

— گەپ قىلە ، — دەيتتى ۋاڭ لىخۇا ، — ئەگەر راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ ، قىچىقلاپ جېنىڭنى چىقىرىۋېتىمەن ! دەپ باقە ، شياۋجاڭ يامانلىق قىلدىمۇ ، سەنمۇ ؟

لىلى كۈلۈشنى توختاتتى ، ئاپتاپتا كۆيگەن قارىمۇتۇق يۈزلىرى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى . ۋاڭ لىخۇا «چاقچاق» نى توختاتمىدى :

— سەن بۇنى «رۇستەمنىڭ بالىسى» دەيسەن . مەن ھەرقانچە سىنچىلاپ قارىساممۇ ، بۇنىڭ رۇستەمگە ئوخشايدىغان يېرىنى تاپالمايمەن . رۇستەمدە ئۆچۈڭ بارمىدىيا ؟

— ياق...... قانداق دەيسىز ؟

— ئەمىسە ، نېمىشقا بۇ بالىنى «رۇستەمنىڭ » دەپ تۇرۇۋالسەن ؟ بۇ چاغقىچە ساڭا دېمىدىم ، رۇستەم ھازىرغىچە : «بالا مېنىڭ ئەمەس» دەپ تۇرۇۋېتىپتۇ . تېخى ئوتتۇرا سوت بىلەن ئاپتونوم



رايونلۇق سوتقا بالىنىڭ قېنىنى تەكشۈرتۈپ ، ئۇنىڭ زادى كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز يېزىپتۇ .

— نېمە ؟— لىلىنىڭ ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپ ، كۆزلىرى قور-قۇنچتا چەكچىيىپلا قالدى ، — رۇستەم...... ئۇ...... لىخۋا ئاچا ، بالىنىڭ قېنىنى تەكشۈرسە ، ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولامدۇ ؟

— بىلگىلى بولىدۇ ، ئىشەنمەمسەن ؟

—......

لىلىنىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى . نەگىدۇر تىكىلگەن كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى . ۋاڭ لىخۋا مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ ، سىرلىق تەلەپپۇزدا دېدى :

— ئەگەر بالاڭنىڭقېنىنى تەكشۈرۈش ماڭا تاپشۇرۇلۇپ قالسىغۇ ئۇنى چوقۇم «رۇستەمنىڭ بالىسى» دەپ تورۇۋالىمەن .

— شۇنداق قىلىڭە ، ئوبدان ئاچا— ......لىلى خۇددى يوقاتقان-دەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى . چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى ، — سىزدىن خۇش بولاي .

— ماڭا تەكشۈرگۈزمىسىچۇ ؟

— سىزگە تەكشۈرگۈزمىسە......

لىلى دۇدۇقلاپ ، قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدى . ئۆينىڭ ئىس-سىلىقىدىنمۇ ياكى ھەدىدىن زىيادە ۋەسۋەسىگە چۈشكەنلىكىدىنمۇ ، نېپىز يۇڭ كۆڭلەك بىلەنلا ئولتۇرغان لىلىنىڭ چېكىسىدىن «پۇرر-دە» تەر ئۆرلىدى . تۇرقى تولىمۇ بىچارە ئىدى . باغرىغا مەھكەم تېڭىۋالغان بالىسى پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى .

— چاقچاق قىلىپ قويسام ، تازا قورقتۇڭ- ھە ؟— ۋاڭ لىخۋا سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ ، چىراغنى يېقىۋەتتى . قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى ، — قورقما ، چوقۇم ئۆزۈم تەكشۈرىمەن !

لىلىنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم قوندى .

ۋاڭ لىخۋانىڭ قورسىقىدا «سان» پەيدا بولغانىدى . ئۇ شۇ كېچىسى لىلىغا ھەمراھ بولۇپ قونۇپ قالدى . ئەتىسى نۆۋەتچى

سېستراغا ئۇنى سائەتكە 1 — 2 قېتىم يوقلاپ تۇرۇش ، بالىسىنى ئېمىتكىلى ئەكىرگەندە تاكى ئېمىتىپ بولغۇچە قېشىدا قاراپ تۇ-رۇش ، بالىنى ئۇنىڭ قېشىدا يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتمەسلىكنى تاپىلىدى . كېچىسى لاۋرېنغا يېقىنراق تۇرۇشنى باھانە قىلىپ ، لى‌لى-غا ھەمراھ بولۇپ ياتتى . ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ماڭدى . ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ روھىنى كۆ-تۈردى . كۆپرەك تاماق يېگۈزدى . لى‌لى كۈندىن - كۈنگە ھاللىنىپ ، سەمرىپ قالدى . تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى ، ۋاڭ لىخۇا قەستەن لاۋرېن-نىڭ قېشىدا ئۇزاقراق ئولتۇردى . ياتاققا كېلىپلا كىيىمنى سالدى-دە ، يوتقانغا كىردى . لى‌لى تېخى ئۇخلىمىغانىدى . ۋاڭ لىخۇا چىراغ-نى ئۆچۈرۈپ بولۇپ سورىدى :

— نېمىشقا مۇشۇ چاغقىچە ئۇخلىمىدىڭ ؟

— ئۇيقۇم كەلمىسە قانداق قىلىمەن ؟

— نېمىشقا ئۇيقۇڭ كەلمەيدۇ ؟ بالاڭنىڭ دادىسىنى سېغىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتامسەنيا ؟

— ۋىيەي ، نېمە دەيدىغانسىز ؟

لىلى كۈلۈپ تاشلىدى . ۋاڭ لىخۇا چاقچاق تەلەپپۇزىدا سورىدى

— سەندىن بىر گەپنى سورىسام ، راستىنى ئېيتامسەن ؟

— نېمىنى سورايسىز ؟

— بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى......

— ۋايجان ، لىخۇا ئاچا ، بىر گەپنى سوراۋېرىدىكەنسىز ! ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ......

ئۇ ئەركىلەۋاتقاندەك سۆزلەيتتى . ۋاڭ لىخۇا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ ، كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئادەم شۇنداق نەرسە ، بىلىپ - بىلمەي بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ، بۇ ئىشنى باشقىلار سېزىپ قېلىپ ، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ يۈزىگە سالغان چاغدا ، خىجالەت بولغىنىدىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالىدۇ ، بارا - بارا بۇ گەپ قانچە كۆپ تەكرارلىنىۋەرگەنسېرى ، يۈزى «قې-تىپ» قالىدۇ- دە ، ئۇنچىۋالا خىجىللىق ھېس قىلمايدىغان بولۇپ

قالىدۇ ، ھەتتا بۇ ئىش ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز دەك ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنىمۇ قالدۇرماي باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ . لى لىمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ قالغانىدى .بۇنىڭدىن 4— 5 ئاي ئىلگىرى ، ۋاڭ لىخۇا ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا توغرۇلۇق سۆز-لەشكەندە ، خىجالەتچىلىكتە مىڭ ئۆلۈپ ،مىڭ تىرىلدى . ۋاڭ لىخۇا-نىڭ قايتا - قايتا ئېيتقان تەسەللىسى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتال-مىدى ، چىرايىنى ئاچقۇزالمىدى ، كېيىن ئاغزى بىرلا ئېچىلىپ رۇستەمنى شۇنداق سۆككىلى تۇردىكى ، ۋاڭ لىخۇانىڭ سوئال سورى-شىغىمۇ ئورۇن قالمىدى . رۇستەم ئۇنىڭ نومۇسىنى بۇلغاپ بولغاندىن كېيىن ، پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، ئۇنىڭ تۇمشۇ-قىغا تەڭلەپ تۇرۇپ : «ئەگەر بۇ ئىشنى بىركىمگە دەيدىغان بولساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !…… »دەپ قورقۇتۇپتۇ . لى لى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈۋې-تىشىدىن قورقۇپتۇ ھەم باشقىلار بۇ ئىشنى بىلىپ كەتسە ئۆزىنىڭ نومۇسقا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ ، كېيىن قورسىقى يوغىناپ……

لى لى مانا شۇ گەپلەرنى ۋاڭ لىخۇاغا تۇنجى قېتىم سۆزلەپ بەرگەندە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ بىر دۇدۇقلاپ ، بىرھازا يىغلىغان بولسا ، كېيىنچە بولۇپمۇ سىياسىي قانۇن خادىملىرى ئايرىم سۆزلەش-كەندە ، خۇددى پىششىق يادلىۋالغان سەھنە ئەسىرىنى رېژىسسور ئالدىدا سۆزمۇسۆز تەكرارلاپ بېرىۋاتقان ئارتىستەك قىلچە قورۇنمى-دى . بىرەر سۆزدىمۇ ئېزىپ كەتمىدى . بولغان ئىشنى ئەينەن ، سىس-تېمىلىق سۆزلەپ بەردى . نەتىجىدە رۇستەمنىڭ دېلوسى مۇقىملاش-تى . لى لىگە نىسبەتەن «كاللىسىنىڭ دەردى بار » دەيدىغان قاراشلار-مۇ تەلتۆكۈس ئېغىپ كەتتى . لاۋرېن ، ۋاڭ لىخۇالارنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كۆزىتىشلىرى ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى جايىدا قىز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىدى . ئەقىللىق ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قى-لىش كەم ئەقىل ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن كۆپ قېيىنغا توختايدۇ . بۇ لاۋرېننىڭ ئۇزاق يىللىق سىياسىي خىزمەت ئەمەلىيى-تىدىن چىقارغان يەكۇنى . ئۇ ۋاڭ لىخۇاغا بۇ قېتىم لى لىنى كۆپرەك

گەپكە سېلىش ، ھەرگىزمۇ قىستاۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تاپىلىغاندى . شۇنداق قىلغىنىمۇ ئوبدان بولغانىكەن . بىر ھەپتىلىك «سىردىشىش» لى لىنى ۋاڭ لىخۇاغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى . يۇرىكىدە بارىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى . ئەمدى «سىردىشىش» نىڭ مەزمۇنىنى «ئەمەلىي ئىش» ئۇستىگە يۆتكەشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنىدى .

ۋاڭ لىخۇانىڭ لاۋرېنىنىڭ قېشىدىن كەچرەك قايتىشى ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ گەپ باشلىشى دەل مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمى ئىدى .

— بولىدىغان ئىش ئاللىقاچان بولۇپ بولغان تۇرسا ، يەنە نېمىگە ئىزا تارتىسەن ! — ۋاڭ لىخۇا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — بىر ئىشنى سوراپ بولغۇچە : « ئىزا تارتىمەن ، ئىزا تارتىمەن »لا دەيدىكەنسەن . يا سەن كۆزى ئېچىلمىغان قىز بولمىساڭ . بىلەمسەن ، ئېغىر بوي بولۇش ، كۆزى يورۇش ، بىز ئاياللاردىكى تەبىئىي ئالاھىدىلىك . مەنمۇ لاۋرېن بىلەن......

— ۋىيەي ، لىخۇا ئاچا ، سىزمۇ....... ؟

ۋاڭ لىخۇا ئاللىبۇرۇن توقۇپ قويغان يالغان - ياۋىداق «سەرگۈزەشتە» سىنى سۆزلەپ ، لى لىنى مۇنچە كۈندۈردى . ئاخىرىدا :

— ئەمدىغۇ بىلگەنسەن ؟ بىز ئاياللار مانا مۇشۇنداق ئاجىز ، ئەر خەق دېگەن ئۆمۈر بويى بۇزۇقچىلىق قىلسىمۇ ، بىركىمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالمىسىلا «پاك» پېتى يۈرۈۋېرىدۇ . چۈنكى ، ئۇلاردا سېنىڭكىدەك بالا بولىدىغان قورساق يوق ! — دەپ كۈلگەنىدى ، لى لى كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى . تېخى ۋاڭ لىخۇاغا بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقمۇ قىلىۋالدى . ۋاڭ لىخۇا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، گەپنى ئاساسىي مەقسەتكە بۇرىدى :

— ھوي ، باياتىن سەندىن نېمىنى سورىدىم ؟

— نېمىنى سوراپتىكىزكىن......

— ھە راست ، بالاڭنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى سورىدىمغۇ دەيمەن ؟

—……

— ماڭا قارا ، لى لى……

— ھە .

— قايسى كۈنى ساڭا بىر گەپنى دېگەن ئەمەسمىدىم .

— قايسى گەپنى .

— بالاڭنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈشنىڭ كېرەكلىكىنى .

— ھەئە ، شۇنداق دېگەنتىڭىز .

— مەن بۈگۈن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تەكشۈرۈپ باقتىم .

— ھە !—…… لى لى گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ، كارىۋات بېشىغا يۆلەندى . ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى ، — تەكشۈرۈش نەتىجىسى قانداق بولدى ؟

— مەن ئويلىغاندەك چىقمىدى……

— سىز قانداق ئويلىغان ؟

— مەن ئۇنى رۇستەمنىڭ بالىسى بولمىسا شياۋجاڭنىڭ بالىسىدۇر دەپ ئويلىغانىدىم ، بىراق تەكشۈرۈپ باقسام……

— سىزنىڭچە كىمنىڭكىدەك تۇرىدۇ ؟

— بۇنى بىلمىدىم . ئەتە - ئۆگۈن يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باقسام بولارمىكىن ؟

—……

— شۇنداق قىلايلىمۇ ؟

—……

— نېمانداق گەپ قىلمايسەن ؟

— ھە…… تەكشۈرۈپ باقسىڭىز…… لىخۇا ئاچا……

— ھە ، نېمە دەيسەن ؟

—……

— ساڭا رۇستەمدىن باشقا بىرسىمۇ چېقىلغانمۇ ؟

—……

— مەن شۇنداق بىر ئىش بارمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتىمەن . بايا دېدىمغۇ ، بىز ئايال خەق ئاجىز كېلىمىز . ئەرلەر بىزنى بوزەك

ئەتسە، يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ پاش قىلمايمىز. بولۇپمۇ قىزلار شۇنداق قىلىدۇ. مانا سېنى ئالساق……
ۋاڭ لىخۇا گەپ ئەگىتىپ يۈرۈپ، لى لىغا يەنە كىمنىڭ چېقىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى، بالىمۇ شۇنىڭدىن بولغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، لى لى قاتتىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بۇرنىنى ئېرتتى. ئۇ ئۇنىنى سىرتقا چىقارماي يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېرىگەنىدى. ۋاڭ لىخۇا چىراغنى ئۆچۈرۈپ بەكمۇ ئوبدان قىلغانلىقىدىن خۇشاللاندى. ئىككى جۈپ كۆز بىربىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرغاندا، بىرى ئىككىنچىسىنى ئەيىبلىسە، ئەيىبلەنگۈچى بەكمۇ بىئارام بولىدۇ. ئەيىبلىگۈچىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ تۇرغاچ بەزىدە گېپىدىن ئازىدۇ. ھازىر ۋاڭ لىخۇا لى‌لىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغىنى يوق. ئۇنىڭغا كېرىكى لى لىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپ. ئۇ لى لىنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى:
— ھازىر مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم: قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ رۇستەمنىڭ ئەرزىنى ئاساس قىلىپ، بالىنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈپ قېلىشى……— ۋاڭ لىخۇا بۇ گەپلەرنى ناھايىتى سىرلىق قىلىپ ئېيتتى ۋە بىر پەس شۈك تۇرۇۋالدى. لى لى ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋالغانىدى، — ئەگەر ئۇلار بالا رۇستەمنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقسا ساڭا ئانچە ياخشى بولمايدۇ، ھەتتا «تۆھمەتخور» دەپ ئەيىبلىنىشىڭمۇ مۇمكىن. ئوبدان ئويلاپ باققىنا: رۇستەم باشقۇنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرسى بىلەن ئويناپ تاشلىغانمىدىڭ؟

—……

— نېمانداق گەپ قىلمايسەن؟

—……

— ئەستا، ماۋۇ بالىنى…… ئىزا تارتىۋاتامسەن؟

—……

— ماڭا قارا لى لى، مۇنداق تارتىنچاقلىق قىلساڭ، ئاخىر

بېرىپ ناھايىتى چوڭ زىيان تارتىسەن . ياشلىقتا كىم ئۇنداق - مۇنداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدۇ ؟ بىلىسەنغۇ ، بەزى قىزلار يىگىت تاللاپ يۈرۈپ ، تۆت - بەشى بىلەن ئويناپ قويۇپ ، ئاخىر بىرسىگە تېگىۋالىدۇ . خەقلەرنىڭ ئاغزىمۇ بېسىلىدۇ . ھازىر سېنىڭ ئېرىڭمۇ ، بالاڭمۇ بار ، يەنە نېمىدىن قورقىسەن ؟

— ......

— گەپ قىلساڭچۇ ، ئوبدان سىڭلىم !......

— رۇستەم...... لىخۇا ئاچا ، سىز شياۋجاڭنى قايىل قىلالامسىز ؟

— نېمىشقا قايىل قىلالمايدىكەنمەن !— ۋاڭ لىخۇا بېلىنىڭ يۇقىرىسىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى ، —شياۋجاڭ دېگەن ئەقىللىق ، ئاق كۆڭۈل ، ۋىجدانلىق ، قولىقى يۇمشاق بالا . ئۇ خەقنىڭ بالىسىنى «ئۆز بالام » دېيىشكە ئۇنىغان يەردە ، سېنى خاپا قىلىدىغان ئىشنى قىلامدۇ ؟ ! ئەگەر سەن قانۇن تەرىپىدە تۇرىدىغانلا بولساڭ ، ھېچكىم ساڭا يامان كۆزدە قارىيالمايدۇ .

— بۇ ئىشنى لاۋرېن ئاكام بىلەمدۇ ؟

— قايسى ئىشنى ؟

لى لى مىشىلداپ يىغلاپ تاشلىدى . يىغلاپ تۇرۇپ دۇدۇقلىدى :

— با......بالا...... رۇستەمنىڭ ئەمەسلىكىنى ؟

— ياق ، مەندىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ !— ۋاڭ لىخۇا ئاۋازىنى سەل كۆتۈردى ، — ئەگەر سەن راست گەپنى ئېيتساڭ ،مەن ئەھۋالنى لاۋرېنغا ئېيتىپ ، ئۇنىڭ ساڭا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنىمەن . ئېسىڭدە باردۇ ، ئۆتكەن قېتىممۇ ھەممە ئىشنى لاۋرېن توغرىلىدى . بۇ قېتىممۇ......

لى لى دەمدەردەك ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە كارىۋاتتىن چۈشتى . ئايىغىغا كەش كىيىۋېلىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ، يالاڭئاياغ پۇتلىرى بىلەن مەشنىڭ ئالدىدىكى كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى گاراچلىتىپ دەسسەپ ، ۋاڭ لىخۇانىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى- دە ، ئۆزىنى ئۇنىڭ

باغرىغا ئاتتى . ۋاڭ لىخۇا ئۇنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرالماي ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى......

— نېمە !— ياڭ ۋېنبىڭ پۇرژىنىدەك قاڭقىپ ، ئورنىدىن تۇ- رۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى . غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىدە ئوت چاقنايتتى ، — ۋاڭ ۋېي دېگەن بۇ ئەبلەخ تېخى بۇنداق پوقنىمۇ يەپتىمۇ ؟ئەستا...... گـۇاڭـجۇدا قىلـغان ئـەسكىلىكلىرى ئـاز كـەلگەندەك......

— ۋاڭ ۋېي گۇاڭجۇدا نېمە ئەسكى ئىش قىپتۇ ؟

ياڭ ۋېنبىڭ سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتتى- دە ، شىرە ئۈستىدىكى تاماكا قۇتىسىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ ، كۈچەپ نەچچە قېتىم شورىدى . ئىشخانا ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭدى . قېرىلىق يەتكەندەك ، قاۋۇل گەۋدىسىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ ، پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەيتتى . تەرى تۇرۇلگىنىدىن ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇق ياكى يۇمۇقلۇ- قىنى بىلگىلى بولمايتتى . نەپسى سىقىلىۋاتقاندەك ئېغىر تىناتتى . كېتىۋېتىپ ، ياقىسىنىڭ مەھكەم ئېتىلگەن ئىلگەك ۋە تۇگمىلىرىنى يېشىۋەتتى . خېلىدىن كېيىن لاۋرېنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ :

— سۆزلەڭ ، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق سۆزلەڭ !— دېدى كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ، — گۇاڭجۇدىكى ئىشلار توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەرمىز !

لاۋرېنمۇ تاماكا تۇتاشتۇردى . ئۇ ئورۇندۇقتىن سەل كۆتۈرۈ- لۈپ ، گەۋدىسىنى ئالدىغا ئەگدى-دە ، ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى داۋام- لاشتۇردى :

## ئېبلىسنىڭ «تەلىم»ى

لى لىنىڭ ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن ، ۋاڭ ۋېينىڭ خوتۇنى ليۇگۇيفېن ياڭ دابېگە قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ لى‌لىنى ئۆز تەربىيەسىگە ئالغانىدى . كۇنلەر ، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لى لى ليۇگۇيفېنگە ئۆز ئانىسىدەك ئىچىكىپ كەتتى . ۋاڭ ۋېي لى لىگە

پەۋقۇلئاددە ئامراق ئىدى . ئۇ ھەرقانداق چاغدا يانچۇقىدىن كەمپۈت ئۈزمەيتتى . لى لىنى نەدىلا ئۇچراتسا ، يانچۇقىغا قولىنى سالاتتى-دە :

— لى لى ، يانچۇقۇمدا نېمە بار ؟— دەپ سورايتتى .

— كەمپۈت بار ، — دەيتتى لى لى ئەركىلەپ .

— مە ، يېگىن .

لى لى قىلچە يېتىرقىماستىن ، ئۇنىڭ قولىدىكى كەمپۈتكە قولىنى سوزغاندا ، ۋاڭ ۋېي ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، كەينى - كەينىدىن نەچچىنى سۆيەتتى- دە ، كەمپۈتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى . لى لى چوڭ بولغانسېرى ۋاڭ ۋېي مۇنداق ئىشنى كىشىلەردىن يوشۇرۇن قىلىدىغان بولدى .

— لى لى ، — دەيتتى ئۇ ، تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ، — ساڭا نېمە بېرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن ؟

— ياق ، بىلمەيمەن ، — لى لى تىرنىقىنى تاتىلايتتى .

— كەل ، بىرنى سۆيۈپ قويساڭ دەپ بېرىمەن .

—.......

شۇنداق قىلىپ ، لى‌لى 14 يېشىدا ۋاڭ ۋېينىڭ كىچىك خوتۇنىغا ئايلىنىپ قالدى . ئەمدى ئۇ ، لى لىنى ئالداش بىلەنلا قالماستىن ، ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە : «ئەگەر بۇ ئىشنى بىركىمگە تىنىپ تاشلىساڭ ، بوغۇزلىۋېتىمەن !......» دەپ تەھدىت سالىدىغان بولدى . بىچارە لى لى ئۇنىڭدىن قورقاتتى ، شۇنداقلا بۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك نومۇس قىلاتتى . كىمدۇر بىرسى ئۆزىگە قادىلىپراق قارىسا ، ئىشق - مۇھەببەت توغرۇلۇق گەپ ئاچسا ، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بىئارام بولاتتى . يالغۇز يەرنى تاپسا «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمىغۇچە ئۇنسىز يىغلايتتى . لى لى كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلىدى . ئادەملەرگە زادىلا ئارىلاشمايتتى . ياز كۈنلىرى كۈن بويى ئېتىزلىقتىن كەلمەيتتى . قىش كۈنلىرى ئۆيدىن تالاغا چىقمايتتى . نۇرغۇن كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي تاڭغا ئۇلايتتى . ئۇنىڭ ھالىغا يەنىلا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم ليۇگۇيفېن ئىدى . ئۇ

قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش-كە ، كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇرۇناتتى . ئوبدانراق تاماق ئەتكەن كۈنلىرى ئاتا - بالا ئىككىسىنى بىرلىكتە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلاتتى . ۋاڭ ۋېيمۇ قالتىس «سېخىي »لىق كۆرسىتەتتى . بۇنىڭدىن ياڭ بوۋاي شۇنداق خۇشاللىنىپ كېتەتتىكى ، كۈلكىدىن ئاغزى يۇمۇلمايتتى . تاماقنى ئىشتىها بىلەن يەيتتى . ئۇلارغا ئۇستى - ئۇستىلەپ رەھمەت ئېيتاتتى . ۋاڭ ۋېي بىساتىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرى ۋە بازار - ئۇچارغا بارغاندا كۆزىگە چېلىققان قىممەت باھالىق يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە توشۇيتتى . بۇنداق ئىشلار قانچە كۆپ تەكرارلانسا ، لى لىنىڭ يۈرىكى شۇنچە ئازابلىناتتى . بۇ ئائىلىدە يېگەن بىر چوكا تاماق ، ئىچكەن بىر يۇتۇم داغ سۇ زەھەر - زوقۇم بولۇپ جېنىنى قاقشىتاتتى . بۇنى ئۆزىلا بىلەتتى ، ھەتتا ليۇگۈيفېن-نىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، بەزىدە كۈلۈمسىرەپمۇ قويا تتى . بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ ئاستىغا قانچىلىك ئازاب ، نومۇس ، خورلۇق ، بىچارىلىك يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى . بى-لىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

لى لى ئاللىقاچان ئۆزىنى «نومۇسى بۇلغانغان ئىپلاس »لار قاتا-رىغا قوشۇۋەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان يىگىت-لەرنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلاتتى . ئۇ مەڭگۈ تاق ئۆتۈشكە رازى ئىدى . ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ بۇلغانغان تېنى بىلەن قايسىبىر يىگىتنىڭ پاك تېنىنى بۇلغاپ ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ، جىنايەت ئۈستىگە جىنا-يەت ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى . لېكىن ، كۈتۈلمىگەندە ئارىغا ليۇگۈي-فېن قىستۇرۇلدى . ئۇ مەيداننىڭ توك باشقۇرغۇچىسى جاڭ لورەننى سايە قىلدى . دەسلەپ لى لى ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ ، ۋاڭ ۋېينىڭ بېسىمى ئۇنى تىز پۈكۈشكە مەجبۇر قىلدى . ۋاڭ ۋېي چۈشەندۈردىكى : ئەگەر لى لى جاڭ لورەن بىلەن توي قىلىپ ، بىر كېچىنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزۈۋالسا ، يۈرىكىنى ئۇزاق يىلدىن بېرى ئازابلاپ كېلىۋاتقان ئىزا - نومۇستىن بىراقلا قۇتۇلىدىكەن .

لى‌لى رازىلىق بەردى . ئۇزاققا قالماي ئىككىسى ئادمىنىڭ مەست-

لىكى كەلگۈدەك ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن بولۇپ قالدى . بىرلىكتە كىنو. تىياتىرغا كىرەتتى . تاۋۇزلۇقنىڭ ساتمىسىدا سائەتلەپ ـ سا. ئەتلەپ مۇڭدىشاتتى . قولغا ـ قول تۇتۇشۇپ جىلغىغا چۈشۈپ ، ئېقىن بويىدا سەيلە قىلاتتى . ئاينىڭ چىقىشى ، بۇلۇتلار ئارىسىدا لەرزان ئۈزۈشىنى زور قىزىقىش بىلەن تاماشا قىلاتتى .

كۈنلەر ، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لى لى تەبىئەتنىڭ گۈزەللى. كى ، هاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىشكە ، كۆڭۈلسىز ، نومۇس. لۇق كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى ئۇنتۇپ ، كەلگۈسى بەختىيار كۈنلەر ، لەز. زەتلىك تۈنلەرنى ئويلاشقا باشلىدى . ئىشتىهاسى ئېچىلىپ ، ۋۇجۇدىغا يېڭىباشتىن ئەت قوندى . كۆڭلى خۇشال ، روهى كۆتۈرەڭگۇ ئىدى . كۈزنىڭ — توي كۈنلىرىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى .

تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى غەلىتە بولىدىكەن : جاڭ لورەن بىلەن ئىككىسى توي خېتى ئېلىشقا پۈتۈشكەن كۈندىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ، ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقىنىغا تۆت ئايدىن ئاشقان ۋاڭ ۋېي ئۇشتۇمتۇت تاۋۇزلۇقنىڭ ساتمىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى . لى لى ئۇنى كۆرۈپلا رەڭگى ئۆڭۈپ ، پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر كەتتى . مۇڭلانغان كۆزلىرى كىمدىندۇر مەدەت تىلەپ ، ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق تىكىلدى . لېكىن هېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى . كەچكى شەپەق ئۇنى مەسخىرە قىل. لىپ كۈلۈۋاتقاندەك ، بارغانسېرى ئۇنىڭ يۈزلىرىدەك قىزارماقتا . كۈز شاملى مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قىرقىما چاچلىرىنى هەر يانغا ئۇچۇرۇپ ، يۈز ـ كۆزلىرىگە ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشكەن كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى .

ۋاڭ ۋېي قىلچە تارتىنماستىن ساتمىغا كىرىپ ، هەممە يېرى شالاقلاپ كەتكەن ئەسكى ، غىچىرلاپ تۇرىدىغان كارىۋاتقا ئولتۇردى . لى لىنىڭ باش ـ ئايىغىغا ئۇزاق سەپسالدى . بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلماي ، تىرناقلىرىنى تاتىلاپ ساتمىنىڭ سىرتىدا ئۆرە تۇرغان لى لىنىڭ كاللىسى مۇزلاپ قالغاندەك ، هېچ نەرسىنى ئويلاشقا قۇربى يەتمەيتتى . يىغلىماقچى بولغانىدى ، كۆزلىرىدىن ياش چىقماقتا يوق ،

مىتمۇ قىلىپ قويمىدى . ئۇ بىرلا نۇقتىغا — بىر كاسا تاۋۇزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا سانجىپ قويۇلغان ئۆتكۈر پىچاققا تىكىلگەنىدى . ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ قېتىپ قالغانىدى . ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دېلىغۇل-لۇق ، قورقۇنچ ئىچىدە ئەمەس ، بەلكى غەزەپ - نەپرەت ، ئىنتىقام ئوتىدا ياناتتى ئىدى !

ۋاڭ ۋېي بۈنى تۇيدىمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ ، ئىلگىرىكى-دەك غىلجىڭلىق قىلمىدى . تۈرقى سىپايە ئىدى .

— لى لى ، — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن ، — قورسىقىڭدا بار ئوخشىمامدۇ ؟

— نېمە !— لى لى يىلان چېقىۋالغاندەك ئەنسىز چىرقىرىۋەتتى . قورقۇنچلۇق ـتا چەكـچەيـگەن كۆزلىرى ۋاڭ ۋېيغا مىختەك قادالغا-نىدى ، — نېمەدېدىڭىز ؟

— ھوي ، نېمانچە ئەندىكىسەن ؟— ۋاڭ ۋېي سىرلىق كۈلۈمسى-رىدى ، — كەل ، مەيەرگە ئولتۇر ، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى .

لى لى تۇرغان جايىدىن قىمىرلىمىدى .

— بەك ئوبدان بوپتۇ ! — دېدى ۋاڭ ۋېي سۆزىـنى داۋام قىـلىپ ، — بەك ئوبـدان ئىش قىپسەن !...... ئاخىر شيـاۋجاڭـنى بابلاپسەن - دە ؟

لى لى ئۈنچىقـمىدى . ئۇ خۇدىنـى يوقىـتايلا دەپ قالغانىدى . كۆزلىرىنـى ۋاڭ ۋېيـنىڭ ئاغـزىدىن بۆلەك يەرگە يۆتكىگۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى . ۋاڭ ۋېي تاماكىسىنـى قاتـتىق بىر شورىۋېلىپ غودۇڭشىدى :

— نېمانداق گەپ قىلمايسەن ؟

— ......

— قورسىقىڭ نەچچە ئايلىق بولدى ؟

— ......

لى لى قورسىقىنى چاڭگاللىدى . نەزىرىمۇ قورسىقىغا ئاغدى . لېكىن ، تىلى ئوخشاشلا گەپكە كەلمەيتتى .

— ئەستا ، نېمانداق قىلىدىغاندۇ ! ۋاڭ ۋېي تېرىكتى ، — مۇنداق

قارىسام ، بۇ ئىشتىن شىياۋجاڭنى خەۋەردار قىلمىغان ئوخشىمامسەن ؟
— قايسى ئىشتىن ؟
لى لى ۋاڭ ۋېينىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ نەزەرى شۇنداق غەلىتە ، شۇنداق سوغۇق ئىدىكى ، ۋاڭ ۋېي كۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . تاماكىنىڭ ئىسىنى پۈۋلىگەچ ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلەشكەندەك دېدى :
— قورسىقىڭدا شىياۋجاڭنىڭ بالىسى بارلىقىنى دەيمەن ؟ !
— بالا...... شىياۋجاڭنىڭ بالىسى ؟......
لى لى ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى . بىر تەرەپكە سەللا سەنتۈرۈلدى ـ دە ، ساتمىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئېسىلىۋالدى . بېشىنىڭ تۈۋرۈككە تېگىشى ئېسىنى يىغىۋېلىشقا ياردەم بەرگەندى .
6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى غىل ـ پال ئېسىگە ئالدى : ئۇ كۈنى لى لى دادىسى بىلەن بىللە رەستەمگە تاۋۇز ئۈزۈشۈپ بەردى . چۈشتە ياڭ دابەي بىلەن رەستەم ئارام ئالغىلى ئۆيگە كېتىشتى . ھايال ئۆتمەي ۋاڭ ۋېي تاۋۇزلۇقتا پەيدا بولدى ـ دە ، ئەتە ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن لى لىنى خەۋەرلەندۈردى . ئۇرغۇن ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئالداپ ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگدى . ئۇنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن جاڭ لورەن بىلەن بىر يەردە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى .
— ئەگەر رەسۋا بولماي دېسەڭ ، —دېدى ئۇ ، — شىياۋجاڭنى بابلا ! بويۇڭدا قالسا ، بەختىڭ كەلگىنى شۇ !......
لى لى جاڭ لورەن بىلەن يېقىنلاشقان دەسلەپكى كۈنلەردىلا ، ۋاڭ ۋېي لى لىگە مۇشۇ مەسلىھەتنى بەرگەنىدى . لېكىن ، جاڭ لورەننى «بابلاش» لى لىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . ئۇ ۋاڭ ۋېينىڭ خورلاشلىرىغا نائىلاج سۈكۈت قىلىغىنى بىلەن ، جاڭ لورەننىڭ كۆزلىرىگە تىك بېقىپ قاراشقىمۇ خىجىل بولاتتى . جاڭ لورەن ئىنتايىن تارتىنچاق ، ئېغىر ـ بېسىق يىگىت بولغاچقىمىكىن ، لى لىغا بەكمۇ پەردىشەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى . كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا سۈۋۈشۈپ كېتىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى . يىگىت مانا مۇ-

شۇنداق ئەخلاقلىق ، سەۋر ـ تاقەتلىك تۇرسا ، قىز بالا قانداقمۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ......

لى لى ۋاڭ ۋېيىنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە كۆڭلىدە تۇكۇرگەن بولسىمۇ ، بۇ ئىپلاس مەخلۇق بىلەن تاكاللىشىشتىن كۆرە ، تىلىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ «ماقۇل» دەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن قوتۇلۇشنى ئەۋزەل كۆردى . شۇڭا ، يىراقتىن رۇستەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندى . ۋاڭ ۋېي «غىپپىدە» تىكىۋەتتى . ھايال ئۆتمەي ، چېلەكتە قويغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى . ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتكەن بولغۇنكى كۈندە......

لى لى قورسىقىنى تېخىمۇ مەھكەمرەك باسقانىدى ، قورسىقىدا نېمىدۇر مىدىرلىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

«بالىمىدۇ ؟ ئاشۇ كۈنى...... ۋاڭ ۋېي...... »

لى لى ئەمدى ھەممىنى ئېسىگە ئالدى : دەرۋەقە ، 2 — 3 ئايدىن بۇيان ، لى لىنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىتە ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى . ئۇ بۇنى ئېنىق سېزىپ تۇرسىمۇ ، ئۇنچىۋالا پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمىگەنىدى . چۈنكى ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىرقانچە قېتىم مۇشۇنداق ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەن ، كېيىنچە قانداق بولۇپ ئوڭشىلىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالغانىدى . بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە : بۇنداق غەلىتە ھادىسىلەر خېلى كۆپ ئاياللاردا بولۇپ تۇرارمىش...... لى لى بۇنىڭغا ئىشەندى . غەيرىي خىياللاردا بولمىدى . «بالا» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى . ئۇ خاتىرجەم ئىدى ، ھەتتا ئۆزىنى بەختلىك سانايتتى . جاڭ لورەندەك ئاشىقى بارلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى .كېچەكۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنىڭ غېمىدە ئىدى . جاڭ لورەنمۇ ئالدىرايتتى . لېكىن ، ياڭ دابەي «زامانغا لايىق» توي قىلىش غېمىدە ئىدى . نەچچە مىڭ يۈەنلىك زامانىۋى ئۆي جاھازلىرى سېتىۋالغان بولسىمۇ ، كەم ـ كوتىسى پۈتمەيۋاتاتتى . بەزىلەر چاقچاق قىلىپ : «ياڭ دابەي ، شياۋجاڭ بىر يېتىم ئوغۇل ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىسى كېسەلمەن ، قولى قىسقا تۇرسا ، سىز بىلەن قانداقمۇ تەڭ كېلىشەلەر ؟» دېسە ، ئۇ : « سىلەر مېنى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى بارلىقىنى

بىلمەيدۇ دەۋاتامسىلەر ؟ بىلىمەن ، ھەممىنى بىلىمەن ! ئۇ ماڭا ئوغۇل بولماقچىكەن ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئاتىلىقنى يەتكۈزمىسەم بولامدۇ ؟ خاتىر- جەم بولۇڭلار ، مەن لاۋياڭ ئۇ بالىنى بىر تىيىنمۇ چىقىم قىلدۇرماي- مەن . تويىنى دادىسى باردىكىدەك كاتتا قىلىپ بېرىمەن !» دەيتتى . لېكىن ، ئۇ كۈنلەر يېتىپ كەلگۈچە لى لى قورساق كۆتۈرۈپ قالغانىدى .

لى لى «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى . ھودۇقۇپ كەتكەن ۋاڭ ۋېي چاچراپ ئورنىدىن قوپتى- دە ، ئېتىلىپ كەلگەن پېتى لى لىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى . ئۇنى «گالۋاڭ» دەپ ئەيىبلىدى . بۇ ئۆزىنىڭ جاڭ لورەنىي «بابلاش» توغرىسىدىكى مەسلىھەتىگە لى لىنىڭ سەل قارىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكى ، ئەگەر يەنە گالۋاڭ- لىق قىلىپ گېپىگە كىرمەيدىغان بولسا ، بۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا بايان قىلىپ ، لىلىنىڭ ئەس- ھوشىنى توغرىلىدى . كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتتى . لى لى گاس - گاراڭ ئادەمدەك ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى . بىر- نەرسە ئويلىيالىغۇدەك ، سۆزلىيەلىگۈدەك خۇدى ، جۇرئىتى قالمىغانىدى .

ۋاڭ ۋېي ئۇنى يۆلەپ ئەكىلىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى . ئۆزى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆرە تۇردى :

— بولغۇلۇق ئىش بوپتۇ . ئەمدى ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىڭ بىلەنمۇ بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلالمايسەن ، — دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ ۋە بىردەم شۈك تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى ، — بۇ قېتىم گېپىم- گە كىرەرسەن ؟

لى لى ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى . بېشىنى يەردىن ئۇستۈن قىلمايتتى .

— ئەستا...... ھوي ، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن ؟

— ئاڭلاۋاتىمەن !......

لى لى «شارتتىدە» بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىخ- تەك قادالدى . نەزەرى شۇنداق سوغۇق ، شۇنداق غەزەپلىك ئىدىكى ،



ۋاڭ ۋېينىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ ھېچقاچان لى لىنى مۇنداق غەزەپلەنگەن ھالەتتە كۆرمىگەنىدى . ۋاڭ ۋېي زورىغا كۈلۈمسىرىدى :

— ماڭا قارا ،— دېدى ئۇ نەزەرىنى لى لىدىن قاچۇرۇپ ، —ھېلى بىر كىم كېلىپ قالسا ، ھەر ئىككىمىزگە ياخشى ئەمەس . مەنغۇ خوتۇن ئېلىپ ، بالا تاپقان ئادەم . ھەرقانداق ئىزا ـ ئاھانەتكە قالسامۇ پەرۋايىم پەلەك ! بىلەمسەن ، مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقىنى سېنىڭ تەقدىرىڭ ! ئەگەر مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن توي قىلساڭ ، ئۇزاققا قالماي قورسىقىڭ دومبىيىپ چىقىدۇ . ئۇ چاغدا......

لى لى تۇيۇقسىز سورىدى :

— مېنى نېمە قىل ، دېمەكچىسىز ؟

— ھە ، ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى ! مۇنداق قىلايلى .

— قانداق قىلىمىز ؟

لى لىنىڭ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ قالغانىدى . «ئىزا تارتىش» دېگەن نەرسە ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوق ئىدى . ۋاڭ ۋېينىڭ بىر ئېغىز گېپىگە ئىككى ئېغىز گەپ تاقاپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ۋاڭ ۋېينى خېلىلا تەمتىرەتكەنىدى ، ئۇ دۇدۇقلىدى :

— مۇنداق...... مۇنداق قىلساق......

— قانداق قىلىمىز ؟ بالىنى چۈشۈرۈۋېتەمدۇق ؟

— ياق......

— ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالايمۇ ؟

لى لىنىڭ نەزەرى تاۋۇزغا سانجىلغان پىچاققا ئاغدى . ۋاڭ ۋېي سەگەكلەشتى :

— نېمە دەيدىغانسەن ! نەدىكى يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ .

— ئەمىسە ، نېمە قىلسام بولىدۇ ؟ گېپىڭىزنى ئوچۇق دېمەمسىز .

— ماقۇل ، دىققەت قىلىپ ئاڭلا ئەمىسە ، — ۋاڭ ۋېي ئىككى قولىنى لى لىنىڭ يەلكىسىگە ئۇزاتقانىدى لى لى قاتتىق سىلكىۋەتتى ،— ھىم......— دېدى ۋاڭ ۋېي بۇرنىدا چىشىن تۇتۇپ ، — مۇنداق گەپ : ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قورسىقىڭدىكى بالا كىمنىڭ

ئىكەنلىكى سۆرۈشتۈرۈلۈپ قالسا، «رۇستەمنىڭ» دەپ چىڭ تۇردسەن!

— نېمە...... رۇستەمنىڭ......!؟

— ھەئە، چوقۇم شۇنداق دەيسەن!

مېڭىسىگە مىخ قېقىلغاندەك ئەندىكىپ كەتكەن لى لى ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. سىياقىدىن ھازىرلا ۋاڭ ۋېينى بوغۇۋېتىدىغاندەك، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، ئەتراپتىن ئادەم يىغىپ، ۋاڭ ۋېينىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنداقمۇ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى نومۇس كۈچى ئىسكەنجىگە ئالماقتا، ئەقلىنى بوغماقتا ئىدى. ئۇ تەسلىكتە دۇدۇقلىدى:

— نې...... نېمىشقا؟

— ھېلىقى كۈن ئېسىڭدە بارمۇ؟— ۋاڭ ۋېي بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇنقى ئاشۇ يامغۇرلۇق كۈندە يۈز بەرگەن ئىشنى يەنە بىر قېتىم لى لىنىڭ ئېسىگە سالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى، — بالىنى چۈشۈرۈۋەتسەڭ سالامەتلىكىڭگە تەسىر يېتىدۇ، بۇ بىر؛ ئىككىنچىسى، سېزىلىپ قالسا، يۈزۈڭ سۆرۈن بولۇپلا قالماي تويۇڭمۇ بۇزۇلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، داداڭ ياشىنىپ قالدى. بۇ رەسۋاچىلىق قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، يا سېنى بىرنېمە قىلىۋېتىدۇ، يا بولمىسا، ئۆزى تۈگىشىپ كېتىدۇ، — لى لى بارغانسېرى بوشىشىپ كەتتى. ۋاڭ ۋېينىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاشتىن بۆلەك ھېچ نەرسىگە قۇربى يەتمەيتتى. ۋاڭ ۋېي سۆزىنى مۇنداق تۈگەتتى، — مەيلى تويدىن بۇرۇن ياكى تويدىن كېيىن كىملا قورسىقىڭدىكى بالىنىڭ دادىسىنى سۈرۈشتۈرسە، سەن: «يامغۇر ياققان ئاشۇ كۈنى رۇستەم ساتمىغا بېسىپ كىرىپ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلغان» دېسەڭلا بولىدۇ. قانداق، ماقۇلمۇ؟

—......

شامال كۈچەيدى. ساتمىغا ئارتىپ قويۇلغان تېرەك شاخلىرىنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى غەلىتە شىلدىرلاشقا

باشلىدى . بىرتال يوپۇرماق بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ ، لى لىنىڭ ھەرتەرەپ-
كە چېچىلىپ كەتكەن چاچلىرىغا ئېسىلىپ توختىدى . ئۇ بۇنى سەزمە-
دى بولغاي ، قىمىرلاپمۇ قويمىدى . ئويچان كۆزلىرى نەگىدۇر تىكىل-
گەنىدى . ئاستىنقى كالپۇكىنى تېخىمۇ قاتتىقراق چىشلەپ ، چوڭقۇر
ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ۋاڭ ۋېي ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشتىن كۆرە ،
ئۆزى كۆپرەك سۆزلەشنى مۇۋاپىق كۆردى بولغاي ، ئۇ ماۋۇلارنى
چۈشەندۈردى :

— ئەگەر سەن : «رۇستەم ماڭا باسقۇنچىلىق قىلغان» دېگەن
گەپتە چىڭ تۇرساڭ ، قانۇنمۇ ، تەشكىلمۇ سېنى «زىيانلانغۇچى» دەپ
قاراپ ، ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش بولسا......

— ئەگەر ، — دېدى لى لى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — مېنى
«نېمىشقا ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىلا مەلۇم قىلمىدىڭ ؟» دەپ قىستىسا
قانداق قىلىمەن ؟

— ھا -ھا -ھا !......نېمە دەيتتىڭ ، جاۋابى ناھايىتى ئاددىي !
—ۋاڭ ۋېي مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى ، — تازا كېلىشتۇ-
رۇپ يىغلاپ : «ئۇ چاغدا نومۇس قىلىپ دېيەلمىدىم» دەيسەن . شۇنىڭ
بىلەن ئىش پۈتتى دېگەن گەپ !

لى لى بېشىنى پەسكە ساڭگىلاتتى . ئۇ ھازىر «بۇزۇق» دېگەن
بەتنامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى .
ۋاڭ ۋېينىڭ مەسلىھەتى قىيانلىق دەريانىڭ چوڭقۇر قايىنىمىغا كىرىپ
قېلىپ ، جان قايغۇسىدا تېپىچەكلەۋاتقان نىمجان قۇرتقىلا ئوخشاپ
قالغان لى لىغا نىسبەتەن جان قۇتۇلدۇرغۇچى قولۋاق ياكى قىرغاقتىن
ئۆزىتىلغان شەپقەتچى قول بولدى . لى لى ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرماس-
تىن رازىلىق بىلدۇردى ۋە ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ ، ۋاڭ لىخۇا
ئۇنىڭ بىلەن قورسىقىدىكى بالا توغرۇلۇق سۆزلەشكەنىدى . ۋاڭ ۋېي-
نىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئىش كۆردى . رۇستەمنى تۇرمىگە ئاپىرىپ
بېرىش بەدىلىگە ئاھانەتتىن قۇتۇلدى . جاڭلورەن بىلەن تويمۇ قىلى-
ۋالدى . لېكىن يېڭى بىر ئازابتا قالدى . رۇستەمنىڭ تىرىك يېتىم
بولغان پەرزەنتلىرى ۋە ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆز ئائىلىسىگە

قىلغان ياردەملىرى بىر دەممۇ كۆز ئالدىدىن نېرى بولمىدى . ئىشتىھا-
سى تۇتۇلۇپ ، ئۇيقۇسى قاچتى . ئورۇقلىدى . بەزىدە ئېرىدىن يوشۇ-
رۇن يىغلاپمۇ ئالاتتى . ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى ، ھەتتا سىياسىي قانۇن
ئورگىنىغا بېرىپ ئەينى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ، ھەقىقىي جىنايەتچى-
نى رۇستەم بىلەن ئالماشتۇرماقچىمۇ بولاتتى-يۇ ، ھايال ئۆتمەي ئۆزد-
نى بېسىپ ، نىيىتىدىن ياناتتى .

ئۇنىڭغا يۇز لازىم ئىدى . ئۆزى بىلەن ۋاڭ ۋېيدىن بۆلەك ھېچ-
كىم بىلمەيدىغان بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆمۈرلۈك
ئاھانەتكە قېلىشنى خالىمايتتى !

لېكىن ، «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنىدۇ»
كەن . لاۋرېن لى لىنىڭ بالىسىنى كۆرۈپلا ، بالىنىڭ دادىسىنىڭ
كىملىكىنى بىلىۋالدى . ئەمدى لى لى يەنە يالغانچىلىق قىلىشقا پېتىد-
نالمىدى . ئۇ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغانىدى .

## دادىل قەدەم

— ئەبلەخ !— ياڭ ۋېنبىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، تەرىنى
تۇردى ، — ئەسلىدە ۋاڭ ۋېي دېگەن بۇ بىرنېمىنىڭ گۇاڭجۇدا شۇنچە
ئۇزاق تۇرۇۋېلىشى ، شياڭگاڭغا چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشى ، يالغۇز
ئەتكەسچىلىك قىلمىشىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيغانلىقىدىن
ئەمەسكەن- دە !

— تېخى ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلىرىمۇ بارمىكىن !— لاۋرېن ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلدى ، — بۇنى قانداق ئۇقتىڭىز ؟

— تۈنۈگۈن گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارد-
سىدىن تېلفون كەلدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە : ۋاڭ ۋېي بىلەن شاۋ-
دۇن نەچچە يىلدىن بۇيان مەلۇم ئەتكەسچىلىك گورۇھى بىلەن بىرلد-
شىپ ، گۇاڭجۇدا نەشە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ . يېقىندا قولغا
ئېلىنىش ئالدىدا ۋاڭ ۋېي ئۇشتۇمتۇت غايىب بوپتۇ .

— شاۋدۇنچۇ ؟

— ۋاڭ ۋېينى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شاۋدۇنغا چىقىلماي تۇرۇپتۇ . تېلېفوندا ۋاڭ ۋېينىڭ بۇ يەرگە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى . مەن ئەسلىدە تۇنۇگۇنلا سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتماقچى بولغانىدىم . سالامەتلىكىڭىزنىڭ تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ نەچچە كۈن تەخىر قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . دوختۇرخانىدىن چىقتىڭىزمۇ ، يا ؟

— ياتاقتىن چىقىش رەسمىيىتىنى تېخى ئۆتىمىدىم . بۇ يەردىن بېرىپلا رەسمىيەت ئۆتەپ قايتىپ چىقماقچىمەن .

— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ مۇددىئاسىمۇ ، دوختۇرلارنىڭ پىكرىمۇ ؟

— دوختۇرنىڭ مەيلىگە باقسام يەنە بىر ھەپتىسىز قويۇۋەتمەيدۇ .

— ھە...... ئۇنداق بولسا ، دوختۇرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاڭ ، خىزمەت دېگەننى تەن ساق بولسا ئىشلەيدىغان گەپ . ھەقىچان بۇ يەرگە دوختۇرنىڭ رۇخسىتىسىزلا قېچىپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن ؟

— ......

— ياخشى قىلماپسىز ، يولداش !...... ئىنتىزامنى ئېكسپورت قىلىشنىلا بىلىپ ، ئىمپورت قىلىشنى بىلمىسەك ياخشى بولمايدۇ ! ھە راست ، رۇستەمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭىز يوققۇ دەيمەن ؟

— ياق ، ئۇ بىرەر ئەھۋال سادىر قىلدىمۇ ؟

— بەش كۈندىن بۇيان ئاچلىق ئېلان قىلىپ ، ئاغزىغا بىرنەرسە سالغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ .

— بۇ...... ئۇ نېمىشقا مۇنداق قىلىدىكەن ؟

— سوت مەھكىمىسى ئاخىرقى ھۆكۈمگە قول قويۇشنى تەلەپ قىلغانىكەن ، نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئاشۇنداق قىپتۇ .

— ئۇ ھازىر نەدە ؟

— بىزنىڭ تۈرمىدە ، ئەسلىدە يەكشەنبە كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىپ ، يىغىندىن كېيىن ئۇنى ئۇدۇللا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئەۋەتىشنى پىلانلىغانىدۇق . ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى پىلانىمىزنى بۇزۇۋەتتى .

— ۋىلايەت ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندۇ ؟

— خەۋەر تاپتى . ۋىلايەت بىزگە رۇستەمنى تاماققا كىرىشتۇ-رۇش ، بارلىق چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى تاپ-شۇرغانىدى . ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەيۋاتىمىز . پەقەت ئوكۇل بىلەنلا ھاياتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز .

ياڭ ۋېنبىڭ رۇستەم بىلەن بولغان «جەڭ» نىڭ تەپسىلاتىنى يېپىدىن يىغىنسىغىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، لاۋرېندىن سورى-دى :

— لى لىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىقرارىغا ئىشىنىشكە بولارمۇ ؟

— بولىدۇ ، ئېمىشقا دېسىڭىز ، لى لى يۈرىكىدىكى ھەممە دەرد-ئەلەملىرىنى لىخۋاغا ئېيتقاندىن كېيىن ، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى . مەن بىلەن سۆزلەشكەندە ، ئۆزىنىڭ ۋاڭ ۋېيىنىڭ دامىغا چۈشۈپ ، رۇستەمنى ناھەق تۇرمىگە قامىتىۋەتكەن گۇناھى ئۈچۈن ، قانۇنىنىڭ جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى . سوتتا ۋاڭ ۋېي بىلەن يۈزمۇيۈز مۇنازىرىلىشىپ ، رۇستەمنى ئاقلاشقا تەييار ئىكەنلى-كىنى بىلدۈردى .

— كېيىن گېپىدىن يېنىۋالمىسىغۇ ياخشى......

— يېنىۋالمايدۇ ، — لاۋرېن ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى . ئۇ سومكىسىدىن ئۈچ دانە ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى چىقاردى ، — بۇنىڭ ئىككىسىنى لىخۋا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە مەخپىي ئېلىۋالغانىدى . بىرسىنى مەن ئالدىم . ئۇنىڭ ئىچ - قارنى بوشاپ ، بىزگە ھەر جەھەتتىن ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ، مەن ئۇنىڭغا بۇ لېنتىنى قويۇپ بەرگەنىدىم ،دەسلەپ بىرئاز ھەيران بولدى . مۇن-داق قىلىشتىكى مەقسىتىمنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ رازىمەنلىك بىلدۈردى . ئاندىن ھەممە ئەھۋالنى ئېرىگە ئەينەن ئېيتىپ ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق خوتۇن قىلىش - قىلماسلىقىنى ئۇقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى .

— ماۋۇ ئايالنى ......— ياڭ ۋېنبىڭ بىر ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ لاۋرېنىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ چىرايى ئېچە-

لىپ قالغانىدى . ئۇ بىر قولىنى لاۋرېنىنىڭ تىزىغا قويدى ، — ئۇنىڭ شەرتىگە كۆندىڭىزمۇ ؟

— كۆنمەي نېمە ئىلاج ؟— لاۋرېن قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ كۈلۈمسىرىدى ، — كۆندۈم ، كۆنمىسەم لى لى ئېرى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىشكە تەييارلىنىپ قويغانىكەن .

— ھە ، ھە ، شۇنداق قىلىپ ، سۆزلەشتىڭىزمۇ ؟

— سۆزلەشتىم ،شياۋجاڭ لى لىدىن ئوڭايراق ئەيۋەشكە كەلدى .

— قاراڭ ، سىزنىڭ قاراملىقىڭىزنى !— ياڭ ۋېنبىڭنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ئەگىدى . كۆڭلىدىكى جىددىيلىك خېلىلا پەسەيگەندەك كۆرۈنەتتى ، — شۇنداق قىلىپ ، ھەممە گەپنى شياۋجاڭغا ئاشكارا دېدىم ، دەڭ ؟

— دېيىشكە تېگىشلىكىنى دېدىم ، دېمەيدىغاننى مەسلەن ، ۋاڭ ۋېيىنىڭ لى لىنى كىچىكىدىنلا ئالداپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئاغزىمغا ئالمىدىم .

— بەك ئوبدان قىپسىز ! لى لىغا ئاشۇ بىر قېتىملىق باسقۇنچىلىقتىن بۆلەك ئىشلارنى جاڭ لورەنگە دېمەسلىكنى تاپىلىغانسىز ؟

— تاپىلىدىم ، لى لىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغان .

— ياخشى ، ناھايىتى ياخشى !— ياڭ ۋېنبىڭ ئەزەلدىنلا لاۋرېنغا قايىل ئىدى . بۇ قېتىم تېخىمۇ قايىل بولدى . ئۇ قوللىرىنى لاۋرېنىنىڭ دولىسىغا قويۇپ ، ئۇنى يەڭگىل ئىرغىتىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرىنى ئالدى- دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى . بىرھازادىن كېيىن ، ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ، لاۋرېنىنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ دېدى ، — ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز ، ماڭا ئازراق ياردەملەشسىڭىز قانداق ؟

— بولىدۇ ، قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا .

— چوقۇم قولىڭىزدىن كېلىدۇ !

ئۇنداق بولسا ، ھازىرلا بۇيرۇڭ .

مۇنداق ئىش : قانۇن تەرتىپلىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، رۇستەمنى بوگۇنلا «گۇناھسىز » دەپ جاكارلاپ ، تۈرمىدىن چىقىرىش

بىئەپ ، بۇ بىر تەرىپى ؛ يەنە بىرى ، بۇ لېنتىلاردىكى گەپلەر بىرلا تەرەپنىڭ پاش قىلغانلىرى ، — ئۇ ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرىغا ئۆرۈپ قويدى ، — قارشى تەرەپنىڭ ئىقرارى بولماي تۇرۇپ ، جىنايەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، بىزگە ئەتراپلىق ئويلىنىپ ، ھەربىر قەدىمىمىزنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . مېنىڭچە بىرىنچى قەدەم يەنىلا رۇستەمنى غىزالىنىشقا كۆندۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھاياتىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش . ئۇنىڭ ھازىرقى پەيلىگە قارىغاندا ، ھېچكىمنىڭ گېپىنى يەيدىغاندەك ئەمەس……

— مەن بىر سۆزلىشىپ باقسامچۇ ؟— لاۋرېن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى .

— مەنمۇ شۇنداق دېمەكچىدىم ، — ياڭ ۋېنبىڭ لاۋرېنغا تىكىلـ. گىنىچە ئېغىر تىندى ، — ئۇرۇنۇپ بېقىڭ ، ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ بەلگىلەيلى .

شۇنداق قىلىپ ، رۇستەمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەقىبى ئەمدى ئۇنىڭ ئادۋوكاتى بولۇپ قالدى .

*　　　*　　　*

رۇستەم تاماققا رەسمىي كىرىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ياڭ ۋېنبىڭ لاۋرېننى تېلېفونغا چاقىرتتى :

— دوختۇرخانىدىن چىقتىڭىزمۇ ؟

— ياق ، دۈشەنبە كۈنى چىقماقچىمەن .

— شۇنداقمۇ ؟ بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ . سىزگە يېڭى بىر ۋەزىپە چىقىپ قالدى .

— بۇيرۇڭ . چوقۇم تەلەپكە لايىق ئورۇنلاشقا تىرىشىمەن !

— ۋەزىپە مۇنداق : سەيشەنبە كۈنى ئايروپىلان بىلەن گۇاڭجۇغا ئۇچىسىز .

— ماقۇل ، يالغۇز ماڭامدىمەن ، يا ؟……

— رازۋېدكا بۆلۈمىدىن بىر يولداشنى قوشىمەن . كونكرېت

ئىشلارنى گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئورۇن-
لاشتۇرىدۇ . بۇ ھەقتە ئۇلار بىلەن كېلىشىپ قويدۇم . بېرىپلا ئىشقا
كىرىشىپ كېتەلەيسىلەر . باشقىچە پىكرىڭىز يوقتۇ ؟

— يوق ! مەيدان رەھبەرلىكىگە بۇ سەپەرنى نېمىدەپ چۈشەندۈرى-
مەن ؟

— بۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن .

## «پەرىزات» ھۇزۇرىدا

قارا رەڭلىك كىرا ئاپتوموبىلى «مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى» ئالدىدا توختىدى . قارا شىلەپە ، قارا شىم - كاستۇم كىيىپ ، ئاق كۆڭلەككە ئوتقاشتەك قىزىل گالىستۇك تاقىغان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئاپتوموبىلدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى- دە ، شوپۇرغا كىرا ھەققىنى تۆلەپ ، تالوننى پۇرلەپ - پۇرلەپ يول بويىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى . كېتىۋېتىپ قاپقارا ، يارىشىملىق بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويدى . ئۆزگىرىشچان كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ ئەتراپقا غىل - پاللا كۆز يۈگۈرتۈۋالدى . ئۇ سول قولىدا ئالتۇن ھەل بىلەن : «شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى— تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان كۆركەم قەغەز قاپچۇقلار بىلەن تولغان يوغان تور- خالتا كۆتۈرۈۋالغان . زېغىر رەڭ ئەستىرى سىرتقا قىلىپ قاتلانغان نوقۇت رەڭ سارجا پەلتونى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغانىدى . پەلتو ئۈزۈم قاپچۇقلىرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يېپىپ تۇراتتى .

ئۇ مېھمانخانىنىڭ پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلگەندە ، ئارتىسلاردەك پۇزۇر ياسىنىپ ، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھۆرمەت قاراۋۇللىرى- دەك تىك تۇرۇشقان بىر جۈپ قىز ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە ئىككىسى تەڭلا ئىشىكنىڭ قانىتىنى يوغان ئېچىپ ، ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى .

ھېلىقى كىشى بۇ مېھمانخانىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقانلىرىغىچە تونۇش بولسا كېرەك ، ئۇدۇللا مۇلازىمەت پەشتاختىسىغا كەلدى . مۇلازىم

ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈلدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، سالامنى ئىلىك ئالدى. ئاندىن پەلتو بىلەن تور خالتىنى پەشتاختىنىڭ ئۈستىگە قويدى. يانچۇقىدىن بىر قاپ داڭلىق چەت ئەل تاماكىسىنى ئېلىپ، بىر تالنى مۇلازىمغا تۇتۇپ، بىر تالنى گۆشلۈك كالپۇكلىرى ئارىسىغا قىستۇردى- دە، گاز چاقمىقىنى ياندۇردى. تاماكىنى كۈچەپ بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، 407- نومۇرلۇق ئۆيدىكى لىن خېنىم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇلازىم دەرھال ئۇنىڭغا بىر دەپتەرنى ئۇزاتتى- دە، ئاپتوماتىك تېلېفوننىڭ نومۇرىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. مۇلازىم تېلېفوندا قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندا، ئۇمۇ دەپتەرنىڭ كاتەكچىلىرىنى تولدۇرۇپ بولغانىدى.

— لىن خېنىم ياتاقتا بار ئىكەن، — دېدى مۇلازىم تەبەسسۇم قىلىپ، — تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىڭ.

— رەھمەت.

— ئۇ پەلتوسىنى ئېلىپ، تورخالتىغا قول ئۇزاتقاندا، مۇلازىم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۈزۈم قاپچۇقلىرىغا قاراپ قويدى. ئۇ بۇنى سەزدىمۇ ياكى ئەسلىي شۇنداق نىيىتى بارمۇ، ئىككى دانە قاپچۇقنى مۇلازىمنىڭ ئالدىغا قويدى. مۇلازىم ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجىيىپ، رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ياغدۇرۇۋەتتى.

ئۇ 407- نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىشىكنى يەڭگىلغىنا نەچچە قېتىم چەكتى. ئىچكىرىدىن:

— كىرىڭ!— دېگەن زىل ئاۋاز كەلدى.

ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرگەنىدى، دىمىغىغا ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى «گۇپپىدە» ئۇرۇلدى، يەرگە رەڭدار گىلەم سېلىنغان بولۇپ، رادىيولۇق ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىق زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلانغان بۇ ئۆي تولىمۇ ئازادە ئىدى. ئۈنئالغۇدىن يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك يېقىملىق ناخشا ياڭراۋاتاتتى. مېھمانىنىڭ كۆزلىرىگە بىرىنچى بولۇپ چېلىققىنى لۆم- لۆم ئورۇندۇقتا يالاڭئاياغ، پايپاقسىز پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرغان، يۇزلى-

ـرى يۇپيۇمىلاق ، قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ، پەرىزاتتەك چىرايلىق ئايال بولدى . ئەرلەرنىڭكىدەك كالتە بۇدۇر چاچلىرى ئۇنى تولىمۇ ياش ، تولىمۇ ئوماق كۆرسىتەتتى . ئۇچىسىدىكى سۇس سېرىق ئاسما كۆڭلىكى شۇنداق قىسقا ئىدىكى ، ئۇقادەك ئاپئاق ساغرىسىنى ئاران ياپاتتى . قويۇق ئۇپا سۇركەلگەن ئاپئاق بويۇن ، يەلكە ۋە تولۇق كۆكرەكلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كۆڭلەك سىرتىدا ئىدى .

ئۇ — شياڭگاڭلىق سودىگەر لىن خېنىم ئىدى .

لىن خېنىم مېھماننى كۆرۈپلا ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى . بۇ چاغدا مېھمانمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى .

— ۋىيەي ، كىمكىن دەپتىمەن ، ۋېيدۇڭ ئىكەنسىزغۇ !— لېن خېنىم ناز ـ كەرەشمە بىلەن قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، مېھماننىڭ قولىنى سىقىپ كەتتى ، — بۇرۇت قويۇپ ، ئادەم تونۇغۇسىز بولۇۋال-غىنىڭىزنى قاراڭ ! ھېلىمۇ ياخشى ، بىرنىڭكىلەر ئالدىن خەۋەرلەندۇ-رۇپ قويۇپتىكەن ، بولمىسا......

— بولمىسا ، تونۇماي ھەيدەپ چىقىرىدىكەنسىز-دە !

ۋېيدۇڭ ھىجايغان پېتى لىن خېنىمنىڭ كۆزلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قادىلىپ ، كۆكسىنى بوشقىنا چىمدىپ قويدى ، لىن خېنىم :

— ۋىيەي ، قوپاللىقىنى !— دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىغا يەڭگىلغىنا ئۇرۇپ قويدى ، — ئەجەب ئاغرىتىۋەتتىيا ، تونۇمىغان بولۇپ ، ھەي-دەپ چىقىرىۋەتكەن بولسامچۇ ! . ھى- ھى- ھى !

— ئەمىسە ، ھازىرلا چىقىپ كېتەي .

ۋېيدۇڭ شۇنداق دېدى ـ يۇ ، لىن خېنىمنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى .

قەدىناس ئاشىق ـ مەشۇقلار ئەنە شۇنداق بىر مەھەل چاقچاقلاش-قاندىن كېيىن ، لىن خېنىم ۋېيدۇڭنىڭ قولىدىن پەلتو بىلەن تور خالتىنى ئېلىپ ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچ-قۇچە ئارىلىقتا ، چاي شىرەسىنىڭ ئۈستىنى ھەرخىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . فىرانسىيەنىڭ داڭلىق «شامپانسكى» سىدىن ئىككى رومكا قۇيۇپ ، بىرنى ۋېيدۇڭغا تۇتتى ، بىرنى ئالدىغا قويدى .

ئىككىيلەن لەۋلىمە قىلىپ ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى :
— بۇ قېتىمزە ، تازىمۇ ساقلاتتىڭىز ، — دېدى ۋېيدۇڭ نارازى بولغان تەلەپپۇزدا . ئۇ شىلەپىسىنىمۇ ، كۆزەينىكىنىمۇ ئېلىۋەتكەندى . دەم لىن خېنىمنىڭ تەبەسسۇم ئۇرغۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلسە ، دەم ئۇنىڭ كۆكرەك ۋە يوتىلىرىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى . هايۋانىي نەپسى ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى ، — ئەگەر يەنە بىرەر هەپتە ساقلاتقان بولسىڭىز ، مالنى ئېلىشىغا سېتىپلا ، بۇ يەردىن كېتىپ قالاتتىم .
— هى- هى- هى ! ۋېيدۇڭ ، مېنى ئالدىرىمىدى دەمسىز ؟
— ئالدىرىغان بولسىڭىز ، ئادەمنى شۇنداقمۇ ساقلىتاتتىڭىزمۇ ؟
خىيالىڭىزغا كىرىپ چىقسام : «ئۇنىڭ مېلىنى مەندىن باشقا ئادەم ئالمايدۇ» دەپ مۇشۇنداق قىلغانسىز ، هەقىچان ؟ !
ۋېيدۇڭ جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى . لىن خېنىمنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇممۇ بارا - بارا ئۆچۈپ ، جىلۋە - نازلىرىنى يىغىشتۇردى- دە ، ئۆزىنى ئاقلاشقا ئالدىرىدى :
— راستىنلا خاپا بولۇۋاتامسىز ؟ ئۆزىڭىز ئادەمگە بىرمۇنچە ئىش تاپىلاپ......
— هە راست ، ئۇ ئىش قانداق بولدى ؟— ۋېيدۇڭ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — هەل قىلالىدىڭىزمۇ ، يا ؟
— هەل قىلدىم ، — لىن خېنىم چۈشەندۈردى ، — هازىر ئۇ يەردىمۇ بىر ئىش قىلماق بەك تەس بولۇپ كەتتى . شۇنچە ئالدىرىسامۇ ، رەسمىيەتنىڭ تولىلىقىدىن بېشىمغا ئاق كىرىپ كەتكىلى تاس قالدى . نەچچە قېتىم بىزنىڭكىلەرگە تېلېفون بېرىپ ، سىزنى ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويياي دېگەن بولسامۇ ، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ ، كېيىنكى ئىشلىرىمىزنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم .
— شۇنداقمۇ ؟
ۋېيدۇڭ سەل ئېچىلدى . لىن خېنىم سۆزىنى داۋام قىلدى :
— شۇنداق بولماي ! ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانغان-

سىرى ، خالىغانچە ساختا پاسپورت ، ساختا چاقىرىق قەغىزگە ئېرىشە-كىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى . ھېلىمۇ ياخشى ، شىركىتىمىزنىڭ جىڭلىسى يول مېڭىپ يۈرۈپ ، ئاران ھەل قىلىپ بەردى .

— ئىككىلىسى ھەل بولدىمۇ ؟

— ھازىرچە بىرنى ھەل قىلدۇق ، يەنە بىر كىشىلىكنى يازلىق يەرمەنكە باشلانغۇچە ھەل قىلىپ بولىمىز .

— بۇمۇ بوپتۇ ، — ۋېيدۇڭ «پۈششىدە» تىنىپ ، بىر تال تاماكا چەكتى ، — ئۆتكەن يىلى سىز كەتكەندىن بۇيان مەخپىي ساقچىلار بىلەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پائالىيىتى بەكمۇ كۈچىيىپ كەتتى .

— بىلىمەن ، ھەممىدىن خەۋىرىم بار !— لىن خېنىم ۋېيدۇڭ-نىڭ يوتىسىغا ئۇرۇپ قويىدى ، —بىزمۇ بوش كەلمەيمىز ، ئادەملىرى-مىزنىڭ قولى ئۇنچىۋالا قىسقىرىپ كەتكىنى يوق ، — ئۇ سەل توخ-تاپ قوشۇپ قويىدى ، — مەن بۇ يەرگە كېلىپلا ۋەزىيەتنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ ، بەزى ئىشلارنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم ، ھەتتا سىزنىمۇ خېلى كېچىكىپ چاقىرتتىم .

— قاچان كەلگەنتىڭىز ؟

— ئۆتكەن سەيشەنبە كەلگەن . بۈگۈن ساق بىر ھەپتە بولدى .

— يائاللا ، تازىمۇ قۇۋ ئىكەنسىز جۇمۇ !— ۋېيدۇڭ قايىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ، — مانا بۈگۈن سىزگە يەنە بىر قېتىم قول قويدۇم !

ئىككىيلەن تازا قاقاقلاپ كۈلۈشتى . كۈلكە ئارىسىدا بىر - بىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى قىچىقلىدى ، موتىدى . قىسقىسى ، ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلار يالغۇز جايدا ئۇچراشقاندا قىلىدىغان قىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشتى . كۆڭلى خۇشال ، رو-ھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . نەچچە رومكىدىن ئىچىشتى ، تاماكا چېكىشتى ، يۈزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ ، كۆزلىرى خۇمارلاشقىلى تۇردى . لېكىن ، ھەر ئىككىسىنىڭ ھوشى جايىدا ئىدى .

— ئاڭلىسام ، — دېدى لىن خېنىم بىردىن كۈلكىسىنى توختى-

تىپ ، — ۋاڭ خېنىمنىڭ ئېرى تۇرمىدىن چىقىپتىمىش . مۇشۇ گەپ راستمۇ ؟
— راست .
— ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىمۇ ؟
— نېمە دېسەم بولار ، — ۋېيدۇڭ سەل ئويلىنىۋالدى ، — بىرى خوجايىن ، بىرى چاكار ، شۇ !
— شۇنداقمۇ ؟ بوۋاي بۇنىڭغا كۆنەرمۇ ؟
— ياتىدىغان ئۆي ، يەيدىغان تامىقى تەييار تۇرسا ، كۆنمەي قالامدۇ ! ؟كۆنمىسە ، نىكاھتىن ئاجرىشىپ ،ئۆيدىن قوغلايدىغان گەپ ،— ۋېيدۇڭ لىن خېنىمنىڭ كۆزلىرىگە شەھۋانىي نەزەرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى ، — بوۋاي مېھمانخانىنىڭ تازىلىقى ، دەرۋازىسىغا قاراش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ ، ئەل قاتارى ھەق ئالىدۇ . ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال .
— ۋاڭ خېنىمنى سىزدىن كۆنلەپ يۈرمەيدىغاندۇ ؟ دىققەت قىلىڭ جۇمۇ .
— نېمە دەيدىغانسىز ! ئۇ ئۆزى ۋاڭ خېنىمنىڭ ياتاق ئۆيىگە دەسسىيەلمەيدىغان تۇرسا ،مەندىن كۆنلەشكە نېمە ھەددى ؟ !
— بىر ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويسام ،تېرىكىپلا كەتتىڭىزغۇ !
— لىن خېنىم كۆزلىرىنى تېخىمۇ خۇمارلاشتۇرۇپ ، ۋېيدۇڭنىڭ يوتىسىنى سىلاشقا باشلىدى ، — ئۇ خوتۇن ماڭا تۇغقان بولغىنى بىلەن ، ھېچ يېرى ماڭا ئوخشىمايدىكەن ، سىزنى ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .
— خاتىرجەم بولۇڭ !— ۋېيدۇڭ ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق قىستى . لىن خېنىم «ۋىيەي» دەپ تولغىنىپ ، ۋېيدۇڭنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى ، — مەن ئۇ جالاپقا قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزمايمەن !
ۋاڭ خېنىم لىن خېنىمنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى ئىدى . ۋاڭ بوۋاي قول ئىلكىدە بار ئادەم بولۇپ ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا شياڭگاڭغا قېچىپ كەتتى ۋە يېرىم يىلغا قالماي ئۆلۈپ كەتتى . بۇ چاغدا ۋاڭ

خېنىم ئەمدىلا تۇغۇلغانىدى . ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەلەم كۈرىشى باسقۇچىغا كىرگەن بو-لۇپ ، ئانىسىغا غايىب ئوق تېگىپ ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ۋاڭ خېنىمنى «قايتا تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن تاغلارغا ، يېزىلارغا بېرىش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلدۇردى . ئۇ ئانىسى-نىڭ ئورنىدا كۆمۈر كۆمىلىچى ياساش كارخانىسىنىڭ ئىشچىسى بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ بىر ئىشچىغا تېگىۋالدى . بىراق ، ئۇنىڭ تەقدىرى تۈرلىنىشىدىنلا كاج بولسا كېرەك . « بىرگە زەربە بېرىش ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە ئېرى قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى . ۋاڭ خېنىم دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئايلارنى ، يىللارنى تەنھالىقتا ئۆتكۈزدى . كۈتۈلمىگەندە ، سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ ، ۋاڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ كەلگەن سەككىز ئېغىزلىق ئۆيى قايتۇرۇپ بېرىلدى . ۋاڭ خېنىم بۇ ئۆيلەرنى دەسلەپ ئىجارىگە بەردى . كېيىن «ۋاڭ ئائىلىسى-نىڭ مېھمانخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ ، مېھمانخانا قىلدى . كۆمۈر كۆمىلىچى ياساشتىن قول ئۈزدى . ۋېيدۇڭ تۇنجى قېتىم گۇاڭجۇغا كەلگەندە ، مۇشۇ مېھمانخانىنى ماكان قىلىپ . ئۇيغۇر كا-ۋاپچىلارنىڭ سايىسىدا جان باققانىدى . كېيىن ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆڭ-لىنى ئۇتۇپ ، كۆرۈنۈشتە مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىسى ، ئەمەلىيەتتە ۋاڭ خېنىمنىڭ ئىككىنچى ئېرى بولۇپ قالدى . ئۇ بىر يىلغا قالمايلا بۇ مېھمانخانىنى مەخسۇس ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا ئايلان-دۇرۇۋالدى . شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئېسىل يەرلىك مەھسۇلاتلىرى مۇشۇ ھويلىغا يىغىلاتتى . مۇشۇ ھويلىدىن يەرلىك ئېلىپ - ساتارلار ، ھەتتا شياڭگاڭ ، ئاۋمېنلىق سودىگەرلەرنىڭ قولىغا ئۆتەتتى . ئۇيغۇر سودى-گەرلەرمۇ شىنجاڭدا بازىرى ئىتتىك چەت ئەل ماللىرىنى مۇشۇ ھويلا ئارقىلىق قولغا چۈشۈرەتتى . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاڭ خېنىم بىيىپ ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «خېنىم» غا ئايلاندى . ۋېيدۇڭنىڭ قولى ئۇزاردى ، نەپسىمۇ يوغىنىدى . ئەمدى ئۇ بىرلا ۋاڭ خېنىم

بىلەن قانائەتلەنمەيتتى . قىز ـ چوكانلارنى چېكىپ ـ تاللاپ ئوينايتتى . ۋاڭ خېنىم بۇنىڭغا سوكۇت قىلاتتى ، ھەتتا بەزىدە ئۆزى چوكان تېپىپ بېرەتتى . لىن خېنىم تۇنجى قېتىم تۇغقان يوقلاش باھانىسى بىلەن گۇاڭجۇغا كەلگەندە ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئون نەچچە كۈن قوندى . ۋېيدۇڭ بىلەن تونۇشتى ، ئوينىدى ، كەلگۈسى ئىشلارنىڭ پىلانىنى تۈزۈشتى . مانا ھازىر ۋېيدۇڭنىڭ لىن خېنىم بىلەن ئالغۇبەرگۈ قىلىشىۋاتقىنىغا بەش يىل بولۇپ قالدى . بۇ جەرياندا بىرەر قېتىممۇ پېشكەللىككە ئۇچرىمىدى . ناھايىتى ئېنىقكى ، لىن خېنىم بەكمۇ ئەقىللىق ، تەدبىرلىك ئايال ، مۇشۇ قېتىمقى ئىشنى ئالساق ، ۋېيدۇڭنىڭ ئەڭ يېقىن بىر دوستى ناھايىتى چوڭ پېشكەللىككە ئۇچرىدى . ۋېيدۇڭ گۇاڭجۇغا كېلىپلا بىرەيلەندىن لىن خېنىمغا گەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى ، لىن خېنىم بىر كىشىلىك چېگرادىن چىقىش گۇۋاھنامىسى ھەل قىلىپ كەپتۇ .

— مالنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ ؟

لىن خېنىم نەزەرىنى كارىۋات ئۈستىدە تاشلاقلىق تۇرغان ئۈزۈم قاپچۇقلىرىغا ئاغدۇرۇپ سورىدى .

— ئاشۇنچىلىك بىرنەرسىنى بەش ئاي ساقلاپ ياتقىلى ئەخمەقمىدىمەن !— ۋېيدۇڭ كۆرەڭلىگىنىدىن كاستيۇمىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىشكە باشلىدى ، — پۇل چىقىشتۇرالىسىڭىزلا ، سىزنى مال بىلەن كۆمۈۋېتىمەن !

— ۋىيەي ، پوچىلىقىنى . كىمنى كىم مال بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ ، كېيىنرەك كۆرىمىز ، تېخى !

— ھە راست ، سىزمۇ مال ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ ؟

— ئەكەلدىم . كېچىككىنىمۇ ئەتكەس مال يوق .

— بۇ......

— بۇ بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى . بىز ئۇققان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ، ھۆكۈمەتتىكىلەر ئەتكەسچىلىكنى قاتتىق چەكلەۋېتىپتۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ماڭىدىغانغا يول تۈزلەش ئۈچۈن ، بۇ قېتىم ئەتكەس مال يۆتكىمىدۇق . ئەكەلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار

ياخشى كۆرىدىغان چەت ئەل ماللىرى .

— قالتىس ياخشىغۇ !— ۋېيدۇڭ لىن خېنىمنىڭ ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ قويدى ، — بۇ يەردە ئەۋرىشكىسى بارمۇ ؟

— يوق ، ئەتىگىچە سىزنى باشلاپ بېرىپ ، ھەممىسىنى كۆرسىتىمەن ، — لىن خېنىم ۋېيدۇڭنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ، جىددىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى ، — قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ ؟

— ئاچتى .

— ئۇنداق بولسا تاماق يېگەچ ، ماۋۇ ئۈزۈملەرنى خېرىدارلارغا كۆرسىتىپ باقايلى ، — لىن خېنىم «ئۈزۈم» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتتى .

— بۇ بىر يېڭى گەپ بولدىغۇ ؟— ۋېيدۇڭ ھەيران بولۇپ سورىدى ، —ئەتىگىچە ئۆزىڭىز بىرنېمە قىلىۋەتىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

— گېپىمگە كىرىڭ ، چاتاق چىقىپ قالسا ، ھەر ئىككىمىز تۈگىشىدىغان گەپ…… نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ھېلى يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل خېنىم ، ماقۇل ! ئەمىسە ماڭامدۇق ؟

— ماڭايلى .

لىن خېنىم نازلىق تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرغانىدى . ۋېيدۇڭمۇ تەڭلا تۇردى . قوللىرى بىر - بىرىنىڭ قولىدا ئىدى . ۋېيدۇڭ لىن خېنىمنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى .

ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ، لىن خېنىم يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقتى . ئەمدى ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ تام جاۋىنىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ، چاققانغىنا قارا رەڭلىك چامادان بىلەن ئاتىنىڭ توغرىسىدەك يوغان ، چېلەككە ئوخشاش يۇمىلاق ، چاقماق يوللۇق يالتىراق سومكىسىنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى . ۋېيدۇڭ ئېلىپ كەلگەن ئۈزۈم قاپچۇقلىرىنى ئۇنىڭغا قاچىلىدى ، ئاندىن چاماداننىڭ ئاغزىنى ئاچتى . چامادان ئۈزۈم قاپچۇقلىرى بىلەن تولغانىدى . لىن خېنىم بۇ قاپچۇقلارنى بىكار بولغان تور خالتىغا قاچىلاشقا باشلىدى .

# «پەرىزات» نىڭ كارامىتى

— ئاۋۋال ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالايلىمۇ ؟

ۋېيدۇڭنى قولتۇقلىۋالغان لىن خېنىم تىزنى ئاران باسقۇدەك نوقۇت رەڭ سارجا پەلتو ، ئېگىز پاشنىلىق قارا توفلي كىيىۋالغاندى . بۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقانكى ، ئاللىقاچان 35 ياشقا كىرگەن بۇ ئايال سىياقىدىن 17 — 18 ياشلىق قىزغا ئوخشايتتى . مۇرىسىگە ئېسىۋالغان ھېلىقى كېلەڭسىز سومكا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ۋېيدۇڭدىن بىر غېرىچچە پاكار ئىدى . بىر تەرەپكە قىڭغايتىۋالغان بېشى ۋېيدۇڭنىڭ مۇرىسىگە تېگىپ تۇراتتى .

ۋېيدۇڭ ئۇنىڭغا قىيا بۇرۇلۇپ :

— مەيلى ، ئىچسەك ئىچتۇق !— دېدى .

ئۇلار سوغۇق يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا يېرىم سائەتچە ئولتۇرۇشتى . ماروژنى يېيىشتى ، سوغۇق سۈت ئىچىشتى . قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇللا كىرا ئاپتوموبىلى توختايدىغان جايغا بېرىشتى . ۋېيدۇڭ بىر چەتتىرەك توختىتىپ قويۇلغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپنى كۆزلەپ ماڭغانىدى . لىن خېنىم ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ توختاتتى . لىن خېنىمنىڭ چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزگەنىدى . قاپقارا كۆزلىرى ئۇۋچىنى كۆرۈپ قالغان ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك ئەنسىز پىلدىرلايتتى . بۇ ھال ۋېيدۇڭنى سەل ھەيران قىلدى .

— سىز مۇشۇ يەردە جىنىدەك تۇرۇپ تۇرۇڭ ، —دېدى لىن خېنىم پەس ئاۋازدا ، — مەن ياتاققا كىرىپلا چىقاي .

ۋېيدۇڭ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى :

— بىرنەرسە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇمۇ ؟

— ھەئە .

لىن خېنىم شۇنداق دېدى-يۇ ، كەينىگە ياندى ۋە ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى . ئەمدى چىرايى تېخىمۇ ئۆمىسلەڭ ، كۆز-

لىرى ئويچان ئىدى . ۋېيدۇڭ سورىدى :

— نېمە بولدى ، بىرنەرسىڭىز يوقالمىغاندۇ ؟

— ياق ، — لىن خېنىم زورلاپ كۈلۈمسىرىدى ، — خوتۇن كىشىنىڭ ئىشىنى كوچىلاپ سوراۋەرمەيدىغان ! ماقۇلمۇ ؟ — دەپ ۋېيدۇڭنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ قويدى .

ۋېيدۇڭ نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تېخىمۇ ئامراقلىق بىلەن تىكىلدى - دە ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجايدى .

پىكاپ ئۇلارنى شەھەر چېتىدىكى ئەڭ خىلۋەت كوچىلاردىن بىرىنىڭ دوقمۇشىغا ئەكىلىپ قويدى . ئۇلار كىچىك بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىشتى . كېيىن لىن خېنىم ۋېيدۇڭنى دوقمۇشتا قالدۇرۇپ ، كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى . گۈگۈم چۈشكەنىدى . سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . ۋېيدۇڭ ئىچى سىقىلغىنىدىن ئۈزمەي پاپىرۇس چېكەتتى . ھەممە كۆزلەر ئۆزىگىلا تىكىلىۋاتقاندەك ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق كۆز يۈگۈرتەتتى . نېمە ئۈچۈندۇر پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى كەتكەندەك بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى . ئادەتتە ئۇ ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى نازارەت قىلىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرغان چاغلاردىمۇ بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كەتمىگەنىدى . بۈگۈن نېمە بولدىكىن ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى باسالمايۋاتاتتى . نېمىدىندۇر قورقۇۋاتاتتى . يۈرەك تۇيغۇن كېلىدۇ ، بەزىدە كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكلەردىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ . بۈگۈن ۋېيدۇڭ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقامدۇ - نېمە ! ؟

ۋېيدۇڭ ئويلىنىپ قالدى : لىن خېنىمنىڭ چىرايىدىكى غەلىتە ئۆزگىرىش ، ياتاققا كىرىپ چىققاندىن كېيىنكى غەلىتە دۇدۇقلاشلىرى ، كېيىن بىراقلا جىمغۇر بولۇپ قېلىشى ، تېخى ئۆزىنى بۇ يەردە يالغۇز تاشلاپ قاياققىدۇر كېتىپ قالغانلىقى ھەرگىزمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، لىن خېنىم ھېچقاچان مۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى . ئىلگىرى نەگىلا بارسۇن ، ئۇنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى . ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇراتتى . بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى . ئۇنى

ئىلگىرى ھېچقاچان كېلىپ باقمىغان بىر يەرگە ئەكىلىپ قويدى . ئۆزى نەگىدۇر كېتىپ قالدى . دېمەك ، بۇ قېتىم ئۇ بەزى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتىدۇ !

ۋېيدۇڭ ئەنە شۇنداق خىياللار ئارىسىدا ئۇزۇۋاتقاندا ، قارا كۇنلۇك كۆتۈرۈۋېلىشقان بىر جۈپ ئەر - ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .

بىرسى لىن خېنىم ، يەنە بىرسى ئورۇقىنا ئەر كىشى ئىدى .

— تونۇشۇپ قويۇڭ ، — دېدى لىن خېنىم ۋېيدۇڭغا ، — بۇ ياق ياڭ ئەپەندىم ، مالنى مۇشۇ كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەرسىڭىز بولىدۇ . قانداق ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ياڭ ئەپەندىم سىزگە ئۇقتۇرىدۇ .

ئىككىيلەن قول ئېلىشىپمۇ ئولتۇرمىدى . بىر - بىرىگە تازا تىكىلىپ قارىۋېلىشتى . ۋېيدۇڭ سورىدى :

— ياڭ ئەپەندىم بىلەن قەيەردە ئۇچرىشىمەن ؟

لىن خېنىم ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىگەندى ، ياڭ ئەپەندىم :

— سىز خاتىرجەم ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم ئىزدەيمەن .

بۇ ئۇچرىشىش ئىككى مىنۇتتىلا ئاخىرلاشتى . ئەمدى ۋېيدۇڭ بىلەن لىن خېنىم ئىككىيلەن بىر كۇنلۇك ئاستىدا بىر - بىرىگە يېقىن ياندىشىپ كېتىپ باراتتى .

كىرا ئاپتوموبىلى ئۇلارنى «مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى» ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى . ۋېيدۇڭ :

— بۇگۈن قېشىڭىزدا قونۇپ قالايمىكىن ؟ — دېگەنىدى . لىن خېنىم :

— ياق ، بولمايدۇ ! — دەپ كەسكىن رەت قىلدى ۋە ئاستا پىچىرلىدى ، — ھازىر بۇ مېھمانخانىنىڭ تۇزۇملىرى بەك چىڭىپ كېتىپتۇ . چەتتىن بىللە كەلگەن ئاشنىلاردىن باشقا ئەر - ئاياللارنىڭ خالىغانچە بىر ئۆيدە قونۇشىغا رۇخسەت قىلمايدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز......

— شۇنداقمۇ ؟ — ۋېيدۇڭ «پۇششىدە» تىندى ، — مەن تېخى

بۇنى خەقلەرنىڭ تاپقان گېپىمىكىن دەپتىمەن ، ئۇنداق بولسا ، ياتقىد-ڭىزدا بىر دەم……
— بۇگۇنچە ئۇنداق قىلمايلى ، گەپكە كىرىڭ ، ماقۇلمۇ ؟— لىن خېنىم ئەتراپقا ئالاق - جالاق بىر قارىۋېتىپ ، ئالدىراش چۇشەندۇر-دى ، — باياتىنقى ئىشنى سىزگە دېمىدىم ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ .
— قايسى ئىشنى ؟
— بايا ياتاققا كىرىپ چىققىنىمنىچۇ !
— نېمە…… نېمە بولدى ؟
— كۆڭلۈم تۇيغاندەكلا كەينىمگە يېنىپتىكەنمەن ، ياتاققا كىر-سەم ، تور خالتىدىكى ئۈزۈملەر مەن قويغان جايدىن يۆتكىلىپ قاپتۇ .
— مۈلازىملارنىڭ كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟
— ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، — لىن خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى ، — مەن قاپچۇقلارنىڭ ھەممىسىگە بەلگە سېلىپ قويغاندىم . بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇلۇپتۇ……
— قاچان بەلگە سالغان ؟ سىز ئۈزۈم بىلەن مالنى ئالماشتۇرغاندا مەن قاراپ تۇرغانغۇ……
— توغرا ئېيتتىڭىز ، سىز قېشىمغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ، مەن ئۇلارنى سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن . بەلگىنىمۇ شۇ چاغدا سال-غان ، — ۋېيدۇڭ لىن خېنىمنىڭ «ئۇلار» دېگەن گېپىنى «مەخپىي ساقچى» دەپ چۇشەندى ، — قارىغاندا بۇ چوقۇم مەخپىي ساقچىلارنىڭ ئىشى ! ھېلىمۇ ياخشى ، مالنى ۋاقتىدا يۆتكىۋېتىپتىكەنمىز .
— كارامەت ئىش قىپسىز ، لىن خېنىم ! مەن تېخى……
ۋېيدۇڭ تازا ماختىغىلى تۇرغاندى ، لىن خېنىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى :
— سىزمۇ سەگەكرەك بولۇڭ ، ئەمما قورقۇپ كەتمەڭ ، — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى ، — ئەتە كەلگىنىڭىز-دە ، بىر - ئىككى قوغۇن ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ . سودا توغرۇلۇق گەپ ئاچماي ، كۆپرەك ئىشىق - مۇھەببەت توغرۇلۇق سۆزلەڭ . بىز

ئۇلارنى « بۇ ئىككىيلەن ئاشنا ئىكەن » دېگەن تونۇشقا كەلتۈرەيلى . سودا توغرۇلۇق ياڭ ئەپەندىم بىلەن سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ . ئۇقتىڭىزمۇ ؟

— ئۇقتۇم ، — ۋېيدۇڭ ھەيران بولۇپ سورىدى ، — سىز تۇرغان يەردە نېمىشقا ياڭ ئەپەندىم بىلەن سۆزلىشىمەن ؟ يا ئۇنىڭ بىلەن تۇزۇك تونۇشمىسام .

— سىز تونۇشمىغان بىلەن ياڭ ئەپەندىم سىزنى ناھايىتى ئوبدان تونۇيدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمىسىڭىز ، مەن بىلەن سۆزلەشسىڭىزمۇ بولىدۇ . لېكىن ، ياتاقتا ئەمەس ، بىلەمسىز ، ھازىر مەن ئۇلارنى ياتىقىمغا ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى ئورنىتىپ قويغانمىكىن ، دەپ قىياس قىلىۋاتىمەن .

ۋېيدۇڭ ئۇنىڭ ئەقلىگە چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئېيتتى . ئۇنى يەڭگىلغىنا قۇچاقلىدى .

## ئىككى پارچە سۈرەت

گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۈچ كىشى ئىككى پارچە سۈرەت توغرۇلۇق پاراڭلاشماقتا ئىدى .

— بۇ ئادەم ھازىرمۇ بۇ يەردىن قوزغالمىدى ، — دېدى بۆلۈم باشلىقى چۈشەندۈرۈپ ، — پەرىزىمىزچە ، ئۇ يەنە بىر مەزگىل تۇرۇشى مۇمكىن . ماۋۇسى بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى ، تېخىچە ئىز - دېرىكىنى قىلالمايۋاتىمىز .

ئىككىيلەن يەڭگىل نەپەس ئېلىشتى . ئۇلارنىڭ بىرسى لاۋرېن ، يەنە بىرسى ئۇنىڭ ھەمراھى لاۋجاڭ ئىدى .

— بۇ ئادەم ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىدۇ ؟

— «ۋاڭ ئائىلىسىنىڭ مېھمانخانىسى» دا .

— باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كېتىپ قالماسمۇ ؟

— كەينىدە ئادەم بار ، نەگىلا بارسۇن ، نەزىرىمىزدىن قېچىپ

قۇتۇلالمايدۇ...... بىز ئۇنى خېلى بۇرۇنلا قولغا ئالماقچى بولغاندۇق. شياڭگاڭدىن كەلگەن مەلۇماتنى كۆرۈپ، پىلانىمىزنى ئۆزگەرتتۇق. ھازىر ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئاساسەن ئاشكارىلاندى. شياڭگاڭلىق «پەرىزات» نىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرى بار. مۇشۇ ئويۇنىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈپ باقامسىلەر؟

ئىككىيلەن تەڭلا دېدى:

— ئۇنداق قىلساققۇ تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى.

ھايال ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى دانە ئارخىپ خالتىسى پەيدا بولدى. جاۋابكارلارنىڭ ھەرئىككىسى ئەتكەسچىلىكتە ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بىرى ۋېيدۇڭ، ئىككىنچىسى ۋاڭ ۋېي ئىدى.

شاۋدۇن دەل ئاشۇ ۋېيدۇڭ ئىدى. ۋاڭ ۋېي نەگىدۇر يوشۇرۇنۇۋالغاندى.

لاۋرېن بىلەن لاۋجاڭ ئارخىپلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بۆلۈم باشلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى......

* * *

لىن خېنىم مۇنداق بولۇشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنى ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە قولغا ئېلىشتى. ئۇ قولغا ئېلىش قەغىزىدىكى «ئەتكەسچى» دېگەن خەتنى كۆرۈپ شۇنداق چىچاڭشىپ كەتتىكى، چامادان بىلەن سومكىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ساقچىلارنىڭ ئالدىغا تۆكۈۋەتتى. دەرۋەقە، چامادانىدا ياكى سومكىدا ئەتكەس مالنىڭ ئۇۋۇقىمۇ يوق ئىدى.

— ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — مېنىڭ بۇ قېتىم شياڭگاڭدىن نېمە ئەكىلىپ، نېمە سېتىۋالغانلىقىم تاموژنىدىكىلەرگە ئايانغۇ! «ئالدىنقى يىللىرى كەلگىنىڭدە ئەتكەس مالمۇ ئېلىپ كەلگەن» دېسەڭلار، راستىنى ئېيتسام، ئالدىڭلاردا خىجىلمەن. لېكىن بۇ قېتىم......

— توغرا ، بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ئەتكەس مال ئېلىپ كەلمىدى-ڭىز ، ئەمما سېتىۋالغان نەرسىڭىز…… ؟

— نېمە سېتىۋاپتىمەن ؟

— قۇرۇق ئۇزۇم .

— مەن ھېچكىمدىن قۇرۇق ئۇزۇم سېتىۋالمىدىم !

— مانا بۇچۇ ؟

— ساقچى سومكىسىدىن بىر دانە ئۇزۇم قاپچۇقىنى ئېلىپ ، ئاغزىنى شۇنداق ئاچقانىدى . لىن خېنىم خۇدىنى يوقاتقاندەك چىرقى-راپ كەتتى :

— تۆھمەت ! مەن مۇنداق تۆھمەتكە ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن ! مېڭىڭلار ، مېنى نەگە ئاپارساڭلار ئاپىرىڭلار ! مەن ئۆزۈمنى ئاقلىماي تۇرۇپ ، بۇ يەردىن ھەرگىزمۇ كەتمەيمەن !

لىن خېنىم شۇنداق دېدى- يۇ ، ساقچىلارغا جوجىل قويماستىنلا كۈتۈش ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىقتى ۋە دوقمۇشتا كۈتۈپ تۇرغان ساقچى ئاپتوموبىلىغا چىقىپ ، ئورۇندۇققا قاڭتايدى .

*　　　*　　　*

لىن خېنىم چوتنى خاتا سوققانىدى . ساقچى ئىدارىسىدە ئۆزىنى مۇنچىۋالا زور كۆڭۈلسىزلىك كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىنچى قىلىپ ئېلىپ كې-لىنگىنى ۋاڭ ۋېينىڭ سۈرىتى بولدى .

— تونۇمايمەن !— دېدى لىن خېنىم مەسخىرىلىك كۈلۈپ ، — مەن بۇ ئادەمنى چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان !

— توغرا ئېيتتىڭىز ، ئۇنى راستتىنلا تونۇمايسىز ، —دېدى ساقچى ، — مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي : بۇ كىشى سىز شياڭ-گاڭغا ئېلىپ كەتمەكچى بولغان توغقىنىڭىز ۋاڭ يىڭ بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەسلي ئىسمى ۋاڭ ۋېي……

— ھە !……

لىن جېنىمنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، كۆزلىرى چەكچە-يىپ ، ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى . تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ھەدەپ تۇكۇرۇكىنى يۇتاتتى .

ئۇلاپلا شاۋدۇننىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىشتى :

— بۇياقىنىغۇ تونۇيدىغانسىز ؟

— تونۇيمەن !— لىن جېنىم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ زەردە قىلدى ، — مېنىڭ ئاشنام ۋېيدۇڭ بولىدۇ ! مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئوينىغان...... مېنىڭ جىنسىي ئەركىنلىكىمگە چېقىلىشقا نېمە ھەققىڭلار بار ؟ !

— ئاشنىڭىز ئىكەنلىكىگىغۇ راست . بىز سىزنىڭ جىنسىي ئەر-كىنلىكىڭىزگە چېقىلماقچى ئەمەسمىز . ئەتكەسچىلىكتىكى شېرىك-ڭىزمۇ مۇشۇ كىشىدۇ ؟

— پاكىت كۆرسىتىڭ ، پاكىت !

— ياڭ ئەپەندى يالاپ ئېلىپ كىرىلگەندە ، لىن جېنىمنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك مادارى قالمىغانىدى . ئورۇندۇققا «لەسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى . لىن جېنىمغا تەلتۆكۈس ئايان بولدىكى ، نەچچە يىلدىن بۇيان شاۋدۇندىن نەچچە يۈز كىلو نەشە سېتىۋېلىپ شياڭگاڭغا ئېلىپ چىـ-قىپ كەتكەنلىكى ئەمدى تەلتۆكۈس ئاشكارىلانغانىدى . شاۋدۇن قە-ۋەت- قەۋەت سۇلياۋ رەخت بىلەن ئوراپ ، ئۆزۈم قاپچۇقىغا قاچىلانغان 120 كىلو گىرام نەشىنى ياڭ ئەپەندىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، ئالغۇ-بەرگىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزۈش ئالدىدا قولغا ئېلىنىدى (ياڭ ئەپەندى بۇ نەشىلەرنى سۇ يولى ئارقىلىق لىن جېنىمغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى ) . ۋاڭ ۋېي بولسا شياڭگاڭغا مېڭىش ئالدىدا قولغا چۈشتى .

## قۇزغۇن تۇزاقتا

قاپقانغا چۈشكەن بۆرە چاشقاندىنمۇ قورقۇنچاق بولۇپ كېتەر-مىش . بۇ گەپنىڭ قانچىلىكى راست ، بۇنى بۆرە ئوۋلاپ باققانلار بىلسە كېرەك . يۈز نەچچە كىلوگىرام نەشە بىلەن قولغا چۈشكەن شاۋدۇن

ئازراقلا تېپىچەكلەپ بېقىپ، جىمى بالا - قازانى ۋاڭ ۋېيغا يۆكلەپ قويۇپلا قۇتۇلۇش كويىغا چۈشكەندى. ۋاڭ ۋېي ئۇنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى. تۆۋەندىكىلەر ۋاڭ ۋېي بىلەن شاۋدۇننىڭ قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ھەر قېتىملىق سوراقنىڭ ئاخىرىدا تاپشۇرغان يازما ئىقرارنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى:

ۋاڭ ۋېينىڭ 1987 - يىل 5 - ئاينىڭ 7- كۈندىكى ئىقرارىدىن ماۋۇلار مەلۇم بولدى: 1982- يىلى ۋاڭ ۋېي خىزمەت بىلەن گۇاڭجۇ-غا بېرىپ، «ۋاڭ ئائىلىسىنىڭ مېھمانخانىسى» غا چۈشتى ۋە شاۋدۇن بىلەن بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتى. كېچىچە ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىگە «قەلب» تاپشۇرۇشتى: شاۋدۇننىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىكەن. شاۋدۇن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىكى ئاشنىسى ھەشىخان «گىلدىڭ» نىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئون نەچچە كىلوگىرام نەشە ئالغاچ كەپتۇ. ئەمما، خېرىدار تاپالماي ھازىرغىچە ساقلاپ يېتىپتۇ. ۋاڭ خېنىم شاۋدۇن بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلغىد-نى، ئۇنىڭغا تاپاۋەت يوللىرىنى ئېچىپ بەرگىنى بىلەن، ھويلىسىغا ئەتكەس ماللارنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىكەن. تېخى بىر قېتىم شاۋدۇن ئازراق تاشقى پېرېۋوت سېتىۋالغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرگىلى تاس قاپتۇ. شاۋدۇن پۈتۈن بىر كېچە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرغان پېشكەل-لىكتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆچمەن-لىك پەيدا بولغان بولسىمۇ چاندۇرماپتۇ. ئۇنىڭ تېنىدىن ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرسا، ئۇنىڭ سايىسىدا پۇل تېپىپتۇ، تونۇش تېپىپتۇ، يول تېپىپتۇ. بىراق، ھازىر بىساتىدىكى ساپلا ئالتۇنغا تېگىشلىدى-غان ئېسىل «مال» لىرى خېرىدارسىز قېلىۋېتىپتۇ. ئۇنى ساقچىلار-نىڭ، ھەتتا ۋاڭ خېنىمنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ۋاڭ ۋېي ئۇزاقتىن بۇيان دەل مۇشۇ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئى-شەنچلىك ئۇيغۇر شېرىكى بولمىغاچ، شىنجاڭدا كۆپرەك «مال» سې-تىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، ھەر قېتىملىق سەپىرىدە ئاران

بىر - ئىككى مىڭ يۈەنلا نەپ ئالاتتى . شاۋدۈننى چېكىپ بېقىش مەقسىتىدە :

— مېلىڭنى سۇ قىلىپ بەرسەم ، ئۇنىڭ شىرىنكاسىغا نېمە بېرىسەن ؟— دېگەنىدى ، شاۋدۈن :

— پايدىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى سىزنىڭ بولسۇن !—دەپ ۋارقىراپ ، قولىدىكى قۇرۇق رومكىنى «دوققىدە» شىرە ئۈستىگە قويدى .

— گېپىڭدىن يېنىۋالمايسەن- ھە ؟

— يېنىۋالسام ، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي !

ئۇلار پۈتۈشتى......

ھەپتىگە قالماي ۋاڭ ۋېي 5000 يۈەننى شاۋدۈننىڭ ئالدىغا قويغاندا ، شاۋدۈننىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ۋاڭ ۋېينىڭ نەچچە پۇل نەپ ئالغانلىقى ، «مال» نى كىمگە ساتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى . سۈرۈشتۈرگەن تەقدىردىمۇ ۋاڭ ۋېي ئۇنىڭغا سىر بەرمەيتتى .

*　　　*　　　*

شاۋدۈننىڭ 1987- يىل 5- ئاينىڭ 9- كۈندىكى ئىقرارى مۇنداق :

ۋاڭ ۋېي شىنجاڭغا قايتتى . شاۋدۈن كاۋاپدانىنى قول ئاستىدىكى ئىشچىلارغا تاشلاپ بېرىپ ، قەشقەرگە باب ، بازىرى ئىتتىك چەت ئەل ماللىرىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا ھەر تەرەپكە پالاقلاشقا باشلىدى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، شياڭگاڭدىن لىن خېنىم كېلىپ قالدى . ئۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئالىي مېھمانخانىلارنىڭ بىرىگە چۈشكەنىدى . ھەر كۈنى بىرەر قېتىم ۋاڭ ئائىلىسىگە كېلىپ تۇردى . كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ ، شاۋدۈن بىلەن تونۇشۇپ قالدى . شاۋدۈن ئۇنىڭ پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسنىگە مەپتۇن بولغان بولسا ، لىن خېنىم كۆڭلىدە باشقىچە چوت سوقۇۋاتاتتى . ئۇ ۋاڭ خېنىم بىلەن بىر نەچچە

قېتىم مۇڭدىشىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ «كارغا كەلمەس ، قورقۇنچاق» ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى . شۇڭا ، شاۋدۇنغا يېقىنلاشتى . ئۇنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلدى . چەت ئەلنىڭ ئېسىل هاراقلىرى بىلەن مېهمان قىلدى . پاختىدەك يۇمشاق تېنى ، ئوتتەك قىزىق لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆزىگە چېتىۋالدى . ئىچ سىرلىرىنى بەش قولدەك بىلىۋالدى . بىر كۈنى لىن خېنىم شاۋدۇننىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئولتۇرۇپ :

— سىلەرنىڭ يۇرتتىن نەشە كۆپ چىقىمىش دەپ ئاڭلىغانىدىم ، مۇشۇ گەپ راستمۇ ؟— دەپ سورىغانىدى ، شاۋدۇن :

— هەئە ، — دەپ جاۋاب بەردى ، — قانداق دەيسىز ؟

— بىرەيلەن شۇ نەرسىدىن ئازراق ئالغاچ كېلىشىمنى بۇيرۇغا- نىدى ، مۇمكىن بولسا……

— ئاپلا ، بالدۇرراق دېگەن بولسىڭىز .

— نېمە ؟ سىزدە بارمىتى ؟

— نېمە دېسەم بولار ، هەي…… خېلى جىق بار ئىدى ، تېخى ئۆتكەن هەپتە سېتىۋېتىپتىكەنمەن .

— كىمگە ساتتىڭىز ؟ قانچىلىك پايدا تەلەپ قىلسا بەرسەك ، ماڭا ئازراق ئېلىپ بەرسىڭىزچۇ ؟

شاۋدۇن كىمنىڭ سېتىۋالغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى هەم دەر- هال سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقانىدى ، لىن خېنىم ئۇنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ، تاشنى ئېرىتكۈدەك نازلىق تەلەپ- پۇزدا ئىلتىجا قىلدى :

— ئىلاج قىلىپ بۇ قېتىم بىرئاز تېپىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭ ، تېپىلمىسا ، مەن يەنە بىر قېتىم كەلگۈچە قانچىلىك تاپقىلى بولسا ، شۇنچىلىك تەييارلاپ قويۇڭ ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل ، بۇدا قاچان كېلىسىز ؟

— يازلىق سودا يەرمەنكىسىگە ئۈلگۈرۈپ كېلىمەن .

— يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن كېلىدىكەنسىز- دە .

— توغرا ئېيتتىڭىز ، توپتوغرا ئۈچ ئايدىن كېيىن كېلىمەن . ئاڭغىچە بەش - ئون كىلو تەييارلاپ قويالارسىزمۇ ؟

— بەش - ئون كىلو دېگەن نېمىكەن ئۇ ! ئەللىك - ئاتمىش كىلومۇ تەييارلاپ قويالايمەن ، ئەمما......

— ئەمما ، نېمە ؟

— دېگەن ۋاقىتتا كەلمەي قالسىڭىز......

— نېمىشقا كەلمەيدىكەنمەن ؟ ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز - دە ؟

— ئىشىنىشنىغۇ ئىشىنىمەن......

— ھەقاچان سىز ئۇنى ساتالماسلىقتىن ئەنسىرەيسىز ...... مۇنداق قىلايلى : مەن سىزگە ئۇنىڭ يۈەنلىك ھۆججەت يېزىپ بېرەي ، ئەگەر ۋەدە قىلغان كۈندىن بىر كۈن كېچىكىپ قالسام ، ھۆججەتنى ۋاڭ خېنىمغا تاپشۇرۇپ ، پۇلنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋېلىڭ .

— مالنى ئۇنىڭغا بېرەمدىمەن ؟

— ياق ، ئۇ مۇنداق ئىشتا كارغا كەلمەيدۇ .

— ئەمىسە قانداق قىلمەن ؟

— قانداق قىلىشنى ئۆزىڭىز بىلىڭ . يا ئۆزىڭىزنى ، يا مېنى ئاشكارىلاپ قويمىسىڭىزلا بولىدى . بەش - ئونمىڭ يۈەن دېگەننىڭ كارى چاغلىق نەرسە !— لىن خېنىم شاۋدۇننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى ، — مەن بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ، ۋاڭ خېنىمغا ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن ئاشۇ كۈندە سىزگە ئونمىڭ يۈەن بېرىشنى تاپىلايمەن . لېكىن ، ئىشىنىمەنكى ، سىز ئۇ پۇلنى ئېلىپ بولغۇچە ، مەن بۇ يەرگە ئۈلۈپ بولىمەن . قانداق ، سىنىشىپ باقامدۇق ؟

— بولىدۇ ، سىنىشىپ باقايلى !

دېگەندەك ، لىن خېنىم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى . ئۇ شاۋدۇندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن گۇاڭجۇغا كېلىپ بولغانىدى ، شۇنىڭدىن بۇيان ، شاۋدۇن ئاقيارغا قايتىسىلا ، تەرەپ - تەرەپتىن نەشە يىغىدىغان ، خوتۇنىمۇ شوك تۇرمايدىغان بولدى . بەزى ئېھتىماللارنى نەزەرگە ئېلىپ ،

ۋالڭ ۋېينى پوتنغا «چېتىپ» ئالدى ھەم ئونىڭ مەسلىھەت كۆرسىتد-شى بىلەن نەشىلەرنى قاتموقات سولىياۋ رەخت بىلەن ئوراپ، گولە، جىگدە قاچىلانغان تاغارلارغا سېلىپ، ئورومچىگە ئاپىرىۋالغاندىن كې-يىن، تورپاننىڭ قوروق ئوزومى قاچىلانغان قەغەز قاپچوقتا خوپ كەلگودەك چوڭلوقتا قاچىلايتتى. دە، گاھى ئايروپىلانغا، گاھى پو-يىزغا ئولتورۇپ گۇاڭجوغا ئاپىراتتى. ۋالڭ ۋېي چۆنتىكىگە كىرىۋات-قان پۇلنىلا بىلىپ، ئونىڭ كىم بىلەن ئالغو - بەرگو قىلىۋاتقىنىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى.

ئۆتكەن يىلى كوزدە، شاۋدۇن گۇاڭجودىن قايتىپ كېلىپلا تە-رەپ- تەرەپكە قاتراپ «مال» سېتىۋېلىشقا باشلىدى. قوشنا يېزا - كەنت ۋە ناھىيەلەردىن ئونىڭغا «مال» ئېلىپ كېلىدىغان چۆپقەتلەرمو ئاز ئەمەس ئىدى. بولارنى كۆپىنچە ھەشخان «گىلدىڭ» كوتەتتى. بونداق چۆپقەتلەر كۆپەيگەنسېرى، كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ئولارغا مەركەزلەشتى. روستەمنىڭ ئەتراپلىق كۆزىتىشى نەتىجىسىدە، شاۋدونلارنىڭ شوغوللىنىۋاتقىنى ئىچكىرىگە نەشە توشوش، ئو يەردىن چەت ئەل ماللىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، تىجارەتچىلەرگە توپ سېتىش ئىكەنلىكى موقىملاشتى. روستەم يېزىلىق ساقچىخانىنىمو خەۋەرلەندوردى. بىراق، پولنىڭ كوچى ھەقىقەتەن چەكسىز ئىكەن. شاۋدوننىڭ «تۇزىنى يېگەن» بىر ياچېيكا ھەيئەتى (ئونىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايلى) روستەمنىڭ يىغىندا شاۋدون توغرۇلوق نېمىلەرنى دېگەنلىكى ۋە يىغىندىكى موزاكىرىنىڭ روھىنى ئېيتىماي - تېمىتماي شاۋدونغا يەتكوزدى. شاۋدون دەرھال توتوش قىلىپ، بارلىق «مال» لىرنى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىۋالدى. بونىڭ بىلەنمو قانائەتلەنمەس-تىن، روستەمنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كويىغا چوشتى. ئو ھويلىسىغا پاشىلىق ياساش ئوچون بادرا كېسىۋېتىپ، ياڭ دابەينىڭ كەنت ماگد-زىنى يېنىدىكى ئازگالغا تاشلىۋەتكەن ئەسكى خېيىنى يادىغا ئالدى. تۆت شېشە «يوتېڭجىڭ» سېتىۋېلىپ، بىر كونى ئەلياتقودا بېلىق كۆلى بويىغا كېلىپ بېلىق «ئوۋلىدى». روستەمنىڭ «شەرق» دېھ-

قانچىلىق مەيدانىغا كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپلا، ئامما ئارىسىدا: «مەيداندىكى خەنزۇلار بېلىق كۆلىگە زەھەر تاشلاپتۇ» دەپ گەپ تارقاتتى. ئەسلىدە ئۇ رۇستەمنىڭ، ھەتتا پۈتۈن كەنتنىڭ نەزىرىنى ئۆزىدىن چالغىتىپ، مەيدان بىلەن كەنت، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا تۈگىمەس ئاغرىق ـ ئاداۋەت پەيدا قىلىپ بىر مەيدان «سىنىپىي كۈرەش» ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرمەكچى بولغانىدى. بىراق، رۇستەم بۇ ئىشنى قىلچە داۋراڭ قىلمىدى، ھەتتا ئاشۇنداق ئىش بولغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلدى. قىسمەت شۇنداقمۇ ياكى پەيمانى تولغانمۇ، شاۋدۈن ئۆزى قۇرغان قاپقانغا ئۆزى چۈشۈپ قالدى.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

شاۋدۈن ۋاڭ ۋېيدىن مەدەت تىلەپ مەيدانغا چاپتى. ئۇ ۋاڭ ۋېينىڭ تۈنۈگۈن ئىچكىرىدىن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

ئۇلار يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ئەتراپىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ۋاڭ ۋېينىڭ روھى چۈشكۈن، رەڭگى سولغۇن ئىدى. شاۋدۈنغا ئانچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتمىدى. شاۋدۈن بۇنى «سەپەر ئۈستىدىكى ھارغىنلىق» دەپ چۈشەندى-دە، كۆڭلىگە ئېلىپمۇ كەتمىدى. بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نەرخى، ھاۋاسى، يېڭى چىققان ماللارنىڭ تۈرلىرى ۋە باھاسىنى سۈرۈشتۈرۈدى. ئۆزى دۇچ كەلگەن مۈشكۈلاتنى يېپىدىن يېڭىنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پېشكەللىكلەردىنمۇ ۋاڭ ۋاھيىنى خەۋەرلەندۈردى. شاۋدۈن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ۋاڭ ۋېينىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدا بېلىق كۆزىدەك سىرتقا پۈلتىيىپ تۇرغان كۆزلىرى غەلىتە چاقناپ، چىرايى تېخىمۇ ئۆڭدى. قاڭشىرى بار بىلەن يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياپىلاق بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىڭ بىر كېرىلىپ، بىر يېپىلىشىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. شاۋدۈنغا ۋاڭ ۋېينىڭ بويى تېخىمۇ پاكارلاپ، رەڭگى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

*　　　*　　　*

ۋاڭ ۋېينىڭ 1987- يىل 5- ئاينىڭ 13- كۈندىكى ئاغزاكى ئىقرارى مۇنداق:

دېمىسىمۇ، ۋاڭ ۋېينىڭ سەپەردە چارچىغىنى ئاز كەلگەندەك، ئۆيدە ئۇنى ئاجايىپ پالاكەت كۈتۈپ تۇرغانىكەن:

— لاۋۋاڭ، — دېدى خوتۇنى كەچتە بالىلارنى ئۇخلىتىپ بولۇپ، چىراغنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ يېتىپ، — مۇنداق سەپسالسام، لى لىنىڭ بويىدا قالغان ئوخشايدۇ......

— بۇنى قانداق ئۇقتۇڭ؟

— نەچچە بالىغا ئانا بولغان ئادەم شۇنىمۇ ئۇقمامدىكەن؟! يۈزلىرىگە داغ چۈشۈپ، مېڭىش - تۇرۇشىمۇ بۆلەكچىلا بولۇپ قاپتۇ......

— بۇ گەپچە، ئۇ زە شياۋجاڭ بىلەن ئويناپ قاپتۇ- دە!؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— بوپتۇ، ئوبدان قىپتۇ...... ھېلىمۇ بىچارە قىز بالىغا تۇزۇك لايىق چىقماي، چېچىغا ئاق كىرىپ كەتكىلى تاس قالغانىدى. شياۋجاڭدىن بويىدا قالغان بولسا ئىتتىكرەك توي قىلىۋالار.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم. بۇمۇ لى لىنىڭ بەختى.

ئارىغا بىر پەس جىملىق چۈشتى. ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ مەھكەم ئېتىلگىنىگە قارىماي، ئىككى - ئۈچ دانە پاشا ھېلى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قونسا، ھېلى قۇلاقلىرى تۈۋىدە تىنىمسىز غىڭشىلدايتتى. تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بالىلارنىڭ بىرسى جۆيلۈپ، نېمىلەرنىدۇر ئۇنلۇك غودۇڭشىدى. ۋاڭ ۋېي خوتۇنىغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ، ئالاھىدە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى، ئاندىن پەس ئاۋازدا سورىدى:

— بۇ گەپنى باشقىلارمۇ بىلەمدىكەن؟

— قايسى گەپنى دەيسىز؟

— لى لىنىڭ ئېغىر بويلىقىنى.

— ياق ، بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ . ھېچكىمنىڭ بۇ توغرۇلۇق بىرنەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم .
— سەن بىركىمگە دەپ سالمىغانسەن ؟
— ياق ، بۇنداق گەپنىمۇ خەققە دېگىلى بولامدۇ ؟ ! توي قىلماي تۇرۇپ بويىدا قالسا ، قىز بالا ئۇچۇن سەت ئەمەسمۇ ؟ پەيتىنى تېپىپ ، لى لىنى گەپكە سېلىپ بېقىپ ، راستىنلا شياۋجاڭدىن بويىدا قالغان-لىقىنى ئۇقساق ، ئىتتىكرەك توي خېتى ئېلىپ ، تويىنى قىلىپ قويايلىمىكىن دەۋاتىمەن .
— بۇ ئىشنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالماي تۇر . قىز بالا ئەمەسمۇ ، خىجىل بولىدۇ .
— ماقۇل .
ئەر - خوتۇن ئاشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن ، بىر - بىرىگە يېقىن چاپلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى . ليۇگۇيفېن پۇشۇل-داپ ئۇخلاپ كەتكەن بىلەن ، ۋاڭ ۋېينىڭ كۆزلىرىدە ئۇيقۇ دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ كۆزلىرىنى دېرىزە سىرتىغا تىككە-نىچە خىيال سۈرمەكتە ئىدى . ئۇ خۇشال ئىدى . خۇشاللىق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرگۈزمەيۋاتاتتى . ئادەم شۇنداق نەرسە : خۇشال-لىقتىمۇ ، خاپىلىقتىمۇ ئۇيقۇسى قاچىدۇ . ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ . يۈ-رىكى قوزغىلىپ بىئارام بولىدۇ . ۋاڭ ۋېي شۇنداق بولۇشىنى ئۇزاق-تىن بۇيان كۈتكەن ، لى لىنىڭ «دۈت» لىكى ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەي كەلگەنىدى . مانا ئەمدى ئۇ مەقسىتىگە يەتتى . ئەتە ئەتىگەن-دىلا لى لىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئېغىر بوي ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە بىلدۈر-سە ، ئاندىن ياڭ دابەينى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋەت-سە ، ھەممە غەم - ئەندىشىدىن بىراقلا قۇتۇلامدۇ ؟ !
ۋاڭ ۋېي ناھايىتى تەسلىكتە تاڭنى ئاتقۇزدى . چالا - پۇچۇق ناشتا قىلدى- دە ، لى لىنى ئىزدەپ تاۋۇزلۇققا يول ئالدى . كېتىۋېتىپ : «ئەگەر شياۋجاڭ لى لىغا يېقىنلاشمىغان بولسا ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا كىمنىڭ بولىدۇ ؟ » دېگەن سوئال كاللىسىدا پەيدا بولۇش بىلەنلا ،

ئىچىگە مۈشۈك كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇيقۇسىزلىقتىن بوشاشقان پۇت- قولى تېخىمۇ ماغدۇرسىزلاندى. چىرايىنىڭ خۇنى قېچىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. كۈز ئەتىگىنىنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋاسى يۈرىكىنى ھۇزۇرلاندۇرمىدى. ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرى، پىشىپ ۋايىغا يەتكەن مول- ھوسۇللۇق ئاق قوناق، كۆممىقوناق پالاڭلىرىنىڭ غۇر- غۇر تاڭ شامىلىدا لەرزان شىلدىرلىشى، قونىقى ئورىلىپ بولغان ئېتىزلارنى كۈزلۈك شۇدىگەر قىلىۋاتقان تىراكتورلارنىڭ تىنىماي تاتاتلىشى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. بەزىدە ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن تونۇش- بىلىشلىرىنىمۇ كۆرمەي قالاتتى. سالامغا سالام قايتۇرمايتتى.

شاۋدۈننىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۇچراپ قېلىشى ئۇنى خۇشال قىلىش ئورنىغا تېخىمۇ كەيپىنى ئۇچۇردى. ئۇنىڭ بىلەن سوغۇقلا سالاملاشتى. سوئاللىرىغا تۈزۈك جاۋاب بەرمىدى. سۆزلىرىنى خۇشياقماسلىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ لى لىنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىشقا ئالدىرايتتى. لېكىن، شاۋدۈننىڭ رۇستەم توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچقاندەك بولدى. ئۇ سەگەكلەشتى. جىددىيلەشتى. ئۇنىڭغا ئايانكى، شاۋدۈننىڭ قانچىلىك تۇتۇرۇقسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋاڭ ۋېي بەك ئوبدان بىلەتتى. ۋاقتى كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلغۇدەك بولسا، ۋاڭ ۋېينى ئۆزىگە چېتىۋالماي قالمايتتى. شۇڭا، ۋاڭ ۋېي ئۇنىڭدىن نېرى تۇرۇپ، يولى كەلگەندە ئاز- تولا مەسلىھەت كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭغا جازانىگە بەرگەن 5000 يۈەنىنىڭ ھۆججىتىنى پوكىنىغا مەھكەم بېسىپ، ئۇنىڭ نېمە قىلىپ، نېمە ئېتىپ يۈرگەنلىكى، كىملەر بىلەن ئالغۇ- بەرگۈ قىلىۋاتقىنى بىلەن ئاساسەن كارى بولماي كېلىۋاتاتتى. لېكىن، پۇلنىڭ 20 پىرسەنت ئۆسۈمىنى بىر تىيىن كەملەتمەي ئالاتتى. شاۋدۈنمۇ بۇ جەھەتتە چىڭگىسلىك قىلىپ ئولتۇرمايتتى. تېخى مەردلىكى تۇتۇپ كەتسە، خېلى پۇللۇق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىۋېتەتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە

تەلەپ قىلمايتتى . ئۇنىڭ بۇ تەرىپى ۋاڭ ۋېيغا يارايتتى . مانا ئەمدى شاۋدۇن گۇمان ئاستىغا ئېلىندى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ۋاڭ ۋېيغى-مۇ ياخشى كۈن يوق . ۋاڭ ۋېي بارا - بارا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى . ئۇنى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرغان بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرماي بولمايتتى . ۋاڭ ۋېي ئويغا پاتتى . ئويلا - ئويلا ئاخىر تولىمۇ ئەپچىل بىر ئەقىل تاپتى : «لى لىنىڭ قورسىقىدىكى بالا كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنى رۇستەمگە چاپلىسىلا ئىش پۈتمىدىمۇ ؟ !...... »

— شاۋدۇن ، سەن خاتىرجەم بول ، — دېدى ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان شاۋدۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ، — رۇستەمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن . «مال» نى قەشقەرگە يۆتكىۋېتىپ ئوبدان قىپسەن . بېلىقلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ئىشىڭدىن ھېساب بەرمەي بولمايدۇ . راستىنى ئېيتسام ، بۇ ئىشتا بەك دۆتلۈك قىپسەن . خەير ، ئۆتكەنگە سالاۋات . مۇنداق قىل : ئەگەر رۇستەم ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ ، سېنى سوراققا تارتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ، «رۇستەم كادىر تۇرۇپ بېلىق كۆلىنى ھۆددىگە ئېلىۋالغىنىغا كۆزۈم قىزىرىپ ، ئاشۇنداق قىلىپ تاشلاپتىمەن...... » دېسەڭ ، قانۇن سېنى ھېچ نەرسە قىلمايدۇ . جەرىمانە تۆلەشتىن قاچمىساڭلا ، تۇرمىگىمۇ كىرمەيسەن . ئەمما ، «مال» ئاشكارىلىنىپ قالسا ، ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ئۇقتۇم ، — شاۋدۇن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سورىدى ، — رۇستەمنىڭ ئىشىنى قانداق توغرىلىماقچىسەن .

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ! — ۋاڭ ۋېي سىرلىق قىلىپ دېدى ، — ۋاقتى كەلگەندە بىلىسەن ، بىر مەزگىل «مال» سېتىۋالماي جىمجىت يۈرسەڭ ، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

شاۋدۇن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ۋاڭ ۋېي ئۇدۇللا لى لىنىڭ قېشىغا — تاۋۇزلۇقنىڭ ساتمىسىغا باردى . لى لىنى ئەيۋەشكە كەلتۈ-

رۇپ قويۇپ ، قەشقەر شەھىرىگە باردى- دە ، بىر شېرىكىگە لى لىنىڭ
ئېغىر بوي ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەتنى يازدۇرۇپ ، پوچتىخانا
ئارقىلىق جاڭ لورەنگە يوللىۋەتتى .

## ئۇنتۇلغان پىچاق

شاۋدۇن بىلەن ۋاڭ ۋېينى سوراق قىلىش ئاخىرلاشتى . شاۋدۇن-
نىڭ ئەتكەسچى لۈكچەك ئىكەنلىكى مۇقىملاشتى . ۋاڭ ۋېي ئەتكەس-
چىلىك ، باسقۇنچىلىق ۋە باشقىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلغان
جىنايەتلىرىنى بوينىغا ئالدى .

ھەر ئىككىسى سوراق خاتىرىسىگە ئىمزا قويدى . بارلىق جىنايى
قىلمىشلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يېزىپ تاپشۇردى .

ئەمدى ئۇلار سوتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكمىنى كۈتۈۋاتاتتى .

رۇستەمچۇ ؟

رۇستەم تېخىچە تۈرمىدە ئىدى . پەرق شۇ ئىدىكى : ئۇنى تۈرمە
ئىچىدىكى مەخسۇس ھويلىغا «قاماشقان» ئىدى . ھويلىنىڭ ئاچقۇچى
ساقچى باشلىقى ياڭ ۋېنبىڭنىڭ قولىدا ئىدى . ئۆزىدىن بۆلەك ھېچ-
كىمنىڭ ھويلىغا كىرىشى ۋە بۇ «پەۋقۇلئاددە جىنايەتچى» بىلەن
ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى . بۇنىڭدىن تۈرمە باشلىقىمۇ ،
تۈرمە نازارەتچىلىرىمۇ ھەيران ئىدى . بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۆزئارا
كۇسۇلداشسىمۇ ، ئاشكارا سورۇنلاردا بىرنەرسە دېيىشكە ھېچكىممۇ
پېتىنالمايتتى . ئۇلار بۇ «پەۋقۇلئاددە جىنايەتچى» نى «باسقۇنچىلىق
جىنايىتى بولغاندىن تاشقىرى ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ ، ئېغىر
ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتى بولسا كېرەك» دەپ قىياس قىلىشاتتى .
تېخى : «بۇ ئادەم ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ كاتتىبېشى ئىكەن»
دەپ ئەۋلىيالىق قىلىدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . رۇستەم تاماققا
كىرىشىپ ھەپتىدىن كېيىن مۇشۇ ئۆيگە يۆتكەپ چىقىلغانىدى . بۇ
ئۆينى «تۈرمە» دېگەندىن كۆرە ، «مېھمانخانا» دېگەن تۈزۈك ئىدى :

رادىيو - تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ ، بۇ نەر-سىلەرنى ياڭ ۋېنبىڭ كېچىلىرى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي بىر - بىرلەپ توشۇغانىدى . ھەر كۈنلۈك گېزىتنىمۇ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەتتى . بۇنىڭدىن رۇستەم بەكمۇ خىجىل بولاتتى . نېمە ئامال ؟ «جىنايەتچى» بولغانىكەن ، ساقچى باشلىقىنىڭ ھەممە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك- دە !

رۇستەم كۈن بويى گېزىت - ژۇرنال كۆرەتتى . كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنەتتى ، خاتىرە يازاتتى . رادىيو - تېلېۋىزورنى پەس ئاۋازدا ئې-چىپ قويۇپ ، بىرەر پىروگراممىنىمۇ قالدۇرماي تولۇق ئاڭلايتتى ، كۆرەتتى . قىسقىسى ، يالغۇز ياشاۋاتقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۈنى ئوبدان ، كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى . ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى سالا-مەتلىكىنى ئاسراش ئىدى . ئۇ بۇنىڭغا قەتئىي ئەمەل قىلدى . تاماقنى تويغۇدەك يەيتتى ، قانغۇدەك ئۇخلايتتى ، كۈنىگە ئۈچ ۋاق گىمناستىكا ئوينايتتى . ياتاق ۋە ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈپ تازىلايتتى . دېرىزە ئەي-نەكلىرىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتەتتى . ئۇ سەمرىپ قورساق سالدى . چىرايى پارقىراپ ، كۆزلىرى نۇرلاندى .

بەش ئاي تارتقان خورلۇق ، ئازاب - ئوقۇبەت ۋۇجۇدىغا سالغان ئىزلار پۈتۈنلەي يوقالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ھەقىقىي جىنايەتچىنىڭ ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان قولغا چۈشمەيۋاتقانلىقى ئۇنى تەئەججۈپلەندۈردى . بەزىدە ياڭ ۋېنبىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك ، يەنە بەزى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەت-تى . بۇنداق چاغلاردا ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، ئۇيقۇسى قاچاتتى . ئىشتىھاسى تۇتۇلاتتى . ياڭ ۋېنبىڭدىن نېمىلەرنىدۇر سوراپ باققۇسى كېلەتتى- يۇ ، سورىمايتتى . ئۇنى ئەڭ قىينايدىغىنى يالغۇزلۇق ئى-دى . رىۋايەت قىلىنىشىچە : ئادەم ئۆلۈپ ، گۆرگە كۆمۈلگەندىن كې-يىن ، بەزىسى دوزاخقا كىرسە ، بەزىسى جەننەتكە كىرەرمىش . جەن-نەتكە كىرگەنلەرنىگە ھۆر - غىلمانلار ھەمراھ بولسا ، دوۋزىخىلارغا ئاسىي- جاپىلار ھەمراھ بولارمىش . دوزاختىمۇ ، جەننەتتىمۇ يالغۇز

ياشايدىغان ئىش يوق ئىكەن . لېكىن ، رۇستەم هايات تۇرۇپلا ئادەم-لەردىن ئايرىلىپ قالدى . ئىلگىرى كۈندە ئادەملەر بىلەن نەچچە ۋاق ئۇچرىشىپ تۇراتتى . هاجەتكە چىقىپ كىرگۈچە ئارىلىقتا ئۇنى - بۇنى كۆرەتتى . ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشاتتى . كىشەننىڭ شاراقلى-شى ، جىنايەتچىلەرنىڭ سۆزلىشىشلىرى ، ھەتتا قىژغىل - تاغىل ئوقۇغان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى . ئىككى ئايدىن بېرى كۆرۈۋاتـ-قىنى ياڭ ۋېنبىڭ بىلەن تېلېۋىزور پىروگراممىلىرى بولدى . ئۇنىڭ ئادەملەرنى كۆرگۈسى ، ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغۇسى ، مۇڭداشقىسى ، بۇ زېرىكىشلىك دۇنيادىن تېزرەك قۇتۇلغۇسى بار ئىدى . ئۇ ھەرقانچە ئالدىرىغان بىلەن ، تەقدىر ئۆز ئويۇنىنى ئويناۋاتاتتى . قىلچە ئالدىرى-مايتتى .

بۇنىڭدىن 15 كۈن ئىلگىرى چۈشتە ، ياڭ ۋېنبىڭ بىلەن لاۋرېن كىرىپ كەلدى . لاۋرېن ئۇنىڭ قولىنى ناھايىتى ئۇزاق سىقتى . تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى . ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا-سالاملىرىنى شىرە ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا يانمۇيان ئول-تۇرۇپ تاماكا تۇتتى . گېپىنىڭ بېشىدىلا ھەقىقىي جىنايەتچى شاۋدۇن بىلەن ۋاڭ ۋېي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، رۇستەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇر-دى . بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىنىڭ باسقان يوللىرى ، قىلغان ئىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى . ياڭ ۋېن-بىڭمۇ ئۇزاقتىن بۇيان بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇپ كەلگەنلى-كىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈردى ۋە ئەپۇ سورىدى . ئاخىرىدا سوم-كىسىدىن بىر دانە ھارۋىكەشلەر ئارزۇلاپ قىسىدىغان ھەددىدىن زىيادە يوغان ، كۈمۈش تولتىلىق پىچاقنى ئېلىپ رۇستەمگە ئۇزاتتى :

— بۇنى رازۋېدكا بۆلۈمىدىكىلەر ئۆلۈشكۈن بەرگەنىدى . ئالغاچ كېلىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

— نېمە؟ بۇ ...... — كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان رۇستەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ، — بۇ پىچاقنى مەنمۇ ئېسىمدىن چىقىرىۋې-تىپتىمەن؟— رۇستەم پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ، بىرھازا سىنچىلاپ

قارىغاندىن كېيىن دېدى ،— بۇ سەيدۇللاكامنىڭ پىچىقىغۇ !
— بۇنى ساقچىلار سىزنىڭ قولىڭىزدىن تارتىۋاپتىكەنغۇ ؟
— مەن ئۇ چاغدا خاتا پەرەز قىلغانىكەنمەن ،— دېدى رۇستەم ،— قارىغاندا ، شاۋدۇن بۇ پىچاقنى سەيدۇللانىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىققاندەك قىلىدۇ .
— ئۇنداقتا ، شاۋدۇن سەيدۇللانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، سەيدۇللا ئۆلۈپ بولغان ئىكەن. دە ؟
— ياق ، — رۇستەم ياڭ ۋېنبىڭنىڭ پەرىزىنى رەت قىلدى ، — مېنىڭچە ، ئۇ چاغدا سەيدۇللاكام ئۆيگە كىرمىگەن .
— نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز ؟— گەپكە سوت باشلىقى ئارىلاشتى .
رۇستەم ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى :
— شاۋدۇن تامدىن ئارتىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن چاغدا ، مەن هويلا ئىشكىنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەن ، هەتتا قۇلۇپنى تۇتۇپ ، تارتىپمۇ باققان .
— توغرا ، توغرا ، — ياڭ ۋېنبىڭ يوتىسىغا «ۋاققىدە» كاچاتلاپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ماۋۇلارنى ئېسىگە ئالغانىدى : سەيدۇللانىڭ ئىچىدىن تاقالغان هويلا ئىشكى ئۈچ كۈنگىچە ئېچىلمىغاچ ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان پەيدا بولغان ۋە ئەهۋالنى مەهەللە باشلىقىغا خەۋەر قىلغان . مەهەللە باشلىقى بىر نەپەر ياشنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ هويلىغا كىرگۈزۈپ ، ئىشىكنى ئاچقۇزغان . ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ ئىچىدىن تاقاقلىق بولغاچ ئۇلار دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە قاراپ ، قورسىقىنى چاڭگاللىغىنىچە قېتىپ قالغان سەيدۇللانىڭ جەسىتىنى كۆرۈشكەن . نەق مەيداننى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۆيگە هېچكىمنى كىرگۈزمەي ، دەرهال يېزىلىق ساقچىخانىغا ئەهۋالنى مەلۇم قىلغان . ساقچىخانا هويلىدا نۆۋەتچى توختىتىپ ناهىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تېخنىكلىرى يېتىپ كەلگۈچە ئۆي ئىشىكىنى ئاچمىغان . تېخنىكلار نەق مەيداندىن تارتىلغان سۈرەت

ۋە جەسەتنىڭ يېنىدا سىڭايان ياتقان «د.د.ۋ» قاچىلانغان ھاراق شىشىسىنى كۆرۈپ، سەيدۇللانىڭ «د.د.ۋ» ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئەھۋال ئىگىلەش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق «سەيدۇللانىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە خوتۇنىنىڭ يارىشىشىغا كۆنمىگەنلىكى، رۇستەمنىڭ سىڭلىسى تەرەپتە تۇرۇپ، سەيدۇللانىڭ روھىي ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاتقانلىقى» دەپ قارىلىپ، رۇستەمگە «سەۋەبچى قاتىل» دېگەن جىنايەت ئارتىلغان. بىراق، سەيدۇللانىڭ بېلىگە ئېسىقلىق قۇرۇق غىلاپ بىلەن رۇستەمدىن مۇسادىرە قىلىنغان پىچاق ئۈستىدە ھېچكىممۇ باش قاتۇرۇپ باقمىغان.

ياڭ ۋېنبىڭنىڭ كەيپى ئۇچقاندى. ئۇ ساقچى كىيىمىنى كىيگەن ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان ئىنتايىن چىگىش دېلولارنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان. ئازدۇر ـ كۆپتۇر خاتالىقمۇ ئۆتكۈزگەن. لېكىن، رۇستەمنىڭ دېلوسىدەك مۇنداق ناھەق دېلوغا تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىشى ۋە بىرلا ئادەمنىڭ ئىسپاتىنى ئاساس قىلىپ، يەڭگىللىك بىلەن رۇستەمگە «باسقۇنچى»، ھەتتا «سەۋەبچى قاتىل» دېگەن جىنايەتنى ئارتىشى ئىدى. لېكىن، لاۋرېنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ رۇستەمنى ئاقلىشى نەتىجىسىدە ھەقىقىي جىنايەتچىنى تېپىپ چىقىپ، رۇستەمدىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە سەيدۇللانىڭ ئۆلۈۋېلىشىدا رۇستەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى زادىلا ئىنكار قىلالمايۋاتاتتى. كاللىسىدا بىرمۇنچە چىگىش سوئاللار پەيدا بولدى:

«سەيدۇللانىڭ پىچىقى قانداق بولۇپ شاۋدۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟ شاۋدۇن ئۇنى سەيدۇللانىڭ بېلىدىكى غىلاپتىن قاچان، قەيەردە، قانداق سۇغۇرۇپ ئالدى؟ شاۋدۇن پىچاقنى نېمە قىلماقچىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا تاشلىۋەتتى؟»

ياڭ ۋېنبىڭ مۇشۇنداق گادىرماچ خىياللار ئىچىدە ئۈزۈپ، تىنىماي ئۇياندىن ـ بۇيانغا ماڭاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ھەيران

بولۇپ ، ئۈن - تىنسىز جىم ئولتۇرۇشاتتى .

ياڭ ۋېيبىڭ سوزۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— ئويلىسام ، سەيدۇللانىڭ ئۆلۈشى بىلەن شاۋدۇننىڭ چېتىشلىقى باردەك قىلىدۇ . لېكىن ، بىز بارلىق دىققىتىمىزنى ئۇنىڭ ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ سەيدۇللانىڭ ئۆيىگە نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكى ، ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلغانلىقى بىلەن زادىلا ھېسابلاشماپتۇق . ئەمدى بۇ خاتالىقىمىزنى تۈزىتىشىمىز كېرەك .

شۇنداق قىلىپ ، رۇستەم «تۇرمە» دە يەنە نەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى .

## «سىرتماق»

شاۋدۇن «جىنازىنى كۆرمىگۈچە ، ئۆلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان» لاردىن ئىدى . ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە ئاسانلا ئىقرار بولۇشى — پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا تېنىۋېلىشقا نائىلاج بولغانلىقىدىن ئىدى . سەيدۇللانىڭ ئۆلۈمى ۋە پىچاق تىلغا ئېلىنغان ھامان ۋارقىراپ - جارقىراپ ،سوت مەيدانىنى بېشىغا كىيدى . ئادۋوكاتمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ سوراقچى بىلەن ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى . سەيدۇللانىڭ ھويلىسىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ئىشنى «تۆھمەت» دەپ كەسكىن رەت قىلدى . رۇستەم بىلەن بولغان ئېلىشىشنى «رۇستەم مېڭىسىدىن ئېزىپ قېلىپ چۈشىدە كۆرگەن ئىشنى ئوڭىدا ماڭا چاپلاپتۇ......» دەپ مەسخىرە قىلدى . دېمىسىمۇ ، ئۆزىدىن بۆلەك ھېچقانداق گۇۋاھچىسى بولمىغان بۇ ئىش رۇستەمنى تولىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى . لېكىن ، ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى . ئەمما ، قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، بىرلا ئادەمنىڭ پاش قىلغانلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىككىنچى بىر ئادەمگە خالىغانچە

جىنايەت ئارتقىلى بولمايتتى . ئىنچىكىلەپ تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىلاجىمۇ يوق ئىدى ، يەنى 5 — 6 ئايدىن بۇيان ، قار - يامغۇر ، بوران - چاپقۇن بارلىق جىنايى ئىزلارنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ كەتكەنىدى . رۇستەم پەقەت بىرلا نەرسىنى ئەمەلىي پاكىت بىلەن ئىسپاتلىدى : سەيدۇللانىڭ دېرىزە ئەينىكىگە چاپلانغان قەغەزنىڭ يىرتىلغانلىقى راست بولۇپ چىقتى . لېكىن ، قىش كېلىش بىلەن تەڭ ، يىرتىلغان جايى چاپلىۋېتىلگەنىدى . دېمەك ، ئاخىرقى ھېسابتا ، بۇمۇ چاك باسمىدى ، ھەتتا شاۋدۇننىڭ ئاقلىغۇچىسى : «رۇستەم سەيدۇللانى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ، جىنايەتنى شاۋدۇنغا ئارتماقچى بولغان......» دېگەن پەرەزنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى . ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، شاۋدۇننىڭ سەيدۇللانىڭ ئۆيىگە تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەنى رۇستەمنىڭ 5 — 6 ئايدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كۆرسەتتى . دەرۋەقە ، يولۋاسنىڭمۇ مۈگدەپ قالىدىغان چاغلىرى بولغىنىدەك ، رۇستەم پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ باسقۇنچى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، شاۋدۇننىڭ ئاشۇ ئىشىنى تىلغا ئېلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى . سەيدۇللانىڭ پىچىقىنى كۆرۈش بىلەنلا ھەممىسىنى ئېسىگە ئالدى ھەم ۋەقەنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى تۇنجى قېتىم ئاغزىدىن چىقاردى . ئۇ چاغدا ، ھەممەيلەن رۇستەمنىڭ گېپىگە يۈز پىرسەنت ئىشەنگەنىدى . ئەمدىچۇ ؟ ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىدا يوغان بىر سوراق پەيدا بولدى : «شاۋدۇن بىلەن سەيدۇللانىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچە يېقىن تۇرسا ، ئۇنى ‹شاۋدۇن ئۆلتۈردى› دېيىشكە نېمە ئاساس بار ؟» . «پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا نى - نى ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ئادەملەر ئەڭ ئەشەددىي جىنايەتچىلەرمۇ قىلالمايدىغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى . رۇستەمنىڭ باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئاقلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنى ‹ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان ئەۋلىيا› دەپ قاراشقا بولامدۇ ؟ ياق ، ئۇمۇ ئادەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەيدۇللانىڭ بىردىنبىر رەقىبى!......» .

شۇنداق قىلىپ ، رۇستەم يەنە گۇمان ئاستىغا ئېلىندى . ئەمما ، ئۇنىڭغا قىلىدىغان مۇئامىلىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . ئۇ يەنىلا «پەۋقۇلئاددە جىنايەتچى» ئىدى . پەرق شۇ بولدىكى ، يالڭ ۋېنىك بىلەن سوت باشلىقى رۇستەمنى قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشتى . لاۋرېن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ، دورا يېگەن بېلىقتەك ئازابلانماقتا ئىدى .

كۈتۈلمىگەن بىر ئىش رۇستەم بىلەن شياۋدۇننىڭ تەقدىرىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى : بىر كۈنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە سوغۇق قول تەگدى . ئوغرى ھەرقانچە ئۇستىلىق ئىشلەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن كۆزگە كۆرۈنمەس ئىزلار لاۋرېننىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى . ئۇ بارلىق گۇمانلىق ئىزلارنى سۇ-رەتكە تارتتى- دە ، موتوسىكلىتقا مىنىپ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپ-سىزلىكى ئىدارىسىگە يول ئالدى . ئۇ بۇ يەرگە سۈرەتكە تارتىلغان ئىزلارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى . ئۇدۇللا جىنايى ئىش-لار رازۋېدكا بۆلۈمىگە كىردى- دە ، مەقسىتىنى ئېيتتى . بۆلۈم مەسئۇلى ئۇنى تېخنىك بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . تېخنىك ئىلگىرى بىر تەرەپ قىلىنغان ئىزلارنى ئارخىپلاش-تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ ئىشنى دەرھال توختىتىپ لاۋرېن ئېلىپ كەلگەن سۈرەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . لاۋرېن ئەسلىدە سۈرەتنى تاپشۇرۇپ بېرىپلا چىقىپ كەتمەكچىدى . بىرئاز چارچىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا چەكتى . شۇچاغ شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىرپارچە سۈرەتكە كۆزى چۈشتى . ئۇ سەيدۇللا ئۆلگەندىن كېيىن تارتىلغان بولۇپ ، سەيدۇللانىڭ تولۇق گەۋدىسى چۈشۈرۈلگەن-دىن تاشقىرى ، ئۇ ياتقان مۇھىت ئەينەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . لاۋرېننى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى سەيدۇللادىن سەللا نېرىدا ياتقان هاراق شېشىسى بولدى . ئۇ شېشىگە تىكىلگىنىچە خىيالغا كەتتى : كۆز ئالدىدا سەيدۇللا تۈگۈلۈپ ياتقان ئاشۇ كىگىز ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەن شاۋدۇننىڭ قىياپىتى نامايان بولدى . لاۋرېن سەيدۇل-

لانىڭ ساۋاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇ : «ئەگەر سەيدۇللا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا ، نېمە ئۈچۈن ئىككى قۇر بىرنەرسە يېزىپ قالدۇرمايدۇ ؟ » دېگەن ئويدىكى كالىلىسىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا ، كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى ـ دە ، تېخنىكتىن سورىدى :

— بۇ سۈرەتنى سىز تارتقانمۇ ؟

تېخنىك ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ، كېيىنلا جاۋاب بەردى :

— ھەئە .

— بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالغانلىقى بوغرۇلۇق بىرنەرسە يېزىپ قالدۇرماپتىمۇ ؟

— ياق .

— بۇ سۈرەتنى تەكشۈرگەن چاغدا ، جەسەتنىڭ ئەتراپىدا غەيرىي ئادەمنىڭ ئىزى سېزىلمىگەنمۇ ؟

— بۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا تارتىلغان سۈرەت ، ئۇنىڭ «د . د . ۋ » ئىچىپ ئۆلگەنلىكىنى قانۇن دوختۇرى نەق مەيداندىلا بېكىتكەن . شۇڭا ، سۈرەتكە چۈشكە ئىزلارنى تەكشۈرمىدۇق .

— ھە……مۇنداق دەڭ .

لاۋرېن تاماكا قالدۇقىنى كولدانغا بېسىپ ئۆچۈردى ـ دە ، ئورنىدىن تۇردى .

— مەن قايتاي ، — دېدى ئۇ ، — تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قاچان خەۋەر ئالسام بولار ؟

— ھازىر قولۇمدا جىددىي ئىش يوق . ئىلاجى بار بالدۇرراق قولدىن چىقىرىشقا تىرىشىمەن .

لاۋرېن تېخنىك بىلەن خوشلىشىپ ، ئىشخانىدىن چىقتى . كېتىۋېتىپ ، «رەسمىيەت ئۈچۈن تارتىلغان سۈرەت ؟ ماۋۇ ئاڭقاۋلىقنى قاراڭ !…… ياڭ جۇجاڭنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارمىكىنا ؟ » دېدى ئىچىدە .

لاۋرېن ئويلىغانلىرىنى ياڭ ۋېنبىڭغا ئېيتقانىدى . ئۇنىڭ كۆزلى-
رى ئۈمىدلىك چاقناپ ، چىرايىغا قان يۈگۈردى .

«رەسمىيەت ئۈچۈن تارتىلغان سۈرەت» قالتىس كارامەت كۆر-
سەتتى : كىگىز ئۈستىگە چۈشكەن «مەدەنىي» ياشلار ئارزۇلاپ كىيى-
دىغان ئېگىز پاشنىلىق ، 42- نومۇرلۇق بەتىنكىنىڭ ئىزى شاۋدۈ-
نىڭ بولۇپ چىقتى . شاۋدۈن پاكىت ئالدىدا نائىلاج باش ئەگدى .
ئادۋوكات بىر قاتىلنى ئاقلاپ ، بىگۇناھ بىر ئادەمگە ئۇۋال قىلىشقا
تاس قالغانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈدى . ياڭ ۋېنبىڭ تېخىمۇ خىجالەتچى-
لىكتە قالغانىدى . ئاشۇ بىر پارچە سۈرەت — شاۋدۈن ئۆز قولى بىلەن
ئۆز بويىنىغا سالغان ئاشۇ «سىرتماق» 5 — 6 ئايدىن بېرى ئۆز
كۆچىنى كۆرسىتەلمەي بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىپ ياتقان تۇرسا ، ئۇنىڭ
خىجىل بولماسلىقى ، ئۆكۈنمەسلىكى مۇمكىنمۇ !

خوش ، شاۋدۈن قانداق بولۇپ سەيدۇللانى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش
نىيىتىگە كېلىپ قالدى ؟

بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئۆزى سۆزلىسۇن !

## جان تۈمشۇققا كەلگەندە

شاۋدۈن 1987- يىل 6- ئاينىڭ 17- كۈنى ماۋۇلارنى ئىقرار
قىلدى : شاۋدۈن ۋاڭ ۋېي بىلەن خوشلىشىپ ، ئەمدىلا ئاقيار جىلغى-
سىدىن كۆتۈرۈلۈشىگە ، بېلىق كۆلى بويىدا سىدىق ئاكا بىلەن گەپلى-
شىپ تۇرغان رۇستەمنى كۆرۈپ ، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بىئا-
رام بولۇپ كەتتى . پۇتلىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختىدى . ئۇلارنىڭ ئارى-
لىقى خېلى يىراق بولۇپ ، شاۋدۈن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى .
رۇستەم ئۇنى كۆرمىدى . شۇنداقتىمۇ شاۋدۈن نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋا-
تاتتى . رۇستەمگە تىكىلگىنىچە بىردەم تۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن
كېيىن سولغا بۇرۇلدى- دە ، كاتاڭ هارۋا يولىدىن چىقىپ ، ئېگىز
ئۆسكەن ئاق قوناق ئېتىزىنىڭ قىرى بىلەن يولنى داۋام قىلدى .

«ۋاڭ ۋېي دېگەن بۇ كاپىر كارغا يارارمۇ زادى ؟ ئۇنىڭغۇ تىلـ-
ـنىڭ تېگىدە تىلى بار نەرسە ، يۈز قېتىم ‹ماقۇل› دېگەن ئىشنى بىر
قېتىم ئەمەلدە كۆرسەتمەيدۇ . بۇگۇنزە ، تازا قارا باسقاندەك بىر ئىش
قىپتىمەن ، ھەرقانچە بولسىمۇ ، كۆڭلۈمدىكى گەپنىڭ ھەممىسىنى
ئۇنىڭغا دېۋېتەمدىغان ! ئەگەر بۇ گەپلەرنى ئىچىدە بىلىپ ، بىركىمگە
ئېيتمىسىغۇ مەيلى ، ئاكتىپلىقى تۇتۇپ كېتىپ ھۆكۈمەتكە ‹كۇسىد-
ـدە›تىنىپ قويسا ئىككى پۈتۈم بىر ئۆتۈككە تىقىلمامدۇ ؟ !مەنزە……
شاۋدۇن ‹پۇششىدە› ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، ئەتراپقا ئالاق- جالاق
قارىۋالدى . قۇياش كۆتۈرۈلگەنىدى . دېنى قاتمىغان ئاق قوناقلارنىڭ
سۈتىنى شوراپ تويۇنغان بىر توپ ئاق قۇشقاچ شاۋدۇننىڭ بېشى
ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . شاۋدۇن قوناقلىقنىڭ چېتىگە چىقىپ قالغا-
نىدى . يىراقتا غوزىلىرى ئاقبالداقتەك ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەزلىكتە
كېۋەز تېرىۋاتقان ئىككى ئايال كۆرۈندى . شاۋدۇن يولىنى يەنە ئۆز-
گەرتتى : «شارتتىدە» بۇرۇلۇپ ، شاخلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ
كەتكەن قويۇق قاغا جىگدىلەرنىڭ دالدىسى بىلەن ماڭدى ،— ھىم……
قېنى ، بۇ كاپىرنىمۇ كۆرۈپ باقمامدىمەن . ئەگەر مېنى تۇزاققا دەس-
ـستىپ باقسۇنچۇ ، ھەممە بالا - قازانى ئۆزىگە ئىتتىرىپ قويمىغىنىم-
ـنى كۆرسۇن» .
شاۋدۇن مۇشۇنداق خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ، ئۆيىگە يې-
قىنلاپ قالغىنىنى تۇيمىغانىدى .
— شاۋدۇن ، ئۇكام نەگە ماڭدىڭ ؟
شاۋدۇن قاتتىق چۆچۈپ ، قەدىمىنى توختاتتى . يوغان بىر تۇپ
كەندىرنىڭ دالدىسىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سەيدۇللانى كۆرۈپ
يۈرىكى سەل قىنىغا چۈشتى . بۇرنىمۇ ئەتراپنى بىر ئالغان نەشە
پۇرىقىنى سەزدى .
— سەنمىدىڭ ؟ ئەجەب قورقۇتتۇڭ ، ئادەمنى !— شاۋدۇن كەن-
ـدىر شاخلىرىنى قايرىپ ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ، — بۇيەردە نېمە
ئىش قىلىپ يۈرىسەن ؟

— نېمىش قىلاي ، ياشاۋاتىمەن ! جەمشىتنى ئاتتىق چۈشۈرگەن يېرىدىن ئىككى شورىۋالامسەن ؟

سەيدۇللا بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى شاۋدۇنغا تىكىپ خۇپسەنلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇراتتى . شاۋدۇنمۇ زورىغا كۇلۇمسىرەپ ، سەيدۇللا تەڭلەپ تۇرغان «پىننەك»نى قولىغا ئالدى . كۆچەپ 2 — 3 قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن ، بېشى «پىررىدە» قايدىدە ، تۇرغان جايىدىلا زوڭزايدى . سەيدۇللا ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى . ئۇ شاۋدۇندىن ئاران ئىككى ياش چوڭ بولسىمۇ ، سىياقىدىن 50 ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ بېشىغا كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن سالۋا تۇماق ، ئۇچىسىغا قارا كاجى تون كىيىپ ، بېلىنى ئۈچ مېتىر كەلگۈدەك نىل رەڭ بەلباغ بىلەن باغلىۋالغانىدى . بەلبېغىدا قاتار ـ قاتار پىستان قېقىلغان ، قىزىل چەم غىلاپلىق يوغان يېڭىسار پىچىقى ساڭگىلاپ تۇراتتى . خېلى كۈنلەردىن بېرى ئۈستىرا تەگمىگەن يىرىك ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى .

ئىككىيلەن «جاۋاب» لىشىپ ئولتۇرۇپ ، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشتى . گەپ ئارىسىدا شاۋدۇن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى :

— خوتۇنۇڭنى ئەكىلىۋالغانسەن ؟

— نەدىكىنى !— سەيدۇللانىڭ تەرى تۇرۇلۇپ ، كۆزلىرىدە ئوت چاقنىدى ، — ھېلىقى رۇستەم دېگەن بىرنېمە سىڭلىسىنى سېغىپ ئىچەمدىكىن ؟ نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتسەم قوشۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى ! قايسى كۈنى ئۆزۈم بېرىپ ، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋەتتىم . خۇدايىم مۇشۇ جېنىمنى ئامان قىلسىلا ، ئۇنىڭ جېنى مېنىڭ قولۇمدا !

— ھاي ، ئاغزىڭغا بېقىپراق جۆيلۈسەڭ بولارمىكىن ؟— شاۋدۇن مەسخىرىلىك ھىجىيىپ ، ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپتى ، — «غوجامنىڭ يوقىدا ئالىيىۋالاي» دېگەندەك ،ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقان گەپنى قارا سېنىڭ ! ئۇ كىم ، سەن كىم ؟

— ئۇ كىمكەن ؟ ناھايىتى كەلسە كەتتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ھەي-
ئىتتىغۇ شۇ !— سەپرايى ئۆرلىگەن سەيدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكى-
نىنىمۇ تۇيماي قالدى . ئەلپازىدىن ، ھەرقانداق ئادەمنى بوغۇزلىۋېتى-
دىغاندەكلا كۆرۈنەتتى ، — ئۇنداق چۇپرەندىدىن ئۇنغا تېتىمىغان
جاننى ئىتقا تاشلاپ بەرمەيدىغان بولسام…… ھاياتلا بولساڭ چوقۇم
كۆرىسەن : يا ئۇ مېنىڭ قېنىمنى ئىچىدۇ ، يا مەن ئۇنىڭ قېنىنى
ئىچىمەن !

سەيدۇللا نەچچە قايناپ ، نەچچە سوغالدى . شاۋدۇن «كىنو»
كۆرۈپ ھاردى . كەينى - كەينىدىن ئوراپ چېكىلگەن «پىنىنەك»
كاللىسىنى ئەستى . لېكىن ، ئەس - ھوشى خېلىلا جايىدا ئىدى .
سەيدۇللاغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە نەشە ئېلىپ بارماسلىق ، باشقا
چۆپقەتلەرنىمۇ بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى قايتا - قايتا تاپىلى-
دى . شاۋدۇن نېمىلا دېمىسۇن ، سەيدۇللانىڭ «ماقۇل» دىن بۆلەك
سۆزگە ئاغزى كەلمەس بولۇپ قالغانىدى . شاۋدۇن دەس ئورنىدىن
تۇردى- دە ، ئەتراپقا تازا سەپسېلىپ قارىۋېتىپ ، ئۆي تەرەپكە كەتتى .
بۇ چاغدا ، ئاللىقاچان چاشگاھ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى .

* * *

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ، شاۋدۇن تېخىمۇ دەككە - دۈككىگە چۈش-
تى . رۇستەمنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسىمۇ پۈتۈن ئەزاسى تىكەنلىشەتتى .
ئۇ كۈن بويى موتوسىكلىتتىن چۈشمەي ، ھېلى قەشقەر شەھىرىدە ،
ھېلى ناھىيە بازىرىدا «دوست - دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت
چىقىرىپ» يۈرگىنى بىلەن ، كۆڭلى قىلچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى .
ھەشىخان «گىلدىڭ» نىڭ يېقىملىق ناز - كەرەشمىلىرى ئۇنىڭغا بىر
تىيىنلىق ھۇزۇر بەخش ئەتمەيتتى . ئىشتىھاسى تۇتۇلدى ، ئۇيقۇسى
قاچتى . كۆزلىرىگە تۇرمە ، تۇگىمەس سوئال - سوراق ، قىيىن -
قىستاقتىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . چۆپقەتلىرى ، ئۇلپەتلى-

رىمۇ ئىزدىمەيدىغان بولدى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان بىردىن-بىر شىپالىق دورا هاراق بىلەن «پىنىنەك» بولۇپ قالغانىدى . هاراق-نى سۇدەك ئىچىسىمۇ مەست بولمايتتى . خالىي جاي ، قوناقلىقىنىڭ قىرلىرى ، دەل - دەرەخلەرنىڭ دالدىلىرىدا سائەتلەپ - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ «پىنىنەك» شورايتتى . بەزىدە قىرغا يۆلىنىپ ئۇخلاپمۇ قالاتتى . ئۇنىڭ پۇتۇن ئەس - يادى پۇل - مالدا ، رۇستەمدە ئىدى .

رۇستەم ئاقياردا بىر كۇن مەۋجۇت ئىكەن ، ئۇنىڭ پۇل - مېلى بىر كۇن خەۋپ ئىچىدە قالاتتى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ داۋاملىق تۇرمە سىرتىدا ياشىشىمۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى ! هېلىقى ياچېيكا هەيئىتى ئۇنىڭغا بۇ نۇقتىنى ناهايىتى ئېنىق تونۇتقان : رۇستەم ئاقياردىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت !

شاۋدۇن بېشى ئۇزۇلگەن چىۋىندەك گاڭگىراپ ، ۋاڭ ۋېيىنىڭ قېشىغا تۆت كۇندە بەش قېتىم باردى . هەر قېتىم بارغاندا ، ئوخشاشلا بىر خىل جاۋابنى يەنى : «خاتىرجەم ئىشىڭنى قىلىۋەر ، رۇستەمنى ئۆزۈم جايلايمەن !» دېگەن جاۋابنى ئالدى . قاچان ، قەيەردە ، قانداق جايلايدۇ ؟ بۇ هەقتە هېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى . شاۋدۇن ئاخىرقى قېتىم بۇگۇن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ رۇستەمنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈر-گەنىدى . ۋاڭ ۋېي بىردىن تەرىنى تۈرۈپ : «ئەجەبمۇ ئىچىمنى پۇشۇر-دۇڭ...... ماڭا ئىشەنمىسەڭ ، ئۆزۈڭ نېمە قىلساڭ قىلمامسەن !» دەپ هۆرپەيدى ۋە «شارتتىدە» بۇرۇلۇپ قاياققىدۇر كېتىپ قالدى .

بۇ ئىش شاۋدۇنغا قاتتىق ئەلەم قىلدى . ئۇ موتوسىكلىتقا مايىنى بولۇشىغا بېرىپ ، قەشقەر شەهىرىگە قاراپ ئۇچتى . ئۇ يەردە نەق - نېسىلىرىنى سۈيلىدى . «مال» لىرىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ ، كۆڭلى بىرئاز ئەمىن تاپتى . ئۇنىڭغا ئازراق «دان چوقۇتۇپ» ئۆزىنىڭ نەقەدەر مەردلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويدى .

شاۋدۇن ناهىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندىلا ، تېخىچە چۈشلۈك تاماق يېمىگىنىنى ئېسىگە ئالدى . كۇن كەچ نامازدىگەر بولغانىدى .

شاۋدۇن ئاشخانىنىڭ ئىشكى ئالدىدا موتوسىكلىتىنى توختاتتى. ئۇ يەردە سەيدۇللا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. شاۋدۇننى كۆرۈپلا ھىجىيىپ قېشىغا كەلدى. ئىككىيلەن بىللە ئاشخانىغا كىرىشتى. تاماق يېگەچ ھاراق ئىچىشتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ رۇستەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتى. بولۇپمۇ سەيدۇللا ئاغزى بېسىلماي رۇستەمنى تىللاپ چىقتى. ھەدېسىلا پىچىقىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ: «رۇستەمنىڭ جېنى مېنىڭ قولۇمدا......» دەپ داۋراڭ سالدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى يايراپ كەتكەن شاۋدۇن كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ھە، ھۇ»دېيىشىپ بەردى. «ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىپ» سەيدۇللانىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى. رۇستەمنى قانداق ئۇجۇقتۇرۇش توغرىسىدا بەزى مەسلىھەتلەرنى بەرمەكچى بولدى. يۇ، تىلىنى يىغدى. چۈنكى، ئۇ سەيدۇللا ئاغزىدا پو ئاتقىنى بىلەن، مۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان «قاپاق نوچى» ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇلار خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، ئاشپەز - نىمكارلار قازان- قومۇشلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇشتى.

*　　　*　　　*

داكا پاشىلىق تارتىلغان سىم كارىۋاتتا ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان شاۋدۇن كۆزلىرىنى «لۆممىدە» ئاچتى. ئەتراپ ئۇنىڭ كۆڭلىدەكلا قاراڭغۇ ھەم ئەنسىز ئىدى. پاشىلار گىڭشىلدايتتى، پاقىلار كورۇلدايتتى، چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى. شاۋدۇن ئاشۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالغان ھالدا بىپايان خىيال دېڭىزىدا ئۈزەتتى. شاۋدۇن بېلىق كۆلىگە قول تەگكۈزۈپ قويۇپ، رۇستەمگە قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ۋاڭ ۋېيغا باغلىغان ئۈمىدىمۇ كۆلگە ئايلاندى. ئەمدى يەنە پەيت كۈتۈپ يېتىۋەرسە، تېخىمۇ يوغان زىيان تارتىشى ئېنىق: «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەن گەپ بار

ئەمەسمۇ؟ شاۋدۇن بۇنىڭدىن ئىككى سائەتچە ئىلگىرى «ئېتىپ قىلىش» نىيىتىگە كەلگەن، ھەتتا بەزى «ئىش» لارنى پۇتكۇزۇپمۇ قويغانىدى. ھازىر باسماقچى بولغان ھەربىر قەدىمى ئۇستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىۋاتاتتى. شاۋدۇن بىر تال «پىنىنەك» يۇگىدى- يۇ، تۇتاشتۇرمىدى. ئۇ يەنە خىيالغا چۆمگەنىدى: شاۋدۇن ناھىيە بازىرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، موتوسىكلىت چىرىغىنىڭ يورۇقىدا، يېلى چىقىپ كەتكەن ئەبجەق ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان رۇستەمنى كۆردى. شاۋدۇننىڭ ئاڭلىشىچە، قۇندۇزنىڭ ئۇچىيى ئالمىشىپ قالغانىدى، ئوپېراتسىيەگە ئاران ئۇلگۇرۇپتۇ. تۆت كۇنلۇك جىددىي داۋالاش نەتىجىسىدە، بۇگۇن ئادەم تونۇغۇدەك ھالغا كەپتۇ. قارىغاندا، رۇستەم ئۆيىنى ، بالىلارنى يوقلاپ كەلگىلى ماڭغان بولسا كېرەك. سەيدۇللا يول بويى نەچچە يەردە قۇسۇپ، شاۋدۇننى بولۇشىغا ئاۋارە قىلدى. لېكىن، شاۋدۇن بۇنىڭدىن تېرىكمىدى، ئەكسىچە خۇشال بولدى. شاۋدۇنغا ئايانكى، بۇنىڭدىن نەچچە كۇن ئىلگىرى سەيدۇللا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، رۇستەمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگىنى ۋە ئۇنى بولۇشىغا تىللىغىنى ئاز كېلىپ، ھەممىلا يەردە: «ئۇنى ئۇلتۇرۇۋېتىمەن!......» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۇرگەنلىكىنى پۇتۇن يۇرت - مەھەللە بىلىدۇ. ئەگەر شاۋدۇن مۇشۇ ئىشتىن پايدىلانسىچۇ؟!...... شاۋدۇننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ،مەستلىكى پۇتۇنلەي يېشىلىپ، ماينى بولۇشىغا بېسىپ، موتوسىكلىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، سەيدۇللا زادىلا بولالمىدى. شاۋدۇنغا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ سەيدۇللانى موتوسىكلىتتىن چۇشۇرۇپ، يولنىڭ چېتىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قوم ئۇستىگە ياتقۇزۇپ قويدى. غىلىپىدىن ئۇنىڭ پىچىقىنى ئالدى- دە، ئۆيىگە كېلىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. خوتۇنى بىلەن ئوغلىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى ئېنىق، شاۋدۇن شۇلارنىڭ ئۇخلىشىنى پايلاپ ياتقانىدى. ئەمدى بىرئاز خاتىرجەم بولدى. شاۋدۇن خونۇنىغا بەكمۇ ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا «يول» تېپىپ بەرگەنمۇ، «ئىش» ئۆگەتكەنمۇ ئاشۇ خوتۇن

ئىدى . شۇڭا شاۋدۇن ئۇنى جېنىدەك ئەزىزلەيتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭ باشقا ھەرقانداق خوتۇن زاتىغا ئوخشاش «شېرىن دۇشمەن» ئىكەنلىكىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى . دەسلەپكى چاغلاردا ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلغان بولسا ، كېيىنچە بەزى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتىدىغان بولدى .

شاۋدۇن تازا خىيال سۈرۈۋاتقاندا ، نېمىنىڭدۇر تىرىقلىغان ، نېمىنىڭدۇر ئەنسىز ۋىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى . بېشىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇراپ ، پاشىلىقنىڭ چېتىنى قايرىغانىدى ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئۇيادىن - بۇيانغا پىلدىرلاپ مېڭىپ يۈرگەن ئىككى تال چوغنى كۆرۈپ ، پېشانىسىدىن «شۇرردە» تەر قۇيۇلدى . دېمى كېسىلدى . كۆز قارىچۇقلىرى مىت قىلمايتتى . خېلىدىن كېيىن ئۇ «چوغ» نىڭ ئۆز مۈشۈكىنىڭ كۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، يۈرىكى جايىغا چۈشتى . مۈشۈك چاشقان تۇتۇۋالغانىكەن . ئۇ بىردەم خىرىلداپ ، نەچچە قەدەم يۈگۈرۈپ توختايتتى . ئۇ چاغدا چاشقان ۋىچىرلايتتى . شاۋدۇن كۆڭلىدە پال بېقىۋاتاتتى . ھايال ئۆتمەي مۈشۈك چاشقاننى ئىككىلا يالماپ يۇتۇۋەتتى. دە ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن تۇمشۇقىنى ئېرتىۋېتىپ ، بىرلا ئوقچۇپ ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى .

شاۋدۇننىڭ پالى ئوخرىسىغا كەلگەنىدى . ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن مىيىقىدا تەبەسسۇم قىلدى . ئۇ ئۆز بەختىنى كۆرگەنىدى .

شاۋدۇن يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كىيىندى . شەپە چىقارماستىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ ، باياتىن كارىۋات ئاستىغا تىقىپ قويغان «د . د . ۋ » قاچىلانغان ھاراق شىشىسىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى . سەيدۇللانىڭ پىچىقىنى كۆتۈرگىنىچە ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تالاغا چىقتى ۋە دەرۋازىنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ ، ئىككى قېشى قويۇق قاغا جىگدە بىلەن قاپلانغان سۇسىز ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ مۇددىئاسى مۇنداق ئىدى : سەيدۇللانىڭ پىچىقى بىلەن رۇستەمنى جايلاپ ، ئاندىن سەيدۇللانىڭ ئۆيىگە كىرىپ ، ھا-

راقنى «د .د .ۋ» بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇش ، سەيدۇللانىڭ ئۆيىدە مۇنداق نەتىجە چىقاتتى : رۇستەم ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ، سەيدۇللا « رۇستەمنى ئۆلتۈرگەنجىنايىتىدىن قورقۇپ » «د .د .ۋ » ئىچىپ ئۆ-لۈۋالغان بولاتتى .

لېكىن ، ئىش شاۋدۇننىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىدى . خېلى ئۇزاق كۈتكەن بولسىمۇ ، رۇستەم يېتىپ كەلمىدى . «د .د .ۋ » نى كۆتۈرۈپ يۈرۈشمۇ ئاۋارىچىلىك ئىدى . شاۋدۇن ئاۋۋال سەيدۇللانىڭ «ئىشنى توغرىلاپ» قويۇپ ، ئاندىن رۇستەمنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى . كىم بىلسۇن ، ئۇنى باشقىچە تەقدىر كۈتۈپ تۇرغانىكەن ...... شۇنداقتىمۇ «سەيدۇللا ‹د .د .ۋ › ئىچىپ ئۆلۈۋالدى » ، رۇستەم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى . شاۋدۇنمۇ ، ۋاڭ ۋېيمۇ مەقسىتىگە يەتكە-نىدى . لېكىن ، ھېچقايسىسى خاتىرجەم بولالمىدى . ھېچقايسىسى ئۆ-زى قىلغان ئىشنى بىر - بىرىگە تىنىنشمىدى . ئارىدىن يېرىم ئايدەك ئۆتۈپلا ، شاۋدۇن ئالدىراپ - تېنەپ ئىچكىرىگە يول ئالدى . ئۇنىڭدىن بىرەر ئاي كېيىن ۋاڭ ۋېيمۇ گۇاڭجۇدا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ قېتىم بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى— بىر ئامال قىلىپ شياڭ-گاڭغا چىقىپ كېتىش ئىكەن . شاۋدۇن بۇ ئىشنى ھۆددىگە ئالدى ھەم ئۆزىمۇ شياڭگاڭنى ئايلىنىپ كېلىش ، ئېپى كەلسە شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە ، ئىشەنچلىك بىر كىشىدىن لىن خېنىمغا ئىككى كىشىلىك تەكلىپنامە ھەل قىلغاچ كېلىشنى ھاۋالە قىلدى . لىن خېنىم بۇ رەسمىيەتنى بېجىرىشكە كىرىشكەندە ، شياڭگاڭدىكى مۇنا-سىۋەتلىك تارماقلار ئاللىقاچان ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ، گۇاڭجۇدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ، ئۇنىڭ ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ تىزىملىكىنى قولغا چۈ-شۈرگەنىدى . ۋاڭ ۋېينىڭ بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇۋېلىشى ، قارىماققا ئىشنى بىرئاز كېچىكتۈرگەندەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە چوڭ - كىچىك «بېلىق» لارنىڭ بىراقلا تورغا چۈشۈشىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكەنىدى .

# خاتىمە

ئۇ بۇ تويغا ناقايىل ئىدى . ئاتا ـ ئانىسى ، كەسىپداشلىرى ، ھەتتا مەكتەپ مەسئۇللىرى بىلەن خېلى قاتتىق تېرىكەشتى . كېيىنچە سۆ-رىدى . زادى ئىلاج بولمىدى . ئۇلار دېدىكى : «ئەشرەپ ئوبدان ئادەم ، خوتۇنى ۋاپاسىزلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاياغ باستى . سىزگىمۇ رۇستەم بىۋاپالىق قىلدى . بىۋاپالىقنىڭ دەردىنى تارتقان ئىككى ئادەم بىر ئۆيگە كىرسە ، تۇرمۇشى چوقۇم خاتىرجەم ئۆتىدۇ . بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ كەينىڭىزگە قارىماڭ......»

قۇندۇز بۇ گەپلەرنى دەڭسەپ كۆردى : دەرۋەقە ، ئەشرەپ ھەقىـ-قەتەن ئوبدان ئادەم ، خىزمەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشىپ كەلگەن . مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ئوبدان ئىدى . ئىككىيلەن بىر ئائىلىـ-گە كىرسە ، راستتىنلا تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتۈشىدە گەپ يوق . بىراق ، ئۇنى ئەڭ قىينايدىغان نەرسە — ئېرى تۇرمىگە كىرىپ كېتىپ بىرەر يىل ئۆتمەيلا باشقا بىر ئەر كىشىنىڭ قوينىغا كىرىۋې-لىش . بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرخىل نومۇسسىزلىق ئىدى . كىشىلەر-نىڭ : «قۇندۇز رۇستەمدىن قۇتۇلالماي ئاران تۇرۇپتىكەن» ، «قۇندۇز بىلەن ئەشرەپكە خېلى بۇرۇنلا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالمىغان بولسا ، مۇنچىۋالا تېز توي قىلىۋالامدۇ ؟ !» دەپ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . بەزى دوستلىرى ۋە مەكتەپ مەسئۇلى مۇن-داق گەپلەرنىڭ چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش-تى . بۇمۇ قۇندۇزنى ئۇنداق ئاسان يۇمشىتالمايتتى ، لېكىن ئەردىن قالغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ئايالغا ئەر چىقىشى ھەقىقەتەن تەس گەپ ئىدى . بۇ ئىش قۇندۇزنى ئويغا سېلىپ قويدى . ئۇ ئەتراپقا كۆز سالغانىدى ، تۇزۇۋكرەك بويتاق ئەرنى ئۇچراتمىدى . مەڭگۈ يالغۇز ئۆتەي دېسە ، ئۇ تېخى ياش ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇستەمدىن ئايرىلىش بىلەنلا ئىلگىرى زادىلا خىيالىغا كې-

لىپ باقمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى : ئوتۇن - كۆمۈرنىڭ غېمىنى قىلسا ، گۆش - ياغنىڭ غېمى ، ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن . ئۇ ناھايىتى ئېنىق بىلدىكى : ئاتا - ئانا ، قوۋم - قېرىنداش ھەرگىزمۇ ئەرنىڭ ئورنىنى باسالمايدىكەن . يالغۇزلۇق ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتتى . دىلى سۇنۇق ، روھى چۈشكۈن ئىدى . ئورۇقلىدى ، رەڭگى سولدى . نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەردىن قاچىدىغان ، نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى . كېچىلىرى باللىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، دېرىزە ئەينىكىدىن سىرتقا تىكىلگىنىچە سائەتلەپ - سائەتلەپ خىيال سۈرەتتى . يالغۇز قالسىلا كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى . دائىم ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى . مۈڭلىناتتى .

ئاخىر ئۇ بۇنداق تۇرمۇشتىن بەزدى . تەۋەككۇل قىلىپ بەختىنى سىناپ باقماقچى بولدى . كۆڭلىدە ئەشرەپكە نىسبەتەن مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن قىلچە ئەسەر بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭغا تېگىشكە رازىلىق بەردى .

بۈگۈن ئۇنىڭ تويى . ئەرلەرگە بېرىلگەن توي نەزەرى ئاخىرلاشاي دەپ قالدى . يېقىن ئايال تۇغقانلار ، قۇندۇزنىڭ يېقىن دوستلىرى بىردىن - ئىككىدىن كېلىشىپ ، ئۇنى زىچ ئورىۋالدى . قۇندۇز گەرچە توي كىيىملىرىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ ، سىياقىدىن تويى بولۇۋاتقان ئادەمگە ئوخشىمايتتى . دوستلىرىنىڭ ئويۇن - چاقچاقلىرى چىرايىنى ئاچالمايتتى . يۈرىكىنى ئېرىتەلمەيتتى . بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىچە ئولتۇرغانىدى .

ئەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ ، ئايال مېھمانلار كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى . قۇندۇزنىڭ يېنىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلارمۇ مېھمانخانىغا چىقىپ كېتىشتى ، ئۇنىڭ قېشىدا ئىككىلا دوستى ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى . بىر چاغدا ، قۇندۇزنىڭ قىزى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى - دە ، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ :

— ئانا ، دا…… دادام…… چىقىپتۇ !— دەپ «پاكىكىدە» يىغلى-غاندى ، قۇندۇزنىڭ قۇلاقلىرى «ۋىكىكىدە» قىلىپ ، كۆزلىرىگە قا-راڭغۇلۇق تىقىلدى . رۇستەمنىڭ تۇرمىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىغان قۇندۇزنىڭ دوستلىرىمۇ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي كۆزلىرىنى چەكچەيت-تى . بىردەم قۇندۇزغا ، بىردەم بىر - بىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قارىشاتتى . ھېچقايسىسى بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالمايتتى .

ئاخىر قۇندۇزنىڭ تىلى گەپكە كىردى :

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ !— دەپ ۋارقىرىدى ئۇيقۇلۇقتا ئۆندۈر-گەن ئادەمدەك ئەنسىز ئاۋازدا . ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنى-نىمۇ تۇيماي قالغانىدى . قىزىنى ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ھە-دەپ ئىككى تەرەپكە سىلكىيتتى ، — يەنە بىر دېگىنە !

قىزىنىڭ دۇدۇقلاپ ئېيتقانلىرىدىن ماۋۇلار مەلۇم بولدى : ساق-چىلار رۇستەمنى پىكاپقا سېلىپ ئاچىقىپ قويۇپتۇ . ئۇلارنىڭ دېيى-شىچە ، رۇستەمنىڭ ھېچقانداق جىنايىتى يوق ئىكەن .

قۇندۇز «پاكىكىدە» يىغلاپ ، ئىككى قولى بىلەن يۈزلىرىنى تۇت-قىنىچە ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ :

— ئانامغا دەڭلا : مەن ھېچكىمگە تەگمەيمەن !…… ھېچكىمگە تەگمەيمەن !! …… جېنىم رۇستەم …… جېنىم باللىرىم !— دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى .

دەل مۇشۇ پەيتتە ، ياڭ دابەي يىغلاۋېرىپ يۈز - كۆزى ئىششىپ كەتكەن لى لىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراۋاتاتتى :

— ھەي سېنى…… ھەي سېنى…… شۇنداق ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلىپ ، مېنى نومۇسقا ئۆلتۈردۈڭغۇ !…… ئەمدى بۇ يۈزۈمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن !…… خە - ير…… بول ، ئىتتىك بول . مەن بىلەن بىللە بېرىپ ، رۇستەم ئاكاڭدىن كەچۈرۈم سور !……

1987 - يىل 7- ئايدا يېزىلدى ،
1989- يىل 11- ئايدا تۈزىتىلدى .
قەشقەر شەھىرى

选入本集子中的中篇小说颂扬共产党、社会主义新时代的英雄人物及其高尚的道德品质。

مۇھەررىرى : **توختى ئابىخان**
مەسئۇل مۇھەررىرى : **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى : **ئارزۇگۈل سىدىق**

# ئوغۇلخان

(پوۋېستلار )

ئاپتورى : **ئابلا ئەھمىدى (مەدىكار )**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ ، پوچتا نومۇرى :844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى : 12.625 قىستۇرما ۋارىقى : 3
1990 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 11 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى : 6250 — 3251

---

ISBN 978—7—5373—0214—2
باھاسى : 28.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق



# ئوغۇلخان

ISBN 978-7-5373-0214-2

9 787537 302142 >

(民文)定价：28.00元